www.uyghurkitap.com

# ЧИН ИМПЕРИЯСИ БИЛАН ЖУНҒОР ВА ЁРКЕНД ХОНЛИКЛАРИ ЎРТАСИДАГИ МУНОСАБАТЛАР

# CHIN IMPERIYASI BILAN JUNG‘OR VA YORKEND XONLIKLARI O‘RTASIDAGI MUNOSABATLAR

# چين ئمپيرييەسى بلەن جۇڭغار وە يەركەند خانلىقلىرى ئوتتۇريسديكى مۇناسبەتلەر

(1700-1760)

Тошкент     تاشكەنت
2007

UO`K: 94 (575.121)
KBK: 63.2 (5Ў)
Х 98

ЧИН ИМПЕРИЯСИ БИЛАН ЖУНҒОР ВА ЁРКЕНД ХОНЛИКЛАРИ ЎРТАСИДАГИ МУНОСАБАТЛАР. – Тошкент. 2020. 693 б.

Ушбу қўлёзма тарих фанлари доктори Аблат Ходжаевнинг 1989 йил 14 декабр куни Тошкент шаҳрида Ўзбекистон Республикаси Фанлар Академияси Абу Райхон Беруний номидаги Шарқшунослик институти қошидаги илмий кенгашида ҳимоя қилган “Взаимоотношения Цинской империи с Джунгарским и Яркендским ханствами (1700-1760)” деб аталмиш докторлик диссертациясининг уйғурча таржимасидир. Мазкур диссертация мазмунан ушбу икки давлат билан Чин деб аталмиш 1664-1911 йилларда Хитойда ҳукмронлик қилган манжурлар империяси ўртасидаги муносабатлар ҳамда ушбу давлатларнинг чинлар томонидан йўқ қилиш тарихига бағишланган.

Таржимани 2007 йилда марҳума биология фанлари номзоди Раиса Амирхановна Мухаммедова (Раъно, 1942-2012) амалга оширган.

Мазкур диссертация бирламчи хитой манбалари асосида ёзилган бўлиб, унинг русча матни икки монографияга бўлинган ҳолда нашр этилган. Улар қуйидагилардан иборат.

1. “Цинская империя и Восточный Туркестан в XVIII в. (Из истории международных отношений в Центральной Азии). – Ташкент; «Фан», 1991. (130 бет).

2. “Из истории международных отношений Центральной Азии в XVIII веке. – Ташкент, «Фан» 2003. 290 бет (20 б.т.).

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
www.uyghurkitap.com

UO`K: 94(575.121)
KBK: 63.2(5Ў)
X 98

CHIN IMPERIYASI BILAN JUNG‘OR VA YORKEND XONLIKLARI O‘RTASIDAGI MUNOSABATLAR. –Toshkent. 2020. 693 b.

Ushbu qo‘lyozma tarix fanlari doktori Ablat Xodjayevning 1989 yil 14 dekabr kuni Toshkent shahrida O‘zbekiston Respublikasi Fanlar Akademiyasi Abu Rayxon Beruniy nomidagi Sharqshunoslik instituti qoshidagi ilmiy kengashida himoya qilgan “Взаимоотношения Цинской империи с Джунгарским и Яркендским ханствами (1700-1760)” deb atalmish doktorlik dissertatsiyasining uyg‘urcha tarjimasidir. Mazkur dissertatsiya mazmunan ushbu ikki davlat bilan Chin deb atalmish 1664-1911 yillarda Xitoyda hukmronlik qilgan manjurlar imperiyasi o‘rtasidagi munosabatlar hamda ushbu davlatlarning chinlar tomonidan yo‘q qilish tarixiga bag‘ishlangan.

Tarjimani 2007 yilda marhuma biologiya fanlari nomzodi Raisa Amirhanovna Muxammedova (Ra`no, 1942-2012) amalga oshirgan.

Mazkur dissertatsiya birlamchi xitoy manbalari asosida yozilgan bo‘lib, uning ruscha matni ikki monografiyaga bo‘lingan holda nashr etilgan. Ular quyidagilardan iborat.

1. “Цинская империя и Восточный Туркестан в XVIII в. (Из истории международных отношений в Центральной Азии). – Ташкент; «Фан» ,1991. 130 bet.

2. “Из истории международных отношений Центральной Азии в XVIII веке. – Ташкент, «Фан» 2003. 290 bet.

## МУНДАРИЖА

КИРИШ СЎЗИ ....................................................................................8
Фойдаланилган асосий манбалар ҳақида қисқача маълумот...... 16

1-БОБ. XVII-АСРНИНГ ОХИРИ ВА XVIII-АСРНИНГ БИРИНЧИ ЧОРАГИДА ЧИН ИМПЕРИЯСИНИНГ АМАЛГА ОШИРГАН ТАЖОВУЗКОРЛИК ҲАРАКАТЛАРИ ...................34
1.2. Қумулнинг Чин империясига тобе бўлиб қолиши.................50
1.3. XVII-асрнинг охири ва XVIII-асрнинг бошларида Чин империясининг Цеванг-Рабдандин фойдаланиб бутун Шарқий Туркистонни ўзига бўйсундириш мақсадида олиб борган сиёсати ...........................................................................................66
1.4. 1715 йилдаги Қумул воқеаси...............................................80
1.5. Баркўлнинг Чин империяси томонидан эгаллаб олиниши...88
1.6. Чин империясининг 1719 йилда Шарқий Туркистонга қилган тажовузкорлик ҳаракати ва унинг барбод бўлиши....................108
1.7. 1720-1725 йилларда Чин империясининг Турфонни эгаллаб олиш учун қилган тажовузкорлик ҳаракатлари.........................136

2-БОБ. 1728-1754 ЙИЛЛАРДА ЧИН ИМПЕРИЯСИ БИЛАН ЖУНҒОР ХОНЛИГИ ЎРТАСИДАГИ МУНОСАБАТЛАР
2.1. Ғолдан-Цереннинг Чин империясига нисбатан тинчилик муносабат ўрнатиш ҳақида келишув тузиш таклифи, Чин қўшинларининг 1731-1732 йилларда Жунғор хонлигига қарши ҳарбий юришлари.....................................................................171
2.2. XVIII-асрнинг 30 йиллирида Чин империяси билан Жунғор хонлиги ўртасида юз берган чегара масаласига оид тортишувлар ва 1740 йилда улар ўртасида тузилган келишув.........................255
2.3. Чин империяси билан Жунғор хонлиги ўртасида тузилган савдо алоқаларига оид келишув ва унинг амалга оширилиши...286
2.4. 1741-1754 йилларда Чин империяси билан Жунғор хонлиги ўртасидаги дипломатик алоқалар.............................................302
2.5. Шарқий Туркистон ва Хитой ўртасида 1743-1754 йилларда амалга оширилган савдо алоқалар.............................................341

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3- БОБ. ЧИН ИМПЕРИЯСИНИНГ 1755 ЙИЛДА ЖУНҒОР ХОНЛИГИГА ҚАРШИ УЧИНЧИ МАРТА БОШЛАНГАН УРУШИ ВА ХОНЛИКНИНГ ЙЎҚОТИЛИШИ
3.1. Чин сулоласининг Жунғор хонлигидаги оппозицион кучлардан фойдаланиш учун амалга оширган чора тадбирлари....................374
3.2. Чин империясининг 1755 йилда бошланган тажовузкорлик ҳаракатлари ва Жунғор хонлигининг йўқ қилиниши................423
3.3. Чин империясининг шимоли-шарқий Туркистоннинг тақдирини қандай ҳал қилиш масаласига оид режалари ва амалий ҳаракатлари....................474
3.4. 1756-1757 йилларда Чин армиясининг шимоли-шарқий Туркистондаги миллий озодлик ҳаракатларига қарши қилган урушлари ва хунрезли ҳаракатлари..........................................526

4- БОБ. ЁРКЕНД ХОНЛИГИНИНГ ЧИН ИМПЕРИЯСИ ТОМОНИДАН ЙЎҚ ҚИЛИНИШИ
4.1. 1755-1757 йиллар Ёркенд хонлигини бўйсундириш учун қилган ҳаракатлари.................... 549
4.2. 1758-1759 йилларидаги Чин армиясининг Ёркенд хонлигига қарши қилган тажовузкорлик ҳаракатлари.................................589
4.3. Хўжа Бурхониддин ва Хўжа Жаҳоннинг сирли ўлими ва чинларнинг уларни қўлга тушириш учун қилган ҳаракатлари....................619
4.4. Чин армиясининг Шарқий Туркистонни босиб олганидан кейин амалга оширган чора тадбирлари..................................635

ХУЛОСА..........................................................................647
ФОЙДАЛАНИЛГАН МАНБАЛАР ВА АДАБИЁТЛАР...........670

# MUNDARIJA

KIRISH SO‘ZI ..........................................................................................8
Foydalanilgan asosiy manbalar haqida qisqacha ma’lumot…........……16

2-BOB. XVII-ASRNING OXIRI VA XVIII-ASRNING BIRINCHI CHORAGIDA CHIN IMPERIYASINING AMALGA OSHIRGAN TAJOVUZKORLIK HARAKATLARI ................................................34
1.2. Qumulning Chin imperiyasiga tobe bo‘lib qolishi...........................50
1.3. XVII-asrning oxiri va XVIII-asrning boshlarida Chin imperiyasining Sevang-Rabdandin foydalanib butun Sharqiy Turkistonni o‘ziga bo‘ysundirish maqsadida olib borgan siyosati .......................................66
1.4. 1715 yildagi Qumul voqeasi...........................................................80
1.5. Barko‘lning Chin imperiyasi tomonidan egallab olinishi….......…..88
1.6. Chin imperiyasining 1719 yilda Sharqiy Turkistonga qilgan tajovuzkorlik harakati va uning barbod bo‘lishi..................................108
1.7. 1720-1725 yillarda Chin imperiyasining Turfonni egallab olish uchun qilgan tajovuzkorlik harakatlari..........................................................136

2-BOB. 1728-1754 YILLARDA CHIN IMPERIYASI BILAN JUNG‘OR XONLIGI O‘RTASIDAGI MUNOSABATLAR
2.1. G‘oldan-Serenning Chin imperiyasiga nisbatan tinchilik munosabat o‘rnatish haqida kelishuv tuzish taklifi, Chin qo‘shinlarining 1731-1732 yillarda Jung‘or xonligiga qarshi harbiy yurishlari...............................171
2.2. XVIII-asrning 30 yillirida Chin imperiyasi bilan Jung‘or xonligi o‘rtasida yuz bergan chegara masalasiga oid tortishuvlar va 1740 yilda ular o‘rtasida tuzilgan kelishuv.........................................................255
2.3. Chin imperiyasi bilan Jung‘or xonligi o‘rtasida tuzilgan savdo aloqalariga oid kelishuv va uning amalga oshirilishi………..………..286
2.4. 1741-1754 yillarda Chin imperiyasi bilan Jung‘or xonligi o‘rtasidagi diplomatik aloqalar....................................................................302
2.5. Sharqiy Turkiston va Xitoy o‘rtasida 1743-1754 yillarda amalga oshirilgan savdo aloqalar..................................................................341

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

3-BOB. CHIN IMPERIYASINING 1755 YILDA JUNG'OR XONLIGIGA QARSHI UCHINCHI MARTA BOSHLANGAN URUSHI VA XONLIKNING YO'QOTILISHI

3.1. Chin sulolasining Jung'or xonligidagi oppozitsion kuchlardan foydalanish uchun amalga oshirgan chora tadbirlari.............................374
3.2. Chin imperiyasining 1755 yilda boshlangan tajovuzkorlik harakatlari va Jung'or xonligining yo'q qilinishi................................................423
3.3. Chin imperiyasining shimoli-sharqiy Turkistonning taqdirini qanday hal qilish masalasiga oid rejalari va amaliy harakatlar…....................474
3.4. 1756-1757 yillarda Chin armiyasining shimoli-sharqiy Turkistondagi milliy ozodlik harakatlariga qarshi qilgan urushlari va hunrezlik harakatlari........................................................................................526

4-BOB.YORKEND XONLIGINING CHIN IMPERIYASI TOMONIDAN YO'Q QILINISHI

4.1. 1755-1757 yillar Yorkend xonligini bo'ysundirish uchun qilgan harakatlari........................................................................................ 549
4.2. 1758-1759 yillaridagi Chin armiyasining Yorkend xonligiga qarshi qilgan tajovuzkorlik harakatlari........................................................589
4.3. Xo'ja Burxoniddin va Xo'ja Jahonning sirli o'limi va chinlarning ularni qo'lga tushirish uchun qilgan harakatlari..................................619
4.4. Chin armiyasining Sharqiy Turkistonni bosib olganidan keyin amalga oshirgan chora tadbirlari...................................................................635

XULOSA......................................................................................647
FOYDALANILGAN MANBALAR VA ADABIYOTLAR..............670

# كىرىش سوزى

XVIII - ئەسىر داۋامىدا مەركىزى ئاسىيادا ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋەقەلەر سادىر بولدى. مەزكۇر مىنتەقىدە ماۋجۇت بولغان دۆلەتلەر، خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار، ئىقتىسادى ۋە دىپلوماتىك ئالاقىلار سىرتقى كۈچلەرنىڭ تەسىرى باشقا مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ روسىيە ۋە ئەينى زاماندا ختايدا چىن دەپ ئاتالغان مانجۇر (1644-1911) دۆلەتلىرىنىڭ باشقا ئۆزگە مەملىكەتلەر زېمىنىنى ئۆز تەسىرىگە ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە قىلغان ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە بۇ ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ مەنپەئەتلىرى مەركىزى ئاسىيا مۇستەۋىدا توقۇنۇشتى. بۇ ۋەقەلەرگە قاتناشقان سىرتقى كۈچلەرنىڭ بۇ يەردىكى سىياسى كۈچلە-رنىڭ جايلىشىشى بۇ كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەز-مۇنىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. بولۇپمۇ چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوشبۇ مىنتەقىگە نىسبەتەن ئوچۇقتىن-ئوچۇق تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە خالقا (موڭغۇلىيە، تىبەت، تۇڭگۇر (تۇڭگۇل-قىتايپە چىگرىسى) ۋە شەرقى تۈر-كىستان (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇختار ئۆلكىسى) قاتار-لىق مەملىكەتلەرنىڭ چىڭلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى ۋە بۇ يەرلەردىكى مەھەللى دۆلەت تۈزۈملىرى يوق قىلىپ تاشلاندى. مەزكۇر مەملىكەتلەرنىڭ جايلىرى چىن ئىمپېرىيەسى مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇلدى. نەتىجىدە مەركەزى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى

ھاياتتا تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئەينى زامانى
شەرقىي تۈركىستاندا ماۋجۇت بولغان ۋە پۈتۈن مەركىزى ئاسيادا
نىسبەتەن كۈچلۈك ھېساپلانغان جۇڭغار خانلىقى(1636-1755)
ۋە يەركەنت خانلىقى (1454-1759) قاتارلىق ئىككى دۆلەتنىڭ
چىن ئىمپىرىيەسى تەرىپىدىن يوق قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنىڭ
ئەمرىگە ئۆتۈپ قېلىشى بۇ ئۆزگىرىشكە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.
شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستان خەلقلىرى ئوتتۇر-
سىدىكى ئەنئەنىۋى ئالاقىلارغا چەك قويۇلدى. خىتاي مەن-
دىستىنىڭ بۇ يەرگە نىسبەتەن بولغان تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە
خىتايلارنىڭ غەربكە قاراپ كۆچۈشى ئۈچۈن زېمىن ياراتتى.

شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋە پۈتۈن مەركىزى
ئاسياغا تەسىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ بۇرۇلۇش ۋاقىئە
ئۈشبۇ مىنتەقە ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن پۈتۈن دۇنيا ئالىم-
لىرىنىڭ ۋە سەيياھلىرىنىڭ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن.
ن.يا. بىچۇرىن، گ.ن.پوتانىن، ب.گروم-گرژىيمايلو، چ.چ.
ۋەلىخانوۋ، ۋ.ۋ.گرىگورىيوۋ، ئا.م.پوزنىيوۋ، چ.بەدە
دىياي، گ.ن.فلېچېر، ر.ب.شاۋ، م.ھېنكول، ئابىل-رېمۇزا،
م.كوران، ي.س.كرانت ۋە باشقىلار مانا شۇ ئالىملار ۋە
سەيياھلار جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇھىم
مەلۇماتلار بەرگەن. ئەمما بۇ ۋاقىئەنى تولۇق تەتقىق ئېتىش
ئۈچۈن مەزكۇر مەلۇماتلار يېتەرلىك بولمىغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىمپىرىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال
قىلىنىش مەسىلىسى تەتقىقاتتا سابىق س.س.س.ر دەۋرىدە

-2-

پائالىيەت كۆرسەتكەن قازاق، رۇس ئالىملىرىنىڭ قوشقان ھەسسىسى ئالاھىدە ئېتىبارغا سازاۋەر. مەسىلەن: ل. ئى. دۇمان XVII ـ ئەسىردە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىلەرنى ۋە XVIII ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا چىڭلار شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلگە ئاشۇرغان ئاگرار سىياسىتىنى تەتقىق قىلار ئىكەن مەزكۇر سىياسەتكە ئائىت بىر قاتار خىتاي مەنبەلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە چىن خاندانلىقىنىڭ بۇ يەردىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قىسقىچە توختاپ ئۆتكەن [100-102]. شۇ بىلەن بىرگە ئۇ 1755-1759 ـ يىللىرىدىكى چىن قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە كۆپىراق دىققەت بۆلگەن.

تەتقىقاتچى مەۋزۇسىغا ئى. يا. زلاتكىننىڭ ئەسەرلىرىدە [104-106] ھەم كۆڭۈل بۆلۈنگەن. ئالىم جۇڭغار خانلىقى تارىخىنى يورۇتۇش بىلەن بىرگە موڭغۇل ۋە رۇس مەنبەلىرى ئاساسىدا ئايرىم مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھىم مەلۇمات كەلتۈرىدۇ. ئەمما ئۇ جۇڭغار خانلىقى تارىخىنى شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ئەمەس بەلكى موڭغۇل تارىخىنىڭ بىرقىسمى تەرىقىسىدە يورۇتقان. شەرقىي تۈركىستاننى چىڭلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى مەسىلىسىگە ئائىت رۇسىيە ئارخىپ مەلۇماتلىرىنى ئىلمىي مۇئامىلىگە كىرگۈزۈشتە XVI-XIX ـ ئەسىرلەردىكى مەركىزى ئاسىيا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن ب. پ. گۇرېۋىچنىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ۋ. ئا. مويسېيېۋنىڭ ھەسسىسى چوڭ بولدى [92-96، 134-138a].

ئۇ شۇ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن خىتاي مەنبەلىرى ئاساسىدا چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن قازاق خانلىرى ئوتتۇر-سىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلغان ك. ش. خە-پىزوۋا [162-170a] ۋە چىن خانىدانلىقىنىڭ XIX-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە ئىقتىسادىي سىياسىتى چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن مەركىزى ئاسىيا خانلىقلىرى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرەت-كەن ۋ. س. كۇزنېتسوۋنىڭ ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئېتىبارغا سازاۋەر [112-122a]. تەتقىقات مەۋزۇسى بويىچە رۇس سەييالىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئىلمىي مۇئامىلىگە كىرگۈزۈ-لۈشتە س. گ. كلياشتورنىي ۋە ئا. ئا. كولېسنىكوپلارنىڭ «رۇس سەييالىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن كۆزقارا-شلىرى» ناملىق ئەسەرى تىلغا ئېلىش مۇمكىن [111].

شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋ-ئېلىنىش مەسىلىلىرىگە خىتاي ۋە ياپونىيە تارىخچىلىرى چوڭ ئېتىبار بېرىشكەن ۋە بېرىپ كەلمەكتە. بۇ مەسىلە ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن خىتاي ئالىملىرى ئىچىدە ۋېي يۈەن، فاڭ ۋېي لەن، شياۋ ئىشەن، ليۇ جېنيۇ، فېڭ جاكاڭ، گو يىڭ-فاڭ، جاڭ شاڭ، چېڭ سۇلو، مو گۇاڭ ۋېي، ليۇ جېڭ شياۋ-لارنى، ياپون ئالىملىرىدىن ئاباكو ندزالىق، نىشىمادا زۇفىي، ۋاكاما تسۇكالارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئورۇنلۇق.

ئەمما يوقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ئالىملارنىڭ تەتقىقات-لىرىدا ۋە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ

چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىشى مەخسۇس تە-
تقىق ئىستاھىيكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇلار تەرىپىدىن
ئاشى مۇئامىلىسىگە كۆپ مەلۇماتلار كىرىتىلگەن بولسىمۇ، مەزكۇر
مەسىلىنىڭ تارىخى تولۇق يېزىلماي كەلگەن. شۇ بىلەن بىرگە
قاتار مەسىلىلەر بويىچە ناتوغرى پىكىر مۇلاھىزىلەر خاتا
تونۇشلار شەكىللىنىپ قالغان. مەسىلەن جوڭغار خانلىقى
شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ بىر قىسمى تەرىقىسىدە قارالمىغان.
نەتىجىدە بىرىنچىسى ئۇشبۇ خانلىق بىلەن يەركەنت خانلىقى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ھەربىي توقۇنۇشلار شەرقىي
تۈركىستاننى بىرلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرى سۈپىتىدە ئەمەس
بەلكى جوڭغار خانلىقىنىڭ يەركەنت خانلىقىغا نىسبەتەن ئەمەلگە
ئاشۇرغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت سۈپىتىدە قارالغان.
ئىككىنچىسى چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن
ئەمەلگە ئاشۇرغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ شەرقىي
تۈركىستاننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كۆرگەن چارە تەدبىرلىرىنىڭ
بىر قىسمى تەرىقىسىدە باھالانمىغان. نەتىجىدە مەزكۇر ۋا-
قىئەلەرگە ئائىت مەسىلىلەرگە يانداشتا خاتالىقلارغا
يول قويۇلغان. بولۇپمۇ ئايرىم ۋاقىئەلەرگە باھا بېرىشتە
ناتوغرى پىكىر شەكىللەنگەن. يەنە بىر مىسال تەرىقىسىدە
شۇنى ئېيتىش كېرەككى چار روس مەنبەلىرىدە قومۇل ۋە
تۇرپاننىڭ موقامى (ستاتۇسى) خاتا كۆرسىتىلگەن. باشقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا قومۇل يەركەنت خانلىقىنىڭ چالىش-تۇرپان
(قاراشەھەر-تۇرپان) ۋىلايىتىگە قاراشلىق جاي بولۇپ يەرلىك

-٥-

بەلگە تارقان ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى تۈپەيلى مەركەزگە
نىسبەتەن چوڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى يورۇ-
تۇلمىغان. شۇ سەۋەبتىن كۆپ تەتقىقاتچىلار، مەسىلەن
گ. ي. گرومم-گرژىمايلو، ۋ. ۋ. گرىگورىيېۋ، ل. ئى. دۇمان ۋە
ب. پ. گۇرېۋىچلار قۇمۇلنى ۋە تۇرپاننى ئالاھىدە خانلىقلار دەپ
بىلىپ، بۇلارنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت-
لىرىنى يەركەنت خانلىقىغا باغلىمايدۇ. قۇمۇلنىڭ چىنغا ئە-
رىپىدىن ئۆز ئەسىرىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغانلىقىنى چىن ئىمپېرىيە-
سىنىڭ يەركەنت خانلىقىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانلىقى ئەرتىسى
باھالىمايدۇ. مەسىلەن: ل. ئى. دۇمان «چىن سۇلالىسى قىتاي
ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن خامى (قۇمۇل) ۋە تۇرپان شەھەر-
دۆلەتلىرى بىلەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى
تىكلىمەكچى بولدى» دەپ يازىدۇ [221-101]. ب. پ. گۇرېۋىچ
بولسا «XVIII-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا چىن ئىمپېرىيەسى خامى
ۋە تۇرپان قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر دۆلەت-
لىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ [96، 27-بەت].
قۇمۇل ۋە تۇرپان ھەققىدىكى خاتا تۇتۇشلىرى نەتىجىسىدە
جانابىر ناتوغرا پىكىر كەلىپ چىقىدۇ. چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ
مەركىزى جايلىرىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئۇزاق يىللار داۋامىدا
ئەمەلگە ئاشۇرغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ يەركەنت
خانلىقىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى
دەپ تونۇلماي قالغان. يەركەنت خانلىقى ماھىيەتتە ھەقىقىي
تولۇق تۈگەشكەن بولغانلىقى سەۋەبلىك 1757-يىلى كوچارغا

-6-

يۈز بەرگەن چىن لەشكەرلىرى باشلىقى ئامىداۋ (ئامىن تۇ)-نىڭ ھالاك بولۇشى ھەققىدە ئاتۇغزى پىكىر پەيدا بولغان ۋە بۇ ھەقتە خىتاي ئەدەبىياتىنىڭ خاتا كۆرسەتمىلىرىگە تەنقىدى ياندىشىلغان.

چىڭ خانىدانلىقىنىڭ جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن مەيپى ئېلىپ بارغان سىياسىتى، ھۆكۈمەت قارارلىرى ۋە ئەمەلى ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تېخى مەلۇمات بولمىغانلىقى تۈپەيلى مەزكۇر خانلىقنىڭ XVIII-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى داۋامىدا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى ھەققىدە خاتا تەسەۋۋۇر شەكىللەنگەن. نەتىجىدە چىڭلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى جوڭغارلارنىڭ مەزكۇر ئىمپېرىيە تەۋەسىگە باستۇرۇپ كىرىش ئاقىۋىتىدە ئۇلارغا قارشى قوللىنىلغان ھەرىكەت تەرىقىسىدە باھالانغان. ئەمەلىيەتتە جوڭغارلارنىڭ ھەرىكەتلىرى چىڭلار باشلىغان ئۇرۇشنى ئاز كۈچ بىلەن بەربات قىلىش ۋە دۈشمەننى ئۆز يېرىدىن ۋاقتىدا بولسا ھەم ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان چارە تەدبىرلىرىدىن ئىبارەت بولغان. جوڭغارلارنىڭ 1716-1718-يىللىرى تىبەتتە ۋە 1730-1732-يىللىرى خالخىدا ھەرىكەت قىلىشى مانا شۇ چارە-تەدبىرلەر جۈملىسىدىن ئىدى.

تارىخى ئەدەبىياتلاردا، ئۇلار ئارقىلىق باشقا ئەسەرلەردە شەكىللىنىپ قالغان مەزكۇر خاتا پىكىرلەر ئەلبەتتە شەرقى تۈركىستاننىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بىسوبىلىشى تارىخىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىش ھازىرغىچە كام ئۆگىنىلگەن.

مەلۇماتلارنى ئىلمى مۇئامىلىگە كىرگۈزۈش ۋە بۇ مەسىلە
بويىچە ھەقىقى تارىخنى بوتۇپ چىقىشنى مەۋجۇت فاكتا پىكىرلەرگە
دىققەتلىك كىرگۈزۈش ۋە ئۇلارغا چەك قويۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.
ئەينەن شۇنداق ۋەزىيەت ئۇشبۇ تەدقىقات ئالدىغا قو-
يۇلغان. تەتقىقاتىمىزدا شەرقىي تۈركىستان تۇنجى دېيىشكە
ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇختار ئۆلكىسى مۇنداق كىرگۈزگەن
ھالدا مەسىلىگە يانداشىلىدۇ. گەرچە XVIII. ئەسىرە
مەزكۇر مىنتەقىنىڭ شىمالىدا مەۋجۇت بولغان جوڭغار خانلىقى
غەربىي موڭغۇل، يەنى ئويراتلار تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان
بولسىمۇ بۇ دۆلەت تارىخىنى شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ
چەتكە قېقىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئويراتلار مۇشۇ زاماندا
ئۇشبۇ مىنتەقە ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئىدى.
ئۇلار بۇ يەردە چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلاپ ياشاۋاتاتتى.
ئويراتلار جۇڭغار سەھرىيەسىنىڭ تاغ ۋە ئوتلاق رايونلىرىدا
قارشى كۆرەشكەن ۋە بۇ كۆرەش جەريانىدا قاتتىق ئالايىت كۆرگەن
خەلق ھېسابلىنىدۇ. جوڭغار خانلىقى بىلەن يەركەنت خانلىقى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ
دۆلىتى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. بولار ئارىسىدىكى كۆرەش بولسا،
ئۇشبۇ مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كەلىشىگە قارىتىلغان
ئىككى زىددىيەت دەپ قارالىدۇ. تەتقىقاتتا جوڭغارلار
چۈشەنچىسىگە جوڭغار خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان ھەرخىل
مىللەت ۋە قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان ئاھالىلار كىرگۈزۈلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ئاساسىي مەنبەلەر ھەققىدە

## قىسقىچە مەلۇمات

ئۇشبۇ تەتقىقاتتا قويۇلغان ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خىتاي مەنبەلىرىنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ. چۈنكى چىن خانىدانلىقىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك دەۋر داۋامىدا شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش مەسىلىسىگە ئائىت قوبۇل قىلغان قارارلىرى، ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش جەريانى، ھەربىي فىكىر مۇلاھىزىلەر ئەمەلىي چارە تەدبىرلەر ھەققىدىكى مەلۇمات پەقەت خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەھەللىي مەنبەلەردە ۋە چەت ئەل سەييافلىرى يازغان كىتابلاردا بولسا چىن قوشۇنلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ۋەقەلەر ۋە جەريانلار خانلىقلارنىڭ ھەمدە خەلقلەرنىڭ پاجىئەلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كۆپرەك تېپىلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك ئۇشبۇ تەتقىقاتتا چىن ئىمپېرىيىسىنىڭ تاجاۋۇز ھەركەتلىرىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ.

تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن خىتاي مەنبەلىرى ئارىسىدا ھوشىراقى «پىڭدىڭ جۇنگار فاڭلۆ» دەپ ئاتالغان ھۆججەتلەر توپلىمى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇشبۇ ھۆججەتلەر توپلىمى پۈتكەندىن كېيىن چيەنلۇڭ خاقان كۆرۈپ چىقىپ تولۇق تەستىقلايدۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن كىرىش سۆزى يازىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن توپلام تاش باسمىدىن بىر نەچچە نۇسخىسى چىقىرىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن توپلام خانىقا «چىن» دىن «ئالى

جاناپلىرى تەستىقلىغان) دېگەن سۆز قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن تۇپلامنىڭ رەسمىي نامى «چىندىن پىڭدىڭ جۇڭغار فاكىلىيو» (ئالىي جاناپلىرى تەستىقلىغان جۇڭغارنى تىنچلاندۇرۇش بايانى) دەپ ئاتالغان.

ئۇشبۇ مەنبەنىڭ نامىنى تەرجىمە قىلىشتا ئىككى خىل پىكىر ماۋجۇت. بۇلارنىڭ بىرى «فاكىلىيو» سۆزىنى بايان يەنى «قىسقىچە بايان» دەپ تەرجىمە قىلىش تەرەپدارى بولسا، ئىككىنچىسى مەزكۇر سۆزنى «ستراتېگىيە» (سىياسەت) دەپ تۇشۇنۇش كېرەكلىكىنى دەۋەت قىلىدۇ. لۇغەۋى مەناسىنى كېلىپ چىققاندا «فاكىلىيو» سۆزىنىڭ قىسقىچە بايان ۋە ستراتېگىيە مەنالىرى بار. ئەمما مەزمۇنىنى ئاساس قىلغاندا «فاكىلىيو» نامى بىلەن ئاتالغان مەنبەلەر ئادەتتە مەلۇم بىر ۋەقەگە ئالاقىدار ھۆججەتلەر (ئىمپېراتور پەرمانلىرى، ھۆكۈمەت قارارلىرى، ئەمەلدارلار، مەكتۇپلار ۋە ھېساباتلار) مەجمۇئەسىدىن (تۇپلىمىدىن) ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق مەنبەلەردە تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن شەرھلەر كەم ئۇچرايدۇ. ھۆججەتلەر ئۇلارنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئاساسىدا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا خرونولوگىك تەرتىپتە بېرىلىدۇ. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە جەمئىي 23 تال «فاكىلىيو» ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن ھۆججەتلەر مەجمۇئەسى تۈزۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى رەسمىي مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ. «پىڭدىڭ جۇڭغار فاكىلىيو» مۇ مانا شۇ مەجمۇئەلەر قاتارىدا تۈرگۈن ئالغان. «فاكىلىيو» ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن مەنبەلەردە

ئەلبەتتە چىن خانلىقىنىڭ مەلۇم ۋاقىتقىچە قانداق مۇناسىۋە-
تتە بولغانلىقى ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئەمەلىي چارە تەدبىر-
لىرىگە ئائىت ھۆججەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھەر ئىككى پىكىر ئارىسىدا پرىنسىپىئال قا-
رشىلىق يوق. ھەر ئىككىسى تەجرىبە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق
بولسىمۇ ئۇشبۇ تەتقىقاتتا «چىن دىڭ پىڭ دىڭ جۇڭگەر
فاڭلىيو»نى «ئالىي ھەزرەتلىرى تەستىقلىغان جۇڭغار-
لارنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ھەققىدىكى ھۆججەتلەر مەجمۇ-
ئەسى» دەپ تەرجىمە قىلىشنى ماقۇل تاپتۇق. ھەجمى
جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا «چىن دىڭ پىڭ دىڭ جۇڭگەر
فاڭلىيو» تەخمىنەن 6 ۋاراق ياكى 12 بەتتىن ئىبارەت.
ئۇشبۇ مەنبەنىڭ نامىدا پەقەت جۇڭغارلارنى ئىتائەت
قىلدۇرۇش ھەققىدە ئېيتىلغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا
شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولغان ھەر ئىككى خانلىقنى
چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇشقا ۋە شۇ مە-
سىلە دائىرىسىدە چىن خانلىقى بىلەن رۇسىيە، قازاق
خانلىرى ۋە قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئالاقىلار ھە-
ققىدىكى ھۆججەتلەر ھەم كىرىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
ئالاقىلار بىلەن شۇغۇللانغان ۋ. س. كۇزنىتسوۋ، ك. ش. ھە-
فىزوۋا، ۋ. ئا. مويسېيېۋ قاتارلىق ئالىملار ئۆز تەتقىقاتى-
لىرىدا ئۇشبۇ ھۆججەتلەر توپلىمىدىن پايدىلانغان. شەرقىي
تۈركىستاندىكى چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىستىلا قىلىشقا ئائىت بەزىبىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.wyghurkitap.com

ھۆججەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئەمەلىي مۇقامچىلىققا كىرگۈزۈ-
لگەن. ئەمما ئۇلار تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان مەلۇماتلارنى دېڭىز
سۈيىدىن بىر تامچە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بىزنىڭ تەتقىقات-
مىزدە ھەم مەۋزۇ دائىرىسىگە كىرمەيدىغان «چىن دىڭ پىڭ
دىڭ جۇڭغار فاڭلۈ» گە كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەر ئىشلىتىلمەي
قالدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇشبۇ مەنبەنىڭ تولۇق تۈگۈنلىشى ۋە ئۇ-
نىڭدا كەلتۈرگەن مەلۇماتلارنى ئەمەلىي مۇقامچىلىققا كىرگۈزۈش مۇھىم
ئىكەنلىكى ھەققىدە رۇس ئالىملىرى ئى. يا. بىچۇرىن (180.7 بەت)
ن. س. مونكوۋ (139a) ئەيتىپ ئۆتكەن.

مەزكۇر مەنبە 1772-1774-يىللىرى بېيجىڭدا تاش با-
سمىسى چىقىرىلغان. ئۇنىڭ تولۇق نامى بىرىنچى دەپتەرنىڭ مۇ-
قامۇسىدا كەلتۈرۈلدى. قالغان قىسمىدا «چىن دىڭ» يەنى «ئالىي
ھەزرەتلىرى تەستىقلىغان» دېگەن سۆز يېزىلمىغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئادەتتە بۇ مەنبەنىڭ نامى «پىڭ دىڭ جۇڭغار فاڭلۈ»
دەپ ئىشلىتىلىدۇ. مەنبە چيەن بيەن (دەسلەپكى توپلام)،
جېڭ بيەن (ئاساسى توپلام) ۋە شۇي بيەن (قوشۇمچە توپلام)
قاتارلىق ئۈچ قىسمىدىن ئىبارەت. بىرىنچى قىسىم 54 دەپتەردىن،
ئىككىنچى قىسىم 85 دەپتەردىن، ئاخىرقى قىسىم 32 دەپتەردىن ئىبا-
رەت. بۇنىڭدىن تاشقىرى 2 دەپتەردىن ئىبارەت كىرىش قىسمى
مەۋجۇت. ئۇنىڭدا كىرىش سۆزى، ھەر بىر دەپتەرنىڭ باشلانغان
ۋە تۈگىگەن ۋاقتى، تۈزگۈچىلەر ئىسىملىرى ۋە لاۋازىملىرى
بېرىلگەن.

مەنبەنىڭ بىرىنچى قىسمى 1700-يىلى 18-ئاۋغۇستىن

-12-

باشلىنىپ 1753-يىلى 16-ئۆكتەبىرگىچە بولغان ئۆزگىچە ئايىت
ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئىككىنچى قىسمى 1753-يىل
17-دېكابىردىن يېزىلغان ھۆججەتتىن باشلاپ 1760-يىل 18-ئاپرېلدىكى
تۈزۈلگەن ھۆججەت بىلەن تامام بولىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى 1760-يىل
20-ئاپرېلدىن 1774-يىل 17-يانۋارغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
«چىڭ دەۋرى پادىشاھ دىگەن جۇڭغارلارنى تىنچىتىش» چىڭ خانىدانلىقى
تەرىپىدىن مەخسۇس تۈزۈلگەن ھەيئەت تەرىپىدىن تەييار-
لانغان بولۇپ، بۇ ئىشقا ۋەزىر ۋە ئەسكىرىي قوماندانلىرى لايى-
ھىلىرىدە ئىشلىگەن بولغان مانجۇر ئەمەلدارى بويىچە باشچىلىق
قىلغان. مەزكۇر تۈزۈش ئىشىغا 86 كىشى (6 نەپەر مەسئۇل
مۇھەررىر، 13 نەپەر ياردەمچى مۇھەررىر، 22 نەپەر ھۆججەتلەر
تاللىغۇچىلار، 9 نەپەر ھۆججەتلەرنى تەرتىپكە سالغۇچىلار، 4-
نەپەر مانجۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى تەرتىپكە سالغۇچىلار، 11-
نەپەر خەنزۇ تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى تەرتىپكە سالغۇچىلار، 9-
نەپەر تەكشۈرگۈچىلەر ۋە 6 نەپەر تەرجىمانلار) بىرلىشىپ قاتناشقان.
بۇلارنىڭ قاتارىدا ھەرقانداق ئۆزلۈك شەرقىي تۈركىستاندا قىلىنغان
چىڭ ئەسكىرىي ساننىڭ قاچاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە باش
بولغان بەندى، جاۋخۇي، ئاگۇي، شۇخېدې، ياڭ رافاشى ۋە
باشقا مانجۇر ئەمەلدارلىرى ئورۇن ئالغان. مەزكۇر چاپ
ئىشى بەرپانى 1772-يىلى باشلانغان بولسىمۇ ئۇنىڭ تۈزۈ-
لۈش بەرپانى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان.
مەزكۇرنىڭ مەتنى كونا خەنزۇ تىلىدە ئۆكتەك سولغا ۋە
تۆپىدىن پەسكە قاراپ يېزىلغان. ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ھۆججە-

-لەر ئاساسەن چىن خاقانلىرىنىڭ پەرمانلىرى، مەنپى بۇيرۇ-
قلا. خاقانلىقنىڭ سارايى ئەمەلدارلىرىغا قىلغان مۇراجەت
نامىلىرى ۋە مانغولىيە، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان خان-
لىرىغا يوللانغان مەكتۇپلا، سىياسىي كەڭەش (ئى چىڭ ئايمىن)
قاتنىشى ئالاقىلار ۋەزىرلىكى (لىفەن يۈەن) ھەربىي كەڭەش (جۈنجى
داچىن ياكى جۈنجىچۇ) قاتارلىق ۋەزىرلىكلەرنىڭ خاقانغا
يازغان مۇراجەت نامىلىرى ياكى ھېساپات نامىلىرى، ئەرمىيە
قوماندانلىرىنىڭ ئۇ ياكى بۇ پەرمانى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى
ھەققىدىكى ھېساپات نامىلىرى ۋە تەكلىپ نامىلىرى، باشقا
مەملىكەتلەر خانلىرىنىڭ چىن خاقانى نامىغا كەلگەن مەكتۇپ-
لاردىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى
قايسى تىلدا يېزىلغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى
خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىلگەن. ئەلۋەتتە تەرجىمە
قىلىش جەريانىدا ھۆججەتلەر مەتنى تەغيىر قىلىنغان ۋە
قىسقارتۇرۇلغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن دەپ ئېيتىش مۇمكىن
ئەمەس. شۇ باھانە بىزگە دەلىل دىنى يېتىك دېيىلگەن جۇڭگو رىۋايەتلىرى،
شەرقىي تۈركىستان چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىش
جەريانىغا ئائىت بارلىق ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
دەپ ئېيتىش قىيىن. ئىلاجى بولغانچە تەتقىقات ھۆججەتلەرنىڭ
ئەسلى مەتنى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا مەخسەتكە مۇ-
ۋاپىق بولاتتى. ئەپسۇس بۇنىڭ ئىلاجى يوق. شۇنداق بولسىمۇ
ئۇشبۇ ھۆججەتلەر توپلىمى ئۇشبۇ تەتقىقات ئۈچۈن باھا-
سىز ھېساپلىنىدۇ.

-14-

مەنبەگە كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ ئالى پارەمانلا، بۇيرۇقلا، ۋەزىرلىكلەرنىڭ مەكتۇپلىرى ۋە بۇيرۇقلىرى، ئەرمىيە قوماندانلارنىڭ ھېسابات خاتىرىلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنبەسىدىن تۈزۈپ چىقاي قانۇنلىرى ئۈچۈن ئەنئەنەۋى بولغان نەزەرىيە يەنى بوغدا خان ئەگزىنىڭ پەرزەندى بولۇدۇ، ئۇنىڭغا ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بارلىق زېمىنغا ئىگەدارچىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى جەمئىي خەلقلەرگە ھۆكۈمرا-لىق قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن دېگەن تۈشۈنچە ئاساسىي بو-تۇلگەن. مەسىلەن مەنبەنىڭ كىرىش قىسمىدا «بۇيۇك چىڭ سۇ-لالىسى (ئەگزىدى) ئاسمان تەڭرىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئالغان» [63-كىرىش قىسمى 1-ۋاراق 1-بەت]، 1755-يىلى ئۆكتەبىردە چيەنلوڭ خاقان «جۇڭغار زېمىنىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بىرى بىرىنى قىرغىن قىلىشقانىدا. ئەلقانا تىنچلىق ۋەزىيىتى ياشماقتا. ئاسمان ئاتىسىنىڭ زېمىنلىرى بىرلەشتۈرۈش ۋەزىيىتى ئورۇنلاۋاتقىنىدا بۇنىڭغا قول قويۇشتۇرۇپ قارايتتۇ-رالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر يولباشلاپ كۆپ سانلىق ئەرمىيە ئېۋەتتىم» دەپ سۆزلىگەن. [64-18-دېكابىر، 4-ۋاراق 2-بەت] چىڭ سۇلالىسى ئۇشبۇ تەشەببۇسى كەلىپ چىقىپ شەرقىي تۈركىستانى ئۆزىنىڭ دەپ ھېسابلاپ ئۇشبۇ دۆلەتكە خانلىرى ئۆز قول ئاستىدىكى بەگلەر، خەلقلەرنى ئۆز پۇقرالىرى سۈپىتىدە كۆرگەن. چىڭ خانلىقى ئۆزىنىڭ ئاچارۋازلىق ھەرىكەتلىرىنى مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش يەنى ئاسمان تەڭرىسىنىڭ

زېمىنلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە قارىتىلغان ۋاقىت دەپ تە-
رىپلىگەن. مەزكۇر رەسىملەردىكى قارشى جۈپلەرنى ئاسمان قانۇن
قائىدىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇ خىل ئۆزگىرىشكە قارشى
ھەقىقەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە تەرىپلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «چىن
دىن پايدا دىيارنىڭ جۇڭگو ئاتالغۇسى» دەپ كەلتۈرۈلگەن ھۆججەت-
لەردە يايلاقلارنى ئەسلەتكەن «چىن دىن پايدا دىيارنىڭ جو-
ڭگو ئاتالغۇسى» دەپ كەلتۈرۈلگەن رەسمى ھۆججەتلەر شەرقى
تۈركىستانلىقلار جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر ياۋايىلار يەنى
مەن ئەنە تىللار (يى)، ئوغۇزلار (زى) چىن ئىمپېراتورى يەنە شۇنىڭ
تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى جەڭلەر ۋە ئۇزۇن مۇددەت-
قىلىشى ئۈچۈن كۆرەشكەنلەر خاقانلار (نى) يەنى خانى ئوغۇزلار
(نى زى)، ھالى ئازات تىلغا ھەرىكەتلەر تۇرپانلىق (لىيۈەن) يەنى
خانلىق تۇرپانلىق (يەنئۇن) چىنلارنىڭ يارىدىمىگە تاينىپ
ئۆز ھەنىيتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆز ھوقۇقى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھەنىيتى خانلىق قانلىغان كىشى-
لەر ئېتىقادى قاتتىق چىن كۈلتۈرىنى ماقۇل كۆرگەنلەر (چىڭشۇن)
مەلۇم ۋەزىيەتتە چىنلارنى تەرىپلىگەن ئۆتكەنلەر. ئەتىۋارلىق
يوز تۇتقانلار (تۇ ۋېي) خاسلىقتا تۇتۇشقانلار (تۇ ۋېي ئاتالغۇ
يەنى شياۋدى) دەپ ئاتالغان. چىن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
بېسىۋېلىنغان جايلاردا ئازات قىلىشقا قارىتىلغان ھەرىكەتلەر
تاجاۋۇزچىلىق (چىڭ زۇ) دەپ ئاتالغان. چىن خاقانلىرى
ئاسمان ئوغلى (تيەنزى) ئۇنىڭ بارلىق ئۆزگىرىشلىرىگە،
ھۆكۈمرانلىرىغا بەرگەن جۇڭگو قانۇنى ۋە چەتكە مەنسۇبلەر

-16-

هوكومەتلىرىگە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خانلىقىغا ياز-
غان مەكتۇپلىرى يەرمان (يۈي) ئەمەلدارلىرىغا ياكى ئۆز زىر-
لىكلىرىگە بىر يەرلىگەن كۆرسەتمىلەر (جى)، چەت مەملىكەتلەر-
گە يازغان مەكتۇپلار ... (شۇ) سوغلاقۇليات
(كۆك)، بوغدىخانىڭ جاۋابەن بەرگەن مەكتۇبى خاتى يەرمان
ياكى خاقان ئەمرى (پى) سوغدىرى بولسا موكاپات (شاڭ)
دېيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مەنبەگە مۇراجەت قىلغاندا
ئەلبەتتە ئۇنىڭ ئۇلار مۇسۇلمانلىق نەزەرى تۈرتۈپ تەنقىدى
كۆز قاراش بىلەن ئۇنىڭغا يانداشماي مەنبەگە مۇۋاپىق كىلىدۇ.
ئەكسى ھالدا ۋاقىئەلەرگە ئۆز تارىخى ... جاھانگىرلىك
خاقانغا يول قويۇش مۇمكىن. دېمەك دېيىش دېگەن بوغدىخان ...
ئەمەلىيەت مەزكۇر مۇسۇلمانچە باشقا رەسمى مەنبەلەرگە
ئۆز ئەكسى تاپقان.
مەنبەدە كۆرسىتىلگەن كۆپ ھۆججەتلەر، بولۇپمۇ خاتى يەرمان
بويرۇق ۋە مەكتۇبلاردا مەزكۇر ھۆججەتنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاندا ق
ۋاقىئە سەۋەب بولغانلىقى ۋە بۇ ۋاقىئەنىڭ مەزمۇنى ئىنچىكە نى
ئىبارەت ئىكەنلىكى بايان ئېتىلىدۇ. چۈنكى ئەمەلدارلارنىڭ ھېسا-
بات مەكتۇبى ئۇ يا بۇ يەرمانىنىڭ قايسى، قايەردە ۋە قانداق
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق ئەكىس
ۋە مولاھىزىلەر يەنە بولغانلىقى زىكىر قىلىندۇ. ئۇشبۇ مۇسۇ-
لمانچە كۆپ تارىخى ۋاقىئەلەرگە ئېنىقلىق كىرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت
تۇغدۇرىدۇ.
مەنبەدە كۆرسىتىلگەن مەخپى ھۆججەتلەر خاتا لىيدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆكۈل بولۇشى تەلەپ قىلىندى. چۈنكى بولاتچى چىن سۇلالىسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى شىمالدىكى ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى قانداق مەقسەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقانلىقى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر چىن ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى توغرىسىدا تولۇق تەسۋىرلەش بېرىش، ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق مەلۇماتلارنى سارايدا ئىشلىتىش ھەم كەم ئامال دەپتەرلەردە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك مەنبەلەردە بۇنداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.

چىن ئەمەلدارلىرىنىڭ بېيجىڭغا چاپارغان مەكتۇبلىرىدە يارلىقلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ھەققىدە مەلۇمات كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە كاتىپ قالماستىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە ئائىت مەلۇماتلارمۇ ھەم بېرىلىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە ئايغاقچىلار ئارقىلىق يىغىلغان خەۋەرلەرمۇ ھەم ذىكىر قىلىندۇ.

تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان يەنە بىر رەسمىي مەنبە «بۈيۈك چىن سۇلالىسىنىڭ ھەققىي يىلنامىسى» («داچىن لىياۋ شىلۇ» ياكى «دەي چىن لياۋ شىلۇ»، قىسقىچە «چىن شىلۇ»)، ئۇ شىبۇ مەنبە رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن نىسبەتەن كۆپ تەتقىق قىلىنغان [133-133a، 103، 97، 180a ۋە باشقىلار]. مەزكۇر مەنبە ھەر بىر چىن خاقانىغا بېغىشلانغان قىسىملاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالاھىدە نامى مەۋجۇت. مەسىلەن: كاڭشى خاقان (1662-1722) دەۋرىگە ئائىت قىسمى «داچىن شىڭزۇ رېن خۇاڭدى شىلۇ» («شىڭزۇ رېن خۇاڭدى» كاڭشىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن بېرىلگەن ئىسمى) دەۋرىدىكى بۈيۈك چىن سۇلالىسى يىلنامىسى،

يۇڭجېڭ خاقانىنىڭ (1735-1723) دەۋرىگە ئائىت قىسمى «داچىڭ
شى زۇڭ شىيەن خۇاڭدى شىلۇ» («شى زۇڭ شىيەن خۇاڭدى
/ يۇڭجېڭغا ئۇلۇغلىنىپ بېرىلگەن ئىسىم/ دەۋرىدىكى بۈيۈك چىڭ
سۇلالىسى يىلنامىسى»). چيەنلوڭ خاقان (1796-1736) دەۋرىگە
ئائىت قىسمى «داچىڭ گاۋزۇڭ چۇن خۇاڭدى شىلۇ» («گاۋزۇڭ
چۇن خۇاڭدى / چيەنلوڭغا ئۇلۇغلىنىپ بېرىلگەن ئىسىم/ دەۋرىدىكى
بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى يىلنامىسى») دېگەنلەردۇر [46-43]. مەز-
كۇر تەتقىقاتتا مانا شۇ ئۈچ خاقان دەۋرىدىكى چىڭ سۇلالىسى
يىلنامىسىنى ئاساس قىلىندى.

مەزكۇر يىلنامە ئۆز زامانىسىدىكى دائىرىدىكى ئەمەلدارلار
ئۈچۈن ئوچۇق بولۇپ، ئۇ بىرقانچە قېتىم تۈزۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھەم مەزكۇر مەنبەدىن پايدىلانغاندا ئېھتىياتچانلىق بىلەن پايدى-
لىنىش لازىم. خەنزۇچە مەتندىن ئالغاندا «چىڭ شىلۇ» ئۇيغۇ-
رىيە زىكىر قىلىنغان ھۆججەت توپلىمىدىن چوڭ. ئەمما ئۇ چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىگە ئائىت ھەممە مەسىلىنى
قامراپ ئالغانلىقى تۈپەيلى ۋەقەلەر نىسبەتەن قىسقارتىلىپ
بايان ئېتىلگەن. «چىن دىڭ پىڭ دىڭ جۇڭغار»غا كىرگەن
ھۆججەتلەرنىڭ كۆپى ئۇشبۇ مەنبەدە تىلغا ئېلىنمايدۇ. تىلغا
ئېلىنغان ئالىي پەرمانلار، قارارلار، ھېسابات خاتىرىلىرى ۋە ۋەقە-
لەرنىڭ بايانى قىسقارتىلغان ھالدا مەزمۇنى بېرىلگەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بىز تەتقىقاتىمىزدا ھەر ئىككى مەنبەنىڭ
مەلۇماتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تولۇقراق بولغان «چىن دىڭ
پىڭ دىڭ جۇڭغار» دىكى ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىشقا

ھەرىكەت قىلدۇق. «چىن شىلۇ» بىرىنچى قېتىم 1937-يىلى توكيو (ياپونىيە) دا «ئاكودا لىسۇ پىيان كابۇكى كەيسا» نەشرىياتى تەرىپىدىن چاپ ئېتىلدى. 1895-يىلى بېيجىڭ 62 توم ھەجىمىدە نەشر قىلىندى. ئۇشبۇ تەتقىقاتىمىزدا مەزكۇر مەنبەنىڭ ھەر ئىككى نەشرىدىن پايدىلاندى.

1987-يىلى بېيجىڭ بىر گۇرۇھ خىتاي ئالىملىرى تەرىپىدىن «چىن شىلۇ» دىن ئاللاپ ئېلىنغان مەلۇماتلار ئاساسىدا ما-تېرىياللار توپلىمى نەشرىدىن چىقىرىلدى. ۋاقىت جەھەتتىن قار-ىغاندا مەزكۇر توپلام 1636-1911-يىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ خىتاي ئالىملىرىنىڭ ئىلمىغا قوشقان چوڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ توپلامدا چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ خوشنا ئەللەرگە، جۇملىدىن شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن تۇتقان تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت تارىخى ئۇلارغا نىسبەتەن ئەمەلگە ئاشۇرغان سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ توپلامدا چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىلىرى تۇتۇرلىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر. سوئال ۋە سوئالغا سا-لامەت ئالىملار شۇرۇش ئارا قىلىدىغان كۆپىراق ئېتىبار بولۇنغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇشبۇ توپلام تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن «چىن شىلۇ» دىن يىغىلغان ماتېرىيال تەرىقىسىدە ئەھمىيەتلىكدۇر.

تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان يەنە بىر مەنبە «دۇڭخۇاڭلۇ» («دۇڭخۇا سارايىنىڭ يىلنامىسى») دەپ ئا-تىلىدۇ. مەزكۇر مەنبە ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى شۇ نام بىلەن، ئىككىنچى قىسمى «دۇڭخۇا سۈيلۇ» («دۇڭخۇا يىلنامىسىنىڭ داۋامى») دەپ ئاتالغان. مەنبەدە

-20-

باپان قىلىنغان ۋاقىيەلەر 1850-1864-يىللاردىكى ۋەزىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما تەتقىقاتچىمىز ئۆز ئىشىغا ئائىت مەلۇماتلارنىڭ كەمچىل ۋە مەزمۇنى مۇناسىپ مەزكۇر ئەسەرنى «چىن دىن يېڭى دىيار جۇڭگار»غا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شۇ ئەسەر قولىمىزغا تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەم پايدىلاندى.

مەزكۇر تەتقىقاتچىمىز كۆرۈلگەن مۇشۇ سىلسىلەدىكى يې-ڭىچە «چىڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى» («چىڭ شى گاۋ») ۋە «چىڭ سۇلالىسى تارىخى» («چىڭ شى») قاتارلىق ئەڭ ئاساسى تارىخلارنىڭ ئەھمىيىتى ھەم كەم ئەمەس. ئۇ شۇ ئەسەرلەردە تارىخى ۋاقىيەلەر خاتالىقى قىسقا بېرىلگەن، كۆپىنچە ۋاقىيەلەر تەرتىپ تەرىقىسىدە كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەن. لېكىن بۇ ئەسەر-لەردە شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش جەريانى تولۇق تەجاۋۇ-زچىلىق ھەرىكىتىدە رەسمىيلىك قىلغان چىڭ ئەمەلدارلىرى ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتلار كەلتۈرۈلىدۇ. تەتقىقاتچىمىز 1927-يىل بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان 2 جىلدىن ئىبارەت «چىڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى» 1968-يىلى توكيودا چاپ ئېتىلگەن ۋە 1971-يىلى قايتىدىن نەشرىنى چىقىرىلغان 8 توملۇق «چىڭ سۇلالىسى تارىخى»دىن پايدىلاندى.

ئىشلىتىلگەن مەنبەلەر ئىچىدە قاتار بولغان ئەسەرى بايان يېزىلغان ياكى چىڭ ئەمەلدارلىرى، تارىخچىلىرى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن سولۇق ماقان ئەستىقىدىنى ئۆتكەن شەرقىي تۈر-كىستانغا ئائىت دەسلەپكى ئەسەرلەرنى ئالاھىدە ئىلغاش-لىق مۇمكىن، بولار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

-21-

www.uyghurkitap.com

1. ئالىي ھەزرەتلىرى تەستىقلىغان غەربىي ئۆلكە جۇغرا-
پىيەسى (چىن دىڭ خۇاڭيۈ شىيۈ تۇجى)، 1782-يىل چاپ ئېتى-
لگەن، 52 باپتىن ئىبارەت. تۈزگۈچىلەر 36 كىشىدىن ئىبارەت
بولۇپ، ئۇلارغا چاڭ ئەمەلدارى فۇخېڭ باشچىلىق قىلغان. بۇ-
نىڭ كۆپچىلىكى «چىن دىڭ پىڭ دىڭ جۇنگەر فاڭلۆيۈ» نى
تۈزۈشتە قاتناشقان. ئەسەرنى يېزىشتا 1757-يىلى چيەنلوڭ
خاقاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن
سارايى تارىخچىلىرىنىڭ ھېساباتى تۈزگەن خەرىتىلىرى ئا-
ساس بولغان. ئۇ 1762-يىلى يېزىپ چىقىلىپ چيەنلوڭغا تە-
قدىم ئېتىلگەن.

2. ئالىي ھەزرەتلىرى تەستىقلىغان غەيرى مەملىكەتلەر،
موڭغۇللار ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى بەگلەر ھەققىدىكى مە-
لۇماتلار (چىن دىڭ ۋەي فەن مۇڭگۇ خۇيبۇ ۋاڭ گۇڭ بىياۋ
جۇەن)، سارايى تارىخچىلىرى يازغان 120 باپ، 60 دەپتەر،
1779-يىلى چاپ ئېتىلگەن. ئەسەر مانجۇر ۋە خىتاي تىللىرىدا
يېزىلغان. مەزكۇر تەتقىقاتتا خىتاي تىلىدا يېزىلغان نۇسخىسىدىن
پايدىلىنىلدى.

3. ئالىي ھەزرەتلىرى تەستىقلىغان شىنجاڭ ھەققىدە
قىسقىچە مەلۇمات (چىن دىڭ شىنجاڭ شىلۈ)، كىرىش قىسمى
12 باپتىن ئىبارەت. 1821-يىلى چاپ ئېتىلگەن. «ئىلىدىكى چىن
ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» («ئىلى زۇڭتۇڭنىڭ
شىلۈ») نامى بىلەن ئەسەرنى بىرىنچى قېتىم ئىلىغا جاللانغان
چىڭ ئەمەلدارى شۇ سۇڭ 1811-يىلى يېزىپ چىققان.

-22-

شۇنىڭدەك كېيىن ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ باش ئەمەلدارى مىسساپىلانغان سوكيون ئەسەرنى تۈزۈتۈش بىلەن بىرگە تولدۇرۇپ چىقىپ چەتئەلگە قاچقاندا ئەكەتكەن. ئەسەر دۇچىن دېگەن «شىنجاڭ شىلىيو» نامى بىلەن چاپ ئېتىلىپ مۇئە- للىپلىك ھوقۇقى سوكيونغا بېرىلگەن.

تەتقىقاتىمىزدە يوقۇرىدا كۆرسىتىلگەن مەنبەلەرنى تاشقىرى XVIII - XIX - ئەسىرلەردە ئاۋامىيا يېزىلغان خاتىرەسىمى تارىخى ئەسەرلەرگە ھەم مۇراجەت قىلىندى. بۇ ھالدىكى ئەسەر- لەرنىڭ مۇئەللىپلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ھەر خىل دەۋردە كەلگەن ياكى ئەمەلدار بولۇپ خىزمەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تارىخى ۋاقىئەلەر بېرىلگەن، رەسمى باھا ۋە پىكىر مولاھىزىلەر قاتتۇرۇلىدۇ. ئەمما ئۇلا شۇ بىلەن بىرگە ئۆز پىكىرلىرىنى ھەم ئېيتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ھالدىكى ئەسەر- لەردە تەتقىقاتىمىز مەزمۇنىغا ئائىت ۋاقىئەلەر ئىنتايىن قىسقا بېرىلگەن. مەزكۇر دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى يېشىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەر تولۇق مەلۇمات بېرەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلاردىكى ۋاقىئەلەرنىڭ جايان قىلىنىشى يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان رەسمى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ مولاھىزە قىلىپ كۆرۈش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ بىلەن بىرگە ئالاھىدە ئەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى بۇ ھالدىكى ئەسەرلەرنىڭ چىن ئىستىلاچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار ئالاھىدە ئېتىبارغا سازاۋار. مىسال ئەرقىسىدە

توۋەندىكى بىر قانچە ئەسەرلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ماقۇل تاپتۇق.

1. خۇي جياڭ جىز (مۇسۇلمانلار ئۆلكىسى ھەققىدە بايان). بۇ ئەسەرنى يازغان كىرىش سۆزى 1772-يىلى يېزىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن. 4 دەپتەر ۋە 4 بابتىن ئىبارەت. مۇئەللىپ قەشقەر ئەمەلدارى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

2. شىيۇ ۋېن جيەنلۇ (غەربىي ئۆلكىدە كۆرگەنلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىم بايانى)، چۈن يۈن يازغان. 2 دەپتەر 8 بابتىن ئىبارەت. 1777-يىلى چاپ ئېتىلگەن. مۇئەللىپ جىن شى دەپ ئاتالغان ئەمەلدار بولۇپ، ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەتتە بولغان.

3. شىنجاڭ ۋەيفەن جىليۇ (تابىئە ئۆلكە - شىنجاڭ ھەققىدە بايان)، 2 دەپتەر 2 بابتىن ئىبارەت، 1777-يىلى چاپ ئېتىلگەن. ئۇشبۇ ئەسەرمۇ چۈن يۈەن قەلىمىگە مەنسۇپ.

4. خۇيجياڭ تۇڭجىز (مۇسۇلمانلار زېمىنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان)، 4 جىلت، 12 دەپتەر ۋە 12 بابتىن ئىبارەت. 1804-يىلى بىرىنچى قېتىم، 1925-يىلى قايتا چاپ ئېتىلگەن. ئەسەر خېنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ. مەزمۇن جەھەتتىن ئەسەردىكى «شىنجاڭ شايىۇ» بىلەن ئوخشايدۇ.

5. شىچۇي زولۇ تۇڭ (غەربىي ئۆلكە ھەققىدە ئومۇمىيلاشتۇرۇلغان قىسسە)، سۇڭيۈن قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ 6 دەپتەر ۋە 12 بابتىن ئىبارەت بولۇپ 1809-يىلى بىرىنچى قېتىم، 1811 ۋە 1939-يىللىرى قايتا نەشر ئېتىلگەن.

6. شېڭ ۋۇجى (موقەددەس ئورۇشلار ھەققىدە قىسسە)،
12 باپتىن ئىبارەت، 1842-يىلى چاپ ئېتىلگەن، 1964-يىلى تەيبېيدە
رەسىمگە تۈشۈرۈش ئۇسلوبى بىلەن قايتا نەشر قىلىنغان.
مۇئەللىپ ۋېي يۈەن. يەرلىك خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ
ئۇ دۆلەت كەڭكەشى كاتىبى (نېيگې جۇڭشۇ شېرېن) لاۋازىمىدا
خىزمەت قىلغان. تەتقىقاتىمىز مەۋزۇسىغا ئوتۇشلۇق ئەسەر-
نىڭ ئىككى بابى ئالاقىدار.
7. شىياۋ فاڭخۇجەي يۈيدى سۇڭچاۋ (جۇغراپىيە ئەسەر-
لەر مەجمۇئەسى)، 12 جىلد، 64 باپتىن ئىبارەت، 1877-يىلى
نەشر ئېتىلگەن، ۋاڭ شىچى توپلىغان مەزكۇر مەجمۇئەگە كىر-
گەن 27 دانە ئەسەر شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا ئالاقىدار.
8. شىنجاڭ تۇجى (شىنجاڭ ھەققىدە قىسسە ۋە خەرىتىلەر)،
1909-1911-يىللىرى ۋاڭ شۇنەن تەرىپىدىن يېزىلغان. 116 باپ-
تىن ئىبارەت. ئەسەر يېزىلغان يىللاردا مۇئەللىپ شەرقىي تۈركىستان-
دە گوبېرناتور (شۈنفۇ) لاۋازىمىدا خىزمەت قىلغان. ئەسەر ئۇنىڭ
ئورنىنى باسقان چىڭ ئەمەلدارى يۈەن داخۇا تەرىپىدىن تەھرىر
قىلىنغان ۋە چاپ ئېتىلگەن. نەشر قىلىنغان ۋاقتى ۋە جايى كۆر-
سىتىلمىگەن.
يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن رەسمىي ۋە خاراكتېرى خىتاي
مەنبەلىرىدە شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر خىتاي مەنپەئىتىدىن تۇرۇپ
قارالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا مەنبەلەردە چىڭ ئىمپېرىيە-
سىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولغان ئىككى خانلىققا

نىسبەتەن تۆۋەنقان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى، زور
قانالقلانىڭ بوغداخان ئەمرىگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە
جاۋابەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، مەجبۇرى چارەتەد-
بىر تەرىقىسىدە جايان قىلىنغان. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماستىن بۇ ھەرىكەتلەرگە ئالتۇرۇلگەن مەلۇماتلار
تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

# 1 - باب

# XVII- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا XVIII- ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى.

## 1.1. XVII- ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII- ئەسىرنىڭ بېشىدىكى مەركىزى ئاسىيانىڭ خەلقارا ۋەزىيىتى.

بىر قانچە ئەسىرلەر داۋامىدا قەدىمى تۇرلى تۇ- تىراق ۋە كۆچمەنچى خەلقلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچرا- شقان جايى ھېساپلىنىدىغان مەركىزى ئاسىيادا (شەرقى تۈركىستان، تىبەت، غەربى ماڭغۇلىيە، ئالتاي، جەنۇبى قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، شىمالى ھىند- ستان ۋە ئىران) كۆپلىگەن ئۆزگىچە خاس مىللى تەرەققىيات خەلقارا سىياسى ۋە ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەر يۈز بېرىپلا قالماستىن بەلكى قاتار توقۇنۇشلار ۋە تالاش- تارتىشلار ھەم بولۇپ ئۆتكەن [95. 3-13-بەتلەر، 132. 3-22-بەتلەر]. XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا مىنتە- قىدە بىرقانچە چوڭ كىچىك مۇستەقىل، يېرىم مۇستەقىل ۋە قارام دۆلەتلەر، خانلىقلار مەۋجۇت ئىدى. بۇلار يۇرۇش قىيىن بولغان تاغ يوللار، چۆللەر، قۇملۇقلار ۋە دەشت سەھرالار بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەر

-27-

كۆپىنچە ئۇ ياكى بۇ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يېرىلىك فېئو-
داللىرىنىڭ مەنپەئەتىگە، ھەربىي كۈچىگە، پائالىيىتىگە ئۇ دېھقان-
بىيە تىلىرىگە باغلىق بولغان. گەرچە بۇ دەۋردە ماگعول خەلقىنىڭ
باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن تەسىرى چەكلەنگەن ۋاقىتتا
قارىغاندا ھەلى كەمىيىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ مە-
ركىزى ئاسىيادىكى تۇتقان ئورنى ئۇلۇغ ئىدى [55، 3-
13-بەتلەر]. بولۇپمۇ ماگعوللارنىڭ غەربىي قىسمى ھەمسايىلان-
غان ۋە تۈركى خەلقلەر بىلەن ئىتتىپاق بەھ تىتتىن باغلىق بولغان
ئويراتلار (جوڭغارلار) نىڭ مەۋقى ئىككى ھەمسايىلىغان چوڭ ئى
XVII ئەسىر داۋامىدا بولانىڭ دۆلىتى مەركىزى ئاسىيا دۆلە-
تلىرى ئىچىدە نىسبەتەن قۇدرەتلىك ئىدى. جوڭغار خانلىقى
دەپ ئاتالغان ئۇشبۇ دۆلەت 1635-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ
تەۋەسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى قىسمى يەنى رۇس
ئەدەبىياتتا جوڭغارىيە دەپ ئاتالغان ھازىرقى شىنجاڭ ئۇ-
يغۇر موختار ئۆلكىسىنىڭ شىمالى قىسمى ۋە ماگعولىيەنىڭ غەربىي
مۇدۇدلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان [104، 74-105-بەتلەر].
XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە جوڭغار خانلىقى تەختى
غالدان (گالدان - بوشۇقتۇ خان، بوشۇقتۇ- 1671-1697) تۇتۇر-
غانىدى. ئۇشبۇ فان دەۋرىدە ئويراتلار دۆلىتى مەركىزى ئاسىيادا
قۇۋۋەتلىك بىر قانچە ئايلىپ ئۆز تەسىرىنى ئەتراپىدىكى
مۇشتاق خەلق ۋە مەملىكەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ تۇرغانىدى. غالدان
ئۆز دۆلىتى تەۋەسىنى كەڭەيتىرۇشكە قاتتىق كىرىشىپ ماگعولىيە
بىلەن جوڭغارىيەنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ماگعول ئىمپىرىيەسىنى

-28-

قايتا تىكلەنگەن [27، 175-187، 104، 136-147 - بەتلەر] ۋە
فونتىنى مەمالىكەتلەر بىلەن جومالىدىن فىنتاي بىلەن يىقىن
ئىقتىسادى مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. سىيا-
سى جەھەتتىن ئەلىپ قارىغاندا غالدانىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى
بىر تەرەپتىن ئۇيرات پىشۋالىرىنىڭ ھەمىشەتى ۋە ئىس-
كالىرى بىلەن باغلىق بولغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇلارنىڭ
كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ ۋە كېڭىيىپ كېلىۋاتقان چىن ئىمپېرىيە-
سىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن بۇتۇن ماكفۇل پەلقىنى
بىرلەشتۈرۈش ۋە ئەتراپىتىكى باشقا پەلقلەرنى ئۆز-
لىرىنىڭ ئىتتىپاقىدا ئىشلىرىغا جايلاشتۇرۇش زۆرۈرىتى بىلەن
باغلىق بولغان. ئىقتىسادى جەھەتتىن ئەلىپ قارىغاندا غا-
لدانىنىڭ ھەرىكىتى ئۇيراتلارنىڭ ئوتتۇروق پەلقلەر ئىشلەپ
چىقىرىۋاتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان
ئېھتىياجى ۋە چارۋىچىلىقنى ديۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن موھىم بولغان
يايلاقلارغا ھەجىمى كەڭەيتىش ۋە پان پەزىنىسى بىتىش
زۆرۈرىتى بىلەن باغلىق بولغان.
XVII - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى خارزىرقى ماكفۇلىيە-
نىڭ جوڭغار خانلىقى تەۋەسىگە كىرمىگەن جايلىرى بىر قانچە
كىچىك خانلىقلارغا بۆلۈنگەن ئىدى. بولار ئۆزئارا بىرلىكتە ۋە كۈچلۈك-
لىرى تو شىتوخان، جاساكتوخان ۋە چىچەنخان قاتارلىق
ماكفۇل پىشۋالىرى باشچىلىقىدىكى كىچىك خانلىقلار ھىسا-
بلىناتتى [115]. بۇلارنىڭ خانىنىڭ ئولۇسى تولا (توۋلا) ۋە نامېر
دەريالىرى بويلىرىدا ۋە ئوزغون دەرياسىنىڭ يۇقىرى تارماقلىرى

www.uyghurkitap.com

ئەترابىدا جايلاشقان. ئىككىنچى خانلىقنىڭ ئۇلۇسى قاڭغاي تا-
غلىرى بويلاپ، ئۈچىنچى خان ئۇلۇسى كېرۇلېن دەرياسى ئەترابىدا
ئورۇنلاشقان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدە قا-
زاق ئۇلۇسلىرى مەۋجۇت ئىدى. XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتلەرگە كۆرە ئۇشبۇ ئۇلۇسلار ئارىسىدا
ناتىنچلىق ۋە ئۆز-ئارا كۆرەش ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى [108. 3-
توم 13-بەت]. ئىچكى ۋەزىيەت دېگەندە ئەلبەتتە شۇ ۋا-
قىتتا قازاق ئۇلۇسلىرى ئارىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي
مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكى ھەمدە بۇلارنىڭ
چارۋىچىلىقتا ۋە كۆچمەنچىلىككە ئاساسلانغان ئىجتىمائىي ھا-
ياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، سىرتقى
ۋەزىيەتتى دېگەندە كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەرنىڭ قازاق
ئۇلۇسلىرىغا نىسبەتەن تۇتقان سىياسەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
بۆلگۈنچىلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ،
[108. 3-توم، 13-14-بەتلەر]. مەزكۇر دەۋردە قازاق ئەل-
لىرى ئاساسەن يۇقىرى جۈز، ئوتتۇرا جۈز ۋە كىچىك جۈز قاتارلىق
3 ئۇلۇسقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىنچىسى قازاقىستان-
نىڭ شەرقىي جەنۇبىي خۇدۇدىدا، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ مەركىزى
قىسمىدا، ئۈچىنچىسى غەربىي قىسمىدا جايلاشقانىدى. يۇقىرى
جۈز ئۇلۇسى جوڭغار خانلىقى بىلەن قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈن
ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت نىسبەتەن جىددىيراق ئىدى. قا-
زاقلار بىلەن جوڭغار ئوتتۇرىسىدا دائىم ۋاقتى بىلەن توقۇنۇشۇپ

تۇرسۇنغان كۈرەش يۈز بېرىپ تۇراتتى. مەزكۇر كۈرەش يايلاق
تالىشىش، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ۋە ئۆز ماللىرى سانىنى كۆپەي-
تىش روشكە ھەرىكەت قىلىش مەسىلىلىرى ئەتراپىدا يۈز بەر-
گەن [108. 3-توم 15-بەت]. كۈرەش جەريانىدا كۆپىراق جوڭغارلار
ئۈستۈنلۈك قىلاتتى. ئەگەر XVIII-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى
مىسال قىلىپ ئېلىنغاندا مانا شۇ يېرىم ئەسىر داۋامىدا جوڭغار-
لار قانچە قېتىم قازاق ئۇلۇسلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلار ئۈ-
ستىدىن غەلىبە قىلىشقا ئېرىشكەن [108. 3-توم 14-17-بەتلەر،
109. 1-توم 26-27-بەتلەر]. شۇ سەۋەبتىن قازاق ئۇلۇس-
لىرى دائىم ئۆزىنى جوڭغارلاردىن مۇھاپىزە قىلىشقا ۋە بۇنىڭ ئۈ-
چۈن قوشنا مەملىكەتلەردىن ياردەم ئېلىشقا ئىنتىلەتتى.
XVIII-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي
قىسمىدا ياركەنت خانلىقى (بەزى ئەدەبىياتلاردا سەئىدىيە دۆلىتى)
مەۋجۇت ئىدى. بەزى خىتاي تارىخچىلىرى، جۇملىدىن چىن خۇا،
گوبىتلىيالىك، ۋادلەي ۋە لىيو بىرشىيالار مەزكۇر خانلىق 1514-
يىلى قۇرۇلغان دەپ يازىدۇ [210. 373-بەت، 227. 1-توم، 211-
بەت]. مەرھۇم شەرقشۇناس ئالىم مەخمۇت قۇتلۇق (1924-
1957) مەھەللى مەنبەلەر ئاساسىدا ئۇشبۇ خانلىقنىڭ
1465-يىلى ياركەنت ۋىلايىتىدە قۇرۇلغانلىقىنى ۋە 1514-1516-
يىللىرى ئۇشبۇ خانلىق ئاساسىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان
سۇلتان سەئىدخان جاھانگىر بىرلە شتۇرۇلگەنلىكىنى ئىسپا-
تلاپ چىققان [125. 48-49-بەتلەر]. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى خىتاي
تارىخچىلىرى ياركەنت خانلىقىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلغان يىلىنى ئەمەس

بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرلەشتۈرۈلگەن ۋاقتىنى ئۇ-
شبو خانلىقنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى دەپ توغرا كۆر-
سەتكەن. ئۇشبو خانلىق رۇس ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە
ھەم ئەكسىنى تاپقان. سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە ياركەنت
خانلىقىنىڭ تەۋەسى شەرقتە قىتاي دۆلىتى مىڭ ئىمپىرىيەسى (1368-
1644) نىڭ غەربىي خۇدۇدىگىچە ئەنىقراقى سەددىچىن سېپى-
لىنىڭ ئاخىرقى چېكى ھېساپلىنىدىغان جايۇيگۇەنگىچە يەتكەن.
كېيىنچىلىك شىمالى تۈركىستاندا ئىلى ۋادىسى مەركەز قىلغان
جوڭغار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ياركەنت خانلىقىنىڭ
تەۋەسى تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبى تەرىپى بىلەن چەكلىنىپ
قومۇل شەرقىي ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

ياركەنت خانلىقىدا خوجىلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ
ئىدى. ئۇلار پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى ئاق تاغلىق
ۋە قارا تاغلىق دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇ-
رىسىدا مەلۇم دەرىجىدە نەزەرى ۋە ئەمەلى قارىمۇ-قارشىلىق
مەۋجۇت ئىدى. ئەمما ئەينى زاماندا ئۇشبو خوجىلارنىڭ ئىقتىسا-
دى ۋە ئىجتىمائى پازىتسىيەسى كۆپچىلىك تۈپەيلىك ئۇلارنىڭ
جەمىيەتتىكى مەۋقەسى ئۈستۈن بولغان. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ
خوجىلار دۆلەت ئىشلىرىغا بەدەر ئارىلاشقان ۋە خان تەختىگە
داۋاگەر بولۇشقان. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جوڭغارلار خوجىلارنى
ياركەنت خانلىقى تەختىگە چىقىرىپ ئۇلار ئارقىلىق جەنۇبى ۋە
شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز نازارىتىگە ئېلىشقا ئىنتىلدى [8. 86-
توم، 186-187-بەتلەر، 16. 356-357-بەتلەر، 14. 4-توم، 97. 218

-32-

بەتلەر، 98، 66-بەتلەر]. مەھەللى مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا ئۇشبۇ جەرياندا ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە قانلىق ۋەقە-لەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. چارەك ئەسىرگە يېقىن داۋامىدا ياركەنت خانلىقى جوڭغارلارغا تىنماي قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، 1713-1714-يىللىرى ئۇلار خازارىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ [125، 202-204-بەتلەر]. چۈنكى ھونتەزىم رەۋىشتە يۈز بەرگەن ئىچكى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەر ياركەنت خانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرغان. بولۇپمۇ مەركەز بىلەن ۋىلايەتلەر ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى سۇسلاشتۇرغان. بۇ ئەھۋال بۈتۈن ياركەنت خەلقى ئاھالىسىنىڭ بىرلىشىپ تۇرۇپ جوڭغارلارغا قارشى تۇرالايدىغان يېرىك كۈچكە ئايلىنىشىغا يول قويمىغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي تاغلىقىدا بولسا قىرغىزلار ياشايتتى. XVII-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى نەتىجىسىدە قىرغىزلار بىلەن جوڭغارلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت كەسكىنلىشىپ قالغانىدى. تەڭرى تاغ (تيانشان تاغلىرى) بويلاپ ياشايدىغان قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز ماكانلىرىدىن كۆچۈپ كېتىشكە، پەرغانە ۋە ئاقسۇ، قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغلىق جايلارغا بېرىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قىرغىزلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياركەنت خانلىقى ھۇدۇدىدا ياشايدىغان خەلقلەر بىلەن جوڭغارلارغا قارشى كۆرەشلەرگە قاتناشقان [109، 1-توم، 450-460-بەتلەر].

XVII ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي-جەنۇبىي تەرىپىدە بۇخارا خانلىقى
مەۋجۇت بولۇپ ئۆزبېك خانلىق دائىرىسىدە ئۆز-ئارا كۈرەش
ۋە ئەمەت ئالتىنچى هۆكۈمرانلىق قىلاتتى. مانا شۇنداق كۈرە-
شلەر نەتىجىسىدە 1710 ـ يىلى پەرغانە ۋادىسى بۇخارا خانلىقىدىن
بۆلۈنۈپ چىقىش مىسابىدا قوقان خانلىقى قۇرۇلدى. تېز ئارىدا
ئۆزبېك خانلىق ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ شەرقىي
تۈركىستانغا بۇ ئېستە قوشنا دۆلەتكە ئايلاندى.
XVII ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ
شەرقىي-جەنۇبىي تەرىپىدە جايلاشقان تىبەت روھانىلار تەر-
ىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ مەركىزىي
دۆلەتكە دالاي لاما باشچىلىق قىلاتتى. دۆلەت باشقۇرۇش
ئىشلىرى دىبا دەپ ئاتالمىش مەخسۇس بەلگىلەنگەن ئەمە-
لدار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى. جوڭغار خانلىقى بىلەن
تىبەت ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ئىنتايىن يېقىن
ئىدى. تىبەتنىڭ مەركىزى لىخاس ئويراتلار ئۈچۈن تېز-
تېز زىيارەت قىلىپ تۇرۇلىدىغان جاي ئىدى. ئەينى زا-
مانا تىبەت هۆكۈمىتى جوڭغارلارنىڭ بارلىق ماڭغۇل خەلقىنى
بىرلەشتۈرۈش ۋە ماڭغۇل ئىمپېرىيەسىنى قايتا قۇرۇش غايە-
لىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى [104، 152، 153 ـ بەتلەر؛
94، 47 ـ بەت].
XVII ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا روسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ
ئەسىرى مەركىزىي ئاسىيا خۇدۇدىغا ھەم يېتىپ كەلگەن ئىدى.

-34-

شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭغار خانلىقى بۇ دۆلەت بىلەن ھەمسايىلىشىپ
ئۇنىڭ بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ھەرىكەت قىلىشقا
باشلىغان. جۇڭغارلار رۇس ئەلچىلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ
ئۇلار ئارقىلىق رۇس ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ۋە ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەت دائىرىلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان.
ئەتراپىتىكى خوشنا مەملىكەتلەرگە ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشكە
ئۇرۇنۇۋاتقان بىر دەۋردە رۇس ھۆكۈمىتى بىلەن توقۇنۇشماس-
تىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى ئېلىشقا ھەرىكەت
قىلغان. جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ ساھەدە قىلغان ھەرىكەتلىرى
بىكارغا كەتمىدى. رۇس ھۆكۈمىتى مەزكۇر خانلىق بىلەن ئىللىق
مۇناسىۋەت قىلىشقا رازىلىق بەردى [104. 159-164-بەتلەر؛
143. 226-235-بەتلەر؛ 141. 34-58-بەتلەر].

XVII- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاي
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر يېڭى تۈس ئالدى. مەنبەلەردە
كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار شۇنى كۆرسىتىدىكى، ئۇشبۇ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرقى چارىكىدە ماڭغۇل خەلقى ئارىسىدا جۇڭغار خان-
لىقىنىڭ مەۋقەيى تېزدە كۈچىيىشى سەۋەبلىك ماڭغۇل ئىمپېرا-
لىيەسىنى قايتا تىكلەش مەسىلىسى ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىپ
قالدى. ئەينى زاماندا چىن سۇلالىسى ئۆز پوزىتسىيەسىنى خىتايدا
مۇستەھكەملەپ ئالغاچ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى
مەركىزى ئاسىياغا قاراپ ماڭغۇلىيەنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا
كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغانلىقى تۈپەيلى ئۇنىڭ مەنپەئەتى جۇڭغار
خانلىقى مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشتى. بۇ پەيتتە مانجۇرلار خىتاينى

-35-

تولۇق ئىگەللەپ شۇ باھانە بىلەن مەھەللىۋىلىكنىڭ قارىشىنى
باسۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىمكانىيەت ۋە ئادەم سانى جەھەتتىن
ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. خۇلاسە ھەم مالىكە تىلەر
بىلەن قىلىنغان مۇناسىۋەتلەردە ھەم چاغاتاي سۇلالىسى پايتەختى مەۋ-
ۋارائۇننەھىردىكى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايىش
قىلدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە جوڭغار خانلىقى چاغاتاي تەمىرىيەسى
بىلەن پايتەختى مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرۇپ ئۇنى ماغۇل ھە-
لەقلىرى بىرلە تۇتۇرۇش ھەم ساقلاشقا ئارلاشتۇرۇش ۋاز كە-
چىتۇرۇشكە ئاۋات قىلماقچى بولدى. شۇ مەقسەت بىلەن
جوڭغار خانى غالدان بېيجىڭگە بىر نەپەر قېتىم ئەلچى ۋە سوۋغا
ئەۋەتىپ، ئۆزىنى چىن سۇلالىسىغا دوست قىلىپ كۆرسىتىشكە
تىرىشتى [180.102 - بەت]. ئەلبەتتە بېيجىڭگە ئەلچىلەر ۋە
سوۋغا ئەۋەتىشنىڭ ئىقتىسادى سەۋەپلىرى ھەم يوق ئە-
مەس. جوڭغارلارنىڭ خىتاي ماللىرىغا، جۈملىدىن تۈرلۈك
يىپەك رەختلەرگە، ئالتۇن بۇيۇملارغا ۋە ئېتىكچى چاسالغان
چەيدۇلەرگە ئېھتىياجى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. ئۇلار بېيجىڭگە ئەۋە-
تكەن سوۋغىلار ھەسابىغا ئۆزلىرى كىرەلەي ماللارنى تارتۇق تەر-
ىقىسىدە ئېلىپ كېلەتتى. بەزەن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىنىڭ مىقدارى
ئېلىپ بارغان نەرسىلەر مىقدارىدىن كۆپرەك بولاتتى. ئەمما چىن
ھۆكۈمىتى جوڭغار خانى ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى يوقلاش سوۋغىسى
دەپ چۈشەندى، چىن سۇلالىسىغا تىنچلىق قىلىش بەلگىسى
(دەپ) ئۇلارنى سۆيۈنۈپ قوبۇل قىلاتتى.

چىن سۇلالىسى خىتاي خاقانلىرىغا خاس ئەنئەنەۋى كۆز

قاراش بىلەن قورال ئالغان بولۇپ، ئەتراپىتىكى قوشنا مەم-
لىكەتلەرنى، جۈملىدىن جوڭغار خانلىقى تۇپرىقىنى تەسىرى
ئاستىدىكى بىر بېقىندى دۆلەت دەپ چۈشىنەتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى گەرچە غالدان خاننىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل
قىلغان بولسىمۇ جوڭغار خانلىقى تۇپرىقىنىڭ رەقابەتچىسى ئۇ
غەربىي مەملىكەتلەرگە قارىتا قىلىنىدىغان تاجاۋۇزچىلىق
ھەرىكەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلالايدىغان بىر دۆلەت سۈپىتىدە
تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە چىن ھۆكۈمىتى
غالدان خاننىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتىنى ماقۇل-
لىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ جوڭغار خانلىقىنىڭ چىن ئىمپېرىيە-
سى بىلەن تىنچلىق ئالاقىسى ئورنىتىش ئۈچۈن قىلغان مورا-
جىئەتىنى پايدىلىنىش لازىم دەپ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىن
سۇلالىسى ئۇلارنىڭ خانلىقىغا قارىتا ئىككى يۈزلىمىلىك سىيا-
سەت تۇتۇشقا كىرىشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن غالدان بىلەن
بېجىڭگە ئەلچىلەر ئۇلار بىلەن بىرگە سودىگەرلەر ئەۋەتىشكە
رۇخسەت بېرىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا كۆپتىن بېرى
سودا ئالاقە بولماي قالغانلىقى خاھىشىدە ئېھتىيارلىق ۋاقىتچە
بولدى. بىز ھەر دائىم ئويرات خەلقىگە ھەمدەرت بولۇشنى ۋە
ئۇلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت قىلىش نىيىتىمىز بار
ئىدى دەپ خاننى ئىشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى.
ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇلارنى چارلاپ كۆرۈپ غالدان خاننىڭ
دۈشمەنلىرىنى ۋە رەقابەتچىلىرىنى ھەمدە ئويراتلار جاسۇسلۇق بويۇن
ماڭغۇل خەلقىنى بىرلەشتۈرۈش غايىسىگە قارشى پارچىلىغۇچى كۈچلەرنى،

www.uyghurkitap.com

جەنۇبىدىن شىمالى تىبەت ۋە كۆككۆل (چىڭخەي) ۋىلايەت-
لىرىنىڭ بەگلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ خانغا قارشى كۈرەشكە
سەپەربەر قىلىش ئورۇشقا ھەرىكەت قىلدى. چىن سۇلالىسىنىڭ
بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىك سىياسىتى ئۆز دەۋرىدە باشقا خەلقلەرگە
نامەلۇم بولغان بولسىمۇ ساراي دائىرىسىدە سىر ئەمەستى.
كۆپلىگەن دۆلەت ھۆججەتلىرىدىمۇ بۇ سىياسەت ئوچۇقتىن ئو-
چۇق بايان قىلىنغان [102. 180-185-بەتلەر].

1688-1690-يىللىرى چىن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈر-
كىستانغا، جەنۇبىدىن جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن تۇتقان سىيا-
سىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. ئەگەر شۇ دەۋرگە قەدەر ئۇ غالدان-
نى ماڭغۇلىيە بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەلەپ
قىلغان بولسا، بۇ چاغقا كەلگەندە غالداننى ماڭغۇلىيەنىڭ
ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى ۋە ماڭغۇلىيەنى ئىگىلىگەن يەرلىرىدىن
ئۆز پۇقرالىرىنى ئۇزاقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى.
شۇ بىلەن بىرگە چىن سۇلالىسى ئەشۇ تەلەپلىرىنى خان قوبۇل
قىلمىسا ئۇنىڭغا قارشى كۈچ ئىشلىتىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى
بىلدۈردى [202، 194-بەت].

1690-يىلى چىن ھۆكۈمىتى ماڭغۇلىيەگە چوڭ ھەربىي كۈچ
تاشلاپ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ
ھەرىكەتلىرىگە جوڭغار خانلىقى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى.
نەتىجىدە ماڭغۇلىيەدە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى
ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى، 1697-يىلى مەزكۇر
ئۇرۇشلار چىنلار پايدىسىغا يەكۈنلەندى. ماڭغۇلىيەنىڭ كۆپ

-38-

قىسمى جابسقۇنىيىلا قولغا ئېلىنىشىپ قالدى [215.110-بەت؛ 94. 52-بەت].

ئۇشبۇ ئۇرۇش جەريانىدا جۇڭغار خانلىقى روسىيە ھۆكۈمىتىدىن مەدەت سورىغان ئىدى. لېكىن روسىيە 1689-يىلى چىن ئىمپېرىيىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ماڭجۇلىيە بولۇۋاتقان بۇ ۋاقىتلىق ھەرىكەتكە نىسبەتەن بىتەرەپ بولۇپ قېلىشنى ماقۇل كۆرۈپ خانلىقنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلمىدى [184. 67-69-بەتلەر]. شۇنىڭدىن كېيىن غالدان خان بېيجىڭغا سوغلا بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتىپ خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئەسكىلىشىپ قالغان مۇناسىۋەتلەرنى يۇمشىتىشقا ۋە ئوتتۇرىدا يۈزلەنگەن كەل- گەن توقۇنۇشلارنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىشقا ۋە سۇن مۇناسىۋەتلەرنى تىكلەشكە ھەرىكەت قىلدى. ئەمما ئۇ- نىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى نەتىجە بەرمىدى. چىن خاقانى كا- ڭشى غالداننىڭ بوتۇنلەي تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى [94. 53-بەت]. ماڭجۇلىيەدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن غالدان خان ئالتاي قارىلىق خور- يانغا كەلدى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ بۇيەردە كەسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى [104. 208-بەت، 94. 54-بەت].

خىتاي تارىخى ئەدەبىياتلىرى غالدان ئۆزىنى-ئۆزى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىۋالدى دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ قالغان. لېكىن خىتاي تارىخچىسى لۇي شىجەن ئۇنىڭ كەسەللىكتىن ئۆل- گەنلىكىنى ئىسپات قىلىپ چىققان [212. 60-62-بەتلەر].

ئىسپات سوپىسى ئۇشبۇ تارىخچى كەلتۈرگەن خوجا جاھان
كۆرسىتىلىشىچە خان دۇنيادىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
يارىم چىلىرىدىكى بىرىنچى كىشى. خوجىلارنى چەيپۇر زەيسەن
چىلانىڭ ھەربىي لاگېرىغا ئېلىپ كەلگەن سوراق دەۋرىدە
ئۇلاخانىنىڭ قاندىن ئۇلگە ئالىشى بەتە فسىل سۆزلەپ بەرگەن.
ئۇلانىڭ ئەيتىپ بېرىشىچە 1697 -يىلى 3-ماي كۈنى غالدان
قاتتىق كەسەل بولۇپ، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ۋاپات ئەتكەن.
كاكتىشى خاقان بوخە ۋەزىرى ئاگىلاپ سارايى ئەمەلدارلىرى
ئالدىدا بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز ئېتىپى چوڭ قەھرىمانلىق
كۆرسىتىپ جوڭغار ئەرمىيەسىنى تار-مار كەلتۈردى. ئۇلانىڭ
باشلىقى غالدان ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈ-
رۇۋالدى دەپ ئېيتقان. شۇنىڭدىن كېيىن جارلىق زەسمى خو-
جىجەتلەردە ۋە تارىخى ئەسەرلەردە غالدان خان ئۆزىنى زەھەر
ئىچىپ ئۆلتۈرىۋالدى دەپ يېزىشقا باشلىغان. ئۇشبۇ
كورسەتمە جارلىق خاتاي تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئورۇن
ئالغان [46 ،186 -جاپ، 7-ۋاراق؛ 42 .1-توم، 239 -بەت، 262
408-بەت؛ 226 .212-بەت؛ 227 .237-بەت؛ 263 ،260. بەت
ۋە جاشقىلا]. ئۇلانىڭ ئەتقىقاتلىرى ئارقىلىق دۇس ئالىملىر-
نىڭ ئەسەرلىرىگە ھەم كىرىپ قالغان [102 .202 -بەت].
غالدانخاننىڭ ئەرمىيەسىگە ھوجۇم قىلىش باھانى بىرگە
چىن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان بىلەن، بولۇپمۇ جوڭغار
خانلىقى بىلەن كوككول (چېگرەيى) ۋەتسەبەت ئوتتۇرىسىدىكى
بوردونىنى ئەنسەنەۋى بولۇپ كەلۋاتقان مۇناسىۋەتلەرنى

ئۇ زىيۇشتىكە ۋە بۈتۈن ماڭغۇل خەلقىنى بىرلەشتۈرۈش غايىسىنى يوق قىلىپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلدى. شۇ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق جوڭغارلارنى تەسلىم بولۇشقا ۋە چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلدى [181، 75-76-بەتلەر]. ئەمما غالدان خاقان قاتتىق ئىرادە بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئۆز پىكرىدىن قايتماي چىڭلارغا قارشى كۆرەشتى.

1697-يىلى ياھاردا كاگىشتى خاقان ئۆزى ماڭغۇلىيەگە بېرىپ جوڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. تۇيۇقسىزدىن يۈز بەرگەن خان ۋاپاتى جوڭغارلارنىڭ ئىچكى بىرلىككە سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە جوڭغار خانلىقىدا ھاكىمىيەت تالىشىش باشلىنىپ خالخىدا بولۇۋاتقان ئۇرۇش تېزلا چىڭلار پايدىسىغا ھەل بولدى. جوڭغارلار كۆپلىگەن تالاپەت بېرىش بىلەن بىرگە غەربىي ماڭغۇلىيەدىكى ۋە ئالتايدىكى بىر مۇنچە يەرلىرىنى يوقاتتى. چىن قوشۇنلىرى ئالتاينىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىرقانچە يايلاقلىرىنى ئىگەللەپ ئالدى. خالخادا يۈز بەرگەن ئۇشبۇ ئۇرۇش بىر تەرەپتىن چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا كىرىپ كېلىشىگە يول ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۆتكەن يەرلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ يېتىشكە ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن چىن سۇلالىسىنىڭ ماڭغۇلىيە، كۆككۆل ئۆلكىسى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قومۇل ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردىكى پوزىتسىيەسىنى كۈچەيتۈردى. گەرچە چىن ئىمپېرىيەسى قوشۇنلىرى

-41-

قالغىنى جوڭغار ئەرمىيەسى ئۆلتۈردى. غەلىبە قىلىپ
جوڭغار خانلىقىنى كۈچسىزلەنگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنى
تېز چۆكتۈرەلمىدى. مەزكۇر خانلىق ئۆز مۇستەقىل-
لىقىنى ساقلاپ قالدى. خان تەختىگە بولۇشتىكى كۈ-
رەشلەر قوربانى بولغان جوڭغار تەيجىسى سېنگگىنىڭ
(1654-1670) چوڭ ئوغلى ئەمەس ۋارىسى سىۋاڭ رابدان
ئوتتا غوزولدى. ئۇنىڭ خان دەۋرى (1697-1727)
جوڭغار خانلىقى ھەر تەرەپلىمە كۈچىيىپ چىن سۇلالىسىنىڭ
غەربكە قاراپ سىلجىشقا چوڭ توسالغۇ بولدى.

- 42 -

# 2.1. قومۇلنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسىگە تابىئە بولۇپ قېلىشى.

ياركەنت خانلىقىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمىگە بىنائەن قومۇل ئۇنىڭ چالىش-تۇرپان (قاراشەھەر-تۇرپان) ۋىلايىتى تەركىبىگە كىرەتتى. بۇ ھەقتە مەرھۇم مەھمۇت قۇتلۇقنىڭ «ياركەنت خانلىقى تارىخى» مەزمۇنلۇق تەتقىقاتىدا ئاساسلىق كەلتۈرۈلگەن. ئۇشبۇ ۋىلايەت ھاكىمى تۇرپاندا تۇراتتى. ياركەنت خانى ئۇنىڭدىن كېلىپ تۇرغان سىياسىي ھەقنى ئېلىپ تۇرۇش بىلەن قانائەتلىنىپ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا كۆپ ئارىلاشماتتى. ۋىلايەت دائىرىسىدىكى شەھەرلەر، جۈملىدىن قومۇل بەگلەر ئارقىلىق ئىدارە قىلىناتتى. XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرى قومۇلغا چاغاتايدىن بولغان يۇنۇس خاننىڭ ئەۋلادى ئۇبەيدۇللا خان (? - 1709-) بەگلىك قىلاتتى. ئۇنىڭغا ياركەنت خانى تەرىپىدىن تارقانلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن بولۇپ ئۇ كۆپ ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. مەرھۇم سەۋىت تارىخچىسى ل.ئى. دومان ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابدۇللاخان دەپ خاتا بەرگەن [27.95-بەت]. قومۇل شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خىتاي قاتارلىق مەملىكەتلەرنى ئۇلاپ تۇرىدىغان بىر جاي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ يەردىكى دۆلەتلەر ئۈچۈن ئەھمىيىتى چوڭ ئىدى [305.19-بەت؛ 72.34-بەت ۋە باشقىلار]. خىتاي مەنبەلىرىدە

-43-

قومۇل بولتۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە بارلىق غەربىي
مەملىكەتلەرنىڭ دەرۋازىسى دەپ كۆرسىتىلىشى ئاسا-
دىغەن ئەمەس [17.70- بەت، 4.41- توم. 330- بەت].

چالىش تۇرپان ئۇيلاتى جوڭغار خانلىقى بىلەن چېگرا-
داش بولغانلىقى ئۈچۈن 1660 - 1670 - يىللىرى مەزكۇر خانلىق-
نىڭ ئەسىرىگە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ ھەقتە خىتاي مەنبەلىرىدە
ھەم كۆپ مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: 1968 - يىلى تەيۋە-
نىدە قايتىدىن نەشر قىلىنغان ۋە XVIII - ئەسىردە يېزىلغان
خىتاي تارىخىي جوڭغارلىققا مەنسۇپ «قومۇل
ھەققىدە قىسسە» ناملىق مەنبەدە «ئۆبەيدۇللا قومۇل
مۇسۇلمانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تارخانلىق ئۇنۋانى
بار ئىدى ۋە جوڭغارلارغا ئىتائەت قىلاتتى» دەپ يازغان
[70. 207- بەت].

1693- يىلى 20- مارت كۈنى كاڭشى خاقانىنىڭ سارا-
يىدىكى دىۋان بېگى (داشۈش) ئىسادىيا بىلەن مالىيە ۋەزىرى
(خۇبۇشاڭشۇ) مايجىغا چۈشۈرۈپ بەرگەن پەرمانىدا،
«مەلۇم بولدىكى غالدان يەمەك- ئىچمەك مەسىلىسى ئىنايى-
تىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئۇ بۇ مەسىلىنى
قومۇل ھېساپىغا ھەل قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ
ئەسكەرتىلگەن [46 .158- بەت، 12 ۋاراق، 1- بەت]. بۇ ھەقتە
چىن ئەرشىپىسى قومانداننى لاكتەي ھەم ئۆزىنىڭ شۇ يىلى
7- ئۆكتەبىر كۈنى بېيجىڭگە ئەۋەتكەن مەلۇماتنامىسىدە تېپ-
ئۆتكەن. يەنە بىر چىن ئەرشىپىسى قومانداننى سوداي ئۆز

مەكتۇبىدە «قۇمۇل مۇسۇلمانلىرى كۆپىدىن بېرى غالدانغا
سېلىق تۆلەيدىكەن» دەپ كۆرسىتىلگەن [160.46-باب، 9-
ۋاراق، 1-بەت]. قۇمۇل بېگى ئۆبەيدۇللاخان ھەم ئۆزىنىڭ
جۇڭغار خانلىقى تەسىرى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى چىن سارايىغا
1696-يىلى ئامزىسا يوللىغان مەكتۇبىدە يازغان، مەسىلەن: «مە-
ذكۇر مەكتۇبىدە غالدان كۈچلۈك بولغانلىقى تۈپەيلى بىز ئۇ-
نىڭغا ئىتائەت قىلىشىمىزغا توغرا كەلگەن» دېگەن سۆز-
لەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن [227.101-بەت].
1693-يىلى چىن ھۆكۈمىتى قۇمۇلنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىك
ئەھمىيىتىنى ھېسابقا ئېلىپ خالخادا بولۇۋاتقان چىن ۋە
جۇڭغار ئۇرۇشىنىڭ ئۆتۈشۈ ۋە بالايىتىگە كۆرسەتكەن تە-
سىرى كۆپ بولغان ۋە مەھەللى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قىس-
مىدىكى چىقىش يولىنى ئىزلەپ تۇرغان ۋەزىيەتتىن پا-
يدىلىنىپ ئۇنى جۇڭغار خانلىقىدىن ئايرىپ ئېلىشنى
مەقسەت قىلىپ قوزغىغان ئىدى. بۇنىڭ ئىسپاتى تەرىقىسىدە
كاڭشى خاقانىنىڭ 1693-يىلى 5-فېۋرال كۈنى سارايدىكى
دىۋان بېگى خاسغا چۈشۈرۈپ بەرگەن پەرمانىغا مۇراجىئەت
قىلىش مۇمكىن. ئۇشبۇ پەرمانىدا «خامى (قۇمۇل) بىزنىڭ
چېگرامىزدىن ئۇزاق ئەمەس، يۇرتىنى باي بەرمەي
ئۇ يەرگە تىنچ (چېگرىنىڭ مەركىزى) دىكى مانجۇ قو-
شۇنىنى ئەۋەتىش لازىم» دەپ جاكارلىغان [158.46-باب،
2-ۋاراق 1-بەت]. كاردىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن
كاڭشى قۇمۇلنى ئىگەللەش مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ۋە-

زېرىلىرىگە دە خامى بىزنىڭ چېگرامىزغا يېقىن، ئۇزۇن ۋاقىتتىن
چارە كۆرۈپ قولغا چۈشۈرمىسەك زەرەر بولغان ئولگۇرمەي
قالىمىز» دېگەن [158.46-باب، 12-ۋاراق، 2-بەت].

مانا بۇ كەلتۈرگەن پاكىتلار قومۇل بۇرۇن چىن ئىمپېرىيە-
سىنىڭ تەۋەسى ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ ماكۇلىيەگە تاجاۋۇز-
چىلىق قىلىۋاتقان بىر دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەر-
ۋازىسى دەپ ھېساپلانغان بۇ زېمىننى ئىشغال قىلىشقا قارار
قىلغان دېگەن خۇلاسىنىڭ ئاساسلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تېزگىرىدا چىن سۇلالىسى ئۈچۈن قولاي پۇرسەت كەلدى.
خالغىنى بويىچە بەرگەن چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى
ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش قومۇلغا ئىنتايىن چوڭ ئىقتىسادىي
قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. نەتىجىدە قومۇل بېگى ئوبەيدۇللاخان
بىلەن جۇڭغار ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كەسكىنلە-
شىپ كەتتى. ئوبەيدۇللاخان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئۆز
كۈچى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئەسىرىدىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئە-
مەسلىكىنى ياخشى بىلەتتى. چۈنكى بۇ دەۋردە ئۇلارنى ھىمايە
قىلىدىغان ياركەنت خانلىقىنىڭ ئۆزى جۇڭغار خانلىقىغا ئەسىر
ئىدى. بۇ ھالەتتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوبەيدۇللاخان-
نىڭ چىن ھۆكۈمىتىگە يازغان مەكتۇبىدە كۆرسىتىلگەن [101.
227-بەت]. قومۇل بېگى ۋەزىيەتنى ياخشى ھېساپقا ئالغان
ھالدا چىن سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ بۇ
ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. شۇڭلاشقا ئۇ چىن
ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ يولىنى ئىزلىدى،

-46-

1693-يىلى باھاردا جوڭغار خانلىقىغا تەۋە تىللەگەن چىن ئەلچىسى مادى قومۇلغا يېقىن جايدا قاراقۇيلاغا دۇچار كېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ بۇتۇن مال مۈلكى تالان-تاراج قىلىنغان. ئۇبەيدۇللاخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپلا تىرىك قالغان ئەلچىلەرگە ياردەم كۆرسىتىپ ئات ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بېرىپلا قالماستىن ئۇلارنى خىتاي چېگراسى جايۇيگۈەن-گىچە ئۇزىتىپ قويغان [70، 207-بەت، 46، 158-باب، 8-9-ۋاراقلار]. مادىنىڭ ئادەملىرى بېيجىڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇبەيدۇللاخانغا يارلىق ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە زەرۇر بولسا، چىڭ ئىمپېرىيە-سى ئۇنى ھىمايە قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. يارلىقتا مادىنىڭ ئۆلۈمى ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئەيىبى يوق ئۇ ھېچ قانداق جازاغا تارتىلمايدۇ. بۇ ۋاقىيە ئۈچۈن بۇتۇن جاۋاب-كارلىق جوڭغار خانلىرى زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىل-گەن [70، 207-بەت].

ئۇبەيدۇللاخاننىڭ چىن ئەلچىلىرىگە كۆرسەتكەن يېقىنچىلىقى جوڭغار خانىنى قاتتىق نارازى قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇبەيدۇللاخاننى جازالىماقچى بولدى. 1696-يىلى كۈزدە قومۇل بېگى جازادىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە جايۇيگۈەندىكى چىن گارنىزونىنىڭ باشلىقى فۇجاڭجۇن (ھوتاۋنى ئەرمىيە قوماندانى) ئانەنغا مۇراجەت قىلىپ ياردەم سورىدى. ئانەن بۇ ھەقتە دەرھال بېيجىڭگە خەۋەر قىلىپ قومۇلغا قوشۇن ئەۋە-تىشكە ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئەينى پەيتتە

خالقىنىڭ يۈز بېرىۋاتقان چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاپ قالغانىدى. بولۇپ ئاشقىرى شۇ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا چىڭ خانلىقى جۇڭغارلارنىڭ تىبەتكە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تاپقانىدى. شۇ سە-ۋەبلىك كاڭشى ۋاقىتچە ھۆمۈلغا قوشۇن ئەۋەتىشتىن ۋاز كېچىپ ئالدىغا بولغان ئۇقتۇرۇش بەردى [87 . 213-بەت].

1696-يىلى 6-ئاينىڭ بېرىدە چىڭ خانلىقى جۇڭغارلار تۈر-مىسىدە 16 يىل ياتقان چاغاتاي دەرياسىدىكى مەنسۇپ يەركەنت خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ سوراق ۋاقتىدا دېگەن سۆزلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇشبۇ مەلۇماتتا ئەينى يەتتە خالقىدىكى ئۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان جۇڭغار خانى غالداننىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئەگەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالسىلا بولسا، تۇرپان ۋە قۇمۇل ئارقىلىق كۆكنۇرغا (چىڭخەي يېگە) كېتىش نىيىتى بارلىقى ھەققىدە ئېيتىلغان. شۇ بىلەن يەركەن ئابدۇرېشىت-خاننىڭ ئەگەر غالداننى قولغا كىرگۈزۈش زۆرۈر بولسا، بۇ ئىشتا ھەمكارلىق قىلىش نىيىتى بارلىقى كۆرسىتىلگەن [46 . 175-بەت، 4-5-ۋاراقلار] (1).

---

1) غالدان قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان ئوغلى بىلەن بىرگە بېيجىڭغا چاقىرتىلىپ كېتىلگەن. مۇكاپات بېرىلگەندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى بېيجىڭدا قالدۇرۇلۇپ ئۆزى ۋەتە-نىگە قايتۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى ئابدۇرېشىت-خاننى ئۆزىگە باغلاپ تۇرماقچى بولغان.

-48-

ئۇشبۇ مەلۇماتنى ئالغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى قومۇل بېگى
ھەم غالداننى قولغا ئۇشۇرۇش ھەققىدە ئىشلەتمەكچى
بولۇپ ئۇنىڭغا جوڭغار ئەرمىيەسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىن-
لەشتىن باش تارتىشنى ۋە غالداندىن قومۇلغا كەلگەندە
بولسا ئۇنى بىرئىلاجى قىلىپ قولغا ئۇشۇرۇشنى بۇيرىدى.
بۇلاردىن تاشقىرى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇبەيدۇللاخاننى قور-
قۇتۇپ، ئەگەر مەزكۇر بۇيرۇقنى ئورۇنلاشتىن باش تار-
تقۇدەك بولسا ئۇنى جازالاش ۋە ئۇنىڭغا جوڭغارلارغا
قارشى كۈرەشتە ياردەم بەرمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلا-
ندۇردى [46. 176، باب، 3-ۋاراق، 2-بەت].

ئۇشبۇ مەلۇماتلارنى مۇلاھىزە قىلغاندا ئىشۇنداق
خۇلاسىغا كېلىش مۇمكىنكى چىڭ ھۆكۈمىتى 1696-يىلى قومۇلغا
ئەرمىيە ئەۋەتمەسلىكنىڭ ئاساسى سەۋەبى غالداننى چۇ-
چىتقاسىدىن قومۇل ئارقىلىق كۆكنۇرغا ئۆتىدىغان يولنى
ئوچۇق قويۇپ ئۇنى بويىدە قاپقانغا ئۇشۇرۇشنى، ھەمدە
بۇ ھەمسالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ياركەنت خانلىقىغا
تەۋەسلىك بەگلەردىن پايدىلىنىشنى ۋە بۇنىڭ بىلەن بۇ
بەگلەرنى جوڭغار خانلىقىغا قارشى كۈرەشتە ئۆزىگە
ئىتتىپاقداش قىلىۋېلىشنى كۆزلىگەن ئىدى.

قومۇل بېگى ئۇبەيدۇللاخاننىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن
ياردەم سورىغانلىقى چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئۇ بىزگە
ئىتائەت قىلدى» دەپ باھالانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ
كۆز قاراش يارلىق رەسمىي مەنبەلەردە ۋە ھۆججەتلەردە ئەكس

-49-

ئەتتۇرۇلگەن. مەسىلەن خىتاي تارىخچىسى شاۋيۈەن ۋە
جى يۈنشى ئەرسىدىن تۈزۈلگەن 1884-يىلى تاش باسمىدىن
چىقىرىلغان «دۇ بو يۈەن چىن سولالىسى دەۋرىدىكى خوتەنشىنا
زەمىنلىرىدە قىسقىچە باياناتى» [55] ناملىق مەنبەدە كاڭشى-
نىڭ 35-يىلى (1696) ... قومۇلنىڭ تارخان بېگى ئۆبەيدۇللا
جايىۋى گۆڭخىگە ئۆزىنىڭ بىزگە تەسلىم بولغانلىقى ھەققىدە
مەكتۇپ ئەۋەتتى» دەپ يېزىلغان [234. 2-توم، 28-بەت].
خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىغان مەزمۇندىكى سۆزلەر خىتا-
يىنىڭ سىچۈەن ۋە تىبەتنى ئۆلكىلىرىنىڭ ھاكىمى (زوڭدو)
ئۇجىنىڭ كاڭشى خاقان نامىغا يازغان مەكتۇبىدە ھەم
ئۇچرايدۇ [196. 46-جاپ، 3-ۋاراق، 2-بەت]. ئۇشبۇ
كۆز قاراش ھازىرقى زامان خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىگە كىرىپ قالغان. بۇ كۆز قاراش ئەمەلىي تارىخىي ۋاقىئە-
گە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇ ۋاقىت خىتاي ئىمپېراتورلىرىغا،
چىن ئىمپېراتورلىرىغا خاس ئەنئەنىۋى جاھالەت ئىدى،
چۈنكى چىن ئىمپېراتورلىرىغا كىمكى سوۋغا-سالاملار بىلەن
ياردەم سوراپ كەلسە ئۇ چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ پۇقراسى
دەپ ھېسابلايتتى.

خىتاي مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە 1696-يىلىنىڭ
ئاخىرىدا قومۇل بېگى ئۆبەيدۇللاخان خاربىنەگە سوۋغا-
سالاملار بىلەن ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قاسىم بېگنى ئەۋەتكەن.
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ساۋغا كارۋىنى ھەم ئەۋەتىلگەن. ئۇشبۇ
ئەلچى بىلەن كارۋان بېيجىڭغا 1697-يىلى 5-يانۋاردا يېتىپ كەلگەن.

-50-

قارنىبەگ كاڭشى خاقانغا تۆگە، ئات، مەھەللى ئولسىلا يا-
سىغان قىلچى قاتارلىق نەرسىلەر ۋە ئوبەيدۇللاخاننىڭ
مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ بەگ نامىدىن ھال سورىغان ۋە سا-
لاملار ئېيتقان، ئۆز مەكتۇبىدا ئەگەر جوڭغار خانى غالدان
قومۇلغا كەلسە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن كاڭشى ئوبەيدۇللاخاننىڭ ئەلچىسىگە
چوڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلدۈرۈپ ئۇنى يولغا سالدى.
ئوچاغرىلىق قومۇل بېگىگە ئىشەنگەن ئۈچۈن سوغىسىغا
نەچچە ھەسسە كۆپ مىقداردا تۈرلۈك بۇيۇملار ۋە كەزمالارنى ئەۋە-
تتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بېيجىڭگە سودا كارۋانلىرى
ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلدى ۋە جوڭغار تەسىرىدىن ئا-
زات بولۇشقا ياردەم بەرمەكچى بولدى [2.234-تۇم، 29-
بەت؛ 46.178-باپ، 18-ۋاراق، 2-بەت].
مانا شۇ پاكىتلار كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى قومۇل
بېگى بىلەن كاڭشى خاقان ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ھەمكارلىق
قىلىش مەسىلىسىدە كېلىشىم تۈزۈلگەن. ئۇشبۇ بەگ غالدان-
خانى تۇتۇپ بېرىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان، چىن خاقانى
بولسا ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى ماددى رەغبەتلەندۈ-
رۈپ ئۇنىڭغا ۋاقتى-ۋاقتى بىلەن سودا كارۋانى ئەۋەتىشكە
رۇخسەت بەرگەن ۋە ئۇلارنى جوڭغارلارنىڭ ھىمايە قىلىشنى
ئۆز زىممىسىگە ئالغان.
چىن خانى كاڭشى بىلەن قومۇل بېگى ئوتتۇرىسىدىكى
بۇ كېلىشىمدىن غالدانىڭ بۇ توغرىسىدا خەۋەرى يوق ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى زاماندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى سېيىتنى بە-
لېرى ئوسمانبەگ ھوزۇرىغا ئاتلىق سوراپ ئەۋەتتى
[87، 227-بەت]. بۇ خانزادە قومۇلغا كەلگەندە ئوبەيدۇل-
لاخان ئۆزىنىڭ ئوغلى بەچچەبەگ ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈپ
دەرھال بېيجىڭگە كېيىنكى ئوغلى بەچچەبەگ بىلەن بىرگە يولغا سالدى.
قومۇل بېگى بۇيرۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىنلا ئۇ كاڭشى
خاقاندىن ئۆز ۋەدىسى ئۈستىدىن چىقىشنى تەلەپ قىلدى.
ئۇ ئوغلى ئارقىلىق ئەۋەتكەن مەكتۇبىدە بىز غالدان سېنىڭ
ئوغلىڭ ۋە ئۇنى كۈزىتىپ كەلگەن ئادەملىرىنى قولغا چۈشۈر-
دۇق. بۇنى بىلىپ ئۇ يەردىلا قاساس ئېلىشقا كېلىشى مۇۋاپىقتۇر.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي ھەزرەتلىرىدىن جوڭغارلارغا بىزنى خالى
قويۇش ھەققىدە پەتىۋا قويۇشنى سورايمىز دەپ ياز-
غان. شۇنىڭدىن كېيىن كاڭشى جوڭغارلار خانىغا ۋە كوكنۇر
بەگلىرىگە يارلىق ئەۋەتىپ ئۇلارغا قومۇلغا تەگمەسلىك
ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان [70، 208-بەت].
كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى
قومۇل بېگى ئوبەيدۇللاخاننىڭ چىن خانىغا ئىلتىجا مۇرا-
جەت قىلىشىدىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ يوقارقى قوبۇل قىلىش
يالى ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ يار-
دەمىدە جوڭغارلار تەسىرىدىن قۇتۇلۇش بولغان. ئەكس
ھالدا بىر دۆلەتنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىككىنچى بىر
دۆلەت-مەركىزى ئاسىياغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ كىرىپ كېلىۋا-
تقان چىڭ ئىمپېرىيەسى قولىغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ھېچ قانداق

-52-

زەرۇرىيىتى يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن چىڭ
سۇلالىسى ئۆز ئەنئەنىسىگە بىنائەن ئۆبەيدۇللاخاننىڭ
ئۆتكەندىكى يارىدەم سورىغانلىقى ۋە جوڭغار خانىنىڭ ئوغلىنى
تۇتۇپ بەرگەنلىكى ئاساسىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇقراسى دەپ
بىلدى ۋە خاقانغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بوي سۇندى دەپ
ھېسابلىدى.

ئۆبەيدۇللاخان چىن ئىمپېرىيەسى كۆكنۇر جەڭلىرىدە
ۋە جوڭغارلارنىڭ قومۇلنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق ھە-
ققىدە ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن كاڭشى خاقانى يەنە ھەم
ئۆزىگە مايىللاشتۇرۇش ۋە ئۆتكەندىكى كۆپراق ماددىي ھە-
دىيەت كۆرۈش ۋە جوڭغارلاردىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە غا-
لداننىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى تۇتۇپ بېرىشكە ئۈندەش
مەقسىتىدە ھەم چىن خانلىقىغا يارىدەم كۆرسەتتى. ھە-
مىشە 1697-يىلى ماي ئېيىدا غالداننىڭ يېقىن تۇققىنى ۋە
يېقىن ئادەملىرىنىڭ ئوغلى دەنزىلا ۋە باشقىلار ئوتسبو خانىنىڭ
جەسىتى ئېلىپ كۆچمەن يېنىدىكى چەمۇساغا قاراپ كېتىۋاتقاندا،
يېمەك-ئىچمەكلىرى تۈگەپ قالغانلىقى سەۋەبلىك قومۇلغا
بېرىپ ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئېلىپ يەنە يو-
لغا داۋان بولغان. قومۇل بېگى بۇ ۋاقىتتىكى ھەر ۋاقىت تاپقاچ
ئۇلارنىڭ كەينىدىن چاپار ئەۋەتىپ خانىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى چىن سۇلالىسىغا خەۋەر قىلىپ بولۇپ ئۆز ھاياتىنى
قوتۇلدۇرۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلدى. دەنزىلا ئۆبەيدۇللا-
ھنىڭ كېيىنكى كىرىپ قومۇلغا كەلدى. سولى يەنى ئۇلارغا ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرگە كەلگەن ئادەملەرگە چوڭ ئېھتىيات كۆرسىتىپ زۆ-رۈر بولغان ئات، كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەك بېرىپ ئۇلارنى بىخەتەر يولغا سالدى. ئۆزىنىڭ ئوغلىغا دىنزېيلانىڭ ئادەملىرى بىلەن چىن ئىمپېرىيەسى چېگراسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشنى بۇيرىدى[70، 208-بەت]. مانا شۇنداق قىلىپ غالدان خانىنىڭ بەزى بىر ئورۇق-تۇققانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دانالىقى بىلەن كاڭشى هوزۇرىغا ئەۋەتتى.

1697-يىلى چىن ھۆكۈمىتى ئوبەيدۇللا بەگنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى مۇكاپاتلاپ خىتاينىڭ ئۆرپى-ئادىتىگە كۆرە ئۇ-نىڭغا كۆمۈش پۇل، بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق (كىنيەز) ئۇ-نۋانى 1) ۋە بۇ ئۇنۋاننىڭ مىراس ھېسابلىنىدىغان، باش كىيىمگە تىكىش ئۈچۈن قىزىل يىپەك بەردى. شۇ بىلەن بىرگە بەگنىڭ بۇرۇنقى تارخان 2) بەگلىك ئۇنۋانىنى تەن ئالدى[234، 2-توم، 92-بەت]. ئوشبۇ سوغىلار ئوبەيدۇللا بەگكە ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان بولسىمۇ، چىن خانىدانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قۇمۇل بېگىنى ئۆز پۇقراسى دەپ ھېسابلاشنىڭ بەلگىسى ئىدى.

1) ماڭغۇل خەلقىدە ئەنئەنەۋى بولغان ئۇنۋان بولۇپ، ئۇ كىچىك خان ياكى قوشۇن باشلىقى ھېسابلىنىدۇ.

2) تارخان - تۈرك ۋە ماڭغۇل خەلقلىرى ئارىسىدا كۆپ تارقالغان ئۇنۋان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشى ھەربىي خىزمەتتىن، سېلىقلاردىن ۋە گۇناھ قىلىپ قويسا 9 قېتىم جازادىن ئازات قىلىنغان[110، ئ، 99-بەت].

چىن ھۆكۈمىتى ئۆبەيدۇللابەگنىڭ ئوغلى غوپۇر-
بەگكە ھەم 2-دەرىجىلىك بەگ ئۇنۋانى بېرىپ ئۇنى ئۆينى
زامانىدىكى خانلىقنىڭ غەربى ئۆلكىسى گەنسۇنىڭ سۇجۇ
شەھرىدە تۇرۇدىغان مۇنتەزىم ئەرمىيە قوماندانىنىڭ
يارەمچىسى قىلىپ تەيىنلەپ ئۇنىڭغا بۇ يەردە تۇرۇش ئۈچۈن
جاي بەلگىلەپ بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى غوپۇربەگنى 100
نەپەر خىزمەتچىلىرى ۋە يېقىن ئادەملىرى بىلەن سۇجۇ
شەھرىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇ ھەقتە «خۇۋاڭچاۋ فەنبو
ياۋلۇ» («بويۇك سولالىغا قارام بولغان جايلار تەسۋىرى»)
ناملىق خاتىرە مەنبەسىدە «كاڭشىنىڭ 36-يىلى (1697)، غو-
پۇرغا 2-دەرىجىلىك بەگلىك ئۇنۋانى بېرىش ھەربىي ئىشلار بو-
يىچە يارەمچى قىلىپ تەيىنلەش ۋە سۇجۇغا 100 نەپەر خىز-
مەتكارلىرى بىلەن كۆچۈرۈپ بېرىش ھەققىدە ئالىي پەرمان
ئېلان قىلىندى» دەپ يېزىلغان [2.234-توم، 29-بەت].
سىرتتىن قارىغاندا چىن خاندانلىقىنىڭ ئۇششۇ ھەرىكىتى
ھەقىقەتەن ھەم كاڭشى خاقان قۇمۇل بېگى ئۆبەيدۇللابەگكە
چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر بۇنى چوڭقۇر
ئويلاپ كۆرگەندە چىن سولالىسى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن
ئۇنىڭ ئوغلى ۋە 100 نەپەر ئادەملىرىنى خانىغا گەرەۋ ئۈچۈن
ئېلىپ كەتكەن. ئەگەر قۇمۇل بېگى چىڭلارغا قارشى بىرەر ھە-
رىكەت قىلسا، بۇلار دەرھال قەتل قىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى.
1697-يىلى جۇڭغار خانلىقى تەختىگە يېڭىدىن ئولتۇرغان
سىۋاڭدابدان ئۆبەيدۇللاخاننىڭ ئالدىغا بىرقانچە قېتىم ئادەم

ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن غالدانخاننىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ئادەم-
لىرىنى ئېلىشقا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان [70.208-
بەت]. قۇمۇل بېگى خاننىڭ بۇ تەلەپلىرىگە رەت جاۋاب
بەرگەنلىكى سەۋەبلىك بۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كە-
سكىنلىشىپ كەتكەن. ئوبەيدۇللاخان سېۋاڭ رابداننىڭ قۇمۇلغا
قارشى كۈچ ئىشلىتىپ قىلىشىدىن قورقۇپ غەربىي خىتايدىكى
چىڭ ئەرمىيەسى قوماندانى ئانەنتاغا ياردەم سوراپ
مۇراجەت قىلدۇ [70.208-بەت، 2.234-توم، 29-بەت]
ۋە ئۆز ئىلتىماسىنى قۇمۇلغا كۆپ ئويراتلار كېلىۋاتىدۇ. لېكىن
ئۇلارغا قارشى مەندە كۈچ يوق دەپ ئىسپاتلايدۇ. ئەسلىدە
ئوبەيدۇللاخان ئەگەر قۇمۇلغا ئازراق بولسىمۇ چىڭ قوشۇ-
نىلىرىنى جايلاشتۇرۇلسا، بولارنى كۆرۈپ ئەمدىلا تەختكە
ئولتۇرغان ۋە ئۆز ھاكىمىيىتى ھەلى مۇستەھكەملىنىشكە
ئۈلگۈرمىگەن سېۋاڭ رابدان چىڭلار بىلەن توقۇنۇشقا
ۋە ئۇلار بىلەن بولۇۋاتقان مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرۇشقا
جۈرئەت قىلالمايدۇ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىز ھەم ئۆزىمىزنى
ھىمايە قىلىپ قالالايمىز دەپ ئويلىغان ئىدى. دەرھەقىقەت
ئوبەيدۇللاخاننىڭ پىكرى توغرى چىقتى. سېۋاڭ رابدان-
نىڭ تەختكە كېلىشى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئىچكى ۋەزىيىتى كە-
سكىنلىشىش نەتىجىسى ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەر جىددىي ھەرىكەتكە
چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ يېقىندا ئۆلگەن غالدان-
خاننىڭ تەرەپدارلىرى سېۋاڭ رابداننىڭ تەختكە ئولتۇ-
رۇشىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە

چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتنى بۇزۇش ئۆزىنى-
ئۆزى ئۆلۈمگە مەھكۇم ئېتىشتىن ئىبارەتلىكىنى خان ياخشى
چۈشەنگەن.

ئەمما بۇ پەيتتە چىن ھۆكۈمىتى ھەم دەرھال قومۇلغا
ئەرمىيە ئەۋەتىپ سېۋاڭ رابداننى چۈچىتىشنى ۋە ئارتۇق چىقە
چىقىم قىلىشنى خالىماي قومۇلغا ئەرمىيە ئەۋەتىشنى ماقۇل
كۆرمىدى. لېكىن ئۆبەيدۇللاخان ئالدىغا ۋەكىل قىلىپ بىر
نەپەر ئەمەلدار ئەۋەتتى. ئۇشبۇ ئەمەلدارغا قو-
مۇلدا بولۇۋاتقان ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش
ۋە خانلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش، مەھەللى
ئاھالىلار ئارىسىدىن ئادەم تاللاپ مەخسۇس ئەترەت
قۇرۇپ بۇيەرنى قولغا چۈشۈرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان
[177.46-باپ، 7-ۋاراق].

جوڭغار خانى سېۋاڭ رابدان ھاكىمىيەتكە كەلگەن-
دىن كېيىن بىر پۈتۈن يىل داۋامىدا ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆزىنىڭ
دۆلەت دائىرىسىدىكى مەۋقەسىنى كۈچەيتىشكە قاراتتى.
ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلارنى تارمار كەلتۈ-
رۈپ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتتە دادىل ئىش تۇتۇ-
شقا زەمىن يارىتىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئەينى پەيتتە
خانلىق قومۇلغا ئەسكەر ئەۋەتىپ مەھەللى بەگلىرىنى
بۇرۇنقىدەك جوڭغار خانلىقىغا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ
قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بۇيەرگە قەلئە قو-
رۇپ، مۇنتىزىم ئەرمىيە جايلاشتۇرۇشنى پىلانلاشتۇردى.

-57-

لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز رېجىمىنى 1705-يىلى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بۇ يەرگە 200 كىشىدىن ئىبارەت بىر ئەترەت جايلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ دەۋردىن باشلاپ قومۇلنىڭ ئەتراپىكى دۆلەت-لەر بىلەن ھەتتا تۇرپان ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يەركەنت خانلىقىنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى چىڭ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىپ تۇرۇلدى.

## 3.1. XVII- ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ سىۋالىڭ رايونىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان سىياسىتى.

جوڭغار خانلىقىدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر شۇنى كۆرسىتىدىكى، سىڭگى ئۆلگەندىن كېيىن مەملىكەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەت سىۋالىڭ رايونىنىڭ تائىشى غالداننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. تەختكە كەلگەنچە ئۇ ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى ۋە تەختكە ئالاقىدار شەخسلەرنى ھاكىمىيەتتىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ ئۇلارنى قاتتىق نازارەتكە ئالغان.

1670-1677- يىللىرى غالدان ئۆز ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ خالخادا چىڭلا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدا غالدانغا قارشى كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن جىددىي كۈرەش باشلىغان. مانا بۇ كۈچلەرگە سىۋالىڭ رايونى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، غالداننىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋاقتىدا جوڭغار خانلىقى تەختىنى قولغا ئالغان. ئۇشبۇ ۋەقەلەر سوۋېت ئالىمى ئى. يا. زىلاتكىننىڭ «جوڭغار خانلىقى تارىخى» ناملىق كىتابىدا [104] تولۇق يورۇتۇلغان. شۇڭلاشقا بۇ يەردە سىۋالىڭ رايونىنىڭ قانداق ھاكىمىيەتكە كەلگەنلىكى ھەققىدە كەڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

توختاپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئەمما شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەك لازىمكى غالدانلار ھاكىمىيەتكە كەلگەن دەۋردە سىۋاڭ رابدان ئۇنىڭ تەرەپدارى بولغان بولسىمۇ تەختكە ئىگە بولۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن. ۋە مەخپىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تەرىپىگە ئاپپا-زىتسىيون كۈچلىرىنى يىغىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. خىتاي مەنبەلىرىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا چىن سۇلالىسى سىۋاڭ رابداننىڭ نىيەتلىرى، ھەرىكەتلىرى ۋە ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، غالدانغا قارشى كۈرەشتە ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولغان. ئۇ شۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى مەخپىي رەۋىشتە سى-ۋاڭ رابدان بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا كىرىشكەن. ھەتتا 1690 -يىلى ئۇزىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ-نىڭ غالدانغا نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرغان [104. 249-235-بەتلەر].

XVIII -ئەسىر باشلىرىدا چىن سارىيىدىكى كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان جارلىق ھۆججەت ۋە باشقا مەلۇماتلارغا بىۋا-ستە ئالاقىدار بولغان خىتاي تارىخچىسى جى يۈننىڭ كۆرسىتىشى خاقاننىڭ سىۋاڭ رابدانغا نىسبەتەن دەسلەپتە تۇتقان سىياسىتىغا توختالغاندا ئۇنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش مەقسىتىدە بېقىندى ئولتۇرغانچاي بورتالاغا داخۇ ئىسىملىك بىر يېرىك سارايى ئەمەلدارىنى (لىشىدۇ ۋە سوۋىس) كۆپ سوۋغا بىلەن ۋە مەخپىي مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتكەن. شۇ ئەمەلدار سىۋاڭ رابدان

-60-

ھوزۇرىغا ئۆزلۈكىدىن ھال سوراش ۋە غالدانغا نىسبەتەن
قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىستىكى بارلىقىنى با-
ھانە قىلىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ بورتالاغا سېۋاڭ رابدان
بىلەن غالدان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇش
ۋە ئۇنى غالدانغا دۈشمەن قىلىپ قويۇش ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن
دەپ زىكىر قىلىدۇ. كاڭشى خاقان سېۋاڭ رابدان ئالدىغا
پەقەتلا بىر دانىسىنى ئەۋەتىش بىلەن چەكلەنمىگەن. بۇ ھەقتە
خاقان 1698-يىلى 4-سېنتەبىردە سېۋاڭ رابدانغا يازغان
مەكتۇبىدا ئۆزىنىڭ ئالدىغا كۆپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى تەن
ئېلىپ «سەن غالداندىن ئاجرالغانلىقىڭدىن بىرى بىزگە مىننە-
تدار ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرۈپ ئولپان ئەۋەتىپ تۇردۇڭ. مەن
ئالدىڭغا دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ساڭا ئىلتىپات كۆرسىتىپ تۇردۇم»
دەپ يازغان [46. 189-باپ، 13-ۋاراق، 1-بەت]. كاڭشى خاقان-
نىڭ جوڭغارىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ سېۋاڭ رابدان باش-
لىق ئاپپاراتنىڭ كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى
ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى خاقاننىڭ ئوغلى
بولغۇچى ئىمپېراتور يوڭچىڭنىڭ پەرمانلىرىدىنمۇ ئۇچرىتىش
مۇمكىن. مەسىلەن: 1729-يىلى 17-مارت يوڭچىڭ خاقان
سارايى ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ «سېۋاڭ رابدان غالدان-
نىڭ جىيەنى بولىدۇ. ئۇ تاغىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان.
دىن كېيىن ئۇ ھەمىشە رەۋىشتە 7 نەپەر كىشىلەر بىلەن تورپانغا
قېچىپ كەلگەن [مەرھۇم ئاتام]. ئىشكىزو رەسمىي ئاكىدىن ئۇنىڭ
تاغىسىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن جازالىنىشىدىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى

-61-

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە ئۇ ھىمايىسىگە ئالدى»،
دەپ سۆزلىگەن [18.63 - دەپتەر، 11 - ۋاراق، 2 - بەت].

چىڭ خانلىقى سىۋاڭ رابدان بىلەن دەسلەپكى مۇ-
ناسىۋەت باغلىغان دەۋردە ئۇنىڭغا ئاغىسى غالدانخاننى
ئۇزاق تۇرۇشنى مەسلىھەت بەرگەن بولسا، 1697 - يىلى خا-
لىقنى جوڭغارلار بىلەن چىڭلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاخىرلا-
شىشقا يېقىن قالغان دەۋردە ئۇنىڭغا ئۇز ئاغىسىغا قارشى
كۆرەش قىلىشنى بۇيرۇغان [189.46 - باب، 13 - ۋاراق، 2 - بەت].
غالدانخان ئۆلگەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى سىۋاڭ رابداننى
ئۆزىنى چىڭ ئىمپېرىيىسىگە ئىتائەت قىلىدىغان بىر كىچىك
خان ئەرىقىسىدە ھىساپلاشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ھەقتە
مەنبەلەردە ئىنتايىن كۆپ مەلۇماتلار كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:
ساراي خاتىرىچىلىرى شۇ مەزمۇندا تۈزۈلگەن ئالىي پەر-
مانىنى شەرھلەپ «بىز دۆلەت پاناھىمىز شېڭزۇ رېنخۇاڭدىنى
(كاڭشى) ... غالداننى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ جارلىق
يوللىرىنى ئۆزىمىزگە قارىتىپ، ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇ-
شىمىز ۋە ئۇلارغا ئىچىلىق ئاتا قىلىشىمىز مۇمكىن دەپ بىلەتتى»
دەپ يازدۇ [1.63 - دەپتەر، 4 - ۋاراق، 1 - بەت]. شۇڭا خالاھىش
ئەگىشىپ ئۇتۇش كېرەككى، بويىرە چىڭ خاتىرىچىلىرى غا-
لدانىنىڭ يوللىرى دەپ جوڭغار خانلىقىغا ئىتائەت قىلغان
بارلىق خەلقلەرنى ۋە مەملىكەتلەرنى كۆزدە تۇتقان،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ جوڭغارلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا
جىددىي ئارىلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر ۋاقىيە شۇ

-62-

بولغانكى، 1702-1703-يىللىرى كاڭشى خاقان تاشقى دۆلەت-
لەر بىلەن ئالاقە قىلىش ۋەزىرلىكىنىڭ باش ئەمەلدارلىرى-
دىن بىرى بولمىش باۋجۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قانچە
ئەمەلدارلارنى ئەلچى قىلىپ سىۋاڭ رابدان ھوزۇرىغا تۈرلى
سوغىلا بىلەن ئەۋەتىپ خاننىڭ ئۆزىنى چىڭ ئىمپېرىيىسىگە
بېقىندى بىر خان تەرىقىسىدە بولۇشقا چاقىرغان. روس ئارخىپ
ماتېرىياللىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە بىرىنچى قېتىم كەلگەن چىڭ
ئەلچىلىرى سىۋاڭ رابداننى ئەگەر سەن ئۇلۇغ خاقانغا بويسۇ-
نۇپ ئىش تۇتساڭ ساڭا ھەر تەرەپلىمە پايدا بولىدۇ
دەپ ئىشەندۇرۇشكە ھەرىكەت قىلغان بولسا، ئىككىنچى قېتىم
كەلگەن ئەلچىلەر خاننى چىڭ سۇلالىسىغا تولا ئىتائەت قىل-
شى ۋە ئەمرى بىلەن ئىش تۇتۇشى تەلەپ قىلغان[94.
79-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە چىڭ خاندانلىقى سىۋاڭ رابدانغا
بېسىم ئىشلىتىش ھەم قىستاش جوڭغار خانلىقى بىلەن تىبەت،
كۆكنۇر ئۆلكىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنىڭ داۋاملىق بولۇ-
شىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى. بۇنىڭدىن تا-
شقىرى تىبەتنىڭ دالاي لامىسى بېجىڭگە كۆچۈرۈپ بىرىپ
ئۇ ئارقىلىق سىۋاڭ رابدانغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇ-
ندى. بۇنىڭ ئىسپاتىنى قۇيىدىكى مىساللاردىن كۆرۈش مۇمكىن:
1700-يىلى كۈزگە يېقىن جوڭغار ئەلچىلىرىنىڭ تىبەت
ۋە كۆكنۇر ئۆلكىسى بەگلىرى ھوزۇرىغا كەلگەنلىكى ۋە چىڭ
ھۆكۈمىتى تەرەپدارى بولغان سانزەي جامسو (سەنجى)
غا قارشى كۆرەشتە سىۋاڭ رابدان ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە تەييار

-63-

www.uyghurkitap.com

دىكە ئىلگىرى بىلەن ۋە كېيىن ئىلگىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېيجىڭگە كەينى-
كەينىدىن يېتىپ كەلدى. دەسلەپكى ئۇرۇندا كاڭشى بۇ خەۋەر-
لەرگە ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ھا-
كىمىيىتى مۇستەھكەملەنمىگەن ئۈلگۈرمىگەن سېۋاڭ رابدان-
نى ئۇلارغا بىرەر-بىر ئىشقا پارەم كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەس
دەپ ئويلايتتى. ئەمما قاتار ئىشەنچلىك مەلۇماتلار كەلگەندىن كېيىن
خاقان ھەربىي ئىشتا ئالگە قارشى مەسىلىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى
بولۇپ سېۋاڭ رابدانىڭ تىبەت ۋە كۆكنۇر بەگلىرىگە
پارەم كۆرسىتىشكە توسقۇنلۇق كۆرسىتىشنى لازىم تا-
پتى. شۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كاڭشى
تىبەت دالايلاماسىنىڭ ئالدىغا تەجرىبىلىك كىشىلەرنى ئەۋە-
تىپ ئۇنىڭ بىلەن سېۋاڭ رابدان ئوتتۇرىسىدا ئالاقە تو-
ختۇرۇشقا دالايلامانى ئۆز تەرىپىگە ئاغدۇرۇشقا ۋە
جۇڭغار خانىغا قارشى ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى
[63 ،1- ئەنتەر، 3-4 ۋە 8- ۋاراقلار]. كاڭشى تىبەت دالاي-
لاماسىنىڭ چىن سۇلالىسى تەرەپدارى بولۇشنى خاھايتى مۇھىم
ئەھمىيەتلىك مەسىلە دەپ بىلىپ، بۇ ھەقتە سارايى ئەمەلدا-
رلىرىغا ئالاھىدە جاكارلىغان. مەسىلەن: ئۇ سارايى ئەھلى ئا-
لدىدا بۇ مەسىلىگە توختىلىپ «مېنىڭ بىلىشىمچە ماڭغۇللار دا-
لايلامانىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ... ئەگەر سېۋاڭ رابدان ئۇنى
ئۆز تەرىپىگە ئېلىپ كەلسە غەربىي ئۆلكىلەردىكى بارلىق
ماڭغۇللار ئۇنىڭ تەرەپدارى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
مەن شۇ كۈنى مەخسۇس دالايلاما ئالدىغا ئەۋەتتىم. ئەكس

خالىغا ھازىر ۋاقىتقىچە بەلگىلەنگەن دالايلاما سىۋاڭ-
رابدان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى»، دەپ تەكىتلىگەن [63.
1-دەپتەر، 8-ۋاراق، 1-بەت]. چىڭ ھۆكۈمىتى تىبەتكە ئەۋە-
تكەن كىشىلەر مەخپىي رەۋىشتە تىبەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا
ئارىلىشىپ دالايلامانى قوللاپ، قوزغىلىپ ئامدو تۈنۈي بېيجىڭگە
بېرىشقا كۆندۈردى. 1706-يىلى مەزكۇر لاما بېيجىڭگە يولغا
چىقتى. لېكىن كۆككول ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرىگە
كەلگەندە ۋاپات قىلىپ قالغانلىقى تۈپەيلى بېيجىڭگە يېتىپ بارا-
لمايدۇ [63. 1-دەپتەر، 9-ۋاراق 2-بەت].

جوڭغار خانى سىۋاڭ رابدان ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۆرە-
شكەن دەۋرلەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىسى يايلانغان
بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەكىلى ياكى
ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان بىر بولەكچە خان ئەرقىسە
ھېسابلىغان ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى جارلىق ئىچكى ۋە تا-
شقى كۈچلەردىن، جۈملىدىن چىڭ ئىمپېرىيەسىدىن ياپىلىنىپ
جوڭغار خانلىقى ئەمەنسى قولغا ئېلىش ۋە بۇ خانلىقنىڭ مەركىزى
ئاسىيادىكى مەۋقەنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. بۇ ھەقتە چىڭ ئە-
مەلدارلىرىنىڭ 1700-يىلى 18-ئاۋغۇست كۈنى كاڭشى خاقانغا
يازغان مۇراجەت نامىسىدە ئەنىق ئىشلىغان دە سىۋاڭ رابدان-
غالدانىنىڭ ئاكىسىنىڭ
دەپ يازىدۇ: سادايى ئەمەلدارلىرى-
ئوغلى بولىدۇ. ئۇ غالدان بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانتى. بىز
غالداننى يوق قىلىپ ئەترەتنىڭ قورۇلىشى بىركەلدى خاما يىش
قالغىنىمىزدا سىۋاڭ رابدان بىزدىن ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى

ئىلتىماس قىلدى. ئىشقىزىرنى خوتەنگە ئەكىرى قانۇنىيە-
تلىرىگە بىنائەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ
پۇقرالىرىغا تىنچ ياشاشقا ئىمكانىيەت بەردى. لېكىن سى-
ۋاڭ رابدان بىلەن بەكمۇ ھەمكارلاشقان. سىرتتىن قارىغاندا ئۇ
بەك مولايىم، خۇشخۇي مۇئامىلىلىك، ئىتائەتچان ۋە ياخشىلىقنى
ئۇنتۇمايدىغان بىر زات بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
بىز ئۇنىڭ ئەسلى نىيىتىنى بىلەلمەي قالدۇق» [63. 1-دەپتەر،
1-ۋاراق 2-بەت]. سىۋاڭ رابداننىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسى
ياردىمىدە غالداننىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىش
نىيىتى بارلىقىنى كاڭشىنىڭ ئوغلى بولغان ئىمپېراتور يىنجىن
(يوڭجېڭ) ھەم ئۆز ئاتىسى ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىلەن جۇ-
ڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن بولغان كىنى قانداق سىياسەت
تۇتۇش مەقسىتى مۇزاكىرىلىشىۋاتقان ۋاقىتتا تەكلىپ
ئۆتكەن [63، 1-دەپتەر، 3-4 ۋە 25-ۋاراقلار].

چىڭ ھۆكۈمىتىگە تېگىشلىك رەسمىي ھۆججەتلەردە
ئۇچرايدىغان مەلۇماتلا ئاشۇنى كۆرسىتىدىكى سىۋاڭ رابدان
ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن ھەر يىلى دېگۈدەك ئەلچى-
لەر ئەۋەتىپ چىڭ خاندانلىقى بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت ئور-
نىتىش مەقسىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ
مۇستەقىللىقىنى قولدىن بەرمەسلىك ئىشلىرىنى چىڭ
خاندانلىقىدىن مەخپىي ساقلاپ كەلگەن [45، 38-باپ،
20-ۋاراق 2-بەت]، مەسىلەن: يوڭجېڭ خاقان (ئىنجىن)
1729-يىلى 25-ماي كۈنى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى قەبرىنى زىيارەت

قىلىۋاتقاندا ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارغا مۇراجىئەت قىلىپ
«سىۋالىڭ رابدان... ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ تىنچلىق ئورنىتىش
تەكلىپى بىلەن بىزگە مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ خا-
يىنلىق (بىزگە ئىتائەت قىلماسلىق) نىيىتى بولغان ئىكەن» دەپ
جاكارلىغان [18.63-دەپتەر، كىتاب، 80-دەپتەر، 26-ۋاراقلار].
بۇ پەرمان بىر تەرەپتىن ئەكسلەپ ئۆتۈش ئورۇنلۇقى بارلىق
چىڭ ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ رەسمىي ھۆججەتلەردە جوڭغار
خانلىرىنىڭ، جۈملىدىن سىۋالىڭ رابداننىڭ ئۆز مۇستە-
قىللىقىنى ھىمايە قىلىشقا قارىتىلغان ھەرىكەتلىرى ۋە مۇ-
راجىئەتلىرى «خايىنلىق» دەپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەلبەت-
تە شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى مەنپەئەتىدىن تۇرۇپ
قارىغاندا مەسىلىگە بۇنداق يانداشىش پەقەت تاجاۋۇز-
چىلارغا خاس بىر خىسلەت بولۇپ ئۇ پۈتۈنلەي ناتوغرا ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ ئىمپېراتورلىرىنىڭ بۇنداق مۇراجىئەت-
لىرى جوڭغار خانلىقىنىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن تۇ-
تقان سىياسىتىنى باھالاشتا ئوبيېكتىپ مەلۇمات بولالمايدۇ.
ئەكسىچە بۇ خىلدىكى مەلۇماتلار چىڭ خاقانلىرىنىڭ شەرقىي
تۈركىستان دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن تۇتقان باسقۇنچىلىق
سىياسىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

سىۋالىڭ رابدان ھاكىمىيەت تەختىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋە
چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى تولۇق ھېساپقا
ئالغان ھالدا ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈر-
كىستاننى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزگە بويسۇندۇرۇش مەقسىتى

بارلىقىنى ياخشى بىلگەن ھالدا ئىش تۇتقان. چىن ئەر-
مىيەسى خالىغىنىچە جوڭغارلار ئەرمىيەسى ئۈستىدىن غالىپ چىق-
قان ۋە جوڭغار رايونلىرى ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپتىن خېلى زە-
ىپلىشىپ تۇرغان بىر ۋەزىيەتتە چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ با-
سقۇنچىلىق سىياسەتلىرىگە زىت كېلىدىغان بىرەر قاتتىق
ھەرىكەت قىلىش ئۆزىنى-ئۆزى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم
ئېتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سېۋاڭ رابتان ئىنتايىن
ياخشى بىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇددى يوشۇرۇنغان ماقان
ئىستىقامەتلىك ئۆز مەنپەئەتلىرىنى يەنى شەرقىي تۈركىستان-
نىڭ .جۇملىدىن جوڭغار خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى سا-
قلاپ قېلىش چىن ئەرمىيەسىنى ئۆلۈشۈپ مەملىكەتكە قارشى
ھەربىي يۈرۈش قىلىشتىن توختۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن سېۋاڭ
رابتان ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق، يۇمشاقلىق ۋە ئەقىل-
پاراسەت بىلەن ئىش تۇتقان. ھەتتا ئۇ ھاكىمىيەتكە كە-
لگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل داۋامىدا چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى
بىر تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەم رازى بولغان.
مەسىلەن: كاڭشى خاقان غالدان خاننىڭ جەسىتى ۋە ئۇنىڭ
قىزى جوچىخەنى يەنى كىشىلىرى بىلەن بىرگە بېيجىڭگە يەتكۈز-
ۈپ بېرىشنى سېۋاڭ رابتاندىن تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپنى
بەجا كەلتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. چۈنكى بۇ بىلەن يېڭىدىن
تىكلەنگەن خانلىقنىڭ ۋە ئايرات بەگلىرىنىڭ
غەزىپى قوزغۇلۇش ۋە شۇ تۈپەيلىك ھاكىمىيەتنىڭ تەۋرىنىش
خەۋپى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېۋاڭ رابتان بېيجىڭگە قايتا

ئەلچىلەر ئەۋەتىپ بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جوڭغارىيە-
نى چوڭ توپىلاڭ بولۇشقا سەۋەپ بولۇشى چۈشىنىلىپ
كاڭشى خاقاندىن ئۇز تەلىپىدىن ۋاز كېچىشنى سورىدى [45،
189-باپ، 16-ۋاراق]. لېكىن خاقان غالدان ۋە ئۇنىڭ ئە-
ۋلادى چالاكەتنىڭ ۋە ھەدىلىكنىڭ سەۋەپچىسى بولۇدۇ،
بۇلارنى ئۇز ۋەتىنىدىن بۇتۇنلەي چىقىرىپ تاشلىماق
تىنچلىق بەرقارار تاپمايدۇ دەپ خانلىقنىڭ تەلىپىنى ئەسلا
قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ ئىسپاتى تەرىقىسىدە بىر مىسال كە-
لتۈرۈش مۇمكىن. كاڭشى خاقاننىڭ ئاساس تايانچىسى
بولغان سىياسى كېڭەش باشلىقى (تىجاڭ داچىن) بۇ مەسىلىنى
خاقانغا مەسلىھەت بەرگەچ «جوڭغارىيەدىكى غالداننىڭ قىزى،
ئورچىنجان ۋە باشقىلا بالايىئاپەت تۇغدۇرۇشتا يېقىندىن
يارىدەم بەرگەن كىشىلەر بولۇدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى بېجىنگە
ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش لازىم، ئۇلارنى ئۇز
ۋەتىنىدە قالدۇرۇپ بولمايدۇ» دەپ ئېيتقان [45.189-
باپ، 15-ۋاراق].

كاڭشى خاقان سىۋاڭ رابداننىڭ مەزكۇر ئىلتىماسىنى
رەت قىلىش بىلەن بىرگە غالداننىڭ جەسىتى ۋە ئۇنىڭ ئورۇق
ئايماقلىرىنى بېجىنگە يەتكۈزۈش جوڭغار خانلىقى بىلەن چىن
ئىمپىرىيەسى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ئورنىتىشنىڭ ئاساسى
شەرتى بولۇدۇ دەپ تۇرۇۋالدى [45.190-باپ، 3-ۋاراق].
1701-يىلى يازنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرۈپ
تۇرغان بىر ۋاقىتتا خان ئاشلاھىدىنى غالداننىڭ قىزى جوڭغارىيەنى

-69-

www.uyghurkitap.com

ۋە پاتشىغلانى بېجىڭگە ئەۋەتتى. غالداننىڭ قىزى شۇ يىلى
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. [45.
205. باپ، 18-ۋاراق]. بۇنىڭدىن جوڭغارىيەگە 1697-يىلى قومۇل
بەگى ئەبەيدۇللا چىڭلارغا تۇتۇپ بەرگەن ئاكىسى سىبتەن بەلجۇر
بىلەن بىرگە پايتاختتا رۇخسەت بېرىلدى [57. 1-توم. 812. 35-
بەت؛ 45. 205. باپ، 13-ۋاراق]. بېجىڭگە كەلگەندىن كېيىن
بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەچ كاڭشى خاقاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن
ئۇشبۇ مەلىكە 2-دەرىجىلىك خاقاننىڭ لەشكىرى قورۇقچىسى
شاقتۇ ئىسىملىك (شاكدوش) ياتلىق قىلىندى. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى سىبتەن بەلجۇر ئىلتىپات كۆرسىتىلىپ
تۈرمىدىن ئازات قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا 1-دەرىجىلىك خاقان قو-
رۇقچىسى ئۇنۋانى بېرىلدى [46. 205. باپ، 13-ۋاراق].
1706-يىلى كاڭشىنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن سىبتەن بەلجۇر
1-دەرىجىلىك خاقان ئورۇغى بولمىسىقى كىنەز (جىڭگوگوڭ)
ۋە جەنچى دۇۋى دېپ ئاتالغان شەرەپلىك ئۇنۋانغا ئىگە
بولغان چولۇجەنتەينىڭ قىزىغا ئەيلە سىتورۇلدى [63. 1-
دەپتەر، 7-ۋاراق]. ئۇشبۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا ئەينى قىلىپ
ئېيتىش مۇمكىنكى كاڭشى خاقاننىڭ سىياسىي رايىدىكى غالدا-
ننىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى بېجىڭگە ئەۋەتىپ بېرىشى
قەتئىي تەلەپ قىلىشىدىكى مەقسەت ئۇلارنى جوڭغار خانلىقىنىڭ
تەخت ۋارىسلىرى ئەرىقسىز سارايى ئىختىيارىدا تۇتۇپ
تۇرۇپ زۆرۈر بولغاندا ئۇلارنى پايدىلىنىش، ئۇلارنى چېقىپ
خاھىشلىقنىڭ تۇققانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ ئۆزلىگە ئىشپاق قىلىش

قىلىشىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىق مەنسەپلىرىنى ئەمە-
لگە ئاشۇرۇشتا ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىشتىن ئىبارەت
بولغان.

ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن سىۋاڭ رابدان چىڭ
سۇلالىسىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەلەپلىرىنى نائىلاج
بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا قارشى بىرەر ھەرىكەت
قىلىشنى ھەم ماقۇل كۆرمىگەن. شۇ بىلەن بىرگە ھەر يىلى يېڭى
يىل ئەرەپىسىدە بېجىنگە سوۋغا-سالاملار بىلەن ئەلچىلەر
ئەۋەتىپ كاڭشى خاقانى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى
يېڭى يىل بىلەن تەبرىكلەپ تۇرغان. خاننىڭ ئەلچىلىرى
بېجىنگە يېڭى يىل بايراملىرىدا قاتناشقان ۋە چەت ئەل
ئەلچىلىرىگە بېرىلگەن خاقاننىڭ زىياپەتلىرىدە بو-
لۇشقا مۇيەسسەر بولغان. جوڭغار ئەلچىلىرىنىڭ 1699-
يىلى 18-فېۋرالدا، 1700-يىلى 18-فېۋرالدا ۋە 1701-يىلى
7-فېۋرالدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىشى
ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر [45، 196-باب، 23-ۋاراق. 202-
باپ، 36-ۋاراق، 206-باپ، 16-ۋاراق]. ئەمما سىۋاڭ
رابدان شەرقىي تۈركىستاننىڭ، جۈملىدىن جوڭغار خان-
لىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلىش مەسىلىسىدە قاتتىق
تۇردى. كاڭشى خاقاننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چىن ئىمپې-
رىيەسى تەسىرى ئاستىدىكى بىر مەملىكەتكە ئايلاندۇ-
رۇشقا قارىتىلغان تەكلىپلىرىگە كۆنمىدى. گەرچە ئۇ
ھاكىمىيەتكە كېلىشتە چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ياردىمىدىن

-71-

پايدىلانغان بولسىمو دەمتكە ئوتتارغانلىقنى كىشى ئۆزىنى
قوچاق خان سوپىتدە بالمىدى. شونىڭ بىلەن بىرگە ئۆز
مەۋقىنى ئاشورۇشقا ۋە جوڭغار خانلىقىنىڭ قودرىتىنى
ۋە ئۇنىڭ بوتون شەرقىي تۈركىستاندا ھوكومرانلىق
قىلىش ھوقوقىنى تكلەشكە كىرىشتى. سىۋاڭ رابدان-
نىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى جوڭغار خانلىقىنىڭ ئۇنىڭ
قولى بىلەن بوتون شەرقىي تۈركىستاننى قولغا
چوشورۇش رىجىلىرىنى پوچاكە چقاردى.

-72-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4.1. 1715-يىلدىكى قۇمۇل ۋاقىئەسى.

XVIII-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىۋالىڭ رايونى ئۆز ھا-كىمىيىتىنى بىر ئاز مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن چەركەنت خانلىقى ئۈستىدىن ئۆزىنىڭ خازارىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلىدى [105. 3-توم، 16-بەت]. روس ۋە سە-ۋەت ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە جوڭغارلار شۇ خانلىقنى 1678-1680-يىللىرى بويسۇندۇرغان دېيىلگەن خاتا پىكىر ئورنىتىلىپ قالغان [86. 8-توم، 186-بەت؛ 98. 77-بەت ۋە باشقىلار].

يۇقىرىدا زىكىر قىلغىنىمىزدەك بۇ يىللىرى جوڭغار خانلىقى تەختىدە غالدان ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ چەركەنت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تۆرت قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ خانلىقنىڭ شەرقىي ۋىلايەتلىرىنى ئۆز خازارىتى ئاستىغا ئېلىۋالغان ۋە ئۇنى ئەن تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. ئۇ شۇ تارىخى ۋاقىيە مەرھۇم ماخمۇت قۇتلۇقوپنىڭ يەركەنت خانلىقى تارىخى ناملىق تەتقىقاتىدا تولۇق بايان قىلغان. 1697-يىلى غالدان خالقىغا چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇبىيە-تكە ئۇچرىغاندىن كېيىن جوڭغار خانلىقى يەركەنت خانلىقىغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزەلمەي قالغان ئىدى.

-73-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

1713-يىلى كۆپ ھەرىكەتلەردىن كېيىن سىۋاڭ رابدان
يەركەنت خانلىقىنىڭ جەنۇبى ئۆلكىلىرىنى قايتىدىن جوڭغار
خانلىقى تەسىرىگە ئۆتكۈزدى [125. 203-بەت]. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ بۇتۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قومۇلدىن باشقا ۋىلا-
يەتلىرىنى جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان
ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلاندۇردى.

ئەينى زاماندا چىڭ سۇلالىسى ھەم ئۆزىنىڭ ئىچكى
خىتاي خالخا ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قومۇل ۋىلايىتى-
دىكى ياز نىسبەتەن مۇستەھكەم ھالەتتىكى كوكنول (چىڭخەي)
بەگلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئۆزىنىڭ
جوڭغار خانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى زېمى-
نلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشقا جىددىي كىرىشتى ۋە جوڭغار خانلىقىغا قارشى
ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ھەرىكەت باشلاپ، ئۇنىڭ شەرقىي
چېگرا رايونلىرىدا تۈرلۈك ماجىرالارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.
جوڭغارلارنىڭ تىبەت ۋە كوكنول ئۆلكىلىرى بىلەن ئۇزۇن-
دىن قىلىپ كېلىۋاتقان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ
ئۇلارنىڭ بۇ مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىدىغان سودىگەرلىرىنى
قومۇلدىن ئىلگىرىگە ئۆتكۈزمەي قويدى. مەسىلەن:
چىڭ سۇلالىسى قارمىقىدىكى سىياسىي كېڭەشنىڭ 1715-
يىلى 18-ئىيۇن كۈنى ئىمپېراتورغا ئەۋەتكەن قولغا چۈشۈ-
رۈلگەن بىر جوڭغار ئاقساقالنى سوراق قىلغانلىقى ھەققىدە
يازغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە سوراق بېرىشتە ئۇ شۇ

-74-

مەخپىي ئىدى بولۇپتۇر خالىغانلىقلا بىزنىڭ بىر نەپەر ئالتا-
يلىق ئوقۇغۇچىمىزنى تۇتۇپ ئالدى، يەنە بىر نەپەر ئادەم-
مىمىزنى ئۆلتۈرۈشتى، بۇلارنى ئاشكارا بىزنىڭ سو-
دىگەرلىرىمىز قومۇلدا تۇتۇپ قېلىنغاندۇ» دەپ ئىشىتقان
[63 ,2-دېپتەر، 3-ۋاراق، 2-بەت].

ئەلۋەتتە جوڭغارلار خاتالىقنى بىلەن چىن ئىمپېرىيەسى
چېگراسى بويلاپ يۈز بەرگەن ماجرا ۋە قومۇلدا جوڭغار
سودىگەرلىرىنىڭ تۇتۇپ قېلىنىشى مەسىلىگە دائىر ئىنگلىز
ئىشتارىدىنى چەتتە قالغىنى يوق. ئەمما مەنبەلەرنىڭ
كۆرسىتىشىچە قارىغاندا خان قومۇلدا بولۇپ ئۆتكەن
ۋاقىيەلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن
ئۇ يەرگە ھەربىي قىسىم ئەۋەتكەن. لېكىن بۇ ھەربىي قىسىم
قومۇلغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قومۇل بەگلىكىگە
يارىدەمگە كەلگەن چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يەردىكى كار-
ۋانلىرى دوچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن دەرھال ئۇلار بىلەن تو-
قۇنۇشماسلىقنى ئارقىغا قايتىپ كەتكەن. چىن ھۆكۈمىتى
ئۈچۈن جوڭغارلارنىڭ قومۇلغا كېلىشى ئىستايىن چوڭ جا-
ھانە بولۇپ بەرگەن. ئۇ مەسىلىگە دائىر نى چىن ئىمپېر-
يەسىگە تەۋەلىك جايغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە چىن
خاقانىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت.
ئۇلىشى قومۇل ۋاقىيەسىگە بىرلىكتە بۇ جاھان چىن سولالىسى
تارىخىغا [57 .5-توم، 35823-بەت] ۋە رەسمىي دۆلەت
ھۆججەتلىرىدىن [42 .1-توم، 262-263؛ 70-23-بەتلەر ۋە باشقىلار]

نادەسى تارىخى ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلدى،
كېيىنچىلىك قومۇلغا جوڭغارلارنىڭ كىلىپ كىتىشى ۋاقىيەسىگە
چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۇشبۇ باھا خىتاي
مەنبەلىرى ئارقىلىق روس ئالىملىرىنىڭ سوڭ سوۋېت
ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ھەم ئورۇن ئالدى. مەسىلەن:
ۋ.ۋ. گىرىگورىيېۋ «1712 - 1713 - يىللىرى كۈچلۈك بىر چوڭ
ئەترىتى قومۇل ئارقىلىق كىتىۋاتقانىدى، لېكىن قومۇل باھادىر
تۇرپان ئوتتۇرىسىدا بۇ ئەترەت قالماقلار تەرىپىدىن
تار-مار كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كىيىن قالماقلار تۇرپاننى
ئىگىلەپ، قومۇلنى بولاڭ-تالاڭ قىلىپ قالماسدىن ئۆيى
ۋەيران قىلدى» دەپ يازدو [16، 361 - بەت]. ئاتاقلىق
خىتايشۇناس سوۋېت ئالىمى ئى. يا. دومان خىتاي مە-
نبەلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا «غالداندىن كىيىن تەختكە
ئولتۇرغان جوڭغار خانى دەۋرىدە ئايرىتلا خىتايغا ئىگىلىك
جايلارغا يەنە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. 1715 - يىلى قومۇل
ۋە تۇرپان ئولا تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى...» دەپ يازغان
قىلغان [98، 67 - بەت]. يەنە بىر سوۋېت ئالىمى ھازىر روسىيە
ئالىمى ب. پ. گورىيېۋىچ نىڭ ئەسەرلىرىدە «1714-1715 - يىللىرى
جوڭغارلار قومۇل ۋىلايىتىنى بىسىپ ئېلىپ ئۆز ئەرەپىسىنى
مانجۇرلار تەرەپدارلىرى بولۇۋالغان كۆككۆل خوشۇن-
لىرىغا قارشى قويدى» دەپ يازغان [95، 89 - بەت].
مەزكۇر تەتقىقات خوئەلىپ ھەم ئالدىنقى ئەسەرلىرى
يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالىملار ئەسەرلىرىگە ئاساسىنىپ

-76-

1715-يىلى سىۋالىڭ دابيان قومۇلنى ئىگەللەپ ئالغان دەپ كۆرسىتىلگەن [157.173-بەت]. ئەمما كېيىنكى تەتقىقاتلار جەريانىدا ئۇچرىغان يېڭى مەلۇماتلار بۇ پىكىرنىڭ ناتوغرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى چىڭ سۇلالىسى سىۋالىڭ دابياننى چىڭ ئىمپېرىيەسى تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىدا ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن توقۇپ چىقارغان ئويدۇرمىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

جوڭغارلارنىڭ ئەينى دەۋردە قومۇلغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر ھۆججەت چىن خانىغا ئىلتىماسنىڭ كەنسۇ ئۆلكىسىدە جايلاشقان گارنىزوننىڭ باشلىقى (كەنسۇ تىدۇ) لى شىنىڭ بېيجىڭگە يوللىغان مەلۇماتنامىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ شۇ ئەمەلدارنىڭ مەلۇماتنامىسى قومۇل بېگى ئوبەيدۇللا بىلەن بۇ يەردىكى چىن گارنىزونىنىڭ باشلىقى فەن جىشىڭنىڭ مەكتۇبلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ ئۇنىڭ مەلۇماتنامىسىدە «سىۋالىڭ دابيان ئەۋەتكەن قوشۇن قومۇلنىڭ شىمالى چېگراسىغا كېلىپ ئۇ يەردىكى ئۇسەنى تالان-تاراج قىلدى. 5-ماي كۈنى يېتىپ كەلگەن ھوجىتىگە قارىغاندا ئۇلار 28-ئاپرېل كۈنى قومۇل شەھىرىگە كەلگەن. مەن ئالدىراق بىرگاھ باشلىقى (زۇڭ بىڭ) لوجى شىڭنى ئۆز قوشۇنى بىلەن قومۇلغا ئەۋەتكەن ئىدىم. ئۆزۈم كېرەكلىك ئاتلارنى جەملەپ ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەرمىيەنى باشلاپ بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن» دەپ يېزىلغان [63.1-بەت]،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

12-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].

1715-يىلى 12-ماي كۈنى قومۇل گارنىزونى باشلىقى بىلەن مەھەللى بەگنى موكاپاتلاش ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ئالىي پەرمانىدا «(1715-يىلى) 29-ئاپرېل كۈنى قومۇلدا تۇز ۋەزىپىسى ئورۇنلاۋاتقان جاڭ ئالىيۇن باشلىقى (يۇجى) پەن جىشەن ۋە بىتكچى جاڭ باۋجۇ 200 كىشىدىن ئىبارەت ئەترەت بىلەن قومۇل بېگى ئەمىن بەگكە ياردەم بېرىپ سىۋاڭ دابانىنىڭ ئەرمىيەسىنى ئارقىغا قايتۇرغان. ئۇلار (جوڭغارلار) شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرەپىدىكى قاراپچىكتىن 20 لى (1 لى = 576 مېتىر) نېرىدە جايلاشقان» دەپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن [63.1-دەپتەر، 18-19-ۋاراقلار].

1715-يىلى 17-ماي كۈنى كاڭشى خاقانىنىڭ ئىچكى مو-ڭغۇلىيەدىكى چىن ئەرمىيەسىنىڭ قوماندانىغا يوللىغان پەرمانىدا «بىز ھازىرچە سىۋاڭ رابداننىڭ مەقسەت-لىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىدا پەيدا بولۇش، ئەگەر ئۇ ئۇرۇش قىلىشنى خالىسا ئۇنىڭدا يېتەرلىك كۈچ بارلىقىنى دالالەت بېرىدۇ. بىزنىڭ بىر ئەرمىيەمىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكى مۇ-مكىن» دەپ كۆرسەتكەن [63.1-دەپتەر، 15-16-ۋاراقلار].

كاڭشى خاقانىنىڭ 1715-يىلى 12-ماي كۈنى خا-لقىدىكى بودا دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ باشلىقىغا (جېزۇڭ دەمبا خوتوكتوغا) يوللىغان پەرمانىدا «قومۇلدىكى گارنىزونىمىز ئازراقلا ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقانلىقىغا

قارىماسىنى ئىككى مىڭ كىشىدىن ئىبارەت جوڭغار ئەر-
مىيەسىنى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭدىن مەن
غايەت مەمنۇنمەن» دەپ يازغان [63. 1-دەپتەر،
19-ۋاراق 2-بەت].

XVIII-XIX-ئەسىرلەردە ياشىغان قاتار
خىتاي تارىخچىلىرى ھەم ئۆز ئەسەرلىرىدە سۇئاڭ دابىلاننىڭ
قۇمۇلغا ھەربىي ئەترەت ئەۋەتكەنلىكى ۋە بۇ ئەترەت-
نىڭ ھەممىلى بەگكە ياردەمگە كەلگەن چىڭ گارنىزونىنى
كۆرۈپ ئۇلار بىلەن توقۇنۇشماستىن ئارقىغا قايتىپ
كەتكەنلىكىنى بايان قىلىشقان [234. 2-توم، 205-بەت].
ئەمما ئۆز دەۋرىدە قۇمۇلدا جايلاشتۇرۇلغان چىڭ گارنىزو-
نى باشلىقى ياكى ھەممىلى بەگ ئامىدىنى 1715-يىلى مەزكۇر
ۋىلايەتنىڭ جوڭغارلار تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ ۋەيران قىل-
ىنغانلىقى ۋە بېسىپ ئېلىنغانلىقى ھەققىدە يازغان بىرەر-بىر
ھۆججەت تېپىلمىدى.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېنىق
قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى جوڭغار خانى سېۋاڭ دابىلان 1715-
يىلى قۇمۇلغا چىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ياكى بۇ
ۋىلايەتنى بولاپ-تالاپ ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئەترەت ئەۋە-
تكەن ئەمەس، بەلكى قۇمۇل بېگىنى بۇرۇنقىدەك ئۆزىنىڭ
يۇقىراسى دەپ ھېسابلاپ تىبەت ۋە كۆكنۇرغا كېتىۋاتقان
جوڭغار سودىگەرلىرىنى ئۆتكەزمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى جا-
ۋابكارلىققا تارتماقچى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم

-79-

خانىنىڭ قومۇلغا ئەۋەتكەن ئەترىتى سان جەھەتتىن
كۆپ بولغان بولسىمۇ، 200 كىشىدىن ئىبارەت بولغان
نىسبەتەن كىچىك بىر چىن ئەترىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن
توقۇنۇشماسلىقنى ئارقىغا قايتىپ كەتكەن. ئەمما سىۋالىڭ
رابىدانى ئەيىبلەش ئۈچۈن باھانە ئىزلەپ تۇرغان چىن
ھۆكۈمىتى جوڭغارلارنىڭ قومۇلغا كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ
چىن ئەرمىيەسىگە قارشى قىلغان يىرىك تەجاۋۇزچىلىق
ھەرىكىتى دەپ رەسمىي بايانات ئېلان قىلغان. ئەلبەتتە
چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇشبۇ باياناتى ئارقىسىدا ھەقىقەتكە
ئەسلا توغرا كەلمەيدۇ.

# 5.1. باركۆلنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىگەللەپ ئېلىنىشى.

يۇقۇرىدا سىۋاڭ رابدان تەختكە ئولتارغانلىقى
كىن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئۇنى ئۆزىگە بېقىندى قىلىشقا تىرىشلا-
نىدۇرۇشقا هەرىكەت قىلغانلىقى ۋە بۇ هەرىكەتلەرنىڭ
نەتىجە بەرمىگەنلىكى هەققىدە زىكىر قىلىنغانىدى. XVIII -ئە-
سىرنىڭ ئىككىنچى ئون يىللىقىدىن باشلاپ چىڭ مەزكۇر نە-
تىجىسىز هەرىكەتلەردىن خۇلاسە چىقارغان هالدا مەزكۇر
خانلىقنى كۈچ ئىشلىتىش يولى بىلەن چىڭ خانىدانلىقىغا تا-
بىئە قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى.
شۇناق بىر ۋەزىيەتتە جوڭغارلارنىڭ 1715 -يىلى قومۇلغا يې-
پىلا بولۇشى چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئىشتىكى چوڭ باھانە
بولدى ۋە بىچىن سارا شەرقىي تۈركىستاننى قاناق
ئەمەلىي چارىلار بىلەن ئىگەللەپ ئېلىش مۇمكىن دېگەن
مەسىلە يۈزىسىدىن جىددىي مۇزاكىرەلەر باشلىنىشقا سەۋە-
بولدى. مەسىلەن: 1715 -يىلى 16 -ماي كۈنى، يەنى جوڭغار-
لارنىڭ قومۇلغا يەسا بولغانلىقى كىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەچ
كاڭشى خاقان مەزكۇر ۋاقىيە ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن
تونۇشۇپ چىقىپ سىياسى كېڭەش بىلەن تاشقى ئالاقىلا
ۋەزىرلىكىگە مەخسۇس پەرمان بەرگەن. ئۇشبۇ پەرمانغا
جوڭغارلارنى كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەنىق پىلان

ئىشلەپ چىقىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان چارە-تەد-
بىرلەرنى بەلگىلەش تەكىتلەنگەن. بۇندىن ئاشقىرى
تىزدىن قوشۇلغا كېنسو ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدىن 3 مىڭ
كىشىدىن ئىبارەت مانجۇر ۋە 2 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت
خىتاي قوشۇنلىرى تاشلىنىشى ۋە كۆكنۇر ھەمدە ماڭغۇلىيە
بەگلىرىگە ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كۆرۈش، زۆرۈر بولغاندا
شەرقىي تۈركىستانغا كىرەلەيدىغان ساندىكى قوشۇنلارنى
ئۆۋەتىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىش كۆرسىتىلگەن. سىياسىي
كۈچلەش بىلەن ئاشقى ئالاقىلار ۋەزىرلىكى خاقانىڭ پەر-
مانىغا بىنائەن يىقىن ئارىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئەرمىيە
ئەۋەتىپ ئۇرۇش باشلاش لازىم ئىكەنلىكىنى ئەيتىپ
بىرىپ، بۇ ئىشتا قوللىنىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش زۆرۈرلىكىنى بايان قىلغان:

1) شۇ پەيتتە شىيئەن شەھرىدە تۇرۇپ ئەرمىيە
قوماندانلىقى ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان جاڭجۈن شىيگۇيىنى شەر-
قىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان مانجۇر ئەرمىيە سانىنى
قوماندانى قىلىپ تەيىنلەش ۋە ئۇنىڭغا بىر خەۋەر يار-
دەمچى بېرىش،

2) كېنسو ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدىكى مانجۇر قوشۇ-
نلىرىنى شىنگوي قوماندانلىقىغا بېرىش، قوشۇن دائىرىسىدىكى
قىسملار كوماندىرلىرىنى تەيىنلەش،

3) كېنسو ئۆلكىسىدىكى ھەربىي قىسملارنى ھەممىسى
بۇيرۇق بارغان كۈنىدىن باشلاپ 3 كۈن ئىچىدە قوزغۇلغا

-82-

قاراپ يولغا چىقىشقا تەييار قىلىپ قويۇش،

4) ئىشەن هاكىمى (شۇنفۇ) يوقنە يەكە شەرقىي تۈركىستانغا ئۆتۈپ تىلىدىغان ئەرمىيەنىڭ يېمەك-ئىچمەك، تەمىنات ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىنى تاپشۇرۇش،

5) سارايى ئەمەلدارلىرىدىن بىر كىشىنى شەرقىي تۈر-كىستانغا قىلىنىدىغان ھەربىي يۈرۈشكە رەھبەر قىلىپ تە-يىنلەش ۋە چىلانغا خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇيرات باتۇرنى ھەمدە خاقاننىڭ شەنىسى قوروقچىلىرىدىن بىر كىشىنى شە-رقىي تۈركىستانغا ئايغاقچى قىلىپ ئەۋەتىش،

6) ئەرمىيە يۈرىدىغان يول ئۈستىگە سارايى ۋە ئىستانسىيەلەر قۇرۇش، ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبار-خانىلا بەرپا تىكتىش،

7) كۆكنۇر ۋە خالغا بەگلىرىنى ھەربىي يۈرۈشكە جە-لىپ قىلىش، ھەمدە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىش [63، 1، 13-15-ۋاراقلار].

سىياسىي كىلىشىش بىلەن تاشقى ئالاقە ۋەزىرلىكىنىڭ تەكلىپىنى، كاڭشى خاقانى تولا دەۋەتمەي ماقۇللاپ ئۇنى ئىستىقلىدى. ئەمما ئۇنىڭغا بىر ئاز ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ شىنگوينى شەرقىي تۈركىستانغا قىلىنىدىغان ھەربىي يۈرۈش قوماندانى قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا تاشقى ئالاقە ۋەزىرلىكىنىڭ باشلىقى فۇنىڭشەننى مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇ بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستانغا ئايغاقچىلىق ۋەزىپىسى بىلەن

-83-

ئۆتەتلىشكە ۋە باشقا ياردەم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز
قوروقچىلىرىدىن 10 كىشىنى بەلگىلىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى
چيەنلۇڭ خاقان سىياسىي ئىشلار ۋەزىرلىكىگە تۇنجى قالغا
ۋەجافار (ئۇيغۇر ماكۇغولىيە) دېگەن ھەربىي قىسىملارنى تېزدە
جوڭغار خانلىقى چېگراسىغا يېقىن جايلارغا تاشلاشنى بۇ-
يۇردى [63.1.14-15-ۋاراقلار]. گەرچە كاتتىۋاشى خاقان
شەرقىي تۈركىستانغا ئەرمىيە ئەۋەتىش ھەققىدىكى پىلاننى
ئەستىقلىغان بولسىمۇ، يولىنىڭ ئۇزۇنلىقى ئۇنى بىر از
ئويلاندۇرۇپ قويغان. ھەتتا خاقان ئەرمىيەمىز ئۇ-
زاق يول بېسىپ ئۆتكۈنچە كونتولىسەكەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ
كېلىپ، پىلاننى ئىشقا ئاشۇرالمىغان ھەربىي يۈرۈش كۆڭۈلدى-
كىدەك بولماي قالارمىكىن دېگەن خەۋپتە ئىككىلەنگەن.
شۇ سەۋەپتىن كاتتىۋاشى سىياسىي كېڭەش بىلەن تاشقى
ئالاقە ۋەزىرلىكى باشلىقلىرىغا مۇراجەت قىلىپ، بىز
پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقان ھەربىي يۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس دەپ
قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. بولۇپمۇ ئۇ ئەرمىيەنى ئۇزاق
سەپەرچىلىكتا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى
ھەل بولۇپ قالىشى مۇمكىن دەپ ئېيتقان. 1715-يىلى 17-
ماي كۈنى كاتتىۋاشى ئەرمىيەنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش
مەسىلىسى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنىڭدا مە-
سىلىنى ئالدىنقى ھەل قىلىپ ئېلىش لازىملىقىنى جا-
كارلىغان [63.1.ن: قىسىم 16-ۋاراق، 1-2-بەتلەر؛ 3-دەپتەر]

-84-

11- ۋاراق، 2- بەت].

شۇ يەيتتە خالىفىلىكى باش لاما جىزۇڭ دەنبا خۇتۇقتۇدىن مەكتۇپ كەلدى. سەۋەبى چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەزكۇر لاماغا ئۇرۇش باشلاش ئۈچۈن ئاتلىدىنى سىۋاڭ رابدان بىلەن باغلىنىپ خاقانلىق ئۇنىڭغا قارشى كەرمىيە ئەۋەتىش نىيىتى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم قوقتۇش يولى بىلەن ئىشتاتىكە چاقىرىپ كۆرۈش ئۈچۈن زېمىنى تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئەمما سىۋاڭ رابدان ھامان ئۆز پىكرىدىن قايتماي چىن ئىمپىرىيەسىگە تابى بولۇشنى باش تارتىپ، لامانىڭ ئەكىلىپلىرىگە رەت جاۋاپ بەرگەن. جىزۇڭ دەنبا خۇتۇقتۇ بېجىڭگە ئەۋەتكەن ئۆز مەكتۇبىدە خاقانلىق جاۋابى ھەققىدە ئەخبارات بەرگەن [63. 1- دەپتەر، 19- 20- ۋاراقلار].

خالىفا باش لامانىڭ مەكتۇبى بويىچە سارايغا يەتكەندىن كېيىن سارايدىكى ئەمەلدارلار جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشنى تېزراق باشلاش لازىم دەپ خاقانغا مۇراجەت قىلىشتى. سولىڭ شۇ يىلى 26- ماي كۈنى مەزكۇر مەسىلە يۈزىسىدىن سىياسى كېڭەش مەخسۇس پەرمان بەردى. ئۇ شۇ ھۆججەتتە دېدى: بۇرۇندىن ئۆزۈم كەرمىيە تارتىپ ئەتراپىتىكى مەملىكەتلەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان ئىدىم. شۇ چاغلاشقا بۇ مەملىكەتلەرنىڭ شارائىت ماكانلىرى تونۇش بولۇپ قالغان. مېنىڭ بىلىشىمچە سىۋاڭ رابدانغا قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئۈچ يول مەۋجۇت. بولانىڭ

-85-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرى غاز كۆلىنى (خىتايچە گىساۋ، كۆككۆل ئۆلكىسىنىڭ
غەربىي قىسمىدا) ئۆتۈپ توغرا ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى
قىرغاقلىرىغا ۋە خانى ئوردىسىغا بارىدىغان يول، ئىككىنچى
يول قۇمۇل ۋە تۇرپاننى ئۆتۈپ دۆلىتىمىز چېگرا-
سىغا بارىدىغان يول، ئۈچىنچىسى خالغىدىنى باشلاپ يوغان
داۋانلارنى (ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي تەرىپى) ئېرىن خابىرغا-
كە بارىدىغان يول. ئەگەر بىر ۋاقىتتا مانا شۇ ئۈچ يول
بىلەن تەسكەرى تارتىپ ھەربىي يۈرۈش قىلساق، بىز تەلەپ-
تەرغىبكە ئېرىشىمىز مۇمكىن» دەپ ئېيتىلغان [57-
1-توم، 35824-بەت]. كاڭشى خاقانىنىڭ بۇ سۆزلىرى
ئۇنىڭ رىجىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، ئويلايمىز كى
ئۇنىڭغا قوشۇمچە شەرھ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق.

1715-يىلى 1-ئىيۇن كۈنى ئۆز ئوغۇللىرىنى، چومالدىنى
37 ياشلىق تەخت ۋارىسى ئىن جېن (تەختكە ئولتۇرغاندىن
كېيىن يوڭجېڭ دەپ نام ئالغان) نى ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ
قىلىپ جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلاش مەسىلىسى
يەنە بىر قېتىم موزاكىرە قىلدى [63. 1-دەپتەر، 2-ۋاراق].
خاقان ھوزۇرىدىكى يىغىلغانلار جوڭغار خانى سېۋاڭ رابتاننى
چىن ئىمپېرىيەسى قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن قولغا سېلىش
ۋە ئۇنىڭ «تەۋەسىگە» ھۇجۇم قىلىشقا ئېيتىلىپ، ئۇنى
جازالاش لازىم دەپ مۇراجەت قىلىشتى. چومالدىنى ئىن-
جېن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قوشتى. «مەسىلىنى تەكرار
قوشۇنلىرى غالىبانە جازالىغان دەۋرىدە سېۋاڭ رابتاننى

ھەم يوق قىلىپ تاشلاش كېرەك ئىكەن. لېكىن ئۇ شۇ دەۋ-
رنىڭ قورقۇنچلۇق سىناقلىرىدا مولايىم ۋە كەچۈرۈمچان كىرىشمىگەن ئادەم
بولۇپ كۆرۈنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى تىرىك قالدۇر-
غان ئىدۇق. ئەمدى بىلسەك ئۇ جاراغا ئىسرى يالغانچى ۋە
مۇتەھەم بولۇۋېلىپتۇ. دۆلەت پاناھىمىزنىڭ رەھىمدى-
لىلىقىغا كۆرنەمەكلىك قىلىپتۇ، قوشۇلغا قوشۇن ئۆتەپ
دۆلىتىمىز قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ ئىش قىلدى. ئۇنى ھېچ
ھەم كېچىرىپ بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت يوق قىلىپ تاشلاش
لازىم» [63، 1-دەفتەر، 25-ۋاراق، 1-2-بەتلەر]. كاڭشى
خاقان ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى خوش بولۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنى
ماقۇللىدى [57، 1-توم، 35824-بەت].

1715-يىلى 7-ئىيۇن كۈنى تاشقى ئالاقىلار ۋەزىرلىكىنىڭ
باشلىقى فۇنىڭگەن ۋە شەنشى ئۆلكىسى ئەرمىيەسىنىڭ باش
قوماندانى شىكوي كاڭشى خاقانغا رەسمىي مۇراجەت قىلىپ
جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشنى تېزلىتىشنى سورىدى.
ئاممما ئۇ ئۇرۇشنى كەلگۈسى يىلى باشلىغىنىمىز ماقۇل دەپ
جاۋاپ بەردى [57، 1-توم، 35824-بەت].

يۇقۇرىدا كەلتۈرگەن مەلۇماتلاردىن كۆرىنىپ تۇرۇ-
پتىكى شەرقىي تۈركىستاننى ئۇرۇش يولى بىلەن ئىگەللەش
غايىسى بېيجىڭ خاقان سارايىدا بىر ئاۋازدىن ماقۇللانغان.
ئاممما مۇزاكىرىلەر ۋە سېلىشتۇرۇشلار پەقەت بۇ ئۇرۇشنى
باشلاش ۋاقتىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش مەسىلىسىگە تەئەللۇق بولغان.

-87-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1715-يىلى 18-ئىيۇن كۈنى سىياسى كېڭەش باشلىقى
كاڭشى خاقانغا ئەسىرگە چۈشۈرۈلگەن ھەربىي ئىسىملىك
بىر ئويراتنى سوراق قىلىش نەتىجىسىدە ئىلىنغان مەلۇماتلارنى
بايان قىلدى. ئۇ شۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا سېۋاڭ رابدان
ئۆز مەملىكىتى دائىرىسىدە چوڭ ئابروي قازانغان، بولۇپمۇ
ئۇ ئادىل پۇقرالار تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەنگەن، يە-
قەتلا بەزى بىر بەگلەر ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشنى داۋاملا-
شتۇرغان. خان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا چىن
ئىمپېرىيەسى بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىكنى ۋە ئۇنىڭغا قو-
مۇلنى ۋاز كېچىپ ئۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتمەسلىكنى، ئو-
بەيە ۋلاخانىنى جۇڭغار خانلىقىغا ئىستانەت قىلىشنى تە-
لەپ قىلماسلىقنى مەسلىھەت بەرگەن. ئەسىر مەنبىسى
سوراق قىلىش داۋامىدا يەنە بىر نەرسە ئېنىق بولغانكى 1714-
يىلى جۇڭغار خانلىقى خۇددى قىش قاتتىق سوغۇق كە-
لگەنلىكى تۈپەيلى چارۋا ماللىرى قاتتىق قىرغىنغا ئۇچ-
رىغان. بولۇپمۇ ١٠ مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بولغان ئەرغا
ئۇن ئۇلۇسى قاتتىق زەرەر كۆرگەن [63. ج.-دەپتەر، 3-4-
ۋاراقلار].

مەزكۇر مەلۇماتلار بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن
كېيىن كاڭشى خاقان، جۇڭغار خانلىقى ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا
چۈشۈپ قاپتۇ، بۇنداق پەيتتە ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەر كۆپىيىشى
مۇمكىن، بۇنداق ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز لازىم،
ئىلاجى بولسا ئۇنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇشقا ئىمكانىيەت

بولمىغان تەقدىردە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھەربىي ئەھمىيەتكە
ئىگە جايلارنى ئىگىلەپ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك
دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. 1715-يىلى 21-ئىيۇن كۈنى ئۇ
ئۆز خۇلاسىسى ئاساسىدا ئىش تۇتۇش مەقسىتىدە سىياسى
كېڭەشكە پەرمان بەردى، ئۇشبۇ پەرماندا «ھەربىي ئىشلاردا
مېنىڭ تەجرىبەم كۆپ. مېنىڭ كۆزىتىشىمگە قارىغاندا
سىۋاڭ رابتان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ
پۇقرالىرى بالايى-ئاپەتكە گىرىپتار بولۇپ، تۇرغان ماللىرى
تۈگىشىپ كەتكەن بىر چاغدا ئۇرۇش ئاچمىساق، ئەرمىيە-
مىزنى ئىككى يول بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپ ئۇنىڭ
مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك يەرلىرىنى تارتىپ ئالساق لازىم» دەپ
ئەسكەرتكەن [63.1.1-دەپتەر، 5-ۋاراق، 1-بەت].
ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن كاڭشى خاقان سى-
ۋاڭ رابتانغا ئۆز قارارىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى قورقۇتۇش يولى
بىلەن ئىتائەتكە چاقىرماقچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خا-
قان خانغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. كاڭشى ئۇشبۇ ھۆججەتكە ئا-
لاھىدە ئېتىبار بېرىپ ئۇنى ئىككى نۇسخا قىلىپ تەييارلاتتى.
بىر نۇسخىسىنى تاشقى ئالاقە ۋەزىرلىكى باشلىقى باۋجۇغا
بېرىپ ئۇنىڭغا خالىغىنى ئۆتىدىغان يول ئارقىلىق ئىلىغا
بېرىشنى ۋە مەكتۇپنى ئۆز قولى بىلەن سىۋاڭ رابتانغا تاپشۇ-
رۇشنى بۇيرۇدى. ئىككىنچى نۇسخا خەتنى خاقان كىشىتۇ ئىسىملىك
پەننى بىر چولۇق ئەمەلدارغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مەزكۇر مەكتۇپنى
قومۇلدىن ئۆتىدىغان جەنۇبىي يول ئارقىلىق ئىلىغا يەتكۈزۈشنى

ۋە خان قولىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۇشبۇ خەتتە سىيۋالنىڭ رايونىغا تۆۋەندىكى تەلەپلەر قويۇلغان:

1) خۇشۇت، تودغۇت ۋە خويت ئۇرۇقلىرىنى بۇرۇنقى ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جۇڭغار خانلىقى خۇدۇدىدىن تاشقىرى جايلاردا ياشاۋاتقان ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىلەن بىرلىشىشكە ئىمكان تۇغدۇرۇپ بېرىش؛

2) تېزدە ئىلىدا ياشاۋاتقان لىبە تىلك لىغاس خانىنىڭ ئوغلى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇش؛

3) سىيۋالنىڭ رايونىنىڭ ئۆزى بۇتۇن ئۇرۇق-قايماقلىرى بىلەن بىرگە ئېرتىش دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ ياشىشى؛

4) سىيۋالنىڭ رايونى تېزدە پېكىنگە بېرىپ شۇ شەرتلەر ئاساسىدا خاقان بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى لازىم [2.63-دەپتەر، 5-7-ۋاراقلار].

شۇ بىلەن بىرگە مەكتۇپتا «گەرچە ھوزۇرىمغا بۇ ھەقتە سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلمىسەڭ قوشۇنلىرىمىز بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سېنىڭ زېمىنىڭغا ھۇجۇم باشلايدۇ... مەن ئۆزۈم قوشۇنلىرىمىزغا قوماندانلىق قىلىمەن ياكى بۇ ئىشنى بەگلەردىن بىرىگە تاپشۇرىمەن. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن سېنىڭ گەپلىرىڭگە ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ» دەپ يېزىلغان [2.63-دەپتەر، 15-ۋاراق، 1-بەت].

كوردونوپ ئوروپنىڭ مەزكۇر تەلەپلەرگە ھەمسىيەتتە سىيۋالنىڭ رايوندىن خانلىق تەختىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى بىر ۋىلايەتنىڭ بېگى تەرىقىسىدە بولۇش، جۇڭغار خانلىقى ئاھالىسى

-90-

بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ تاشلاشنى ۋە ئۆلتۈرۈشنى خانلىق
خۇدۇدىنىڭ چوڭ بىر قىسمى چىن ئىمپېرىيەسى ئىختىيارىغا
ئۆتكۈزۈشنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تە بىشكى سىۋاڭ
رابدان كاڭشى خاقانىنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمىدى.
خانىنىڭ بۇ قىلمىشى كاڭشى تەرىپىدىن قاتتىق قارىلا-
ندى. ھەتتا خاقان ئۇنى شۇ يامانلىقى ۋە مۇتەممەللىكى
ئەيىپلىدى [63.2-دەپتەر، 7-10-ۋاراقلا].

1715-يىلى 24-ئىيۇن كۈنى، يەنى يوقۇرىدا ئېيتىلغان
مەكتۇپ ئىلىغا يەتكەندىن كېيىن ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆت-
كەچ كاڭشى سىياسى كېڭەشتە جۇڭغار خانلىقىغا قارشى
ئۇرۇش باشلاش ھەققىدىكى قارارنى بارچە غەربى چېگرا
قوشۇنلىرى قوماندانلىقىغا خەۋەر قىلىپ ئۇلارغا چېگرانى
قوغداش ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە چېگرادىن ئۆتمەكچى
بولغان جۇڭغار خانلىقى يولۇقچىلىرىنى قولغا ئېلىش ھەققىدە
بۇيرۇق بېرىشنى ئېيتتى [63.2-دەپتەر، 7-ۋاراق]. شۇ
يىلى 7-ئىيۇل كۈنى كاڭشى خاقان خالقا بەگلىرىگە ئۆز قوشۇ-
نلىرىنى جۇڭغار خانلىقى چېگراسىغا يېقىن جايلارغا ئورۇنلاشتۇ-
رۇش، ھوجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرۇش ۋە چىن
قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ھەققىدە پەرمان بەردى [63.2-
دەپتەر، 10-ۋاراق].

1715-يىلى 10-ئىيۇل كۈنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋە-
تىلىدىغان چىن ئەسكىرىي قوماندانى شىگۈي فۇنىڭ ئەن
بىلەن بىرگە كاڭشى خاقانغا مۇراجىئەت قىلىپ ئىلىغا ھەربى يۈرۈش

-91-

قىلىشنى ئەۋۋەل تورپاننى قولغا ئېلىش لازىملىقىنى ئېيتتى.
ئۇ ئۆز مۇداپىئەسىدە «تورپاننى قولغا چۈشۈرۈش ۋە سىۋالنىڭ
رابىتىسىنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى ھېساپلىدۇق.
بىرىنچى نەۋبەتتە بۇ جايغا ئىلگىرىلەپ ئىشلىشىمىز مەقسەتكە
مۇۋاپىق بولىدۇ» دەپ جاكالىدى [63.2 - دېپتەر، 12-ۋاراق،
2-بەت]. ئۇ ئۆز تەكلىپىنى ئىسپاتلاپ ئۇلار تورپان خادىملىق
توغرا ئالغا ئۆتۈش ھەرىكىتىنىڭ مەقسەتكە مۇۋاپىق ئىكەن-
لىكىنى ۋە تورپاندا ئاشلىق يىغىش ئۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئامبار
خانىلا بەرپا ئېتىش ئۈچۈن شەرت- شارائىتلار مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى ھەمدە مەھەللى خەلقىنىڭ سىۋالنىڭ رابىتىغا قارشى
ئىشلىتىش مۇمكىنلىكىنى جايان قىلدى. ئىشىگوي بىلەن فۇنىڭ
كەن جاركولدە ۋە ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇ-
نىپىر ۋىلايىتىدە تېرىلغۇ يەرلەرنى پايدىلىنىپ، ئەرمىيەنى ئا-
شلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئەرمىيە
ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئاتلارنى بېقىش مۇمكىنلىكىنى ۋە ئازغىنا
ھەربىي قىسىملا كۈچى بىلەن بۇ يەردىكى ئاشلىق ۋە چارۋىنى
ساقلاش مۇمكىن دەپ ئېيتتى. ئىشۇ بىلەن بىرگە ئەگەر ماناشۇ
ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرساق بىز يەقەتلا مەزكۇر جايلانى
ئىگىلەپ ئالالا قالماستىن بەلكى ئۇيغۇرلارنى، قىرغىزلارنى
ۋە ئۇلار ئەتراپىدا ياشايدىغان بارلىق مۇسۇلمان خەلقلىرىنى
بويسۇندۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارنى ئويراتلارغا قارشى قويۇشىمىز
مۇمكىن دەپ ئۆز تەكلىپىنى ئىسپاتلاشقا ھەرىكەت قىلدى
[63.2 - دېپتەر، 12-13-ۋاراقلار].

لېكىن كاتتىشى خاقان ئۆز بىر قانچە سارايى ئەمەلدار-
لىرى شىگوي بىلەن قوشۇننىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى ماقۇ-
للىمىدى. كاتتىشىنىڭ پىكرىچە، بىرىنچىدىن ئوردىنى قولغا
كەلتۈرگەندە ياز تامام بولۇپ سوۋۇق كۈنلەر كېلىپ قالىپ
ئەرمىيە قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىشى، ئەرمىيەنىڭ بۇ يەردە
قىشلاپ قېلىشىغا توغرا كېلىشى، ئىككىنچىدىن ئوردىنىڭ
جوڭغار خانلىقىغا يېقىن بولغانلىقى سەۋەبلىك قىش كۈنلىرى
ئۇلار چىن ئەرمىيەسىگە تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلىپ قېلىش-
نىڭ خەۋپى بارلىقى چىن ئەرمىيەسى قوماندانلىرىنىڭ پىكرىنى
قوبۇل قىلماسلىقىنىڭ ئاساسى سەۋەبى بولغان [63.2-
دەپتەر، 13-ۋاراق].

باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئەينى يەتتە بېشىنچى
سىۋالخىرابان كۆز يەسالىسى قوماندانى ئەرمىيە ئۆزتەمچىچى
دەپ خەۋەر كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن كاتتىشى شىگوي بىلەن
قوشۇنغا ئەنگە قوماندانى قولىنى بەرمە سالىكە ھەركەت قىلغىلى،
كېرەك بولسا بۇ يەرگە كەنسۇدىن قوشۇمچە كۈچ تاشلىغىلى
دەپ قايتا-قايتا پەرمان چۈشۈرۈپ بەرگەن. شۇ يەيتتە
قوماندانى چىلاننىڭ بىرمىڭ كىشىدىن ئىبارەت لېۋچىن شۇ باش-
چىلىقىدىكى قارشىلىقنى بار ئىدى. كاتتىشى ئۇنىڭ سانىنى ئۈچ
مىڭغا يەتكۈزۈشنى ئېيتقان [63.2-دەپتەر، 13-ۋاراق].

شۇ زامانغا بېقىنچە سىۋالخىرابانىڭ قولىدا
40 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيەسى بولۇپ، ئۇلار جوڭغار
خانلىقى چېگراسىنىڭ ھەرخىل ۋىلايەتلىرىدە جايلاشتۇرۇلغانلىقى

-93-

ۋە خان چىن ئەرمىيەسىگە قارشى 25 مىڭ چەۋەندازدىن
ئىبارەت قوشۇن ئاتلاشنى پىلانلاشتۇرۇۋاتقانلىقى
ھەققىدە خەۋەر بەرگەن [63، 2-دەپتەر، 10-ۋاراق].
ئۇششبۇ مەلۇمات ئاساسىدا كاڭشى تۇرپاننى ئىگەللەش ۋە
ئۇنى ئىگەللەپ ئالغاندا ھەم قولدا ساقلاپ قېلىش قىيىنراق
بولىدىغان پىكىرگە كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغان چىن ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇرپاننى ئىگەللەش
ھەققىدىكى پىكرىنى قوبۇل قىلمىغان. ئۇششبۇ مەلۇمات ئاساسىدا
ئەيتىش مۇمكىنكى كاڭشى خاقانىنىڭ تۇرپاننى ئىگەللەشنى
ۋاقتىنچە ۋاز كېچىپ تۇرۇشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى
جوڭغارلارنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىدىن
چوچىغانلىقىدىن ئىبارەت.
1715-يىلى 21-ئىيۇل كۈنى يېرىك چىڭ ئەمەلدارى سى
چىلىدى خالقا بەگلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا چىن ئىمپىرىيەسى
جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلىماقچى بولغانلىقىنى
ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى سورىغانلىقى ھەققىدە
مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ مەلۇماتتا ئۇ خالقا بەگلىرى سىۋاڭ
رابتانغا قارشى 45 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن ئەۋەتىش
ۋە بۇ قوشۇنلارنى ئىككى قىسىمغا بولۇپ 30 مىڭ لەشكەرنى
ئالتاي ئارقىلىق ئىلىغا بارىدىغان شىمالىي يول بىلەن قا-
لغان قىسمىنى باركۆل ۋە ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بوغدا
ئۇلا ۋە ئىرىن قابىرغا تاغلىرى ئارقىلىق بورتالاغا بارىد-
ىغان يول بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇرۇش، بۇ قوشۇنلارنىڭ

-94-

بىر ۋاقىتتا بورتالاغا يېتىپ بېرىپ بىرلىكتە ئىلىغا ھۇجۇم
قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ دەپ باپان قىلغان [63.2-دەپتەر،
19-، 20-ۋاراقلار]. خالقا بەگلەرنىڭ مەسلىھىتى كاڭشى خاقا-
نىنىڭ پىكرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ مە-
سلىھىتىنى توغرا تاپقاچ ئۇرۇشنى باھاردا باشلىماق توغرا
كەلمەيدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ھەربى ھەرىكەتنى
1716-يىلى باھارغىچە توختىتىپ تۇرۇشقا قارار قىلدى.
ئەمما ئۇ ئۇنىڭغىچە ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كۆرۈشنى داۋا-
ملاشتۇرۇش، مانا شۇ كۆرسىتىلگەن يوللار بويىلاپ ئا-
شلىق يىغىش ۋە ئۇلارنى ساقلايدىغان ئامبارخانىلار قۇرۇش،
ئاشلىق تېرىش مۇمكىن بولغان جايلارنى ئېنىقلاپ دېھقا-
نچىلىق ئىشلىرىنى باشلاش ۋە ئۇرۇش باشلاش ئالدىدىكى
قوشۇن توپلاشقا مۇمكىن بولىدىغان جايلارنى تەييارلاش
لازىم دەپ تاپتى ۋە بۇ ھەقتە تەگىشلىك ۋەزىرلىكلەرگە
پەرمان بەردى [63.2-دەپتەر، 20-ۋاراق].

مەلۇماتلارغا قارىغاندا باركۆل چىن قوشۇنلىرى
ئۈچۈن ھەممە تەرەپلىمە مۇھىم ۋە قولاي كېلىدىغان جاي
دەپ تېپىلغان. شۇ سەۋەبلىك كاڭشى خاقانىنىڭ پەرمانى
بىلەن قوماندانلار شىگوي فۇنىڭدەن بىلەن بىرگە دەرھال
ئۆز قوشۇنلىرىنى گەنسۇ ئۆلكىسى مۇدۇدىدىن باركۆلگە قاراپ
ئېلىپ ماڭدى. شۇ يىلى 15-سېنتەبىر كۈنى ئۇلار باركۆلگە
يېتىپ كېلىپ بۇ يەرنى ئىگىلىدى. شىگوي بىلەن فۇنىڭدەن-
نىڭ بېيجىڭگە يوللىغان مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا بىرنىچە ئى

-95-

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە جوڭغار خانلىقى چوڭ ھەربى كۈچ تۇتۇپ تۇرغان ، ئىككىنچىدىن جوڭغارلار چىن قوشۇنلىرىغا ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرسەتمىگەن [63. 3-دەپتەر، 4-ۋاراق] .

باركولنى ئىگەللىگەندىن كېيىن بۇ ئىككى چىن ھەربى قوماندانلىرى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تەبىئى شارائىتى ۋە جۇغرا- پىك تۈزۈلۈشى بىلەن تولۇق تونۇشۇشقا كىرىشتى. بۇ ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇلار جەنلۇڭ خاقان نامىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۇنىڭغا باركولنىڭ ئەمەلى شارائىتى ھەققىدە ئاخباراتى بېرىش بىلەن بىرگە باركولگە قاتار تەلەپلەرنى قويۇش، كۆپ مىقداردا ھەربى قوشۇنلار جايلاشتۇرۇش مۇمكىنلىكىنى، ئۇششۇ ۋىلايەتنى رەسمى دەۋلەت جوڭغار خانلىقىدىن تارتىپ ئېلىش لازىملىقىنى ئەيتىپ بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشنى سورايدۇ. ئۇلار مەكتۇبىدە شى گوي بىلەن فۇنىڭئەن « بۇ يەر (باركول) شەرقى ۋە غەربى تەرەپىدىن تاغ بىلەن ئوراپ ئېلىنغان، يەرلىرى بىپايان كەڭ، سۇ ۋە ئوت-چۆپ- لىرى مول. يېتىپ كەلگەن قىسىملىرىمىزغا دەرھال جاي نى تىكلەشكە ۋە ھەربى ئىستىھكاملار قۇرۇشقا بۇيرۇق بەردۇق. يولدا كېلىۋاتقان قالغان قىسىملىرىمىز يېتىپ كەلگەندىن كېيىن با- ركول كۆلىنى شەرقىقە 100 لى (600 مېتىر) نېرىسىغا جا- يلاشقان قويسۇ (كۆي سۇ) دېگەن جايغا موستەھكەم تەلەپ قورغان قۇرىمىز » دەپ يازغان [63. 3-دەپتەر، 4- ۋاراق، 2-بەت]. جەنلۇڭ شى گوي بىلەن فۇنىڭئەننىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خۇش بولۇپ ئۇلارغا قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى

تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پەرمان بەردى [63. 3 - دەپتەر، 5 - ۋاراق]. شۇ بىلەن بىرگە خاقان سىياسى كىتمەشاھ ھەم تېگىشلىك كۆرسەتمە بەردى. ئاردىنى كۆپ ئۆتمەي چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىدىن باركۆل ۋىلايىتىگە كۆپ سانلىق ھەربىي قىسىملار تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ 1715-يىلىنىڭ سېنتەبىر ئېيىدا چىڭ ئىمپېرىيەسى باركۆل ۋىلايىتىنى زور ئاۋاتلىق بىلەن ئىگىلەپ چوڭ ھەربىي كۈچ جايلاشتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولغان.

باركۆل قولغا كەلگەندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى جايۇيگۈەندىن قۇمۇل ئارقىلىق باركۆلگە بارىدىغان يول بويلاپ 15 جايغا داباتان (ساراي) قۇرغان بولۇپ، 12 سى جايۇيگۈەندىن قۇمۇلغىچە بولغان يول ئۈستىدە قالغان 3 قۇمۇل بىلەن باركۆل ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ھەربىر داباتاندا 250 دانە ھارۋا ۋە شۇنىڭغا يېتەرلىك ئات، قورال-ياراق ۋە ئاشلىق ساقلاش ئۈچۈن ئامبارخانىلار ھەم مەۋجۇت ئىدى [63، 13-دەپتەر، 6-ۋاراق]. 1715-يىلى كۈزدىن باشلاپ چىڭ قوشۇنلىرى باركۆلنىڭ يارلىق ئېكىن ئېكىشكە مۇمكىن بولغان جايلىرىنى ھايداپ بۇغداي ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر تېرىشقا كىرىشتى. دېھقانچىلىق ئۈنۈمى يىلدىن-يىلغا ئۆسۈپ باردى، ئۇنىڭ كۆلىمى ھەم كېڭەيدى. بۇ ھەقتە فۇنىڭئەننىڭ بېجىڭگە يازغان باياناتلىرىدا ئۇچرايدىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1723-يىلىغا بېرىپ باركۆلدىكى تېرىلغۇ يەرلەردىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ مىقدارى 21060 دەنگە (1 دەن = 596816 كىلوگرام) يەتكەن [63، 3 -

دەپتەر، 9-10- ۋاراقلار].

چىن ئىمپېرىيەسى باركۆلنى ئىگەللەپ بو يەردىن ئۆزى بىلگەن ئىشلىرىنى قىلىۋاتقان بىر دەۋردە جوڭغار خانلىقى ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە ئوچۇق قارشىلىق كۆرسەتمىگەن. ھەرھالدا خەتاي ھەمىشەلىرىش بۇ دەۋردە جوڭغارلار چىن قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشقانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلىشىپ ھەمىنەلەردىن جوڭغار خانلىقىنىڭ بېشىغا كېيىن-كەينىدىن كېلىپ چۈشكەن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلار كەلتۈرىدۇ. ئەلبەتتە بۇ يەردىن بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چىنلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سىۋالىق راپانىشنىڭ يەرلىك شەرتى كۈچى يوقمىدى؟ دېگەن قاتار سوئاللار-نىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي. يۇقۇرىدا ئەسلەپ ئۆتۈلگەندەك ئەينى زاماندا خانلىقنىڭ قولىدا 40 مىڭ ئەسكەردىن ئىبارەت ئەسكىرىي بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرغانە خانلىقى تە-ۋەسى ھەم ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى. زور بولسا سىۋالىق دابان چىن قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. دېمەك ئىمكانىيەت بولۇپ تۇرۇپ چىنلارغا قارشى كۆرسەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇ كاڭشى خاقان قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشماسلىقنى تۇرۇپ، ئوتتۇرىدا يەنە بولغان موناسىۋەتلەرنى ئىچكى يول بىلەن ھەل قىلىشقا ئىنتىلگەن. چۈنكى ئۇ چىن ئىمپېرىيەسىگە ئۇرۇشقان ھەرقەدەمدە چوڭ ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان ۋە ئىچكى تەرەپتىن ھەم مۇستە-ھكەم بولۇپ تۇرغان يېرىك دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلىش

دانىشمەنلىككە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ بىلەتتى. تەت-
قىقاتچىمىزنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا كەلتۈرۈلىدىغان سېۋاڭ
رابداننىڭ چىن ئىمپېرىيەسىگە نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى
ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

يۇقۇرىدا باركولنىڭ چىڭلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىش ھە-
ققىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا خۇلاسە قىلىپ
شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى 1715-يىلى چىن ئىمپېرىيەسى جوڭغا-
رلارنىڭ قولىغا كېلىپ ھەممىلى بەگ بىلەن ئارىسى ئوچۇق
قىلماقچى بولغاندىن پايدىلىنىپ كۆپتىن بېرى ئەمەلگە ئا-
شۇرماقچى بولغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى.
باركولنىڭ بۇ ئىشتا چوڭ ھەربى ۋە سىياسى ئەھمىيىتى بارلىقىنى
بىلىپ، بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى باسقۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى
ئۈچۈن ھەربى بازىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنى ئىگە-
للەپ ئالدى ۋە ئۇ يەردە زۆرۈر بولغان ھەربى ئىستىھكاملارنى
قۇردى. تېرىلغۇ يەرلىرىنى تولۇق پايدىلىنىپ ئۆز
ئەرمىيەسىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە قاتناش قاتارلىق مە-
سىلىلىرىنى ھەل قىلدى. شۇ بىلەن قومۇلنىڭ مۇدا-
پىئەسىنى ھەم كۈچەيتۈردى. خىتاي باركولغا نۇر-
غۇن قوشۇن تاشلاپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ شە-
رقى دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى.
بۇ تارىخى پاكىتلار خىتاي ۋە روس ئەدەبىياتلىرىدا
ئورنىشىپ قالغان. 1715-يىلى سېۋاڭ رابدان چىن
ئىمپېرىيەسىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇنىڭ

-99-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇنى جوڭغارلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا
مەجبۇر قىلغان دېگەن پىكىر ئاساسسىز ئىكەن-
لىكىنى كۆرسىتەۋ.

# 6.1. چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ 1717-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ بەربات بولۇشى.

1717-يىلى چىن ئىمپېرىيەسى شەرقىي تۈركىستاننى
بېسىۋېلىش مەقسىتىدە باشلىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش
مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدا كەم ئۆ-
گىنىلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ
سەۋەبى خىتاي مەنبەلىرىدە بۇ ھەقتە ناھايىتى كەم
مەلۇمات ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. چۈنكى كۈتۈلمىگەن
نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ ئۇرۇش چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ
شەنىگە ئابرۇي كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن يىلنامە مەنبەل-
رىدە ئۇ ھەقتە سۆز يۈرگۈزۈلمىگەن. ئەمما مە-
زكۇر ئۇرۇشنىڭ بەزى بىر تەرەپلىرى، جۈملىدىن
جوڭغارلار بىلەن چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىتتىپاقى بولغان
توقۇنۇشلىرى پايدىسىغا ھەل بولغانلىقى. ئۇشبۇ سە-
ۋەبلەرگە كۆرە بەزى بىر ئالىملار ئەسەرلىرىدە سا-
ماھا تېپىلغان خاتىرىدە يەتكۈزۈلگەن 1717-يىلى چىن
ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بۇ تە-
جاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى، مەقسىتى ۋە نەتىجىسى
ھەمدە ئەينى زاماندا جوڭغار خانلىقى بىلەن چىن ئىمپېرىيەسىگە
نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى ھەققىدە ناتوغرى تونۇشلار

www.uyghurkitap.com

ۋە خاقان پىكىرلەر شەككە ئېلىنىپ قالغان. مەسىلەن: خىتاي
ۋە رۇس تارىخى ئەدەبىياتلىرىدا جۇڭغار خانلىقى 1717 -
1718 - يىللىرى تىبەتكە ھۇجۇم قىلغاندا ۋە بۇ يەرنىڭ
دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندا ئەيىبلەنگەن. مىسال ئەر-
يىقسە يېرىك سوۋېت ئالىمى ئى. يا. زىلاتكىن قەلىمىگە
مەنسۇپ «جۇڭغار خانلىقى تارىخى» (104) دېگەن كىتابىغا
مۇراجىئەت قىلىشىمىز مۇمكىن. ئۇشبۇ كىتابتا مۇئەللىف
«1716 - يىلى سىۋاڭ رابتان تىبەتنى ئىگەللەپ ئالماقچى
بولۇپ ئىغاسقا قوشۇن ئەۋەتكەن» دەپ يازىدۇ [164، 225 -
بەت]. خۇددى شۇنداق پىكىرنى قاتار خىتاي ئالىملىرىنىڭ
ئەسەرلىرىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن [207، 1-توم، 67 - بەت؛
227، 1-توم، 238 - بەت ۋە باشقىلار].

ئوقۇغۇچىلارغا تەۋسىيە قىلىنىۋاتقان ئۇشبۇ تەتقىقات
مۇئەللىفى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تىبەتكە لەشكەرلەر ئەۋەت-
كەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما ئايرىم لەشكەرلىرىنىڭ تىبە-
تكە ئەۋەتىلىشى جۇڭغار خانى سىۋاڭ رابتاننىڭ ئاچاۋۇز-
چاق نىيەتلىرى نەتىجىسى ئەمەس بەلكى كۆپ كۈچ بىلەن
تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ كەلگەن
چىن ئەرمىيەسى ھۇجۇمىغا نىسبەتەن ئاز كۈچ بىلەن بەربات
قىلىش ۋە شۇ بىلەن بىرگە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش زە-
رۇرىيىتى پەيدا بولغان بىر شارائىتتا قوللىنىلغان چارە-تەد-
بىر دەپ ھېساپلايدۇ. بىز ئۆز پىكىرىمىزنىڭ ئىسپاتى ئەرىقسە
تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى كەلتۈرۈشنى ماقۇل تاپتۇق.

-102-

چىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بېجىلى ئىناق كۆرسىتىشكە
قارىغان؛ 1715-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغار خانلىقىغا قارشى
ئۇرۇش باشلاش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەنى
1716-يىلى باھاردا ئۇنىڭغا ئىلغار ئەۋەتىلىدىغان ئەرمىيە-
نىڭ بىر قىسمىنى قوماندانلىق قىلىشنى تاپشۇرغان. ئالتاي
ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان شىمالىي ئەرمىيە غەربىي خالقىدىن
يولغا چىقىپ ئىمىل دەرياسى ئارقىلىق بۇرتالاغا يېتىپ بېرىش
قومۇل ۋە باركۆل ۋىلايەتلىرىدىن يولغا چىقىدىغان جەنۇبىي
ئەرمىيە بوغدا ئولا (ئۈرۈمچىنىڭ يېنىدا) ۋە ئىرېن خابىرغا
ئارقىلىق تەكلى داۋاندىن ئۆتۈپ بۇرتالاغا بېرىش پىلان-
لاشتۇرۇلغان. شىمالىي يول بىلەن بۇرتالاغا بارىدىغان
ئەرمىيەنىڭ سانى 30 مىڭ كىشى، جەنۇبىي ئەرمىيەنىڭ
سانى 15 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان.
جەنۇبىي ئەرمىيەگە بۇرتالاغا يېتىپ بارغىچە يول بويى يايلا-
قلىرىنى قولغا ئېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان.

مەزكۇر تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن
چىڭ ھۆكۈمىتى خالقا جەڭلىرىگە 10 مىڭ لەشكەر بېرىشنى بۇ-
يۇرغان [63.2 ـ دەپتەر، 19-20-ۋاراقلار]. سەنۇت تە-
تقىقاتچىسى ئى. ئا. مائىسىيوپ يازغىنىدەك بۇ قېتىم چىڭ ئىمپېر-
يەسى جوڭغار خانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋىلايەتلىرىنى ئالدى بىلەن
قولغا كەلتۈرۈش پىلانى بىلەن ئىش تۇتقان [138، 32-بەت].

چىڭ ھۆكۈمىتى شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ئىنتايىن چوڭ
ئەھمىيەت بىلەن قاراپ سارايدىكى تەشكىللىك ۋەزىرلىككە

ۋە ئەرمىيە قوماندانلىرىغا ئۇرۇش باشلاش ئۈچۈن ۋە
ئۇنىڭ موۋەپپەقىيەتلىك تامام بولۇشىنى تەمىنلەيدىغان
بارلىق تەييارگەرلىك ئىشلىرىنى ۋاقتىدا تاماملاش ھەققىدە
قايتا تەكىتلەپ قاتتىق قارارلار قوبۇل قىلغان. شۇنداق بو-
لسىمۇ 1716-يىلى باھاردا تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەلۇم بولدىكى
شىمالى ۋە جەنۇبى ئەرمىيەلەر يۈرىدىغان يول ئۈستىدە قو-
رۇلۇش كېرەك بولغان. ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبارخا-
نىلا، راباتلار ۋە چاپاقا ھەربى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان
ئىنشائەتلەر يېتەرلىك قۇرۇلمىغانلىقى ۋە ئەرمىيە ئۈچۈن
تەييارلاپ قويۇلغان ئاشلىق مىقدارىنىڭ كەملىكى مەلۇم بو-
لۇدۇ. شۇ سەۋەپلىك جوڭغار خانلىقىغا قارشى پىلانلاشتو-
رۇلغان ئۇرۇش كېلىدىغان 1717-يىلغا قالدۇرۇلدۇ. مە-
سىلەن: كاڭشى خاقان 1716-يىلى 23-فېۋرال كۈنى چىقارغان
پەرمانىدا «ھازىر زۇرۇر بولغان مىقداردىكى ئاشلىق، يەم،
سۇ ۋە ئوت-چۆپ شەك كېرەكلىك جايلارغا يەتكۈزۈلمىگەن...
ئەگەر شۇ بىلەن ئۇرۇشنى توختاتماي ئۇرۇشقا سەۋەپ بو-
لىدۇ» دەپ يازغان [63، 3. دەپتەر، 11-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].
ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك ئىشى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان-
لىقىنى بىلىپ خاقان قاتتىق خاپا بولۇپ شىگۇيى شەرقى
تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان ئەرمىيە قوماندانى ۋەزىپىسىدىن
بوشاتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا يەنبو ئىسىملىك خاقانى قورۇق-
لىغۇچى مەخسۇس ھەربى قىسىم باشلىقى (خوجۇن ئۆتكەلنىڭ)
بەلگىلەيدۇ [63. 3-دەپتەر، 11-12-ۋاراقلار]. بۇندىن

-104-

تاشقىرى ئۇ بۆلەكچە ئۇرۇش ئۈچۈن ئەرمىيەنى ئاشلىق
بىلەن تەمىنلەش شۇنداقلا ھەممە ئەمەلىي ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش
مەسىلىسى قاتتىق قويۇپ ئالتايىنىغ قوبدو، ئۇلانگوم
قاقارلىق جايلىرىدا ۋە باركول ۋىلايەتلىرىدە مەۋجۇت تېرىلغۇ
يەرلەردىن ئىشلىتىش مەقسىدە ئادەم كۆچۈرۈش، ھەممىدىن ئەر-
مىيەگە كېرەكلىك پايدىلىنىش ھەققىدە پەرمان چىقاردى. بۇ ئىشلا-
غا مەسئۇل قىلىپ مانجۇر ھەربىي قىسىملىرى قوماندانى
ئۇرۇنباسارى (فۇدۇتۇڭ) سۇئەردىنى تايىنلىدى [63. 3-
دەپتەر، 13- ۋاراق، 1- بەت]. مەسىلەن: 1716- يىلى 26- فېۋرال
كۈنى كاڭشى خاقان سىياسى كېڭەشكە مۇراجەت قىلىپ «قوبدو،
ئۇلانگوم، باركول قاقارلىق جايلاردا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى
كېڭەيتىش ئاشۇرۇش ئىشىنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر
بۇ ئىش نەتىجىسى ياخشى ھوسۇل ئالسا ئەرمىيەمىزنى ئا-
شلىق بىلەن تەمىنلەش مۇئاممىسى تولۇق ھەل بولىدۇ»
دەپ كۆرسەتكەن [63. 3- دەپتەر، 13- ۋاراق، 1- بەت].
مەزكۇر قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كاڭشى
سىياسى كېڭەشكە تېزدە مەسىلىنىڭ ئەمەلىي تەرىپىنى ئويلاپ
چىقىپ پىلان تۈزۈش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. مانا شۇ بۇ-
يرۇققا بىنائەن سىياسى كېڭەش تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى
بايان قىلدى:
1) كۆرسىتىلگەن جايلارغا ئېھتىياجلىق مانغولىيەدىن بىر
مىڭ نەپەر مالكۇل دېھقانلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە ئۇلارنى يول بىلەن
دېھقانچىلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەسۋاپ- جابدۇق ۋە قالار
-105-

بىلەن تەمىنلەش،

2) ھەممىلى دېھقانلارنى كىلىشىم ئاساسىدا ھەق تۆلەپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىگە جەلىپ قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۇرۇغ ھەمدە ئەسۋاپ جابدۇق بىلەن تەمىنلەش،

3) قاماقتا ياتقانلارنىڭ گۇناھىنى ئاقلاش ئىمكا-نىيەتنى بېرىش ئاساسىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا جەلىپ قىلىش،

4) ئىختىيارى ئاساستا ھەربى خىزمەتچىلەرنى دېھقانچىلىققا جەلىپ قىلىش،

5) دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان ئە-مەلدارلارنى تەيىنلەش.

ئۇشبۇ تەدبىرلەر تۇرلادە ۋە شىڭ كاڭشى خاقان تەرىپىدىن تەستىقلانغان ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى تۇبدۇ، باركول، ئۇلانگوم، بولۇنتوگولىك، دوربولجىن، قاراشۇسۇ قاتارلىق جايلاردا باشلانغان دەپ كورسەتمە بېرىلگەن [63، 3-دەپتەر، 13-ۋاراق]. كېيىنكى يىللار داۋامىدا بېيجىڭ سوتقەردە تەر-سىپىدىن بېرىلگەن ئەخباراتلارغا قارىغاندا بۇ جايلاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دېھقانچىلىق ئىشلىرى ياخشى نەتىجە بەرگەن.

1716-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغار خان-لىقىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كورۇۋاتقاندا ئۇشبۇ خانلىق ئەلچىسى فەنتى جوكتەنەي بېيجىڭگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 1715-يىلى ئىلىغا ئەۋەتىلگەن چىڭ ئەلچىلىرى باۋ-جو ۋە كىشتو قايتىپ كەلدى. خان خوزۇرىغا يوللانغان

خالقىدىكى بوددا دىنى باشلىقى جېبزۇن دامبا خۇتۇكتۇ-
نىڭ ۋەكىلى جو يەنتۇيى ھەم شۇلار قاتارىدا بېيجىڭگە كەلدى.
ئۇلار ئەلچىلەرنىڭ مەلۇماتلىرى بىلەن تونۇشۇپ بولغاندىن
كېيىن كاڭشى خاقان جوڭغار ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن
خان چىن ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن قانداق نىيەتتە ئىكەن-
لىكىنى سورىدى. شۇ بىلەن بىرگە خاقان ئۇلارنىڭ مەۋقە
ھەققىدە سۆزلەپ ئەلچىگە جوڭغارلارنىڭ چىنلارغا ئىتائەت قى-
لىش كېرەكلىكىنى ۋە خاقان ئەمرى بىلەن ئىش كۆرۈش لاز-
ىملىقىنى يەنە بىر بار تەكىتلىدى. جوڭغار ئەلچىسى بولسا
سىۋاڭرابداننىڭ چىن ئىمپېرىيىسى بىلەن مۇستەقىل
دۆلەت باشلىقى تەرىقىسىدە تىنچلىق ئورنىتىش ۋە ئەلچىلىك
مۇناسىۋەتلەرنى يولغا قويۇش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى [63،
3-دەپتەر، 15-17-ۋاراقلار]. دېمەك جوڭغار خانلىقى ئۇلارنىڭ
چىن ئىمپېرىيىسىگە بويسۇنۇشىدىن ھامان باش تارتىپ
ئۇلارنىڭ بىلەن تەڭ ھوقۇق ئاساسىدا مۇناسىۋەت قىلىش
سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.
1716-يىلى ئاپرېلدا چىن ھۆكۈمىتى ئىلىغا يەنە ئەل-
چىلەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا سىۋاڭرابداننىڭ ئەسلى نىيىتى-
لىرىنى، ئەمەلىي قىلماقچى ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئادەم
ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشنى ۋە ئۇنى ئەگەر چىن خاقانىغا بوي-
سۇنمىسا يېقىندا ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشى ھەققىدە
ئاگاھلاندۇرۇشنى تاپشۇردى [63، 3-دەپتەر، 15-17-ۋاراقلار].
1716-يىلى ياز پەسلىنىڭ باشلىرىدا چىن ئەلچىلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئىلىغا يېتىپ كېلىپ سىيۇاڭ دابىدان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. خان ئۇلارنى ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇ ۋە جۇ ئەلچىلىرىنىڭ ئۇرۇش باشلاش ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن ۋە كاڭشىنىڭ مەكتۇپى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن ھەم ئۆزىنى ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە ئەركىن تۇتۇپ، سىلىقسىلىق بىلەن خاقاننىڭ قويغان تەلەپلىرىگە رەت جاۋاپ بېرىدۇ. ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جەنۇبنىڭ سىياسىي كەتكەلىشكە بەرگەن پەرمانلىرىنىڭ بىرىدە سىيۇاڭ دابىدان ھەققىدە سۆز يۈرگۈزۈپ «سىيۇاڭ دابىداننىڭ سۆزلىرى ۋە مۇئامىلىسى ناھايىتى يۇمشاق بولغانلىقىدىن كەيپىكە كىرىدىغان بولۇپ كۆرۈنگەن ئىدى» دەپ يازغان [63. 4-دەپتەر، 41-ۋاراق، 2-بەت].

جۇ ئىمپېرىيەسى ئەلچىلىرىنىڭ ئىلىغا كېلىپ سىۋاڭ رابدان بىلەن ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇرۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇنى قورقۇتماقچى بولغانلىقى ھەققىدە ئەينى زاماندا جۇڭغار خانلىقىغا روسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن كاپىتان ئىۋان ئۇنكوۋسكى ھەم يازغان. بۇنىڭدىن باشقىرى مەزكۇر روس ئەلچىسى جۇڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىيۇاڭ دابىداندىن ئۆز ئۇرۇق-ئايماقلىرى بىلەن ئىلىنى تاشلاپ ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدا ياشاشنى تەلەپ قىلغان [260.284 بەت]. بۇ دېمەك جۇڭ سۇلالىسى خاندىن ئىلىنى تاشلاپ

ئۆزىنى بىر كىچىك ئۇلۇس باشلىقى ئەمەس، دۆلەت باشلىقى ئېتىراپ قىلىشنى
تەلەپ قىلغانلىقىنى دالالەت بېرىدۇ.
چىڭ ئەلچىلىرى بېيجىڭغا 1716-يىلى كۈزدە قايتىپ كېلىپ
دەرھال كاڭشى خاقانغا ھېسابات بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېساباتىدا
سېۋاڭ رابداننىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ باشلىقى ئەر-
قىسىدە چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق ئالاقە قىلىش نىيىتى
بارلىقى ۋە جۇڭغار خانلىقىنى ئۆزىنىڭ تابىئە دۆلەت دەپ بې-
لىشكە رازىلىق بەرمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن
كېيىن كاڭشى دەرھال سىياسىي كېڭەش ئېچىپ، جۇڭغار خانلىقىغا
قارشى ئۇرۇش باشلاشنى تېزلىتىش ھەققىدە پەرمان
بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش باشلاش ۋاقتىنى
بەلگىلەش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. مەزكۇر مۇزاكىرە
جەريانىدا چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ پىكرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ
كېتىدۇ. بەزى بىر ئەمەلدارلار جۇڭغارلارنىڭ ئەينى زاماندا
يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلى پەيدا بولغان ئىقتى-
سادىي قىيىنچىلىق ۋە زىيىنىدىن پايدىلىنىپ دەرھال ئۇ-
رۇش باشلاشنى تەكلىپ قىلىدۇ. باشقا بىر ئەمەلدارلار
بولسا ئۇزاق قىلىنىش ۋە تەمىنات مەسىلىسى يېتەرلىك دەر-
ىجىدە ھەل بولمىغانلىقىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ ئۇرۇش با-
شلاش ۋاقتىنى بىر ئاز كېيىنگە سۈرۈشنى تەكلىپ ئەتتى.
كاڭشى خاقاننىڭ ئۆزى ئىككىنچى تەكلىپنى قوللاپ قۇ-
ۋۋەتلىدى. ئۇ بۇ ھەقتە سىياسىي كېڭەشكە مۇراجىئەت قىلىپ
«ھەممىنى ئۇرۇشنى كېلەر يىلى باشلاش ھەققىدىكى

-109-

پىكرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن. مەزكۇر پىكىر ئەرەپدا-
رلىرى يولىنىڭ ئۇزاقلىقىنى ۋە ئاشلىق تەمىنات مە-
سىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېمەكتە.
گەرچە ھازىر سېۋاڭ دابان بىزنىڭ ئەرمىيەمىز قارشى
تۇرىدىغان كۈچكە ئىگە بولمىسا ھەم ئۇلارنىڭ پىكرىنى
ئاساسسىز دەپ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلاشتۇ-
رۇلغان ئۇرۇشنى كېلىدىغان يىلغا قالدۇرغىنىمىز ما-
قۇل. ھازىر ئاساسىي ئېتىبارنى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا
قارىتىشىمىز لازىم. كېلىدىغان يىلى ئاشلىق ۋە ئات
مەسىلىلىرى ھەل بولغاندىن كېيىن ھۇجۇم باشلايمىز»
دەپ ئىشەنگەن [3.63-دېپتەر، 40-ۋاراق، 2-بەت، 41-ۋاراق
1-بەت].

چەنلوڭ خاقان خانىدىنى بىرلىكتەن بىر قانچە پە-
رمانلار ۋە قاتار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئائىت رەسمىي ھۆ-
جەتلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى گەرچە چىڭ خانىدانلىقى جوڭغار
خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشنى 1718-يىلغا قالدۇرغان بو-
لسىمۇ، ئۇ بەزىبىر مۇھىم جايلارنى ئىگەللىش ۋە جوڭغارلارنى
قورقۇتۇش، شۇنداقلا مەزكۇر خانلىقنىڭ كۈچىنى سىناپ كۆ-
رۈشكە قارىتىلغان تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى دا-
ۋاملاشتۇرۇدۇ. مەسىلەن: 1716-يىلى 3-دېكابىر كۈنى تا-
شقى ئالاقىلە ۋەزىرلىكىنىڭ باشلىقى فۇنىڭگە ئىنكە ئەدجا-
بىغا ئۆگۈل ئەتراپىغا جايلاشتۇرۇلغان ئاتلىق ئەرمىيە
ئىچىدىن قابىلىيەتلىك جەڭچىلەردىن ئاللاپ ئۇلارنى ئۈچ

گۇرۇھقا بۆلۈپ ئالتاي ئارقىلىق جوڭغار خانلىقى خودو-
دىغا ئۆۋە تىلسۇن. جاركۆلنى جايلاشتۇرۇلغان ئاتلىق
ئەرمىيە ئىچىدىن ھەم بىر قىسىم شۇنداق جەڭچىلەرنى تاللاپ
ئىككى يول بىلەن مەزكۇر خانلىقنىڭ ئىچكى ۋىلايەتلىرىگە
ئۆۋە تالسۇن. ئۇلارغا تويۇقسىزدىن دۈشمەنگە ھوجۇم
قىلىپ ئىلاجى بارىچە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە جايلىرىنى
ئىگىلىگە ئۆتكۈزۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلسۇن» دەپ بۇيرۇق
بەرگەن [3.63.دەپتەر، 40-ۋاراق، 2-بەت]. كاڭشى خاقان-
نىڭ پىكرىچە ئورۇشتىن ئالدىن دۈشمەنگە قارشى بو-
نداق ھوجۇم ئۇيۇشتۇرۇش يولى بىلەن تۆۋەندىكى مە-
سىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئىدى:

1) جوڭغار خانلىقى خودودىغا تويۇقسىزدىن ھو-
جۇم قىلىپ، ئۇنىڭ مۇھىم ھەربى ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغان ۋە ئاتلىق ئىكىش مۇمكىنچىلىكى بار چېگراغا يېقىن
جايلىرىنى ئىگىلەپ ئېلىپ، بولىدىغان ئورۇش ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش؛

2) مەھەللى خەلق ئىچىدە قورقۇنچىلىق تۇغدۇ-
رۇش ۋە ھۆكۈمەتكە ئىشەنچسىزلىك ئۇيغۇتۇش؛

3) بولىدىغان ئورۇش دەۋرىدە ئەرمىيە يۈرىدىغان
يوللارنى ئۆگىنىش ۋە جوڭغار خانلىقىنىڭ مۇداپىئەسىنى
سىناپ كۆرۈش.

بۇ ھەقتىكى پىكرىنى كاڭشى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن
يەكۈنلىگەن: «بۇ تەرزدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ھوجۇم سىناق

-111-

دابان مەملىكىتىگە يا شەھەرلىرىگە تاقاتتىن ۋاس-ۋاسىغا
سالىدۇ. ئاھالە ئىچىدە ئۆزىنىڭغا خايىنلىق قىلغۇچىلار كۆپىيىدۇ.
ئىستىمال قاچاقلارمۇ تېپىلىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە بىز مەزكۇر
مەملىكەتنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە يوللىرى بىلەن تو-
نۇشۇپ ئالىمىز» [3.63-دەپتەر، 40-ۋاراق، 2-بەت].

چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە كۆرە ئۇشبۇ ھۇجۇمنى با-
شلاش ئۈچۈن ئويراتلارنى خانىغا تابىئە خالىغالىقلارنىڭ
ماللىرىنى ئوغۇرلاپ كەتتى دېگەن تۆھمەت باھانە بولۇش
كېرەك ئىدى. بۇنىڭ سىياسىتى كاڭشى خاقانىنىڭ 1716-يىلى
12-مارت كۈنى لاكتەيي ئىسىملىك بىر ساراي ساقچىلىرى با-
شلىقىغا بەرگەن كۆرسەتمىسىگە ئۇچۇرۇتۇش مۇمكىن. ئۇشبۇ
كۆرسەتمىدە كاڭشى لاكتەيگە «سەن بېرىپ ئەرمىيە قو-
ماندانى فۇنىڭئەنگە كېلىدىغان يىلى باشلايدىغان ئورۇ-
شنى ۋا مەخپى تۇتۇپ تۇرۇش ھەققىدە خەبەر قىل...
ھەرىكەت باشلانغان زامان ئەسىرگە ئېلىنغان ئويراتلاردىن
بىر ئىككى كىشى قويۇۋەتسۇن ئۇلارغا سەن دېنىڭ ئادەملىرىڭلا
خانىغا ئىگىشىپ ئاتلارنى ئوغۇرلاپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن
چېگرانى قوغدالاپ تۇرغان ھەربىي قىسىملار خاقانىنىڭ پەرما-
نىنى كۈتۈشكە ئىلاجى بولماي، ئۇلارنى قوغلاپ يولغا چىقىپتۇ
دەپ ئېيتسۇن» دېگەن [63. 3. دەپتەر، 42-ۋاراق،
1-بەت].

1717-يىلى ئاپرېلدا چىن ئەرمىيەسىنىڭ ھۇجۇمى
باشلىنىش ئالدىدا ئەرمىيە قوماندانى فۇنىڭئەن كاڭشى

-112-

خاقانغا مۇراجەت قىلىپ ئۆز قوشۇنلىرىنى بارگولدىن تۈپ
تۈغرا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ مېڭىشقا ۋە بۇتۈن ئۈرۈمچى ۋى-
لايىتىنى ئىگىلەپ ئېلىشقا ئىجازەت سورايدۇ. بۇ تەجبە
بىھىندە جىددىي مۇزاكىرە باشلاندى. ساراي ئەھلى بىر ئا-
ۋازدىن قوينىڭ ئەسىنىڭ تەشەببۇسىنى ماقۇللىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن مەزكۇر ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھوكۈمەتنىڭ
قارارى قوينىڭ ئەسىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى
جەنۇبىي ئەرمىيەگە تاپشۇرۇلدى. شىمالىي ئەرمىيە قوماندانى
قوئەرەدىنگە ئىرتىش دەرياسى ئەتراپىدىكى چاپلاقا ھۇجۇم
قىلىش ۋە ئۇ يەرنى ئىگىلەش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى [63.
4-دەپتەر، 8-ۋاراق]. مانا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قوينىڭ-
ئەسىنگە «دەستەت قىلىشنى باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ئوردىغوچى
ئەرمىيە قوماندانى»، (چىن تىجالىڭ جۇڭ) قوئەرەدىنگە بولسا،
دوشمەننى «قورقۇتۇش ئەرمىيەسى قوماندانى» (جىلىڭ ئۇ
جاڭجۇڭ) دەپ ئاتالغان مەنسۇس ھەربىي ئۇنۋانلار بېرىلدى.
بولارنىڭ ھەر بىرىگە يوكلەنگەن ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن 13 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن بېرىلدى
[63.4. دەپتەر، 28-ۋاراق، 2-بەت]. بۇنىڭدىن تاشقىرى
قوينىڭ ئەسەنگە 40 كۈنلۈك ئوزۇق-ئاۋقات ۋە يەمەك-ئىچمەك
ئېلىپ يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارگولدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ
ھۇجۇمغا ئاتلىنىش ۋە قوئەرەدىنگە ئەيتى شۇ ۋاقىتتا خالغا-
دىن ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ ئىرتىش بويىلىرىدىكى
مەھەللى دېھقانلارنىڭ ھوسۇل يىغىش دەۋرگىچە رىجەلەنگەن

جايلىرىنى چېكىنىپ ئېلىش ۋە يىغىلغان غەللىنى قولغا تو-
شۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن [63.4-دەپتەر، 13-
ۋاراق]. ھەربىي ئەترىتى قوماندانلىرىغا ھۇجۇم ھەرىكەت-
لىرى كۆزگە ھوسۇلنى يىغىش ۋاقتى كەلگۈنچە توختىتىلىشى
لازىملىقى ھەققىدە ھەم كۆرسەتمە بەرگەن [63.4-دە-
پتەر، 5-8-ۋاراقلار].

جەنۇبىي چىن ئارمىيەسى قوماندانى فۇنىڭئەننىڭ
1717-يىلى 25-ئاۋغۇست كۈنى بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ كەلگەن
ھېسابات مەكتۇبىدە كۆرسىتىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا شۇ
ئاينىڭ 3-كۈنى تۇرپاننىڭ 8,5 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ھەربىي قوشۇنى
60 كۈنگە يېتىدىغان يېمەك-ئىچمەك ۋە يەم-خەشەك ئېلىپ
ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ باركۆلدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان.
مەزكۇر قوشۇن ئاساسەن كۈندۈزى چېكىنىپ يېتىپ كېچىلىرى
ھەرىكەتتە بولغان. ئالدىنقى سەپتە يۈرگەن 1300 كىشىدىن
ئىبارەت بىر قىسىم چىن ئەسكەرلىرى 9-ئاۋغۇست كۈنى ئۈ-
لان ئۇسۇ دېگەن جايغا كېلىپ جوڭغارلارنىڭ قارا ئۇلىرىغا
تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلىپ 2 كىشىنى ئەسىرگە ئالغان. «ئۇ-
مەكتۇبىدە فۇنىڭئەن» 6-ئاينىڭ 26-كۈنى (1717-يىل 3-ئاۋ-
غۇست) مەن باركۆلدىن قولۇم ئاستىدىكى ئارمىيەنى ئۈچ قىسىمغا
بۆلۈپ سەپەرگە ئاتلاندىم. سەنجى داچىن ئالانغا ئۇيۇلاتلا-
نىڭ چېگراچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاغ-
لىرىنى قولغا ئېلىشىنى بۇيرۇدۇم. ئارمىيەنىڭ قالغان قىسمى
بىلەن مەن ئارقا سەپتە يۈردۈم. 7-ئاينىڭ 4-كۈنى (1717-يىلى

-114-

10- ئاۋغۇست) ئاقتاشقا يېتىپ كەلدۇق» دەپ يازغان
[63.4- دەپتەر، 16- ۋاراق، 1- بەت]. 16- ئاۋغۇست كۈنى فۇنىڭ
ئەنسىز ئەرمىيەسى ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقان. بۇ يەردە چىنلا
بىرقانچە ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ، ئازابلاپ تۇرۇپ سوراق
قىلغان ۋە جوڭغارلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىشكە ھەرىكەت
قىلغان [63.4- دەپتەر، 17- ۋاراق].

ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقاندا فۇنىڭ ئەنسىز ئادەملىرى
يول ئۈستىدىكى يېزا ۋە قىشلاقلارغا تۇيۇقسىزدىن باستۇرۇپ
كىرىپ ھەممىلا ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويغان، ئۇلارنى
ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى بۇلاپ ئالغان، ئەنە شۇ فۇنىڭ خوجۇلۇقىنى
ۋەيران قىلغان. بۇ ھەقتە فۇنىڭ ئۆزى «شۇ ئاينىڭ 11- كۈنى
(17- ئاۋغۇست) مەن تۈگمۈر بېشىغا (تۆككۈباش) يېتىپ كە-
لگىنىمدە ئادەملىرىم ئەتراپتىكى ئۇرماچىلىقلارنى ۋە تاغ خەل-
قلىرىنى تەسكىلەپ ئەكىشىپ 169 نەپەر ئەر- ئايال ئۇ-
يغۇرلارنى ئەسىرگە تۇتۇپ، كۆپ مىقداردا تۆگە، ئات ۋە
قويلارنى ئولجا ئالدى. شۇنىڭ 12- كۈنى ھەممە قىسىملىرىمنى
جەملەپ سەپەرنى داۋاملاشتۇردۇم» دەپ مەمنۇنلۇق
بىلەن يازغان [63.4- دەپتەر، 17- ۋاراق ۋە 18- ۋاراق]. فو-
نىڭ ئەن ئەرمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
يېزا ۋە قىشلاقلاردا ئەمەلگە ئاشۇرغان زوراۋانلىق ھە-
رىكەتلىرى سىياسىي كەڭكەشنىڭ كاڭشى خاقانغا 1717- يىلى
29- سەنە بەرگەن يازغان مۇراجىئەت خاتىسىدا ھەم ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن [63.4- دەپتەر، 23- 24- ۋاراقلار].

-115-

مەزكۇر ھۇجۇمدا جاناپ قوماندان ئۆز قوشۇ-
نلىرىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ھۇجۇمغا ئاتلانغان، يول ئۈ-
ستىدىكى جايلارغا تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلىپ كۆپ ئۆ-
يرات ۋە ئۇيغۇرلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئات،
تۆگە، كالا، قوي ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئولجىغا ئالغان.
ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلىپ، ئېكىنلىرىنى
ۋەيران قىلغان. دۈشمەن قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ھەر
تەرەپكە قاراپ قاچقان» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىش
مۇمكىن [4.63-دەپتەر، 23-ۋاراق.1-بەت، 24-ۋاراق 1-بەت].

كاڭشى خاقان خونلىڭ ئەسنانىڭ ئەرمىيە تەرىپىدىن
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلە-
رىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن خورسەن بولۇپ، ئۇ
ئالىي پەرمانى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسە-
تتى» دەپ تەكىتلىگەن [4.63-دەپتەر، 25-ۋاراق]. شۇ
بىلەن بىرگە كاڭشى سارايى ئەمەلدارلىرىغا كېيىنكى بىرگە
ئىتائەت قىلىشىدىن باش تارتسا، ئۇ قاتتىق جازاغا
تارتىلىشى كېرەك. كېيىنكى ئىتائەتسىزلەرنى جازالاشتا
قەھرىمانلىق كۆرسەتسە، ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشكە بولۇشى
مۇمكىن دېگەن پىكىرنى ئەيتىپ ئۆتتى.

1717-يىل 18-سىنتەبىر كۈنى بېجىڭگە شىمالىي يول
ئەرمىيەسى قوماندانى فوئەردەننىڭ ھېسابات نامىسى
يېتىپ كەلدى. مانا شۇ ھېسابات نامىسىنىڭ مەزمۇنىغا قار-
ىغاندا ئۇ 4,5 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن خوڭخەن ئەرمىيە-

-116-

سىدىكى بىر نەچچە كۈنى ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىپ 6-ئاۋغۇ-
ست كۈنى بالاباقارسو (بولو بوگەرسو) دېگەن جايغا
يېتىپ كەلگەن. بۇيەردە ئۇلارغا جوڭغارلار قارشىلىق كۆر-
سەتكەن. شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن ھوئەر-
دەنباغ چە ۋە ئازلىرى 15 كىشى ئەسىرگە چۈشۈرگەن.
سوڭ ئۇلار تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ
جوڭغارلارنىڭ مۇھىم ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغان جايلىرىنى ۋەيرانىگەرچىلىككە ئۇچراتقان ۋە
23-ئاۋگۇست كۈنى فوتەردىن ئۆز لەشكەرلىرىنى
ئېلىپ ئارقىغا قايتقان [63.4-دەپتەر، 17-ۋاراق،
2-بەت].

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەچ بېيجىڭگە فونگ-
گەن بىلەن فوتەردىنباغ قوشۇنلىرى ئۆز ئالدىغا قو-
يولغان ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆز جايلىرىغا
قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە بېيجىڭغا خەۋەر كەلگەندۇ. سوڭ
كاتتىشى سارايى ئەھلىگە مۇداھەت قىلىپ «ئۈچ ئەر-
مىيەنىڭ ھەممىسى مىسنىڭ ئالىي پەرمانىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇپ ساق-سالامەت ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى»
دېپ ئەيتقان [63.4-دەپتەر، 22-ۋاراق، 2-بەت].

كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار 1717-يىلى يازدا چىن
سولالىسى جوڭغار خانلىقىغا قارشى ھېچ قانداق ئاساس-
سىز ئۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقىنى تولۇق ئىسپات-
لاپ بېرىدۇ ۋە گۇمانىغا ھېچ قانداق ئورۇن قالدۇرمايدۇ؛

مەزكۇر تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت تامام بولغاندىن كېيىن
كاڭشى خاقان سىياسىي كەڭچىلىك ۋە تاشقى ئالاقىلا ۋە-
زىرلىكىگە يېڭى ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كۆرۈش ھەققىدە
پەرمان بېرىدۇ [4.63-دەپتەر، 23-ۋاراق].

خىتاي مەنبەلىرىدە چىن ئەرمىيەسىنىڭ 1717-يىلى
يازدا ئۈرۈمچىگە ۋە ئىرتىش دەرياسى بويلىرىدىكى بەزى
بىر جايلارغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە نى-
سبەتەن جوڭغار خانى قانداق مۇناسىۋەتتە بولغان-
لىقى ھەققىدە ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ جوڭغار خانلىقىغا
كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ،
ئەمما چىن سۇلالىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى مەزكۇر خان-
لىقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسەتتى.
جوڭغارلار بۇنىڭدىن خۇلاسە چىقارمىدى، دەپ ئېيتىش
مۇمكىن ئەمەس. جوڭغارلار نېمە ئۈچۈن چىن قو-
شۇنلىرىغا شۇنچە ئېچىرقاپ بېسىپ كىرىشتە ئۇلارغا
قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتمىدى دېگەن سوئال
تۇغۇلۇشى تەبىئىي. مەزكۇر سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن
ئاۋۋال تۆۋەندىكى تەبىئەتتە يۈز بەرگەن تارىخىي
ۋەقەلەرگە مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

يۇقىرىدا چىن قوشۇنلىرىنىڭ 1717-يىلى يازدا
جوڭغار خانلىقى ھۇدۇدىغا بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە
زىكىر قىلىندى. ئەينى ئىشۇ دەۋردە جوڭغار قوشۇنلىرى
تىبەتكە غەربىي تەرەپتىن تويۇقسىز بېرىپ ھاتتار

مۇۋاپپىقىيەتلىك ھەرىكەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى،

سيۋاڭ رابتاننىڭ تىبەتكە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەھەللىي خەلقلەر بىلەن چىڭلارغا قارشى قىلغان كۈرەشلىرى ھەققىدە خىتاي مەنبەلىرىدە ئىنتايىن كۆپ مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. مەزكۇر مەسىلە خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم كەڭ يارىتىلغان. ئەمما بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتلىك بولغان بىر قانچە مۇھىم تەپسىلاتلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى كاتتا خانلارنىڭ سىياسىي كەڭ ئەشكە بەرگەن پەر-مانلىرى ۋە كۆككۆل بەگى لوبسەن دەنجىن (لوبسان دەن-زان) نىڭ خاقانغا نامىغا يازغان بايانلىرى ئىبارەت، مەسىلەن: 1717-يىلى 5-ئۆكتەبىر كۈنى كاتتىشانىڭ مەزكۇر كەڭ ئەشكە بەرگەن پەرمانىدا قوماندان فۇنىڭ خەتلىك خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ئادىل قول (ئادۇ خولى) ئۇنىڭغا ئۆتكەن يىلنىڭ 11-ئايدا (1716-يىلنىڭ 14-دېكابىر كۈنىنى باشلىدۇق) سيۋاڭ رابتان، دوگور، سا-ندوق، لىسىرىن گۇداپ ۋە توبۇچى قاتارلىق زەيسەنلەرنى 6 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بىر قوشۇن بىلەن ئالىكىدىن ئۆتۈ-دىغان يول ئارقىلىق (تىبەتنىڭ) غەربىي تەرىپىگە ئەۋەت-كەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ (سيۋاڭ رابتان) نىمە ئۈچۈن قېچىشتى بىزگە قاراتقۇ. بەلكىم لازاڭ خانغا زەربە بېرەر يېنى ئۇنىڭغا يارنەم بەرمەس كېچىدۇر» دېپ بىزلىغان [4,63، دېپتەر، ...، 2-بەت].

-119-

شۇ يىلى 26-دېكابىر كۈنى ئىلانى قاپلىغان كاكۇشى-
نىڭ پەيدا بىر پەرمانغا «ھازىر سىياۋلىڭ دابان ئارقا
سەپىدىكى پاردىسى يوق بولغۇشقا قارىماي خاقانى ئۇزاق
ئايلانما يول ئارقىلىق تىبەتكە قوشۇن ئەۋەتىپتۇ. مەز-
كور قوشۇن ئۆتكەن يىلىنىڭ 10-ئېيدا (14-نويابىردىن 13-
دېكابىرغىچە) يولغا چىقىپ بۇ يىل 7-ئايدا كۇئېنلۇن ئۆ-
غەربى تىبەت تاغلىرىدىكى ئۇچمۇز تاغلارنى ئېشىپ
يېتىپ كەپتۇ» دەپ ئېيتىلغان [63. 4-دەپتەر، 35-ۋاراق،
2-بەت].

كۆكنۇر ھاكىمى لوبسەن دەنجىننىڭ بېيجىنگە يوللىغان
ۋە 1717-يىلى نويابىردا خاقان ساداپقا يەتكۈزۈلگەن مە-
كتۇپتە «سىياۋلىڭ دابان تىبەتنى قولغا تۇشۇرمەكچى
بولۇپ ئۇ يەرگە 3 مىڭ لەشكەر بىلەن سېرىن گۇداينى
ئەۋەتىپتۇ. لازاڭخان ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. لېكىن
كۆرەشتە تىبەتسە ھەر ئىككى تەرەپ غالىپ چىقماپتۇ.
سېرىن گۇداينىڭ لەشكەرلىرى ئۇزاق ۋە ئايلانما قار-
پوللىرىدىن يورۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، سومۇقتىن
كۆپ ئادەملىرى نابۇت بوپتۇ. ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئاتلارنىڭ
ۋە تۆگىلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشىپتۇ. ھەممە لەشكەرلەر پىيادە
مېڭىپ كەپتۇ. يېتىپ كەلگەن 3 مىڭ لەشكەرلەر ئىچىدە تو-
پراقلاردىن ئۆرۈكچىغا چىلىكلەر كۆپراق ئىكەن ئەۋەق، شۇلاردىن
25 مىڭ كىشى ئىسەن-ئامان يېتىپ كېلىشكە مۇيەسسەر
بوپتۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن [4،63-دەپتەر، 30-ۋاراق، 1-بەت].

ياپون تارىخچىسى ئىناباكونزاڭ «داكاگشىنىڭ
55-يىل (1716) 10-ئايدا سېۋاڭ رابداننىڭ جوڭ لەشكىرى
گوداينى 8 مىڭ لەشكەر بىلەن چۆلنى ئايلىنىپ خوتەننىڭ
جەنۇبىدىكى موز تاغ ئارقىلىق تىبەتكە ئۆتكەن.
بولاكىسالىدىغان يىلىنىڭ 7-ئايدا تىبەت چېگراسىغا يېتىپ
بېرىپ، گاڭلارىنىڭ تول قالغان خوتۇنىنى تىبەتكە قا-
يتۇرۇپ بېرىشنى باھانە قىلىپ، تەڭرى كۆل (تەڭگىرى-
ھازىرقى خامپو كۆلى) ئارقىلىق تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم
باشلىغان» دەپ زىكىر قىلىدۇ [207.67-بەت].
يۇقىرىدا ئۈچ خىل رەسمىي ھۆججەتلەردىن ۋە يا-
پون تارىخچىسىنىڭ كىتابىدىن كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار
سېۋاڭ رابداننىڭ 1716-يىلى باھاردا چىن ھۆكۈمىتىنىڭ
دىگەرنۆچىن خاقانغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تار-
تىشى، ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش باشلاش ھەققىدىكى
مەلۇماتنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن تىبەتكە قوشۇن ئەۋە-
تكەنلىكىنى ۋە بۇ ھەقتە ھېچ قانداق گۇمان تۇغۇلما-
سلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
تىبەتتە جوڭغار لەشكەرلىرى قانداق ھەرىكەت
قىلغانلىقى ھەققىدە سۆز يۈرگۈزۈش بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز
ۋەزىپىسى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. شۇلىسە ۋەيدىنى بۇ
مەسىلىنى بەتەپسىل بايان قىلىشنى ماقۇل كۆرۈلمىدى.
ئەمما بىز ئۈچۈن مۇھىمى تىبەتتە ئويراتلارنىڭ پەيدا
بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ مەھەللى خەلق يارىدىمىدە ھەرىكەت قىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىن سۇلالىسىغا قاراشلىق كەسىر قوشۇنلىرى قىزىقتۇ-
رۇدۇ. سىۋالىڭ رابداننىڭ لەشكەرلىرى تىبەتكە يېتىپ كە-
لىگەنلىكىنى چىن خانىدانلىقى 1717-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ با-
شلىرىدا بىلدى. بۇ ۋاقىتتا قوشۇنىڭ ئەن بىلەن فوقەرەدەن
تۇشۇنلىرى ئورۇنچىلىك ۋە ئىزىرتىش دەرياسى بويلىرىدا ھۇجۇم
قىلىپ قايتقان ۋە كەلگۈسى يىلى رەسمى ئۇرۇش باشلا-
شقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىدى. دەسلەپتە كاڭشى خاقانى
باشلىق بارلىق سارايى ئەھلى جوڭغارلارنىڭ تىبەتتە چوڭ
يوتۇق بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا ئىشەنمەيدى، ئەمما بۇ چە-
يىتتە لازاڭخان ئۇلارنى قوللاپ قوۋۋەتلەمدۇ ۋە ياكى ئۇلارغا قا-
رشى كۆرەش قىلامدۇ دېگەن ئىشەنچسىزلىك ئۇلارنى كۆپرەك
ئەنسىرەتكەن، چۈنكى لازاڭخاننىڭ سىۋالىڭ رابدان بىلەن
قودىچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چىڭلار خەۋەردار بولۇپ (سى-
ۋالىڭ رابداننىڭ ئوغلى لازاڭخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن)
مەزكۇر قۇدىچىلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا جوڭغار خانلىقى
بىلەن تىبەت ئىتتىپاقداش مەملىكەتلەرگە ئايلىنىش ئېھتىمالى
بارلىقىنى لازاڭخان سىۋالىڭ رابدان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ
قالسا، كۆكنۇرلۇق بەگلەر ھەم ئۇلارنى قوللاپ قوۋۋەتلەپ
قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ۋە بۇ ھالدا مەركىزى ئاسىيادىكى چىن
ئىمپېرىيىسىگە قارشى كۈچلەر زورىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.
بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە كاڭشى جوڭغارلارنىڭ تىبە-
تكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆكنۇرغا ئۆتكۈزۈپ، سىرىن ۋە
بوداي قاتارلىق ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، مەھەللى بەگلەرنى

-122-

جوڭغارلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسى
تاپشۇرغان [63. 4-دەپتەر، 25-26-ۋاراق].

مەزكۇر ئەمەلدارلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى خاقان
ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر ۋەزىپىنىڭ زورۇرلۇقىنى چۈشەن-
دۈرمەستە تەكىتلەپ ئۆتكەن: «سىزلەر كوكنورغا ئۆت-
تۇڭ تاقىنىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىزلەر يوللارنى ياخشى
بىلىسىلەر. ئەگەر لازاڭغان سېۋاڭ رابدان ئەرمىيەسىگە
زەربە بېرىپ غالىپ چىقالىسا، سىزلەرنى چاقىرتىپ ئا-
لىمەن. لېكىن بۇنىڭ ئەكسى بولۇپ سېۋاڭ رابدان لازا-
ڭغاننى ئۇتسىدىن غالىپ چىقسا، سىزلەر كوكنور بەگلىرى بىلەن
بىرگە ھوجۇمغا ئاتلىنىشىڭلار لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن
بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سېلىش كېرەك. مەھەللى
بەگلەرنى ئالىي پەرمان بىلەن تونۇشتۇرۇڭلار. ئەمما ئۇلاردا
گۇمان تۇغۇلماسلىقى ياكى باشقا بىر پىكىر پەيدا بولما-
سلىقى شەرت. ھەممە مەسىلە ئۇلار بىلەن تىل تېپىش
لازىم. لازاڭغان سېۋاڭ رابدان ئەرمىيەسىنى قوغلاپ قو-
ۋەتلەپ بىرگە لەيپىنخوشۇچىغا ھوجۇم قىلىپ قىلىش ئېھ-
تىمالى يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كوكنور بەگلىرىگە
سېۋاڭ رابدانىنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيەنىڭ دۈشمىنى ئىكەن-
لىكىنى ۋە لازاڭغان ھەم ئۇنىڭغا قوشۇلسا دۈشمەن ئىكە-
نلىكىنى ئايلىنىشنى تونۇشتۇرۇڭلار. بۇ ئىشتا خان بۇرۇنقى گوشى-
خاننىڭ (كوكنور ھاكىمى، روس ئەنبىياسى تورە بەيخو،
كۆپىنچە تەيشە) باللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈپ ۋە

-123-

ئولانى ھىمايە قىلىپ كەلگەن ھازىرلەم ئولا ئالى ھەممەتكە
سازاۋار بولۇپ كەلمەكتە. ھازىر بوغدا خان تەرىپى تۇرۇپ
ھەرىكەت قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئۆز مەنسە تىرىشچانلىقلانى
بىلدۈرۈۋاتقان پەيت كەلدى دەپ ئەيتقىلى دەپ جاكالىغان
[63. 4-دەپتەر، 25-ۋاراق 2-بەت، 26-ۋاراق 1-بەت].
شۇ بىلەن بىرگە كوكنورغا ئوۋە تىلىگەن مەزكۇر
ئەمەلدارلارغا كاڭشى ھەر ئىشتىمالغا قارىشى خەتايىنىڭ
سېپىدىن ئۆلكىسى ۋە شىنىڭ (ھازىرقى كوكنور ئۆلكىسى
مەركىزى) ئەترابىدا 100 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت چىن ئە-
رمىيەسى ئولۇغ خاقان ئەھرىگە قارشى چىققانلارنى جازا-
لاش ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ،
كوكنور بەگلىرىنى بىر ئاز قورقۇتۇپ قويۇشنى ھەم ئەستىن
چىقارماسلىقنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئەكىلەپ ئۈتتى [63. 4-دەپتەر،
25-ۋاراق، 2-بەت، 26-ۋاراق 1-بەت].
1717-يىلى يوپاپىرىدا كوكنور ھاكىمى لوبسەن دەن-
جىن تىبەت ھاكىمى لازاڭخاننىڭ ئوردىلارغا قارشى
كورەشكە ئاتلىنىش ھەققىدە بىچىگە خەۋەر يوللايدۇ [63.
4-دەپتەر، 26-ۋاراق]. مەزكۇر خەۋەر بىلەن تونۇشقاندىن
كېيىن چىڭ خانى ئالىقىدا تىبەتتە يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىيەلەر
بويىچە ئەنقىر قارارغا كېلىپ، كوكنور بەگلىرىنى تىبەتتىكى
جەنلەرگە قارشى كۈچلىرىنى جاسۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلماقچى
بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كاڭشى بىرنەچچە يېغى بوھەققەتە كوكنور
بەگلىرىگە مەخسۇس پەرمان يوللايدۇ، پەقەت بىرنەچچە يېڭى

-124-

پرنك سارای ئەمەلداری سیۋالخ نۇربو، ئەرمىيە قوماندا-
نلوی ئاچىق ۋە ئالىتى لانغا ئۇز ئەرمىيەلىرى بىلەن كوكنور-
غا بىرلىشى ۋە بۇ چەردىكى ئەللەرقى تۈركىستاندىكى تىبە-
تدىكى ئۇيرات ئە تەرەپلەرلەرگە يارەم بىردىغان يوللانى
توسۇشنى ھەممە موھىم ھەرىي ئەھمىيەتكە ئىگە پەرلەرنى
مەھكەم ئىگەللەپ تۇرۇشنى بۇيرىدى [63،4-دەپتەر،
13-ۋاراق ا-بەت].

مەزكور ئالى پەرمانغا ئاساسەن 1718-يىلى 9-
مارت كۈنى 6مىڭ چەۋەندازدىن ئىبارەت كوكنور قوشۇنى
تىبەتتىكى ئۇيراتلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئارىدىن
كۆپ ئۆتمەي سیۋالخ نۇربو باشچىلىقىدىكى چىن ئەرمىيەسى
ھەممەنزىلگە يېتىپ بېرىپ، تىبەتكە بارىدىغان يارلىق
يوللانى ۋە داۋانلانى ئىگەللەپ ئالدى [63.4-دەپتەر، 31-
ۋاراق ا-بەت]. ئەينى زاماندا جوڭغار خانلىقى تىبەتكە يار-
دەم ئۆۋەتكەنلىكى ھە قەتتە خەتلەر مەنبەلەردە ھېچ
قانداق مەلۇمات كەلتۈرۈلمەيدۇ.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تىبەت ھاكىمى
لازاڭخاننىڭ بېجىنگە مەكتۇپ كەلگەن. ئۇشبۇ مەكتۇبدە
پىرلىشىپ قارىغاندا ئۇيراتلار تىبەتكە يېتىپ كەلىپلا مەزكور
ھاكىمگە قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىككى ئاي داۋامىدا ئۇلار
ئازغىنا كۈچ بىلەن غالىب چىقىپ، پۈتۈن تىبەتنى ئىگەل-
لەيدۇ [63.4-دەپتەر، 43-46-ۋاراقلار]. ئۇشبۇ مەلۇماتقا
قارىغاندا ئۇيراتلار مەھەللى خەلق تەرىپىدىن قوللاپ-

قوۋەتلەنگەنلىكى، ئەكسىچە ھالدا ئۇلارنىڭ غالىپ چىقىش قىلالىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۇيراتلارنىڭ نىسبەتەن غالىپ چىقىشى بۇ يەردىكى چىڭ ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە زىيىنىنى كەسكىن ئۆزگەرتۈردى. كۆكنۇر خەلقىنىڭ ھەم ئۇيراتلارغا قوشۇلۇپ چىڭلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىشى ۋە مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ھەم قولدىن كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش پىلانىنى ۋاقتىنچە ۋاز كېچىشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى نىسبەتەن قايتا قولغا كىرگۈزۈشكە، مەزكۇر مەملىكەتتىكى ئۇيرات قوشۇنلىرىنى كۆكنۇرگە ئۆتكۈزمەسلىككە قارشىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كاڭشى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇغلى چوڭىغا [42، 1-توم، 263-بەت؛ 902-211-بەتلەر] نىسبەتەن قايتا ئىشلاپ قىلىش ۋەزىيىتى ئاپىشوردى ۋە ھەربىي كەڭلىشكە نىسبەتەن ئەرمىيە ئەۋەتىش ئۈچۈن زورۇر بولغان بارلىق تەييارگەرلىك ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چارە-تەدبىرلەر كۆرۈشنى بۇيرۇدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى نىسبەتەن ئەرمىيە ئەۋەتىش ئىمكانىيىتىگە 1720-يىلى ئېرىشتى. مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە نىسبەتەن چىڭ ئەرمىيەسى ئىككى يول بىلەن - سىتنىڭنى باشلاپ غەربىي كۆكنۇر ۋىلايىتى ئارقىلىق ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ داجەنلو (ھازىرقى كاڭدىڭ) ئارقىلىق يۈرۈش قىلدى.

-126-

ئىشىنىدىنى يولغا چىققان چىن قوشۇنلىرىغا يېتىشىش ئۈ-
داچە بولۇدىنى يولغا چىققان قوشۇنلارغا كېيىنكى قاتار-
لىق ئەرمىيە قوماندانلىرى باشچىلىق قىلدى [211-902-
بەتلەر]. بۇلارغا پارىمچى سۇيىقەستچى خالىغا بەگلىرى
لەشكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان قىسىملار ھەم قوشۇلدى.
نەتىجىدە چىن ئەرمىيەسى ئۈچ يىل داۋامىدا تىبەتتە
ئۇرۇش قىلىپ مەزكۇر مەملىكەتنى ئاخىرىدا قولغا ئالدى
[262-409-بەتلەر].
يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن
تۆۋەندىكى خۇلاسىلەرنى چىقىرىش مۇمكىن:
1) جۇڭغار خانى سىۋاڭ رابتاننىڭ قوشۇن
ئەۋەتىشى ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە تىبەتنى ئىستىلا
قىلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكىتى دەپ قاراش مۇمكىن
ئەمەس.
2) جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ تىبەتكە بېرىشى
چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا تە-
جاۋۇزچىلىق خەۋپىنىڭ تۇغدۇرۇلۇشى بىلەن چە-
مبەرچەس باغلىق دەپ بىلىش لازىم.
3) ئەينى زاماندا سىۋاڭ رابتان چىن ئىمپېر-
يىسىگە يەككە ھالدا توغرىدىن-توغرا قارشى
ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەرمىيەسى ھۇجۇمغا بەرداشلىق
بېرىش قىيىنلىقىنى ھېس قىلىپ، 1690-1697-يىللىرى
جۇڭغار خانلىقى بىلەن چىن ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا

-127-

خالىغىنى يوزبەرگەن ئۇرۇش نەتىجىلىرىنى ۋە تەجرىبە-
لىرىنى مۇلاھىزە قىلغان ھالدا ئۇرۇمچى ۋىلايىتىگە ۋە
ئېرتىش دەرياسى بويلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن چىن
ئەرمىيىسىگە قارشىلىق كۆرسىتەلمىسىمۇ دۈشمەنگە
باشقا تەرەپتىن زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەجاۋۇزچىلىق
پىلانلىرىنى يوققا چىقىرىش تاكتىكىسى قوللانغان. ئۇشبۇ
تاكتىكىنى قوللىنىشتا نىسبەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازات-
لىق ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىش لازىملىقىنى ياخشى
تونۇشلىغان.

4) سىيۇلخىدا بىدانىڭ ئاز كۈچ بىلەن يېرىيات
كۆچكە ئىگە بولغان ئەجاۋۇزچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى
بەربات قىلىش پىلانلىرى ياخشى نەتىجە بەرگەن. دەر
ھەقىقەت چىن ھۆكۈمىتى نىسبەت قولدىن كەتكەندىن
كېيىن شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىش ئۇرۇشىنى توختۇ-
تۇشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى نىسبەت قولدىن كەتسە
كۆكسۇدىن ئىگەللەپ تۇرۇش قىيىنلىقىنى ۋە بۇ ئىككى
مەملىكەتلەرنى قولغا ئالالمايدىغانلىقىنى تونۇپ، شەرقىي
تۈركىستانغا ئەرمىيە كىرگۈزۈش ياخشى نەتىجە
بەرمەيدىغانلىقىنى چىن سولالىسى ياخشى بىلگەن.

-128-

## 7.1. 1720-1725-يىللىرى چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تۇرپاننى ئىگەللەپ ئېلىش ئۈچۈن قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى.

چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تۇرپاننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ۋە بۇ ۋىلايەت ئۈچۈن جوڭغار خانلىقى بىلەن توقۇنۇش تارىخى ئەدەبىياتلاردا كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ [234،206-بەت؛ 265، 371-بەت؛ 95، 82-83-بەتلەر ۋە باشقىلار] كەم ئۆگۈنۈلگەن بىر تارىخى ۋەقە بولۇپ كەلدى. شۇ بىلەن بىرگە ئىلمىي مۇئامىلىگە يېتەرلىك مەلۇماتلار كىرىشتىلمىگەنلىگى سەۋەبىدىن مەزكۇر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ جەريانى ھەمدە چىڭ ئەرمىيەسىنىڭ جوڭغار خانلىقىغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن جوڭغار چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تىبەتتىكى توقۇنۇشلىرى بىلەن بىۋاسىتە باغلىق بولغانلىقى نامەلۇم بولۇپ كەلگەن. ھەتتا بەزىبىر ئەدەبىياتلاردا تۇرپان ۋەقەسىگە توغرا باھا بېرىلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ ۋەقە ھەققىدە تولۇقىراق توختاپ ئۆتۈشنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدۇق.

1717-يىلى ئاپرېلدا چىڭ سارايىدا جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلاش ھەققىدە جىددىي مۇزاكىرە كېتىۋاتقاندا شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئامىرلىغان

چىن ئەرمىيەسى قوماندانى خۇنلىڭ ئەن تورپان، قومۇل
ۋە باركۆلدىكى تۇغقا ئىلى ۋادىسىغا بارىدىغان يولنى جا-
پلاشقان بىر مۇسۇلمان ۋىلايەت دەپ باھالاپ ئەلگە ئا-
لدى بىلەن مەركىزى ۋىلايەتنى ئىگەللەپ ئىلىش لازىم
دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇدۇ [63، 4- دەپتەر،
5- ۋاراق 2- بەت]. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇشبۇ تەكلىپ ئە-
ساسىدا جەددى مۇزاكىرە باشلاندى. بەزىبىر چىن ئەمە-
لدارلىرى خۇنلىڭ ئەنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپ چىقتى. باشقا
بىرلىرى تورپاننىڭ ئۆزا قىلىقىنى ۋە ئۇنى ئىگەللەپ ئالغا-
ندا ھەم جوڭغارلارنى ھىمايە قىلىش قىيىنلىقىنى ئەيتىپ،
ئۇشبۇ چىن ئەرمىيەسى قوماندانىنىڭ پىكرىگە قارشى
چىقىشتى. نەتىجە كاڭشى خاقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ
پىكرلىرىنى ئىناۋەتكە ئالىپ، خۇنلىڭ ئەنگە ئالدى بىلەن
تورپان ۋىلايىتىنىڭ ۋە زېمىنى ھەرتەرەپلىمە ئۆگىنىپ
چىقىشنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش
تۇتۇشنى بۇيرۇدى.
« ئۇلۇغ ئەرمىيەمىز ھۇجۇم باشلىغاندا-دەپ
جاكالىدى كاڭشى سىياسى كەڭەشتە مۇراجەت قىلىپ-
ئەگەر ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپ قالسا، تورپاننى ئىگەللەپ
ئېلىش، يوقارلىرىنى تىڭلاندۇرۇش ۋە قومۇلغا ئوخشاش
دۆلىتىمىز داخىرىسىگە قوشۇپ ئىلىش كېرەك. ئەگەر
ئۇنى قولدا ساقلاپ قىلىش قىيىن بولسا ياكى ئۇ يەرگە
ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىمىز كەملىك قىلىپ قالسا ياكى سىۋالخ

-130-

رابان تورپاننى قۇتقۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئەرمىيە ئەۋەتسە
ۋە يەرلىك خەلق بىزگە قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇ ھالدا بىز
تورپاننى قايتىدىن قولدىن بېرىپ قويىمىز. بۇ بىزنىڭ
شۆھرىتىمىزگە داغ چۈشۈرۈش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئەرمىيەمىز قوماندانلىرىغا پەرمان بېرەمىزكى، مە-
سىلىنى ھەرتەرەپلىمە قاراپ كۆرۈشسۇن. ئەگەر قىيىنچىلىق
ياكى ئىشەنچسىزلىك پەيدا بولغىدەك بولسا، ئۇرۇقچىلىكە
ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ، ئارقىغا قايتسۇن»
[63. 4 – دەپتەر، 7 – ۋاراق 1 – 2 – بەتلەر].
چىڭ سۇلالىسى تارىخى يېزىلىشىغا قارىغاندا چىڭ
خانلىقى تورپاننىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر
گۇرۇھ ئادەم ئەۋەتكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ
ئادەملەر جۇڭغار خانلىقىنى بويسۇندۇرماستىن تورپان
تورپاننى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېلىش قىيىنلىقىنى ئېيتىپ بۇ
يەرگە ئەرمىيە ئەۋەتىش مەقسەتكە مۇۋاپىق بولما-
سلىقىنى دېگەن پىكىرنى بوغداخانغا جاۋاب قىلىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن تورپاننى ئىگەللەش مەسىلىسى ۋاقىتچە
كۈن تەرتىپىدىن چىقىرىلىدۇ [57، 4 – توم، 35825 – بەت؛
58، 1 – توم، 56 – 57 – بەتلەر]. شۇڭلاشقا قوناغنىڭ ئە-
ننىڭ ئۇرۇقچىلىكە قالغان ھۇجۇمى ھەققىدە يازغان
ھېساباتى مەكتۇبىدە تورپانغا قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى
تىلغا ئېلىنمايدۇ [63، 4 – دەپتەر، 11 – 13 – ۋاراقلار].
1718 – 1719 – يىللىرى داۋامىدا جۇڭغارلارنىڭ

-131-

تىبەتتە موڭغۇل يېڭىدىن ئىلىك ھەرىكەت قوزغىغانلىقى
ۋە بۇ ئۇرۇشنى ئېچىش چىڭ ھۆكۈمىتىگە پايدىلىق بوغدىخا-
نىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن بەگلەر ئۈچۈن بىلەن
تىبەتتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا قارشىلىقان
ھەرىكەتلىرى نەتىجە بەرمىگەنلىكى ھەققىدە كېيىنكى-
يىلىدىكى مەلۇماتلار كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
چىڭ خانلىقى تىبەتكە ئەتراپىدىكى ئۆلكىلەردىن قوشۇن
تاشلاپ جۇڭغارلارنى بۇ يەردىن سىقىپ چىقىرىشقا ئورۇ-
نۇدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر ھەم نەتىجە بەرمىگەندىن 1720-يىلى
تىبەتكە چوڭ ھەربىي كۈچ كىرگۈزۈشكە قارار قىلىدۇ. مانا
شۇ قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىشىق يوللىرىنى ئىشلە-
پ چىقىرىلغان بوغدىخان سارايى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تىبەتكە
قوشۇن تاشلاش ئىمكانىيىتىنى يوق قىلىش لازىم دېگەن ئەقلىيە
ئۆلتۈرۈشقا قويۇلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچى ۋە
تۇرپان ۋىلايەتلىرىنى قولغا ئالماي تۇرۇپ شەرقىي تۈ-
ركىستاندىن تىبەتكە چوڭ قوشۇن تاشلاش ئىمكانىيىتى
يوق قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەن پىكىر كۆپچىلىك چىڭ
ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلىنىدۇ. مەزكۇر
پىكىرنى كاڭشى خاقانى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. 1720-يىلى
6-ماي كۈنى چىقىرىلغان مۇزاكىرە لەرنى كىن چىڭ ھۆكۈمىتى شە-
رقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىگە 15
مىڭ كىشىلىك ئىبارەت ئەرمىيە ئەۋەتىشكە ۋە بۇ جايلارنى
ئىگىلەشكە قارار قوبۇل قىلىدۇ. مەزكۇر تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش قونغان، ئالان ۋە چالىشقا تا-
پشۇرۇلىدۇ. ئىشلەپ چىقىلغان ئەمەلى رىجىگە بىنائەن
قونغان 8 مىڭ چىن لەشكەرلىرى بىلەن غەربى جە-
نۇبى ماڭغۇلىيەدىكى بولغان (بولاخەن) دېگەن جايىدىكى
ئوردۇ مېچىكە قاراپ ھەرىكەت قىلىش ئالان بىلەن چالىش
باركول پېدىكى بولۇر دېگەن جاي ئارقالىق تورپانغا قاراپ
7 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيە بىلەن ھوجومغا ئاتلىنىش
بۇيرۇلغان [57، 1-توم، 35827-بەت].

بۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ھەققىدە
چىن سولالىسى تارىخىنىڭ بىرىنچى جىلتىدا 7-ئاينىڭ 8-كۈنى
(1720-يىل 11-ئاۋغۇست) قونغان ئەن، ئاقتاش ۋە ئىشەربو-
ئەربۇر ئۇغۇرلىرىدا ھوجوم قىلىپ غالىپ چىقىشى، بويەر-
نىڭ تەيجىسى (ھۆكۈمدارى) پويموپەيرنى ئەسىرگە ئېلىشى،
ئالانىڭ ئەرمىيەسى ئۇغۇلا بىلەن چىقىشىدا (چىكى تامو)
ئۇچرىشىپ ئولانى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە ھەممىسى
ئەسىرگە ئالىدى. سولۇن چىپانغا قاراپ يۈرۈپ بويەرنى
ھەم تەسلىم قىلدى. مەزكۇر ئەرمىيە تورپانغا بارغاندا
بويەرنىڭ بېگى ئاقسولتان (ئاق سۇئەدۇن) ئادەملىرى
بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىتائەت ئىكارلىق بىلدۈردى.
12-كۈنى قونغان كېرمارغو (كەرماخانەرگى) ئۇغۇرلىرىغا ھو-
جوم قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى يوق قىلدى ۋە 600 ئادەمنى
ئەسىرگە ئالدى. زەيسەن جەيكىنى قولغا ئېلىپ ئۇنىڭ
ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى. سولۇن ئارقىغا قايتىپ كەلدى. بەيكىن

بېشىغا يەتكۈزۈلدى. چىلىش جان بەر (جان بېرەر) نۆ-
رىيانى بويىدا ئۇيغۇرلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ
باشلىقى زەيسەن چىپۇتېننى 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم
لىرى بىلەن بىرگە ئەسىرگە ئالدى... 9-ئاينىڭ 8-كۈنى
(9-ئۆكتەبىر) فۇنىڭ ئەن ئەرمىيەسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ
كەلدى» دەپ زىكىر قىلىندۇ [57. 1-توم 35828-بەت].

چىن ئارخىپىنىڭ ئالتىنچى جىلتىدا يوزەرەن «8
مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيەنى باشلاپ بولغاندىن (بو-
لامىن) گىرزا رغوغا (گىرزا ئەرگى) كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە
ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى يوق قىلىپ، يۈزگە يېقىن زە-
يسەن ۋە ئۇلارنىڭ يوقىرىلىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. بۇندىن ئاشقىرى
ئۇلانغو چىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بوغدا يىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى»
دەپ يازىدۇ [57. 6-توم، 39844-بەت].

چىن ئەرمىيەسىنىڭ تورپانغا قىلغان ئاجاۋۇزچىلىق
ھەرىكەتلىرى ھەققىدە فۇنىڭ ئەننىڭ 2-يىلى بېشىغا
ئەۋەتىلگەن ھىساپات مەكتۇبىدە بەتەپسىل بايان قىلىندۇ.
«8-ئايدا- دەپ يېزىلىدۇ مەزكۇر مەكتۇپتا -... ئالان ب-
چانغا يېتىپ كەلدى. مەزكۇر شەھەردىكى مۇسۇلمان لەشكەر-
لىرى قورو قالاۋاتقان ئىكەن. بىزنىڭ ئەرمىيەمىز ئۇلارغا
ھوجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن بىرنى ئەسىرگە ئۇلشۇردى. سولىڭ ئۇ-
نىڭغا بىز سېۋالنىڭ دابانى چاۋالاش ئۆچۈن كەلدۇق،
سىزلەرگە ھېچ قانداق داۋايىمىز يوق، ئەگەر بىزگە ئىتائەت
قىلساڭلار بىز سىزلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز. ئەكسى ھالدا سىزلەرنى

-134-

يوق قىلىپ تاشلاپ، شەھەرلەرنى بۇزۇۋەتمەي، كىشى
پۇشايمان يەپ قىلىشقىلا مۇمكىن. سەن بېرىپ بولغىچە
ھەممىگە ئېيت دەپ قويۇۋەتتۇق. شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە
پىچان مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشلىقى 300 كىشى بىلەن كېلىپ
تەسلىم بولدى. 8-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۇلۇغ ئەرمىيەمىز
تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. يەرلىك ئاق سۇلتان ۋە ئاقسا-
قال لشاقچى بى (شاكى جى بى) ئۆز ئادەملىرى بىلەن كېلىپ
تەسلىم بولدى»» [234. 206-بەت].

تۇرپانغا چىن ئەرمىيەسى يېتىپ كېلىشى ئەرپىسىدە
يەرلىك بەگلەر ئارىسىدا ئالاش-تارتىشلار يۈز بېرىۋات-
قان ئىدى. ئەمىن خوجا باشلىق بىر گۇرۇھ كىشىلەر چىن
ئەرمىيەسى ياردىمىدە جۇڭغارلارنىڭ تەسىرىدىن ئازات بولۇپ
ئېلىشنى [234-209-بەت] ئاجىزخوجا (ئاچى) باشلىق
ئىككىنچى بىر گۇرۇھ زاتلا جۇڭغارغا ئىلىقى تەسىرىدە سا-
قالىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە چىن ئەرمىيەسىنىڭ ئاجاۋۇزچىلىق
ھەرىكىتىگە قارشى چىقىشنى مەخسەت قىلىپ تىلىشقان
[234. 210-بەت]. 1720-يىلى (كونا خىتاي كالىندارى
بويىچە 7-ئاينىڭ 10-كۈنى) 13-ئاۋغۇست كۈنى تۇرپان
ئەھلى ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرغان بىر مەزگىلدە ئالانىڭ
قوشۇنلىرى پىچانغا ھۇجۇم قىلدى. مەھەللى خەلق ئا-
جاۋۇزچىلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئامما چىن
ياردىمىنى پايدىلىنىپ، جۇڭغارلارغا قارشى كۆرەش
قىلىشنى دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ باسقۇنچىلار تەرىپىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە پىچانلىقلارنىڭ
ھەم بىرلىكى يوقۇلۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئالان
قوشۇنلىرى پىچاننى تىزلا ئىگىلەپ ئالدى. شۇنىڭدىن
كېيىن چىڭلار تۇرپانغا ھۇجۇم باشلاپ ئىمىن خوجا ۋە
ئۇنىڭ ئادەملىرى ياردىمىدە ئاجىز خوجا تەرەپدارلىرىنى
مەغلۇبىيەتكە ئۇچۇرۇتۇپ، تۇرپاننى ھەم قولغا
كەلتۈرىدۇ [234. 206-بەت]. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭلارغا
قارشى كۈرەشچىلەر ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ ئاقسۇ ۋە
ئۈچ (ئۈچتۇرپان) ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر
بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ شەھىرى ئۈچتۇرپان دەپ
ئاتىلىشقا باشلىدى. مەزكۇر نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ
كەلمەكتە. خىتاي مەنبەلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرىدا ئۈچ
شەھىرى ئۈچ دەپ ئاتالدى. ئۈچتۇرپان 1720-يىلىغىچە
ئۈچ (چېكىسى، چېگرا شەھىرى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ئاتا-
لغانلىقى مەھەللى مەنبەلەردە ھەم ئۇچرايدۇ [290،
3-توم، 173-بەت].

يوقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارنى بىر-بىرىگە
سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىش نەتىجىسىدە، خۇلاسە قىلىپ
ئېيتىش مۇمكىنكى 1720-يىلغىچە تۇرپان ۋىلايىتى جۇ-
ڭغار خانلىقى تەسىرى ئاستىدا بولسىمۇ، بۇيەردە مۇنتەزىم
رەۋىشتە جۇڭغار قوشۇنلىرى جايلاشتۇرۇلمىغان، ئۇ-
شبۇ ۋىلايەتنى جۇڭغارلار مەھەللى بەگلەر ئارقىلىق نازارەت
قىلىپ تۇرغان. بۇ ئەھۋال بەزىبىر يەرلىك بەگلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ

-136-

تەرەپدارلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن
چىن ئىمپېرىيەسى تولۇق پايدىلانغان. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ
ئاھالىسى ئارىسىدا بىرلىك يوق بولۇشى ۋە بەزىبىر بەگلەرنىڭ
چىن ئىمپېرىيەسى ياردىمىگە تايىنىپ جۇڭغار خانلىقىغا
قارشى تۇرۇشى ماقۇل تاپقانلىقى چىن قوشۇنلىرىنىڭ مە-
زكۇر ۋىلايەتنى كۆپ قېتىم ئالماسىدىنى بېسىۋېلىشىغا قولاي
شارائىت يارىتىپ بەرگەن. تۇرپاننىڭ چىن ئىمپېرىيەسى
قولىغا ئۆتۈپ قېلىشى جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن چوڭ خە-
ۋىپ تۇغدۇرغان.

بۇنداق ۋەزىيەتتە جۇڭغار خانلىقى چىن قوشۇنلىرىنى
تۇرپاندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا
مەجبۇر بولۇپ بۇ يەرگە ئەسكەر ئەۋەتتى. 1721-يىلى
يازدىن باشلاپ بېجىن سارايىغا كەينى-كەينىدىن تۇرپانغا
جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە بۇ يەرگە قوشۇمچە
كۈچ ئەۋەتىش لازىملىقى، ئەكس ھالدا ئۇنى قولدا سا-
قلاپ تۇرۇش قىيىنلىقى ھەققىدە مەلۇمات كېلىشكە باشلا-
يدۇ. بۇنداق مەلۇماتلار بايان قىلىنغان مەكتۇپلەرنىڭ
بىرىدە قاراباش ئۆمچى (خوبۇس ئۆمچى) زەيسەن
500 نەپەر جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ ئۇيغۇر-
لارنى قورشاپ ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپ تالاپەت كۆردى.
ئەگەر مۇسۇلمانلارغا ياردەم ئەۋەتىلمىسە، ئويراتلارنى
چېكىندۈرۈش مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنى كىم ھىمايە قىلىش
كېرەكلىك بولىدۇ. ئاز سانلىق قوشۇن بىلەن ئۇ ئىشنى

-137-

ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇ يەرگە كۆپ سانلىق قوشۇن جايلاشتۇرۇلسا، يېمەك-ئىچمەك تەمىناتى مەسىلىسى مۇرەككەپلىشىپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ تۆنلەي قوشۇن قالدۇرماسلىقان بولساق 10 ئايغا يەتمەي لۈكچۈنلىكى ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ كېتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر قوشۇنلىرىمىزنى قايتۇرۇپ كەتسەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار دەرھال پايدىلىنىپ ئالىدۇ»دەپ يېزىلغان[234. 20-بەت].
ئۇشبۇ مەكتۇبنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا تۇرپان ۋىلايىتىدىكى چىن قوشۇنلىرى جوڭغار لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆز ئەرمىيەسىنىڭ تۇرپاندا جوڭغارلارنى يېڭالىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خاقان ئاچچىقلاپ قاتتىق خاپا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ھەقتە پۈتۈن مەركىزى ئاسىيادىكى خاتىلىشى ۋە بولارخالىدا چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئابرويى تۆكۈلۈپ قېلىشى چىن ئەرمىيەسىنىڭ يېڭىلمەس ۋە ئىلاھى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەپسانەنىڭ يارىلىشى بولۇش ھەمدە بۇنىڭ نەتىجىسى كوكنور ۋە موڭغۇلىيەدىكى ئەھۋالنىڭ چىڭلارغا قارشى ھەرىكەتلىرى كۆپىيىپ قېلىش كۆپراق چۆچۈتقان ئىدى. شۇڭلاشقا يۇڭجىڭ خان دەرھال سىياسى كەڭەشكە تۇرپانغا قوشۇمچە ئەرمىيە ئەۋەتىش ۋە بۇ يەرنى قولدىن بەرمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق بەردى [234. 20-بەت].

-138-

تۇرپان ۋىلايىتىگە قوشۇمچە ئەرمىيە ئاتلاش
بىلەن كاتتا مەغلۇبىيەتنى قېيىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئە-
كسىچە ئۇ قوشۇمچە قىسىملارغا، بولۇپمۇ ئەرمىيەنى
ئاتلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە چوڭ خىراجەت قىلىش مۇ-
ئامىلىسىغا دۇچ كەلدى. چىن ھۆكۈمىتى ئۇز ئەرمىيەسىنى
مەھەللى خەلق ھېسابىدىن تەمىنلەشكە قانچە ھەرىكەت
قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. چۈنكى
يەرلىك خەلقنىڭ كۆپچىلىكى قارشىلىق كۆرسىتىپ بويۇنغا
يول قويمىغان.

تۇرپاندا يۈز بەرگەن ھەربى توقۇنۇشتا ھەرئىككى
تەرەپنىڭ قاتناشقان قوشۇنلارنىڭ سانى نىسبەتەن
كۆپ بولمىغان بولسىمۇ، مەزكۇر ۋاقىيە كاتتا خاقان
بىلەن سىۋاڭ رابىتانلارنى قاتتىق تەشۋىشكە سېلىپ
قويدۇ [104. 228-231-بەتلەر]. جوڭغارخانى تۇرپانغا
يېرىك چىن ئەرمىيەسى يارەمگە كېلىپ قىلىشىدىن ۋە ئۇ-
نىڭ ئىلىغا ھۇجۇم باشلىشىدىن چۆچىگەن بولسا،
بوغداخان كۆكنوردا چىنلارغا قارشى ھەرىكەت كۈچىيىپ
قېلىشى بىلەن تۇرپانغا ئەۋەتىلگەن چىن ئەرمىيەسى ئا-
رقا سەپتىن ئاجراپ قېلىپ، تۇرپاندىكى لەپ تۇرۇش
بوياقتا تۇرسۇن ئۆزى قورشاقتا قېلىپ بوتۇنلەي
يوق قىلىنىش مۇمكىنلىكىدىن قورققان. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھەم ئەينى زاماندا روسىيە ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئارقىلىق
مۇراجەت قىلىپ، سىۋاڭ رابىتانغا قارشى كۆرەشتە ھەمكارلىق

-139-

قاتتىق تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئەمما روسىيە ھۆكۈمىتى
بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئۇ چىڭ ئىمپېرىيە-
سىنىڭ مەركىزى ئاسىيادىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ
كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇنداق بىر پەيتتە جوڭغار خانلىقى
ھەم روسىيەدىن چىڭلارغا قارشى كۈرەش ئۈچۈن ياردەم
بېرىشنى سورايدۇ [104. 230-231-بەتلەر].

روس ھۆكۈمىتى ھەرتەرەپلىمە ئىمتىيازكارلىق
قىلىپ ۋە ئۇزاقنى كۆزلەپ ھېچ قايسى تەرەپنىڭ يېنىنى
ئالماي بىتەرەپ بولۇپ تۇرۇۋالىدۇ. بىر تەرەپتىن
چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىككە
ئىنتىلسە، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مەركىزى ئاسىيا-
دىكى پوزىتسىيىسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە سىيۋالىغ-
رابدانىنى روسىيەگە ئەۋەتىپ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە
ئۇنى ئەينى شۇنداق قىلىش يولى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيە-
سى تەرىپىدىن كىلىۋاتقان خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش
مۇمكىن دەپ ئىشىنىدۇ ۋە روشكە ھەركەت قىلىدۇ.
ئەمما سىيۋالىڭ رابدان ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقىتىش
ھېسابىغا روسىيەنىڭ ياردىمىنى ئېلىشقا رازىلىق بەرمەيدۇ
[104. 232-233-بەتلەر].

1722-يىلى تىبەتتە جوڭغارلار بىلەن چىڭ قوشۇن-
لىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان كۈرەش چىڭ سۇلالىسى پايد-
ىسىغا سىلجىشقا باشلايدۇ. چۈنكى كاڭشى خاقان تىبە-
تنى شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئارقا سەپ دەپ ھېسابلاپ

-140-

بۇ يەردىن جوڭغارلارنى سىقىپ چىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ئىشلىرىنى چوڭ كۈچ
تاشلىغان ئىدى. تىبەتتىكى ئۇرۇش بىر نەچچە رەت بولغىنىغا
تۇرپاننى قايتا قولغا كىرگۈزۈۋېلىش نەقەدەر زۆرۈر ئىكە-
نلىكىنى سىۋالڭ دابدان ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ
1723-يىلى يىل بېشىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقئارا ۋەزىيە-
تنى ھېسابقا ئالغان ھالدا چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن كېلىشىش
يولى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي توقۇنۇش
مەسىلىلىرىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ، بېيجىڭغا جونام ھو-
قاينى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە خالخادىكى
بۇددا دىنى باشلىقى جەبزۇڭ دامبا خۇتۇقتۇغا مۇراجىئەت
قىلىپ ئۇنىڭدىن چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى
ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىدا تۇرۇشنى
سورايدۇ [63 .13-دەپتەر 26-ۋاراق 2-بەت]. ئەمما
جوڭغار ئەلچىسى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندە چىن خانلىقى
ماتەم تۇتۇش ۋە تەختكە يېڭى خاقان ئولتۇرغۇزۇش
بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بىر دەۋرى ئىدى. مەلۇمكى كا-
ڭشى 1722-يىل دېكابىردا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى تۈپەيلى
ئۇنىڭ ئوغلى يىنجېن (1723 - 1735-يىللىرى تەختتە
ئولتۇرغان) بوغدىخان قىلىپ تاللانغان ۋە ئۇ ئۆزىگە
يوڭجېڭ دەپ نام بەرگەن. يېڭى تەختكە ئولتۇرغۇزۇلغان
خاقان تۈرلۈك مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولۇپ،
جوڭغار ئەلچىسىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن، ھەتتا سىۋالڭ دابدانغا

-141-

جاۋابەن مەكتۇب يېزىپ بېرىشنى ھەم ماقۇل تاپمىدى.
پەقەت چويېنام موقايىنى بىر قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن خانلىقنىڭ مەنپەئەت ۋە نىيەتلىرى، ئۆزىنىڭ خانلىقنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ۋە چىن خانىدانلىقىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن خاپا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن چەكلىنىپ قالدى. نەتىجىدە جوڭغار ئەلچىسى سېۋاڭ دابداننىڭ تەكلىپىگە ئېنىق بىر جاۋاب ئالالماي قايتىپ كەتتى [13.63 -دەپتەر، 26-ۋاراق، 2-بەت].

يوڭچېڭ جوڭغار خانىغا 1724-يىلى مەكتۇب ئەۋەتتى، مەزكۇر مەكتۇپتا سېۋاڭ دابداننىڭ چىن سۇلالىسىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقانلىقىنى كەچۈرۈپ بولمايدىغان قاتتىق جىنايەت دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى تەڭرى پەرزەنتلىرىنىڭ خانىشىغا قارشى چىققانلىقىنى، تىبەتنىڭ ۋە كوكونورنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقىنى ئەيىبلىدى [63 . 13-دەپتەر، 26-ۋاراق، 2-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە يوڭچېڭ چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن دادىسى كاڭشى قويغان تەلەپنى يەنە مەزكۇر خانلىقنى چىن سۇلالىسىغا تابىئە مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئاساسىي شەرت تەرىقىسىدە ئالغا سۈرگەن.

1723-يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كوكونوردا لوبسەن دەنجىن يېتەكچىلىكىدە چىڭلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇ يىلى 2-ئاۋغۇست كۈنى يوڭچېڭ ئۇشبۇ قوزغىلاڭدىن

خەۋەردار بولۇپ، دەرھال تاشقى ئالاقىلار ۋەزىرلىكىنىڭ
باشلىقى (لىفە نىيۈەن شىلاڭ) جاڭشۈنى قوزغىلاڭچىلار
بىلەن كېلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. 8-نويابىر كۈنى ئۇلىشىپ
چىن ئەمەلدارى ھەمراھلىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلار تەر-
ىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. دېكابىرنىڭ باشلىنىشىغا كوكنور-
لىقلار ئۇلكولوڭ مەركىزى ھىساپلانغان شىنىڭ شەھىرىگە
ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگەللەپ ئېلىپ ۋە چىن ھۆكۈمىتىنى
قاتتىق تەشۋىشكە سالىدۇ [57، 1-توم، 35831-35832-
بەتلەر، 104.234-بەت]. 1724-يىلى مارتنىڭ با-
شلىرىدا چىن ھۆكۈمىتى كوكنورغا كۆپ سانلىق ئەرمىيە
ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.
قوزغىلاڭچىلار باشلىقى لوبسەن دەنجىن كىچىك بىر ئەترەت
بىلەن جۇڭغار خانلىقىغا قېچىپ بېرىپ جازادىن قۇتۇلۇپ
قالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە 8 نەپەر يېقىنلىرى چىڭلار
قولىغا تۇتۇشۇپ قالىدۇ.

1723-يىلى يىلنىڭ ئاخىرىدا كوكنوردا قوزغىلاڭ
مۇۋاپپىقىيەتلىك داۋاملىشىپ كېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا
سىۋاڭ رابدان بېيجىڭگە كېيىندىن ئىسىملىك بىر ئويرات
بېگىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئارقىلىق خان يولۇق-
جىنغا مەكتۇپ بىلەن بىرگە قىممەت باھالىق سوغىلار
ئەۋەتىپ، ئۇنى يېڭى يىل بىلەن تەبرىكلەيدۇ. خىتاي
مەنبەلىرىدە خاننىڭ بوغدا خانغا ئەۋەتكەن سو-
غىلىرى «گوڭ» يەنى ئولپان تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. 1724-يىلى

-143-

26- يانۋار كۈنى يەنى خىتايچە يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى
جوڭغار ئەلچىسى يېڭى يىل بەزمىسىگە تەكلىپ قىلىندۇق.
[13.63-دەپتەر، 4- ۋاراق 2- بەت]. ئۇزىنچە ئەلچى ئارقىلىق
سېۋاڭ رابدان بوغدا خانغا ئۆزىنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى
بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەتتە بولۇش ئىستىكى بارلىقىنى
ۋە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان تالاش-تارتىشلارنى
كېلىشىش يولى بىلەن ھەل قىلىش تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى
ۋە چىن خاندانلىقىغا قارشى ئىش تۇتۇش غەرىزى يوق-
لىقىنى ھەمدە بوغدا خانغا ھەردايىم ھۆرمەت بىلەن
مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈش ئىستىكى بارلىقىنى بايان
قىلغان. شۇ بىلەن بىرگە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار
خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ
قويۇشنى تەكلىپ ئەتكەن [13.63-دەپتەر، 26-27- ۋاراقلار].
سېۋاڭ رابداننىڭ مۇراجىئىتى ۋە تەكلىپى ھەققىدە يوڭجېڭ
خاقان ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەۋەتكەن مەكتۇبىدە «ھازىر
سەن بۇرۇن ئارىمىزدا ھېچ ۋاقىتتا ئۆتمىگەن نەرسىلەر
كەلدۈرۈشنى ئەۋەتىپ كېچىرىم سورىدىڭ ۋە بويۇن
كۈن بىزگە سادا قەتلىك بولۇشنى خەيتىسەن. سېنىڭ بۇ
ھەرىكىتىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە مەرھەمەت دائىم بىلەن
سېنىڭ نىيەتلىرىڭگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەن غايەت
خۇرسەن بولدۇم» دەپ يازغان [13.63-دەپتەر، 26- ۋا-
راق، 1-2- بەتلەر].
ئۆزىمىزچە بىز سېۋاڭ رابدان مۇستەقىل بىر

-144-

دۆلەتنىڭ خانى تەرىقىسىدە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن
مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ۋە ئۆزىنى بوغدا خاقانغا تابىئە
دەپ بىلمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇ بىلەن
بىرگە ئۇ ئۆزىنىڭ تىبەتكە قوشۇن ئەۋەتكەنلىكىنىڭ
سەۋەبىنى كۆرسەتكەچكە. مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىم چىن خانى-
دانلىقىغا قارشى چىقىش ئەمەس بەلكى بۇ يەردە دىننى
ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى دەپ زىكىر قىلغان.
جوڭغار خانىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن يوقىرىقى قاتتىق خاپا
بولۇپ ئۇنى قانۇنىيەتسىز بىلمەسلىكتە ۋە خادانلىقتا
ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بوغدا خان ئۆزىنىڭ ھوقۇ-
قىنى كۆرسىتىپ ۋە ئۆزگە دۆلەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەۋقىنى
ئەسلىتىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەكىتلىگەن: «سەن
ئۆزەمگە تەۋەلىكتىن - دەپ يازدىڭ يوقىرىچىن. ئۆز ئەجدادلىرىڭنىڭ
ئەرۋاھلىرىنى يوقلاش ۋە دىنىي ئەرغىبات قىلىشنى ئۆزۈڭنىڭ
مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ ھېسابلايسەن. سەن بىر كىچىك
خەلقنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرۇپ، ئەرۋاھلارنى يوقلىما-
قچى ۋە دىنىي ئەرغىبات قىلماقچى مەن دەپ ئېيتىشقا
ئەمەلەتقىنىڭ بار؟ مەن پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرى ھۆ-
كۈمدارى بولسام، پۈتۈن ئاسمان ئاستىكى مېنىڭ زېمىنىم
ھېسابلانسا، بۇ زېمىنلاردا ياشىغۇچىلار ماڭا بويسۇ-
نىشى لازىم ئەمەسمۇ؟» [13.63-دەپتەر، 27-ۋاراق
1-بەت].
بۇنىڭ بىلەن يوقىرىقى خاقان پۈتۈن دۇنيا

مەملىكەتلىرى خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ زېمىنى ۋە
بۇ مەملىكەتلەردە پادىشاھلار ئۇنىڭ پۇقراسى
ھېساپلىنىدۇ دېگەن ئەنئەنىۋى نەزەرىيەنى ئالغا سۈ-
رۈپ سېۋاڭ رابداندىنى بوغداخانغا ئىتائەت قىلىشنى
تەلەپ قىلغان. ئەمما بوغداخان ئۆزىنىڭ تەختىگە
يېڭى كەلگەنلىكىنى، تۇرپاندىكى چىن ئەرمىيەسى مۇۋەپپە-
قىيەتسىزلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ۋە كۆكنۇردا قوزغو-
لاڭچىلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ
ئۇچقۇنلىرى ھەلى ئۆچمىگەنلىكىنى ھېساپقا ئېلىپ، جو-
ڭغارخانغا نىسبەتەن ئۆز مۇقامىنى بىر ئاز يۇمشىتو-
شقا ھەرىكەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىم سېۋاڭ
رابداننىڭ مەكتۇبىغا جاۋاپ يېزىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا
سوغا تەرىقىسىدە 27 توپ رەڭلىك ئىپەك رەختنى
ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن ئاشقىرى 1724-يىلى باھاردا بوغداخان
ئىلىغا سېۋاڭ رابداننىڭ ھوزۇرىغا بېيجىندىكى لاما بۇتخا-
نىسىنىڭ باشلىقى بەندى، كاتتا لاما چوڭتەشۋىن، سا-
راي دىۋان بېشى جوڭخوباۋ، ئەرمىيە مۇئاۋىن قوماندانى
(فۇدۇتۇڭ) جەيشى ۋە لاما ئىشلاپ بوغچۇر (شىلا بوگى
چۇئەر) قاتارلىق ئابرويلۇق كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان
بىر گۇرۇھ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. مەزكۇر ئەلچىلەر جوڭغار
خانى بىلەن ئۇچرىشىپ، ۋەزىيەتنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ
خاننى جوڭغارخانلىقىنى ۋە لاسا ھەمسەن ئۆزىنى چىن سۇلالىسىغا
تابىئە دەپ بىلىشكە ۋە ئۆزىگە تەكشىلىك زېمىنىنىڭ چېگرالىرىنى

-146-

ئېنىقلاشقا كۈندۈرۈش، ھەمدە بۇنىڭ ھېسابىغا خانغا
خىتايغا ئەلچىلەر ۋە سوۋغا كارۋانلىرى ئەۋەتىشنى ۋەدە قىلىش
ۋەزىپىسى تاپشۇرىدۇ. مەسىلەن: سۈيۋالىڭ دابىدانغا ئەۋە-
تىلگەن مەكتۇبىدە «يۇكۇجۇق خاقان، ئەگەر سەن تەۋەپچى
ھەقىقەتەن ئۆز مەملىكىتىڭ ئۈچۈن تىنچلىق ئورناتماقچى
بولساڭ توغرا ۋە ساداقەتمەن بول، مېنىڭ ئەلچىلىرىم بىلەن
ئۆز جاڭگالدىرىڭنى ئۇنۇتقان ئال. ھەممە مەسىلىنى ھەل
قىلىشتا ئەقىل بىلەن ئىش تۇت، بىزگە ئىشەنچ قىل، بۇ-
نىڭ ئۈچۈن ھىممەت قىلورمىز، ئۆتمۈشتىكىدەك
دائىم غەمخورلۇق قىلغايمىز، بىزگە ئەلچىلەر ئەۋەتىشكە
ۋە بىز بىلەن سودا ۋە باردى-كەلدى قىلىشقا رۇخسەت
ئېتورمىز، سىنىڭ پايلاقلىرىڭدا تىنچلىق ئەبەدىي بەر-
قارار ئەتكەي» دەپ يازغان [63.13- دەپتەر، 27-
ۋاراق 1-2-بەتلەر].

ئەمما يۇكۇجۇق خاقاننىڭ ئەلچىلىرى بېيجىڭگە
نەتىجىسىز قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ خاقانغا بەرگەن
مەلۇماتىغا قارىغاندا سۈيۋالىڭ دابىدان ئۇلارنى قىزغىن
كۈتۈپ ئېلىپ، جۇڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن تىنچلىق ئورنۇ-
تۇش ۋە بۇ ھەقتە كېلىشىم تۈزۈش نىيىتى بارلىقىنى
قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. ئەمما ئۇ ئۆزىنى بوغدا خانغا
تابىئە بولۇشنى ۋە بوغدا خاننىڭ پەرىيوزدىكى بارلىق مە-
ملىكەتلەرنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈمدارى دەپ تونۇشنى
ماقۇل كۆرمەسلىكىنى ھەم جۇڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تەڭلىك

-147-

ھوقۇقلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى
بايان قىلغان. شۇ بىلەن بىرگە سېۋاڭ رابدان چېگرا
مەسىلىسىگە ئالاھىدە توختۇلۇپ، ئۆزىنىڭ 1723-يىلى بۇ
ھەقتە قويغان تەلىپىنى تەكىتلىگەن [40.63-دەپتەر،
9-ۋاراق]. يوڭجېڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن چىڭ
ئەلچىلىرى بوغدا خان بىلەن سېۋاڭ رابدانغا تابىئە يەر-
لەرنىڭ چېگراسى ئالتاي تاغلىرى بويلاپ بەلگىلە-
نىشنى تەكلىپ قىلىپ، بۇنىڭ ئەۋەزىگە چىڭ ئىمپېرىيەسى
ۋە جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى
چارىكىدە ئۈزۈلۈپ قالغان سودا ئالاقىلىرىنى تىكلەشكە
ۋەدە بەردى. سېۋاڭ رابدان ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىگە
جاۋاپ بەرمىگەن، ئۇلاردىن چېگرا سىزىقى ئۆتىدىغان
جايلىق خەرىتە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن چىڭ
ئەلچىلىرى بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشكە تەييار بولمىغان-
لىقىدىن بىز بۇ ھەقتە بوغدا خاننىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشىمىز
لازىم دەپ ئېيتقانلىقى سەۋەپىدىن چېگرا مەسىلىسىدىكى
مۇزاكىرە كېيىنگە قالدۇرۇلدى [15.63-دەپتەر، 20-ۋاراق].
1725-يىلى باھاردا سېۋاڭ رابدان يەنە بېيجىڭگە
ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ قېتىم ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بولوخور-
ھاجىغا (بولوفوئەرگى) تاپشۇرۇلۇپ، ئۇ ئارقىلىق تۆۋە-
ندىكى تەكلىپى يوڭجېڭ خاقانغا بايان قىلىندى:
1) ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى
توختۇتۇش ۋە تىنچلىق ئورنۇتۇش،

-148-

2) خىتايغا سودا كارۋانلىرىنى ئەۋەتىش ئۈچۈن خالىغانچە ئۆتىدىغان يولنى ئېچىپ بېرىش؛

3) بورۇنقى جوڭغار خانلىقى بىلەن ماڭغۇل خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى چىن ئىمپىرىيەسى بىلەن ئوشبۇ خانلىق چېگراسى دەپ بېلىش [63. 15-دەپتەر 19-، 18-بەتلەر].

بۇنىڭ ئىسپاتى ئەرزىمەس بولغان خاننىڭ شۇ يىلى 2-ماي كۈنى ئەلچىگە يوللىغان مەكتۇبىدىن تۆۋەندىكى بىر پارچىنى كەلتۈرۈش ئورۇنلۇق دەپ ئويلايمىز:

«مەكتۇبىڭ بىلەن تونۇشۇپ ۋە سەن ئەۋەتە-كەن ئەلچى بولۇپ خۇئەركىچى ئەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ — دەپ يازدو بوغدا خان. - تونۇشتۇقكى سەن مىنىڭ ئەمر-ىمگە بىنائەن ئورۇش ھەركەتلىرىنى توختىتىپ، تىنچلىق ۋە دوستلۇق ئالاقە ئورنىتىش، خەلقنى تىنچلىقتا بە-غىشلاش ۋە دىنىڭ رىۋاجلىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارا-ئىتلار يارىتىش ئىستىكىنى بىلدۈرۈپسەن. ئۆزۈڭنىڭ چىن كۆڭۈلدىن بىزگە مۇراجەت قىلىپ ئىتائەتلىكىڭنى تەكىتلەپسەن. بۇنىڭدىن بىز غايەت مەمنۇن بولدۇق. دوستانە مۇناسىۋە-ت ئورنىتىشتا ئۇنىڭ پۇختا بولۇشى ھەم ئويلاپ ئىش كۆرۈلمىسە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلبەتتە چېگرانى ئېنىقلاش ۋە ئورۇشنى توختىتىش لازىم... سەن ئۆز مەكتۇبىڭدە مەملىكىتىمىزگە سودىگەرلەر ئەۋەتىشنى ۋە خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ئارقىلىق يۈرىدىغان يولنىڭ

-149-

ئۇزاقلىقى ۋە كېڭلىكى ئەيتىپ بولۇڭ ئوچۇق خالىغا ئار-
قىلىق ئۆتكەنلىكى پۇلىدىكى پايدىلىنىشقا روشەن بىرلىشى
سوداپىسەن... تاغنىڭ ئولانىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى كەم
ۋە كەمچىك (دەرياسى) ئەترابىدىكى ياشلاپ چېگرا چىزىقىنى
بەلگىلەشنى ۋە بۆرۈن قىرغىزلار (خاكاس) خالىغانلىقلا
بىلەن جوڭغار ئوتتۇرىسىدا چېگرا ھېساپلانغان، خاقىر
رايونى سوتونلا پاشايدىغان جاي بولغان دەپ ياپان
كىتىپسەن» [15.63-دەپتەر، 19-ۋاراق، 2-بەت، 21-
ۋاراق، 1-بەت].

سىۋالنىڭ رابىتا قويغان تەكلىپلىرىنىڭ چىن ئەھمىيە-
سى ئوچۇق مودەككەپ جايى شۇ بولغانكى ئۇ ئەككى
دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى ئانساي (يىنسەي) دەريا-
سىنىڭ يۇقۇرى تارما قىسمى كەم ۋە كەمچىك قىرغاقلىرىنى
چەتۇپقا قاراپ تۈنۇ قىرغىز كولىگە (خىرگىس نۇر) سولغان
شۇ كولگە قۇيۇلىدىغان دەريا بولۇپ ۋە دەريا بويلاپ ئەكسىپ
ئۆتۈشنى تەكلىپ قىلغان. بۇ بىلەن سىۋالنىڭ رابىتا بويىچە
خانلىق چېگرانى ئالتاي تاغلىرى چوققىلىرىدىن ئەكسىپ
ئۆتۈش ھەققىدىكى تەكلىپكە قارشى چىقىپ قىلىش ئەمەس
بەلكى ئۆتكەن XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غالداننىڭ قو-
شۇنلىرى بىلەن چىن ئەرمىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش
نەتىجىسى چىن سۇلالىسى قولىغا ئۆتۈپ قالغان جەرلەرنى
ھەم تەلەپ قىلغان.

چىن ئەرمىيەسى سىۋالنىڭ رابىتانىڭ ئۆتۈنۈپ ئەلچىنى

-150-

قوبۇل قىلىشقا ئەسلا كۆنمەيتتى. ئەگەرچە ئىسلامىي جارىچە
خانىنىڭ زېمىنلىرىنى تولۇق كېڭەيتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن يوكچىن جوڭغار خانىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتى
بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قىزىقىۋاتقان-
لىقىنى پايدىلانماقچى بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇر-
سىدىكى چېگرانى ئېرتىش ۋە ئۇلۇڭگۇ دەرياسى بويلاپ جە-
نۇپقا قاراپ باركۆلنىڭ شىمالىدىكى قابىتاغ (خابوتاگ)
ۋە بەيتاغ (بەيتاغ) ھەمدە ئۇششۇكۆل غەربىدىكى ئۇبسۇ
قارقىلىق تۇغۇا لوبنۇرغا، ئۇ يەردىن غەربىي كۆكنۇردىكى
غازكۆلگىچە (گازكۆل، گەسى) ئاساس ئۆتۈشنى تەكلىپ
قىلدى [15.63-دەپتەر، 20-21-ۋاراقلار].
چىڭ ھۆكۈمىتى قويغان ئۇشبۇ تەكلىپ ئەمەلىيەتتە
ئۇنىڭ جوڭغار خانلىقى بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت
ئورنىتىش ئۈچۈن ھەزكۇر خانلىقنى شەرقىي تۈركىستا-
نىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي ۋىلايەتلىرىدىن ئىبارەت بولغان
چوڭ زېمىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆر-
سىتىپ تۇرىدۇ. دېمەك بۇ تەكلىپكە كۆنۈش چىن
ئىمپېرىيەسى بېسىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش
بوياقتا تۇرسۇن، ئۆز تەسىرى ئاستىدىكى يەرلەرنىڭ
خېلى چوڭ بىر قىسمىنى قولدىن بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.
چىن سۇلالىسى چېگرا چىزىقى ئۇزۇنىڭ تەكلىپى بىلەن
بەلگىلىنىشكە سىۋالىڭ دابان كۆنسە، ئۇنىڭغا خالىغا كار-
قىلىق خايىغا 300 كىشىدىن ئىبارەت سودا كارۋانلىرى ئەۋەتىش

www.uyghurkitap.com

ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ بەرسىمۇ ئۇ دە قالغان [15.63-
دېپتەر، 12-ۋاراق 2-بەت]. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، خىتايغا
كارۋان ئەۋەتىش ۋە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىتتىپاق
تۈزۈلۈش ئۈچۈن جوڭغار ۋە ياركەنت خانلىقلىرىنىڭ
خېلى چوڭ بىر قىسمىنى تەلەپ قىلىش ھەددىدىن ئاشقان
زورلىۋالغانلىق ئىدى. ئەلۋەتتە جوڭغار خانلىقى چىن ئىمپېر-
يەسىنىڭ بۇنداق تەكلىپىنى قوبۇل قىلالمىدى. سىيۋالنىڭ
رايىدان يوڭجېن خاقانىنىڭ بۇنداق زورلىۋالغانلىق مۇناسىۋەتتە
بولۇشىنى قاتتىق خاپا بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ،
1724-1725-يىللار داۋامىدا چىن ھۆكۈمىتى بىلەن جوڭغار
خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىلەر ئىككى
دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈلۈشكە ۋە بۇ ھەقتە
كېلىشىم تۈزۈشكە ئېلىپ كەلمىدى،

چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈلۈش يولى
بىلەن مەۋجۇت مۇئاممالارنى ھەل قىلىشنىڭ ئىلاجى بولمىغا-
ندىن كېيىن سىيۋالنى رايىدان تۇرپانغا قوشۇن ئەۋەتىپ، بۇ يەر-
دىكى چىن ئەرمىيەسى ئۈستىدىن غالىب چىقتى. شۇنىڭدىن
كېيىن چىن خانلىقى تۇرپاننى ئۆز كېچىپ، قالغان-قوتقان
لەشكەرلىرى تۇرپاننى باركۆلگە چېكىندۈرۈپ كېتىشكە
مەجبۇر بولدى. تۇرپاندىكى بۇ مەغلۇبىيەت چىن ئىمپېر-
يەسىنى شۇنىڭ، جۈملىدىن خىتايدا ئاسمان ئوغلى
دەپ تونۇلىدىغان بوغدا خاننىڭ ئابرويى ۋە يېڭىلمەس
ئەرمىيە دەپ پۈتۈن دۇنياغا جار سېلىنغان چىن ئەرمىيەسى

-152-

نامىغا داغ تۇشۇرىدىغان بىر ۋەقە بولدى. شۇ سە-
ۋەبتىن چىن خاندانلىقى ئۆزىنىڭ تۇرپاندىكى مەغلۇ-
بىيەتىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى يوشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ،
بىر سەپەرلىكى تۈركىستاننىڭ ئۇشبۇ ۋىلايىتىدىكى ئەر-
مىيەمىزنى جوڭغار خانى بىلەن تىنچلىق ئورنۇتۇش ھە-
خىستىدە ۋە ئۇلارنىڭغا ھەممەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ
چىقىپ كەتتۇق دەپ چار سالدى ۋە رەسمىي ھۆججەتلەرگە
ئۇشۇناق يازدى. مەسىلەن: 1725-يىل 3-ئايىل كۈنى يو-
گۇچىنى ھەربىي كەتكەلىشكە مۇراجىئەت قىلىپ «سېۋاڭ رابدان
ھەكتۇپ تۇۋەتىپ، تىنچلىق ئورنۇتۇش نەكامىنى قويۇپ يېتىپ،
باركۆلگە كۆپچىلىك بىرى قوشۇن سالاقلاپ كانلۇ تۇتقانلىقىمىز ئۈ-
چۈن تورپاندىكى ئەرمىيەمىز باركۆلگە قايتۇرۇپ ئېلىپ
كانىسۇن ۋە بۇ يەردىكى قوشۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈلسۈن...
تورپاندا بىركىشى قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭغا بىزنىڭ ئەلچىمىز بىر نەشى
كۆتۈش ھەققىدە ئۇختۇرۇش قىلىنسۇن» دەپ جاكالىغان

[15,63-دەپتەر، 26-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].

بوغداخاننىڭ رەسمىي كورسەتمىسى بويىچە
1755-يىلنىڭ باشلىرىدا تورپان ۋە باركۆل ۋىلايەتلىرىدە
جەمى 9,800 كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيەسى جايلاشتۇ-
رۇلغان ئىدى [15.63-دەپتەر، 27-ۋاراق].

1726-يىلى باھاردا تورپاندىكى چىن ئەرمىيەسى
چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن بېجىڭگە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، چىگرا
مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ ئېلىش ۋە يەرلىكتىشىش ئىشلىرىغا چەك

-153-

قويۇش تەكلىپىنى چىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىغا قويۇدۇ. شۇ بىلەن بىرگە ئۇ ئۆزىنىڭ چېگرا چېرىكىنى ئېلىپ ئۆتۈش ھەققىدە ئالدىنقى قېتىم ئەسكەرتكەن پىكرىنى قايتىلايدۇ [63 .16-دەپتەر، 20-ۋاراق 2-بەت]. ئەينى پەيتتە خالقىدا چىڭلارغا قارشى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت قوزغىلىپ تۇرغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئۇشبۇ ۋەزىيەتتىن جۇڭغار خانلىقى پايدىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۇتقان زوراۋانلىق سىياسىتىنى بىر ئاز يۇمشۇ-تۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بوغداخان چېگرا بەلگىلەش مەسىلىسى بويىچە ئۆزىنىڭ ئۆتكەن قېتىم ئوت-تۇرىغا قويغان تەكلىپىنى جۇڭغار خانلىقى پايدىسىغا ئۆز-گەرتىۋېتىپ، چېگرا چېرىكىنى ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ ئۆتۈشنى تەكلىپ قىلدى. دەل ھا-زىرقى ۋەزىيەتتە - دەپ تەكىتلەيدۇ: يۇقىرىقى 1755-يىلى 2-فېۋرال كۈنى سارايى ئەمەلدارلىرىغا ئۆز پىكرىنى بايان ئېتىپ - سىۋالىنى رابدان بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ۋە چېگرانى ئالتاي تاغلىرى چوققىلىرى بويلاپ بەلگى-لەش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى»
[16.63-دەپتەر، 20-ۋاراق 2-بەت]. ئەمما بۇ پەيتتە ئالتاي تاغلىرىنىڭ قايسى چوققىلىرىدىن چېگرا چېرىكىنى ئۆ-تكۈزۈش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز تەكلىپىگە ئېنىقلىق كىرگۈزۈش ئۈچۈن جۇڭغار ئەلچىسى كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئالتايغا چىن

-154-

خاندانلىقنىڭ كېيىنكى ۋە ماڭغۇل بەگى سېرىنى[1] كىمنەز
باۋىي ۋە بوغدا خان قورۇقچىلىرى باشلىقىنىڭ يارىدەمچىسى
(سەنجى داچىڭ) [2] باسق (باسىگا)، سارايى قورۇقچىلىرى
باشلىقى خارجىسى. شىمالى ماڭغۇلىيەدىكى چىن ئەرمىيەسى

---

1) خىتاي مەنبەلىرىدە سىيلىن 1782-يىلى ۋاپات
قىلغان، تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم. كىتاپ چىقىش ماڭغۇل، 1692-
يىلى ئۇخلى كېچەك يەيدەكانى بىلەن بىرگە بېيجىڭگە كىتاپ
كىشىلىكەن. 1706-يىلى بالاغەتكە يەتكەندىن كاڭشى خاقان-
نىڭ قىزى خېشوچۇن خىنكە ئۆيلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئەفۇ سىيرىن، يەنى بوغدا خاننىڭ كېيوغلى سىيرىن
دەپ نام ئالغان ۋە بېيزى ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان.
1715 — 1722-يىللىرى جوڭغار خانلىقىغا قارشى كورەشتە
قاتناشقان. 1923-يىلى ئۇنىڭغا دولوجونۋاڭ ئۇ-
نۋانى بېرىلگەن. 1731-يىلى چىن قىسمىرىيەسى جوڭغار
خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ئۇ ئۇنىڭ قوشۇ-
نلىرىدىن بىرگە قوماندانلىق قىلىپ، كورەشتە نۇزەتلى
ئۈچۈن خېشوچىنۋاڭ دەپ ئاتالغان يوقورى ئىلبىلىك
ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان. كىن ئۇ خالقاغا چاش ھاكىم
قىلىپ تەيىلەنگەن [110، 217-بەت، 6، 57-توم، 39839-
39842-بەتلەر].
2) ئاتەندە ئۇشبو ئۇنۋان چىڭلارغا خىزمەت قىلغان
غەيرى خەلق كىشىلىرى چىققان بەگلەرگە يەمىرى ئۇنۋان تەرىقىسى
بېرىلگەن. ئۇشبو ئۇنۋاننى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن
ئىدى.

قوماندانى لۇنكىدو ۋە باشقىلاردىن تەشكىل تاپقان
بىر گۇرۇھ ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ [138 .42-بەت]
ئۇلارغا ئالتاي تاغلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ چىقىش، قە-
يەرنىڭ يول ئۆتۈشنى، قەيەردە قاراۇل بىكەتلىرى
قۇرۇش مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ۋە قايسى تاغ
چوققىلىرىنى چېگرا ئۆتكۈزۈش مەقسەتكە مۇۋاپىق
بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ
[63 .16-دەپتەر، 14-ۋاراق].

شىرىن ۋە باشقىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
يۇقىرىغا ئەمەلىي شارائىتلارنى تونۇشتۇرۇپ، چېگرا
چىزىقىنى ئالتاي تاغلىرى چوققىلىرىدىن ئۆتكۈزۈ-
شتىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىنى ۋە تاغلىرىنى ھەرگىز
تەرەپ ئۈچۈن كىرىپ بولمايدىغان بۇفېر زې-
مىنغا ئايلاندۇرۇش لازىملىقىنى ھەمدە شۇنداق
ئۇساۋ بىلەن جوڭغارلارنى ئالتاي تاغلىرىنىڭ
غەربىي تەرىپىدە توختىتىپ تۇرۇش لازىملىقىنى ئېيتىدۇ.
ئۇشبۇ تەكلىپ، چىڭ خانىدانلىقىغا ئىنتايىن ماقۇل
كەلدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈلىدۇ.

خالقىنىڭ سالاي ئاتلىق ھەرىكەتكە لېكىن قا-
نات يېتىشتۈرگەن بىر دەۋردە سىۋالنىڭ دابانىنىڭ چېگرا
مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئەستايىدىل تەلەپ قىلىشى
چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتۈرىدۇ.
بولۇپمۇ ئۇ خانلىقنىڭ خالقىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، قوزغۇ-

-156-

لاگېرلارغا يارەم بېرىپ قىلىشىدىن كۆپرەك چۆچۈيدۇ،
شۇڭا ئۇچۇن بوغدا خان بىر تەرەپتىن جۇڭگو خانلىقى-
نىڭ چېگرا مەسىلىسىدىكى تەلىپىگە رەت جاۋاب بە-
رەلمىدى، ئىككىنچى تەرەپتىن مەخپىي رەۋىشتە جۇڭگو
خانلىقى چېگراسى بويلاپ، بولۇپمۇ ئالتاي تاغلىرىدىكى
مۇھىم جايلارغا قوشۇن تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستا-
نىدىكى خانلىقىغا بارىدىغان يوللارنى قاتتىق نازارەت
ئاستىغا ئالدى [16.63-دەپتەر، 21-ۋاراق]. سوۋېت
ئارخىپى ۋ. ئا. ماتسېيۋپ چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ
ھەرىكەتلىرىنى روسىيە-خىتاي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن
باغلىغان [138. 42-43-بەتلەر].

ئالتايغا قوشۇمچە كۈچ تاشلاپ خانلىقنىڭ
چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى چوڭ كۆڭۈل
بۆلۈپ يۈرگەچكە بۇ ھەقتە بىر قانچە قېتىم سارايدىكى ئە-
مەلدارلىرىغا مۇراجەت قىلدى. «تېز جۇڭگولارنىڭ
بارگۈلكە ھەممە خانلىققا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
كېرەك» دەپ جاكالىدى. جۈملىدىن ئۇ بۇ ھەقتە
سىياسىي كەڭەشكە بەرگەن پەرمانىدا «سىۋالنىڭ دابان-
نىڭ مەنسۇبىيىتى مەلۇمكى ئۇ ئوردىدا يېنى كۆپ تىلغا
ئالدى. «ئېھتىمال كېلەسى يىلى شۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ
قىلىش مۇمكىن» دەپ تەكىتلىگەن [16.63-دەپتەر،
21-ۋاراق 1-بەت]. شۇنى بىلەن بىرگە خانلىق ھەربىي قو-
ماندانلىقىغا ئەگەر جۇڭگولار بۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتسە

-157-

كاتتىق زەربە بېرىشنى بويرۇدۇ.

ئەينى پەيتتە خالقىدا زەمىندە ياشاۋاتقان ئۈرەككەي خەلقى ئارىسىدا ھەم چىنلارغا قارشى ھەرىكەت تولقۇنلىنىپ قالغان. مەلۇمكى ئۈرەككەيلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا جوڭغار خانلىقىنىڭ پۇقرا- سى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇنى ھېسابقا ئېلىپ، چىن ھۆكۈمىتى خالقىدا ياشىغۇچى ئۈرەككەيلەر دەرھال جوڭغار خانلىقى زەمىندە ياشىغان ئۇرۇق-تۇققان ۋە تۇۋۇسىم قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىشكە ھەرىكەت قىلىشى مۇقەررەر، بۇ ھالدا جوڭغار خانى سىۋالڭ رابتان دەرھال ئۇلارنى ئۆز تەسىرىگە ئېلىپ، بىزگە قارشى كۈرەشتە پا- يدىلىنىشى مۇمكىن. جوڭغار خانلىقى تەۋەسىدە ۋە خالقىدا ياشىغۇچى ئۈرەككەيلەرنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى ماڭغۇل خەلقىگە ھەم مەسىلە بولۇپ، چىن خاندانلىقى ئۈچۈن يامان ۋەزىيەت ھوجۇتقا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە يوڭجېڭ ئاشقى ئالاقىلار ۋەزىرلىكىگە مۇراجىئەت قىلىپ دە بۇ خەلق (ئۈرەككەيلەر) ئاھالىسىنى ئارام كۆلىدۇ. بىردىن سىۋالڭ رابتان ئۇلارنى ئۆز تەسىرىگە ئېلىشى مۇقۇل تاپسا، ئۇلار ياشاۋاتقان جەنۇب تاشلاندى زەمىن، كەمبەغەل ئاھالىسى بىلەن بىرگە ئاسانلا ئۇنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ئۇ ھالدا ماڭغۇل پەتكىلىرى بىلەن تىل تېپىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى شىمالدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك،، دەپ

-158-

جاكارلايدۇ [16.63-ئۆتەر، 22-قوراق، 1-بەت]. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن بۇنداق ۋاقىيە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ،
ئۆرەڭخەيلەرنى ئىسيانكار رابانغا قارشى قويۇش، جو-
ڭغارلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نىزا كەلتۈرۈپ چىقىرىش
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە دەپ قارايدىغان بولغان.
1726-يىلى يازدا ئۇشبۇ مەسىلىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
مەقسىتىدە چىڭ ھۆكۈمىتى خاقانى ئەمرىگە بىنائەن شىمالى
ئالتايدىكى كەمچىك دەريالىرى بويىدىكى ئۆرەڭ-
خەيلەر يايلاقلىرىغا يىرىك بىر سارايى ئەمەلدارنى ھەر
خىل ماللار بىلەن، جۈملىدىن ئىپەك رەختلەر، چايلار
بىلەن ئەۋەتىپ، مەھەللى بەگلەرگە سوغا تەرىقىسىدە
ئېلىپ بارغان ماللارنى بېرىش ۋە شۇنىڭ بىلەن ئويرا-
تلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسى
تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىسپاتى تەرىقىسىدە يوكچىلىكنىڭ
بۇ ھەقتە بەرگەن پارمانىغا مۇراجەت قىلىش تۇرۇن-
لۇق دەپ ئويلايمىز. «شۇ يىلى يازدا (1726-يىلى)
-دەپ يېزىلىدۇ: قوشۇنلىرىمىز تېكەس دەرياسى ئەتراپىدا
بولۇش كېرەك. شۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆرەڭخەيلەر
ئالدىغا ئابرويلۇق بىر ئەمەلدارىمىزنى يىپ ۋە ئىپەك
رەختلەر، چاي ۋە باشقا ماللار بىلەن ئەۋەتىمىز.
ئۇشبۇ ئەمەلدارغا نىسلىن ۋاكىۋالىگى، باۋىي بىلەلەر
بىلەن بىرگە كەمچىك ھەمدە بۇيرىگە يېقىن بىۋ-
لغان ئۆرەڭخەيلەر زېمىنى ئاتكىنو تېكەس (شەرقى ئاتكىنو

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى تېكەس دەرياسىنىڭ يەسلى قىسمى بويلىرى) قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بارلىق ئۆرە- كەنەي ئاقساقاللىرىنى يىغىپ ھەممىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ يىغىلغانلارغا سوغا بېرىشنى،... ئۇلارغا بۇنىڭ ئۈ- چۈن بىزلەر ھەزرەتتى ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۇلۇغلارنىڭ يېرىدىكىلەرنى ھىمايە قىلىپ، ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرساقلا كۇپايە بولىدۇ دەپ ئېيتىشنى تاپشۇرغانىمىز» [63. 16-دەپتەر، 22- ۋاراق ا-بەت، 23-ۋاراق ا-بەت].

ئەمەلىيەتتە ۋەقە چىڭ ھۆكۈمىتى كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى. سىيۇلىڭ رابتان ئۆرەكەنەيچىلەر يۇرتىغا قوشۇن ياكى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چىڭلارغا قارشى ھەرىكەتكە دەۋەت قىلمىدى. خان پەقەت چىن خانلىقى بىلەن خە- ت ئارقىلىق ئېلىپ بارغان مۇزاكىرىلەردە ئاۋامنى ئۆرەكەنە- يچىلەر زېمىنىنى ئۆتمۈشتە جوڭغار خانلىقىغا تابىئ بو- لغانلىقى ۋە ئۆرەكەنەيچىلەرنىڭ ئۆزى جوڭغار خانلىقى يوقالغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن چەكلە- ندى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆ- رەكەنەيچىلەرنى جوڭغارلار تەسىرىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.

سىيۇلىڭ رابتان چىن ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئىش تۇتقاندا ئۆزىنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئىنتىلىشكە قارىماي بوغداخان قومۇلغا

-160-

قوشۇمچە كۈچ تاشلاپ ئۆزىنىڭ بۇيەردىكى پازىتسىيەسىنى
كۈچەيتىۋېرىشكە كىرىشتى. شۇ بىلەن بىرگە ماگخۇللار-
دىن ئەترەتلەر تۈزۈپ، ئۇلارنى جوڭغار خانلىقى زە-
مىنىگە بولاڭچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ئەۋەتىش ۋە شۇ
يول بىلەن بىر تەرەپتىن جوڭغارلارنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە
تەسىر كۆرسىتىشكە، ئىككىنچى تەرەپتىن جوڭغارلار
بىلەن ماگخۇللار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر زىددىيەت كە-
لتۈرۈپ چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلدى. بۇ ھەقتە يوڭجېڭ
خاقانىنىڭ شۇ يىلى ١٠-ئايدىكى بىر كۈنى ئۇشبۇ ئەترەت-
لەر ئىچىدە ياخشى ئىش كۆرسەتكەن ماگخۇللارنى
موكاپاتلاش ھەققىدە بەرگەن پەرمانىغا مۇراجىئەت
قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇشبۇ ھۆججەتتە «ماگخۇ-
للاردىن تۈزۈلگەن قوشۇنلىرىمىز ئىككى قىسىمغا
بۆلۈنۈپ، بولانىڭ بىرى بولغاندىن، ئىككىنچىسى بولۇردىن
يولغا چىقىپ، سىۋاڭ رابتاننىڭ چېگرا ۋىلايەتلىرىگە
يۈرۈش قىلىپ، كۆپ دۈشمەنلەرنى يوق قىلىشتى ۋە
ئەسىرگە ئېلىشتى» دەپ تەكىتلىگەن [63، 16-دەپتەر،
٩٥-ۋاراق، 2-بەت، 30-ۋاراق، 1-بەت].
يۇقۇرىدا زىكىر قىلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسەن
خۇلاسە قىلساق، شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى 1720-1725-
يىللاردا تۇرپاندا چىن ئەرمىيەسى بىلەن جوڭغار قو-
شۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار چىن
ئىمپىرىيەسىنىڭ ئەيىبى بىلەن ھۇجۇمغا كەلگەن،

-161-

ئۇشبۇ ۋاقىتتا چىن خانى خانلىقىنىڭ كېلەچەكتە
ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان تاجاۋۇزچىلىق
ھەرىكىتى ئۈچۈن زەمىن تەييارلاشقا ۋە تۇر-
پاننى ئىلكىگە كىرگۈزۈپ ئۇنى تىبەتكە ئاياق قويىدىغان
بىر جايغا ئايلاندۇرۇشقا، ھەمدە ئۇشبۇ ۋىلا-
يەتنى ئىگىلەپ جوڭغارلارنى تىبەتكە قوشۇن
تاشلاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشقا،
كۆكنۇر ۋە تىبەت بىلەن شەرقىي تۈركىستان
ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي يولنى بېسىپ قويۇشقا ۋە
جوڭغارلارنى بۇ مەملىكەتلەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ،
بۇ يەردىكى چىڭلارغا قارشى ھەرىكەتنى قوللاپ-
قۇۋۋەتلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشقا قار-
تىلغان سىياسەتنىڭ نەتىجىسى بولغان ئىدى.

گەرچە چىن سۇلالىسى ئۇشبۇ تۇرپان ۋا-
قىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەلۇم دەرىجىدە جوڭغار
خانلىقىغا تىبەت ۋە كۆكنۇردىكى مىللىي ئازادلىق
ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىنى چەكلەپ
قويۇشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇشبۇ ۋىلا-
يەتنى ئۆز تەسىرى ئاستىدا ساقلاپ قالالمىدى.
جوڭغارلار تىبەتتە ئۆز پوزىتسىيەسىنى يوقاتقان
بولسىمۇ، تۇرپاندا چىڭلاردىن ئۈستۈن چىقتى. بۇنىڭدىن
پايدىلىنىپ، جوڭغار خانلىقى چىن ھۆكۈمىتىگە
ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاش-تارتىشلارنى

-162-

تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىش ۋە تىنچلىق مۇناسىۋە-
ت ئورنىتىش ھەمدە چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش
تەكلىپىنى قايتا قويدى. ئەينى پەيتتە چىن
خانلىقىنىڭ مەركىزى ئاسىيادىكى سىياسى،
بولۇپمۇ تىببەت، كۆكنۇر ۋە تۇرپان ۋەقەلىرىنى
ھىساپقا ئېلىپ، ئۆز پوزىتسىيەسىنى بىر ئاز
يۇمشاتقان ھالدا جۇڭغارلا تەكلىپىگە يان-
تىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ
پىكىر ۋە تەلەپلىرى بىرى-بىرىدىن يىراق بو-
لغانلىقىدىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ
بېرىلغان مۇزاكىرەلەر كېلىشىم تۈزۈش ئىمكا-
نىيىتىنى بەرمىدى.

-163-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 2- باب

## 1728-1754- يىللاردىكى چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر

### 2.1. غالدان سېرىننىڭ چىن ئىمپېرىيەسىگە قىلغان تىنچلىق ئورنىتىش ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈش تەكلىپى ۋە چىن قوشۇنلىرىنىڭ 1731-1732- يىللاردا جوڭغار خانلىقىغا قارشى قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى

XVIII - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تارىخىغا ئائىت ئەڭ مۇھىم ۋە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋەقە چىڭلارنىڭ جوڭغارلارغا قارشى ئاچقان نۆۋەتتىكى ئۇرۇش ھېساپلىنىدۇ. لېكىن 1731-1732- يىللىرى يۈز بەرگەن بۇ ئۇرۇش تارىخىي ئەدەبىياتلاردا تولۇق يارىتىلمىغان. ئۇلاردا مەزكۇر ئۇرۇش ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار بىر تەرەپلىمە بولۇپ، ھەققىي ۋەقە ئېنىق يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. روس تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ئەدەبىياتلاردا ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا ئاساسەن ئالتايدا ۋە غەربىي موڭغولىيەدە چىڭلار بىلەن جوڭغارلار ئوتتۇرىسىدا

-164-

يۈز بەرگەن ھەربى توقۇنۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
بۇ توقۇنۇشلار 1731-1732- يىللىرى چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن
جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنىڭ ئايرىم
بىر قىسمىغا ئىشارەت بولغان ئىدى. بۇندىن تاشقىرى
رۇس ھۆججەتلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرىدا شۇ يىللىرى قومۇل،
تۇرپان ۋە بۇ ۋىلايەتلەر ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بەزىبىر
ۋاقىيەلەر ھەققىدە مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن. بۇ ۋاقىيە-
لەر بىر-بىرىگە باغلانمىغان، بەزەن بىرى-بىرىنى ئىنكار
قىلغان ھالدا بايان قىلىنغان. ئۇشبۇ ئۇرۇش ھەققىدە
چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن توبول قىلىنغان خاتىرىلار، ئۇرۇش
پىلانلىرى، ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ھەققىدىكى
مەلۇماتلار سىر ساقلىنىپ قالغان. بۇندىن تاشقىرى
ئۇرۇش ئاخىرلاشقان 2-3 يىل داۋامىدا چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن
جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر
يېتەرلىك ئۆگىنىلمەي قالغان. ئەلۋەتتە بۇنىڭ سەۋە-
بلىرى مەلۇماتلارنىڭ كەمچىلىكى، خىتاي مەنبەلىرىنىڭ،
جۈملىدىن ئۆز ۋاقتىدا مەخپىي ساقلانغان رەسمىي
ھۆججەتلەر ئىلمىي مۇئامىلىگە كىرگۈزۈلمەي قالغان-
لىقىدىن ئىشارەت ئىدى.

1731-1732- يىللىرى چىڭ ئىمپېرىيەسى تەرە-
پىدىن جوڭغار خانلىقىغا قارشى قىلغان ئۇرۇش خىتاي
خارجى ئەدەبىياتلىرىدا ھەم يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇ-
لمىغان. خىتاي ئەدەبىياتلىرىدا ھەم بۇ ئۇرۇشنىڭ ئايرىم

-165-

ۋاقىئەلەرى، بولۇپمۇ جوڭغار ئەرمىيەسىنىڭ غەربى
مانغولىيەدە قىلغان ھەرىكەتلىرى خىتاي ئارمىيەلىر-
نىڭ ئېتىبارىنى كۆپرەك جەلپ قىلغان. شۇنىڭغا
قارىغاندا ئۇلارنىڭ قولىدا ھەم يېتەرلىك مەلۇمات بو-
لمىغان دېگەن پىكىرگە كېلىش مۇمكىن. ئېھتىمال
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم خىتاي ئارمىيەلىرى مەزكۇر
ئۇرۇشنىڭ خەرىتىسى، سەۋەپلىرىنى ۋە نەتىجىلىرىنى بە-
تەپسىل يورۇتۇش ۋە شۇ ئاساستا توغرا خۇلاسە چىقا-
رىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان دەپ ئويلايمىز.
ئېھتىمال بۇنىڭغا مەملىكەتتە يۈز بەرگەن سىياسى
ۋەزىيەت يول قويمىغاندۇر.

نەشر قىلىنغان ئارخىپ ئەدەبىياتلاردا
1731-1732-يىللىرى چىن ئىمپىرىيەسى جوڭغارخان-
لىقىغا قارشى باشلىغان ئۇرۇش ھەققىدە تولۇق مەلۇمات
كەلتۈرۈلمىگەنلىكى تۈپەيلى ئارخىپلار ئوتتۇرىسىدا
ئوشبۇ ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتى چىن ئىمپىرىيەسى ئەمەس
بەلكى جوڭغار خانلىقى دېگەن نۇقتىدىن قاراش
تەكلىپ قىلىنغان. مەسىلەن: روس ئالىمى ئا. يورد-
نىيو جوڭغارلارنىڭ يېڭى خانى (غالدان سېرىن) نە-
زەرىيەدە ۋە ئەمەلىيەتتە ئۆز ئاتىسىنى (سېۋاڭ رابتان)
ھەم ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.
ئۇ كۆپ قېتىم خىتايلارنىڭ چېگرا رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ،
چىن خاقانىنى قاتتىق رەنجىتتى. ئەمما ئۇ ئاتىسىدەك

كىنكى 7-يىلى (1729-يىل) خاقان جوڭغارلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن جازالىماقچى بولدى» دەپ يازىدۇ [27. 331-332-بەتلەر]. كىيىنچە ل. ئى. دۇمان چىڭلارنىڭ رەسمىي تارىخىغا ئاساسلىنىپ «سىۋاڭ دابىنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن دەۋرىدە (1727-1745) جوڭغارلار تىبەتلىكلەر بىلەن ئۆز-ئارا ئالاقىسىنى مەھكەملەپ، خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييار-لىق كۆردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار خالخىغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىدە بولدى... 1731-يىلى خالخىغا يېڭى ھۇجۇم باشلىدى» دەپ يازىدۇ [98. 67-بەت].

ئى. يا. زلاتكىن مانغۇل مەنبەلىرى ئاسا-سىدا مەزكۇر پىكىرگە تەنقىدىي يانداشىپ، ئۇنى قا-ستىدىن كۆرۈپ چىققان. نەتىجىدە ئالىم 1731-1732-يىللىرى چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشقا ھەرىكەتكە تەۋەپ تەلەك ئەيپدار بولغان دېگەن خۇلاسىغا كەلدى. مەسىلەن: ئۇ ئۆزىنىڭ «جوڭغار خانلىقى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھەممىسى چىڭ ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن جوڭغار خانلىقىنىڭ ئاياق-قولىنى باغلاش، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زېمىنى ئۆزىگە ۋەسىكە قوشۇۋېلىش، جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن بولسا، خالخىنى ئۆزىگە ۋەسىكە قوشۇۋېلىش ۋە شۇ ئاساستا پۈتۈن سولالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان موڭغۇل

ئىمپېرىيەسىنى خورلىشتىن ئىبارەت ئىدى» دەپ ياز-
دۇ [104، 248-بەت]. ئى. يا. زىلاتكىننىڭ پىكرىنى
ب. پ. گورېۋىچمۇ قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ [95، 93-
94-بەتلەر]. گەرچە ئى. يا. زىلاتكىن ۋە ب. پ.
گورېۋىچلارنىڭ پىكىرلىرى ھەقىقەتتىن بىر-ئاز يىراقلا-
شقان بولسىمۇ، بۇ پىكىرگە تولۇق قوشۇلۇش قىيىن.

بىز ئۇزۇن تەتقىقاتىمىزدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
جۇڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتىگە ئائىت
رەسمىي ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، شۇنداق
خۇلاسىگە كەلدۇقكى، 1731-1732-يىللىرى چىڭلار بىلەن
جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش چىڭ ئىمپېر-
يىسىنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا قارشىلىغان كۆپ يىللىق
زوراۋانلىق ۋە باسقۇنچىلىق سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى
بولغان. بۇ ۋەقەدە جۇڭغار خانلىقى مەركىزىي ئاسىيا
خەلقلىرى ۋەزىيىتىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا خالىغا بىلەن
بىرلىشىپ، مەركەزلەشكەن بىر خانلىق قۇرۇش نىيىتىدىن
ۋاز كېچىپ، چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن تىنچلىق مۇنا-
سىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىدى.
چىڭ سۇلالىسى ئۇرۇش باشلىغاندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى
ئۆزىنى ئاقلاپ قېلىپ كۈچلۈك ۋە ئۆزىدىن چوڭ ئىمكانىيە-
تلەرگە ئىگە بولغان، ئەسكەر تارتىپ كېلىۋاتقان
دۈشمەننى ھىمايە قىلىش ۋە ئۆزى ئۆز نىيىتىلىرىدىن
ۋاز كەچتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزلەشكە مەجبۇر بولدى.

-168-

چۈنكى بۇ دەۋردە جوڭغار خانلىقى ئۆزىنىڭ تۈركىستان-
دىكى مەۋقەسىنى ساقلاپ قالدى، بۇ يەردىكى مەھەللى
خەلقلەر ئۈستىدىن ئورناتقان ئەسىرىنى ساقلاپ
تۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇنداق بىر دە-
ۋردە شەرقتە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇرۇشۇش
جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم
قىلىش ئىدى. بۇنى جوڭغار خانى غالدان سېرىن ناھايىتى
ياخشى بىلەتتى. بۇنىڭ مىسالى تەرىقىسىدە بىز خاننىڭ
روسىيە ئەلچىسى ل. ئۇگرىموۋقا ئېيتقان سۆزلىرىنى
ئەسلەش مۇمكىن. سوھبەت داۋامىدا جوڭغار خانلىقى
بىلەن چىن ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت-
لەرگە توختاپ «ھازىر خىتايلار (چىنلار) ئۆزلىرى
ئۇرۇش قوزغاۋاتىدۇ. ئۇرۇشنى بىز قوزغىغىنىمىز يوق»
دەپ ئېيتقان [156.245-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە تېخى
ئەھۋالدا تۇرۇپ چىنلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى چارە كۆ-
رۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. جوڭغار
خاننىڭ بۇ پىكرىنى چىنلارنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرى
تولا تەستىقلايدۇ.

مەسىلەن: 1727-يىلى 23-يانۋاردا (12-ئاينىڭ
13-كۈنى) چىن خاقانى يوڭجېڭنىڭ جوڭغار خانى
غالدان سېرىنغا يازغان مەكتۇبىدە «سېنىڭ داداڭ
(سېۋاڭ راباتان) مېنىڭ كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىمنىڭ
قەدرىگە يەتتى. سەن بۇنى ياخشى بىلگەچكە ئاسىيلىقىڭ ئۈچۈن

-169-

ئۇزاقتىن - ئۇزاققا ئەلچى ئەۋەتىپسەن، بۇندىن
مەن غايەت خۇرسەن بولدۇم» دېگەن سۆزلىرى
يېزىلغان [17.63-دەپتەر، 19-ۋاراق، 2-بەت]. جۇ-
ڭغار خانىنىڭ چىن سارايغا تالەي ئىسمائىل ئەلچىنى
ئەۋەتىپ، ئاتىسىنىڭ ۋاپات قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەختكە
ئولتۇرغانلىقىنى ۋە چىن سۇلالىسى بىلەن بۇرۇنقىدەك
ئىناق مۇناسىۋەت ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرگەنلىكىنى چىن سارايدىكى تارىخچىلار رەسمىي تە-
كىتلەپ ئۆتكەن [17.63-دەپتەر، 19-ۋاراق، 1-بەت].
لېكىن غالدان سېرىن ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق چىن ئىمپېر-
يەسى بىلەن مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ خانى تەرىقىسىدە
مۇناسىۋەت قىلىش، ئۆز ۋەتىنىدە بۇددا دىنىنى رىۋاج-
لاندۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭ
ئۈچۈن يارلىق شەرت-شارائىت يارىتىش ئىشىنى يارلىقىنى
ئىستىگەن. ئۆز مەكتۇبىدە چىن خاقانى يوڭجېڭ غالدان سېر-
ىنغا ئەۋەتكەن يارلىقىدا «سەن خان مەكتۇبىڭدە بۇتۇن
غەربىي ئۆلكىدە بۇددا دىنىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا شەرت-شارائىت
يارىتىپ قويۇپسەن، مەھەللى خەلقلەرگە تىنچلىق ھايات
بېغىشلىماقچىمەن دەپ يېزىپسەن» دەپ تەكىتلەيدۇ
[17.63-دەپتەر، 20-ۋاراق، 1-بەت]. ئۇشبۇ مەزمۇندىكى
سۆزلەرنى ئۇ ساراي ئەھلى ئالدىدا بىر نەچچە قېتىم
تەكرارلىغان [18.63-دەپتەر، 12-ۋاراق].
مانا شۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئېنىق ئېيتىش

-170-

مۇمكىنكى جوڭغار خانى غالدان سېرىن ھاكىمىيىتىنى
قولغا ئالغاچ، دەرھال بېيجىنگە ئەلچى ئەۋەتىپ
چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سىياسەت
ئېلىپ بېرىش نىيىتى بارلىقىنى ۋە پۈتۈن تۈركىستاندا
ئۆز پوزىتسىيەسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتتە
قىلماقچىلىقىنى بىلدۈرگەن.

چىڭ خاقانى يوڭجېڭ جوڭغار خانىنىڭ ئەلچى
ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئارقىلىق سوۋغا بېرىپ ئەۋەتكەن-
لىكىنى ئىنتايىن خۇرسەنلىك بىلەن تىلغا ئالغان
بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇستەقىل سىياسەت
ئېلىپ بېرىش نىيىتى بارلىقىنى قاتتىق قارشىلايدۇ.
چۈنكى يوڭجېڭ ھەم ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا ئو-
خشاپ ئۆزىنى تيەنزى يەنى خۇدا پەرزەنتى
دەپ بىلىپ، پۈتۈن يەر يۈزىدىكى مەملىكەتلەر
ئۇنىڭ تەۋەسىدە بولۇشى، ئۇلارنىڭ خانلىرى
پەقەت ئۇنىڭ يول-يورۇقى بىلەن ئىش تۇتۇش
لازىم دېگەن مەزمۇندىكى خىتاي ئۇزاق ئەسىرلەر
داۋامىدا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى پەلسەپە
ئاساسىدا بۇ مەسىلىگە ياندىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇ ھەتتا «غالدان سېرىنغا سەن ھەلى جوڭغار-
لار كىچىك بىر خەلق ئىكەنلىكىڭنى ۋە بۇددا دىنىنى تەر-
غىبات قىلىش بۇ پەقەت مېنىڭ ۋەزىپەم ئىكەنلىكىنى
بىلمەيدىكەنسەن» دەپ يازغان [63.17، دەپتەر 55، ۋاراق 1-بەت].

-171-

چىن خاقانى ئۆزىنىڭ يەنە بىر مەكتۇبىدا «سەن خاقانغا نىسبەتەن ئۆزگەرمەيسەن، ئۆزگىرىشنى ھەم خالىمايدىكەنسەن... خاقاننىڭ يولىدىن بارماقچى ئىكەنسەن... دېمەك سەن ناھايىتى ئىشەنچسىز ئىكەنسەن» دەپ خاننى قارىلايدۇ [63.18-، 3-پارە، 13-ۋاراق، 2-بەت]. بۇ سۆزلەرنى پۈتۈكچى ساراي ئەھلى ئالدىدا بىر نەچچە قېتىم تەكىتلەيدۇ. شۇ بىلەن بىرگە چىن خاقانى جوڭغار خاننى ئاشكارا يامانلىقتا، قارا-نىيەت بارلىقتا ئەيىپلەيدۇ. غالدان سېرىنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق تىنچلىق مۇناسىۋەتتە بولۇش نىيەتلىرىنى، ھەقىقەتەن ئالماسلىقنى ۋە ھاياتى خاۋپ ئاستىدا بىلمەسلىكنى ئىبارەت دەپ جاكالايدۇ. شۇ بىلەن بىرگە خاننى چىن خاقانىغا يول سۇنۇشتىن باش تارتقانلىقتا ۋە ئىسيانلىقتا ئەيىپلەپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ساراي تارىخچىلىرى پۈتكەن چىن سۇلالىسى تارىخنامىسى خاملىق كىتابىدا «سېۋاڭ رابتان ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى غالدان سېرىن تەختكە ئولتۇرغۇزۇلۇپتۇ. شەيتانلىقتا بۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن. يەنە شۇ بىرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز قارشىلىق بىلدۈرگەن مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇ ناھايىتى مەغرۇر، جاھىل بىر شەخس ۋە كەللەكېسەرلەرنىڭ باشلىقى ئىكەن...

-172-

ئەگەر ئۇ ۋاقىتتا يوق قىلىپ تاشلانمىسا، كېلەچەكتە بىزنىڭ بېشىمىزغا ئاپەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن» دېگەن پىكىر قوبۇل قىلىنغانلىقىنى يازدۇ [63. 18- دەپتەر، 27- 28- ۋاراقلار].

چىڭ سۇلالىسى تارىخى ئاماسىق كىتابىدا غالدان سىرىن يامان ئادەم بولغانلىقى ۋە خاقانغا ئىتائەت قىلىشىدىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ مەملىكىتىگە ئەرمىيە ئەۋەتىپ، ئۇنى يازالاشقا قارار قىلدى دەپ يازدۇ [57، 1- توم، 35837- بەت].

ئەمما ئۇرۇش باشلاشتىن ئالدىن چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى. شۇ مەقسەتتە ئۇ جۇڭغار خانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئەگەر خان ئۆزىنى چىڭ خاقانغا ئىتائەت قىلىدىغان خان دەپ بىلسە، ئۆز ۋاقتىدا دادىسى سىرىن رابدان كۆككول (كۆك نۇر) ئۆلكىسىدىكى چېگرالارغا قارشى قوزغىلاڭغا ياشىماق قىلغان ۋە جۇڭغارىيەدە ماكانلاشقان لوبسەن دەنجىنى چىڭ سۇلالىسىغا تاپشۇرۇشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن يۈز بەرگەندىكى كېلىشمەسلىكنى سورىسا، بىز جۇڭغار خانىغا چىڭ ئىمپېراتورى بىلەن ھۇلاقەتتە بولۇشقا ۋە سۇلھ تۈزۈشكە مۇمكىنچىلىك بېرىلىدۇ [63. 18- دەپتەر، 13- ۋاراق، 2- بەت].

جۇڭغار ئەلچىسى تالەيى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا چىڭ

خاقانى يوڭجېڭ ئەينەن شۇ يىللىرى ئۇنىڭغا ئۇ-
ختۇرۇپ، ئۇنىڭدىن خاننى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش
لازىملىقى، ئەكسى ھالدا يامان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى
ئۇختۇرۇشنى ئەكەتلىگەن. ئۇ ئۆز سۆزىدە يوڭجېڭ
«غالدان سېرىن چەت ئۆلكىدىكى كىچىك بىر ئۇلۇسنىڭ
ھۆكۈمدارى. ئۇنىڭ ئۆزىنى سېرىق دىننىڭ يېتەكچىسى
دەپ بىلىشى نائورۇنسىز، بۇنى ئۇ ياخشى بىلىشى لازىم»
دەپ ئىشقان [3.18.63-دەپتەر، 12-ۋاراق، 2-بەت].

ئەلبەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى جوڭغار
خانلىقى قوبۇل قىلمىدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر تېزدە
بېيجىڭغا يەتكۈزۈلدى. جوڭغار خانى غالدان سېرىن-
نىڭ جاۋابىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 1729-يىلى 17-
يانۋاردىكى يوڭجېڭ سارايغا يارلىق ئەمەلدارلىرىنى
جوماللىدى. يارلىق ۋەزىرلەرنى، خاقان ياردەمچىلىرىنى
ۋە ئەرمىيە قوماندانلىرىنى يىغىپ، جوڭغار خانلىقى
ئەقىدىرىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆز
قارارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يىغىندا خاقان جوڭغارلار
بىلەن چىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەرىپىگە
توختۇلۇپ، ئەنە ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن تىز
چوكتۇرۇش ۋاقتى كەلدى دەپ ئەستى. «جوڭغار خانلىقى
كىچىك جاي، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ خاھايتى ئۇزاقتا،
ئۇ يەردە ئەگەر بۇ زىمنىن قولغا ئالساق، ئۇ يەردىكى
تىرىلغۇ يەرلەر بىزنىڭ ئەھتىياجىمىزنى قاندۇرالايدۇ،

بۇ ئۆلكىنىڭ خەلقلىرىنى بۇ يەردىن سۈرساق، ئۇلارنى
ھەربىر ئىشتا جەلپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس،
لېكىن ئۇلارنى ئەسىرگە تۇتۇۋېلىپ، پۈتۈنلەي يوق
قىلىپ تاشلىساق، بۇ قىلمىشىمىز ماختاشقا سازاۋەر
بولمايدۇ. مەن مەملىكەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى چوڭقۇر
ئۆگەندىم ۋە پۇختا ئويلاپ كۆردۈم. ئەگەر بىز بەگۋا-
ستىلارنى ئۆز ۋاقتىدا يوق قىلمىساق، كېلەچەكتە
ئۇلار بىزنىڭغا بالا بولىدۇ، پۈتۈن موغۇل خەلقى
ئۈچۈن ھەم چوڭ ئاپەت كەلتۈرۈشى تۇرغان گەپ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە قايغۇ-ئەلەم
كەلتۈرىدۇ دەپ ئەنسىرەپ كەتمەكتەمەن. ھازىر
چوڭغارلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن
قولاي پەيت كەلدى. بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىش بۈتۈن
ئىنسانىيەت مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. پۈرسەتنى
قولدىن چاپ بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئادەملەر
تەدبىرنى چاپسان بىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم
ئاتام ئىشلىگۈچى كۆپ يىللار داۋامىدا مەزكۇر ۋەزىيىتى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان، لېكىن
ئۇ بۇ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى. خۇ-
داي پۈرسەت كېلىپ تۇرغان بىرھەزگىلدە مەن ئۇنى
قولدىن بېرىپ قويالمايمەن» دەپ ھەمىشە
جاكالىغان [63.18.دەپتەر، ١٦-١٥-ۋاراقلار]. ئۇششۇ
مەزمۇندىكى سۆزلەرنى يوقىتىش ئاتىسىنىڭ تەبىرى ئالدىدا،

چوڭقارلارنى تېز چوڭقۇرومەن دەپ تەسەممىيات
قىلغان ۋاقىتتا ھەم مەغلۇپ بولغان [45. 80-دەپتەر، 26-
ۋاراق، 1-بەت]. يوقۇچى خاقاننىڭ بو سوزلىرى
ئۇنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر خاتىرجەملىكتا دوستلىق قىلىش
قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى زورلۇق قىلىش، قورال كۈچى
بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرۇش نىيىتى بولغانلىقىنى
ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.
ئۇزۇن ئۆتمەستىن خاقان سارايغا يىغىلغان چىن
ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ قارارى ھەققىدە
ئۇز پىكىرلىرىنى ئېيتىشنى ۋە بۇ قارارنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشنى تەمىنلەيدىغان ئېنىق رېجىلەر ھەققىدە سۆزلە-
شنى بۇيرىدى. سارايغا يىغىلغانلارنىڭ كۆپچىلىكى خاقان-
نىڭ چوڭقۇر خاتىرجەملىكىگە قارشى كۈچ ئىشلىتىش ھەققىدىكى
قارارىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى
ئۇز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشنى باشقا قارىدى. خاقان
ئەمىرگە بېشى بىلەن سوزلىگەنلەرنى غالىبانە سېپىرىنى
يوق قىلىپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇسىنى بويسۇندۇ-
رۇش، بۇتۇن ھاكىمىيە، كۈچلۈك ۋە ئېسىل
خەلقى ئۈچۈن ۋە ئۇز ھەممىمىز ئۈچۈن ئېنىق
ھاياتنى ياراتقان بولىمىز دەپ خۇلاسە قىلىشنى ۋە بۇ
بىردىنبىر توغرا يول دەپ ئېيتتى [63. 18-دەپتەر،
15-ۋاراق، 1-بەت].
سارايدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىن نەتىجىسى چىنلەرنىڭ

-176-

تۈركىستانغا ئالتاي ۋە قۇمۇل، باركۆل ئارقىلىق
ئىككى يول بىلەن ئەرمىيە ئەۋەتىش ھەققىدە
قارار قوبۇل قىلىندى. 1929-يىلى 9-ئاپرېل كۈنى
يوڭجېڭ مانجۇر گېنېرالى فۇرداننى 3-دەرىجىلىك
كىنەز گۇڭى فۇرداننى [5.57-توم، 39844-بەت]
(? — 1752) شىمالى يول بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا
ئەۋەتىلىدىغان ئەرمىيە قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى،
سىچۈەن، شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ ھاكىمى
(زوڭدۇ) خىتاي مىللىتىگە مەنسۇپ ئەمەلدار يۈجۇڭ-
چىنى [5.57-توم، 39833-بەت] جەنۇبىي يول بىلەن
شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان ئەرمىيەگە قومان-
دانلىق قىلىشقا بەلگىلىدى. شۇ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا
ئۇزاق ئۆلكىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئەرمىيەنىڭ ئالىي قو-
ماندانى ئۇنۋانىنى بەردى. شىمالى يول بىلەن شەرقىي
تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان ئەرمىيەگە مانجۇر گېنېرا-
لىنىڭ تەيىنلىنىشى چاۋ قولاتتا ۋاقىيە بولمىدى. چۈنكى ئۇ
ئەرمىيەنىڭ ئاساسى قىسمى مانجۇر مىللىتىگە مەنسۇپ
ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇ-
نىڭغا چىن خاقانى چوڭ ئىشەنچ بىلەن قارايتتى،
يوڭجېڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەرمىيە ئەۋەتىش
ۋە جوڭغار خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ھەققىدە قارار
قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دەرھال دۆلەت كەڭەشكە
مەزكۇر قارارنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش

-177-

ئۈچۈن ئېنىق پىلان ئىشلەپ چىقىرىش ھەققىدە
مەخسۇس پەرمان بەردى. 1729-يىلى 14-ئاپرېل
كۈنى مەزكۇر كېڭەش تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىلغان
ئۇرۇش پىلانى خاقان ھوزۇرىغا تەقدىم قىلىندى.
تونۇشۇپ چىقىپ يوڭجېڭ دەرھال ئۇنى تەستىقلاپ،
ئۇرۇشنى شۇ پىلان ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
بۇيرۇدى.

تەستىقلانغان پىلاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ
شىمالىي قىسمىغا، يەنى جۇڭغار خانلىقىغا قارشى شىمالىي
يول ئارقىلىق 24 مىڭ، جەنۇبىي يول بىلەن 26 مىڭ،
جەمئىي 50 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيە ئەۋەتىش
كۆزدە تۇتۇلغان [63. 18-دەپتەر، 16-ۋاراق، 1-بەت].
غەربىي ماڭغۇلىيە ۋە ئالتاي ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان
ئەرمىيە بېيجىڭ، مانجۇرىيە ۋە ئىچكى ماڭغۇلىيەدە
خىزمەت قىلىۋاتقان 8 بايراقلىق ئاتلىق مانجۇر ئە-
سكەرلەر قىسىملىرىدىن تەشكىل قىلىنىشى كۆرسىتىلگەن.
ئەمەلىيەتتە شەخسەن يوڭجېڭ خاقاننىڭ ئەمرى
بىلەن ئۇشبۇ ئەرمىيە بېيجىڭدىكى ھەربىي قىسىملاردىن
6 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، 9 مىڭ جەۋەندازدىن ئىبارەت
ھارۋىلىق قىسىم ۋە ئىچكى ماڭغۇلىيە، كەنسۇ، شەنشى،
چىڭخەي (كۆكنۇر) ئۆلكىلىرىدىكى ھەربىي قىسىملارنى
قاللاپ ئىشلىگەن 8 مىڭ جەۋەندازلاردىن تەشكىل
قىلىنغان. مەزكۇر ئەرمىيە قوماندانلىقى جەمئىي 753 نەپەر

-178-

ھەر خىل دەرىجىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلاردىن تە-
شكىللەنگەن [63.18-دەپتەر، 17-18-ۋاراقلار].

جەنۇبىي يول ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا
ئەۋەتىلىدىغان ئەرمىيە تەركىبى ھەققىدە ھۆججەت-
لەردە ئېنىق مەلۇمات كەلتۈرۈلمىگەن. لېكىن ئۇنىڭ باش
قوماندانى يوجوڭچىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا ئە-
مەلىيەتتە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي قىسىملار سانىنىڭ
ئومۇمىي سانى 26,5 مىڭ كىشىدىن، قوماندانلىق 324
كىشىدىن ئىبارەت بولغان. باش قوماندان ئۆز ئەترا-
پىغا پىرىك ئەمەلدارلارنى ژىتقان. ئەرمىيەنى تۆ
ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا تەشكىل قىلىشتا يوجوڭچىغا
ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشتىن تۇتۇش ھوقۇقى بېرىلگەن
[63.18-دەپتەر، 23-24-ۋاراقلار]. شۇ سەۋەبلىك
ئۇ ئۆز ئەرمىيەسىگە خىتاي ئەسكەرلىرىنى ۋە خىتاي
ئەمەلدارلىرىنى كۆپرەك جەلىپ قىلغان.

ئۇزاق مۇزاكىرىلەردىن كېيىن جەڭ سوۋالىسى
پىلانلاشتۇرۇلغان ئۇرۇشنى 1730-يىلى باھاردا
باشلاشنى ماقۇل تاپتى. چۈنكى باھارغىچە يېتىپ
پولدا ئوت-چۆپ ۋە سۇ يېتەرلىك بولۇشى كۆ-
زدە تۇتۇلغان.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا يوڭجېن خاقان ئىنتا-
يىن چوڭ ئەھمىيەت بىلەن قارىدى. شۇ بىلەن
سارايدا ئەھلىگە بۇ قېتىم بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز،

-179-

جوڭغار خانلىقى ئۈستىدىن غالىب چىقىپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى بارچە خەلقلەرنى، جۈملىدىن بۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنى ئۆز تەسىرىمىزگە ئالىمىز دەپ خاينا-خاينا مۇراجەت قىلدى ۋە ئۇلارنى بوغۇشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش كۆچى چىقىرىشقا داۋات قىلدى. بۇنىڭ ئاساسىدا بېيجىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەرمىيە ئەۋە-تىشكە بېغىشلانغان بىر قانچە رەسمىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن. مەسىلەن: 1729-يىلى 25-ماي كۈنى خاقان ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى روھى ئالدىدا قەسەم ياد قىلىش مۇراسىمى ئۆتكەزدى. تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن ئۇلۇغ مۇراسىم جەريانىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۆز نۇتقىدا يوڭجىن جوڭغار خانلىرىنى ئەنئەنىۋى ھالدا چىن ئىمپېرا-تورلىرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقتا ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، ھاياتكە چورتشتە ئەپپەلچى، ئۇلارنى بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئەلىك ئالى جازاغا مەھكۇم قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز دەپ تەكىتلىدى. شۇندىن كېيىن خاقان بۇ ئالى جازانى مەن ئەلچىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، جوڭغارلارنى تىز چۆكتۈرىمەن، شەرقىي تۈركىستاننى قولغا ئېلىش ۋەزىپىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ قەسەميات قىلدى.

26-ماي كۈنى تەيخې دىيەن سارايدا يوڭجىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەرمىيە ئەۋەتىش ھەققىدىكى پەر-مانى ۋە ئەرمىيە قوماندانلىرىنى تايىنلاش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى رەسمىي ئېلان قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىم جەريانىدا ئەرمىيە قوماندانلىرىغا مەخسۇس
قامچىلا تاپشۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەل دەرىجىلىرىنى كۆتۈ-
رۈش ھەققىدىكى ئالىي فەرمان ئوقۇپ ئاڭلىتىلدى. ئۇشبۇ
فەرماندا ساراي يېتىدىكى ھەربىي كېڭەش باشلىقى چاپشانى،
ئۇنىڭ پارەمچىسى بىرىنچى دەرىجىلىك گوڭ لونبۇنى شىيەن
شەھەرىدىكى يوچوكچى ھوزۇرىغا ئۆزە تەسلىم ۋە ئۇنىڭغا
خاقاننىڭ چوڭ ئىشەنچىنى بىلدۈرۈشكە ئالقىش ئېيتىش،
ئۇنىڭ جەنۇبىي ئەرمىيە قوماندانى قىلىپ تاينلىنىشى، لەمەن
شۇ ئەمەل بىلەن بىرگە بىرىلىدىغان ھوقۇقنى تاپشۇرۇش
ھەققىدە ئالاھىدە ئوقۇتالغان. شۇ بىلەن بىرگە ساراي يېدىكى
تاشقى ئالاقىلار ۋە زىرلىكى (لى فەن يۈەن) باشلىقىنىڭ ئورۇن-
باسارى گولوغا موۋاپىقنى كانسلىر (نۇي گى سۇ شى) لاۋا-
زىمى بىرىلىپ، ئۇنىڭغا بوچوكچى ئۇچۇن مەسلىھەتچى
بولۇپ، يولپورۇق كۆرسىتىپ تۇرۇش ۋەزىپىسى يۈكلەن-
گەن [63. 18- دەپتەر، 26-27- ۋاراقلار].

1729- يىلى 6- ئاينىڭ كۈنى بېيجىڭدىكى شەھەر جە-
نۇبىي دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدىكى ئەنيۈەن مەيدانىدا
شەرقىي تۈركىستانغا ئۆزە تەلىدىغان ئەرمىيىنىڭ يولغا
چىقىش مۇراسىمىغا بېغىشلانغان ھەربىي پارات ئۆتكۈ-
زۈلدى. ئۇشبۇ پاراتتا، شىمالىي يول ئەرمىيىسى قوماندانىنى
فۇ ئېرداڭ باشچىلىق قىلدى. پارات ئاتلىق قوشۇنلار،
ھارۋۇلۇق قىسىملار، زەمبىرەكچىلەر ۋە پىيادە ئەسكەرلەر-
نىڭ نەۋبەتمۇ-نەۋبەت بىلەن ئۆتۈپ جولاغ شەكىلدە رەككمۇ-

-181-

-رەك بايراقلا تۇتقان ھالدا مەيداندىن ئۆتۈش بىلەن تۈگەللەندى.

چارات مورداسىمى دەۋرىدە يوكچىن خاقانىنىڭ ئوردىسىغا قاتناشقۇچى چارلىق چوڭ-كىچىك لاۋازىمغا ئىگە بولغان لەشكەر باشلىقلىرىغا، ئاددى ئەسكەر-لەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىغا تۆلىنىدىغان مائاش ھەققىدىكى پارمانى ھەم ئوقۇپ ئاڭلىتىلدى. ئۇشبو پارماندا ئەرمىيە قوماندانلىرىغا 4 مىڭ سەر (ئايلىق)، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىگە 3 مىڭ سەر، لەشكىرى مەسلىھەتچىلىرىگە 1 مىڭ سەر، ئىشتاپ ئەپسەرلىرىگە 150-200 سەر، ھەربىي قىسىملارنىڭ باشلىقلىرىغا 120 سەر، ئاددى ئەسكەرلەرگە 20 سەر كۈمۈش پۇل بېرىش بەلگىلەنگەن [63.19-دەپتەر، 6-ۋاراق]. ئەشۇ بىلەن بىرگە پارماندا ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار ۋەزىرلىكلەرگە، ھەر بىر ئۆلكە ھاكىملىرىگە، مەخسۇس بۇيرۇق بېرىپ ئۇلارغا ئوردىدا ئۆلگەن ياكى ئاياق-قولىدىن ئاجرىغان ئاددى ئەسكەر ئائىلىسىگە ھەر ئايدا 3 دۇ (15-25 لىتر) دىن گۈرۈچ بېرىش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنسۇن دېيىلگەن [63.26-دەپتەر، 12-ۋاراق].

1729-يىلى ئىيۇل ئېيىدا ئۇرۇش تەييارگەرلىكى قانات كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم مەخسۇس ھېسابات ئېغىزى ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرقى ئېغىزدا تەييارلىق ئىشلىرىدىنى خۇلاسە قىلىپ، يوكچىن «مەن مەسىلىنى قايتا

-182-

ئۆيلەپ كۆردۈم ۋە موھاكىمىگە قويدۇم. ئۇرۇش
تەييارگەرلىكىگە ئائىت جارلىق ئىشلەر، جۇملىدىن
ھەربىي يۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەمەلدار-
لارنى تاللاش، ئەرمىيىنىڭ زۆرۈرىيىتىگە كېرەكلىك
ئاشلىق، ئات، ھارۋا، قورال-ياراق، كىيىم-كېچەك،
دېھقانچىلىق ئەسۋاپلىرى تولا-توكۇس تەييار-
لىنىپ بولدى» دەپ يېزىلغان[63، 26-دەپتەر،
12-ۋاراق، 2-بەت].
1729-يىلى 22-ئىيۇل كۈنى بېيجىڭدە شەرقىي تۈ-
ركىستانغا ئۇرۇش سەپىرىگە چىققۇچىلارغا بىخەتەرلىك
ۋە غەلىبە تىلەش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش مۇراسىمى
ئۆتكۈزۈلدى. ئۇشبۇ مۇراسىم تەنتەنىلىك يەنى سارايدا
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يوڭجېڭ، ئۇنىڭ
يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرى، بارلىق ساراي ئەمەلدارلىرى
ۋە ئەرمىيە قوماندانلىرى قاتناشتى. ئىبادەت مۇراسىمى
تاماملانغاندىن كېيىن خاقان قوشۇنلارنى ئىشەنچ بىلەن
ئۆزى سەپەرگە كۈزەتتى[63، 26-دەپتەر، 12-14-ۋاراقلار].
1729-يىلى دېكابىردا شىمالىي ئەرمىيە قوماندانى
فۇرداندىن ئۆزىگە تەۋەشلىك قوشۇنلارنى جۇڭغار خانلىقى
چېگرىسىغا يېقىن جايدا ئورۇنلاشتۇردى. ئەينى زاماندا
جەنۇبىي يول بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن
ئەرمىيە يۈرۈشچى باشچىلىقىدا قومۇل ۋە باركۆل ۋىلايەت-
لىرىگە جايلاشتۇرۇلدى[63، 19-دەپتەر، 25-26-ۋاراقلار].

66. 2-جاپ، 12-ۋاراق، 1-بەت]. يوگېنىڭ ئۆزى
بارگولنى جايلاشپ، بۇيەردە ماڭجور قوشۇنلىرىنى جا-
يلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆز خانايى قوشۇنلىرىنى جايلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن بىر قەلئە قۇرۇش ئىشلىرىنى باشلىدى
[57. 5-توم، 39837-بەت].

جوڭغارخانلىقىنىڭ شەرقىي چېگراسى بويلاپ ئەسكەر جايلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان بىلەن تېپەتنى ئۇلايدىغان يوللاردىكى مۇھىم جايلارغا ھەم قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى. مەسىلەن: قومۇل قارىتىلىق تېپەتكە ئۆتىدىغان يول ئۈستىدىكى غازكول ئەتراپىغا 500 كىشىدىن ئىبارەت ۋە قەشقەر، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلار قارىتىلىق، غەربىي تېپەتكە ئۆتىدىغان يول ئۈستىدىكى تۇغرال-مونو (ئەگرى، خانچە ئەڭگىلى) كولى ئەتراپىغا 5، 1 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ھەربىي قىسىملار جايلاشتۇرۇلغان [20.63-دە پىتەر، 1-4-ۋاراقلار]. چۈنكى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك 1716-1717-يىللىرى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇشبۇ يوللارنى دېيەرلىك قاتتىق نازارەتسىز قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، جوڭغارلار بۇ ئىككىدىن پايدىلىنىپ چاپقۇنلارنى قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىم چىڭلار بۇ يوللارنى قوغداشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار 1729-يىلى چىڭ

ئىمپېرىيەسى ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى پىلانلاشتۇرۇپ
كەلگەن زوراۋانلىق سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان
ۋە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلىشقا ھەرىكەت
قىلغان جۇڭغار خانلىقىغا قارشى نۆۋەتتىكى ئۇرۇشنى
باشلاشقا قارار قىلغانلىقى ۋە بۇ قارارنى ئەمە-
لگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلى چارىلار كۆرۈشكە
كىرىشكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. ئۇشبۇ مەلۇ-
ماتلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمى ھۆججەتلىرىدىن
ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھېچقانداق گۇمان تۇ-
غدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەپسۇسكى مەزكۇر
مەلۇماتلار ھازىرغىچە ئاممىغا مۇئامىلىگە كىرگۈزۈلمىگەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخى ئەدەبىياتلاردا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
1729-يىلى جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش باشلاش ھە-
قىقىدىكى قارارلىرى يورۇتۇلماي قالغان.

ئەلۋەتتە چىڭ ئىمپېرىيەسى شەرقىي تۈركىستا-
نغا ئەرمىيە ئەۋەتىش ھەرىكەتلىرىنى قىلۋاتقاندا،
جۇڭغار خانلىقى ئۆزىنىڭغا نىسبەتەن قانداق سىيا-
سەت تۇتقانلىقى دېگەن سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا
قويۇلۇشى تەبىئىي. مەزكۇر سوئالغا جاۋاپ بېرىش
ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا مۇراجەت قىلىش
مۇمكىن.

1729-يىلى 25-نويابىر كۈنى يۇڭجېڭ خۇمالاڭ-

-185-

لىقىدىكى جەنۇبىي ئەرمىيە باركۆلگە قاراپ كېتىۋا-
تقاندا چىڭلا بىجىڭگە قاراپ كېتىۋاتقان جوڭغار
خانلىقىنىڭ ئەلچىسى تالايىنى ئۇچراشتى. يولدا
جوڭغار ئەلچىسى خىلى ۋاقىتچە توختۇتۇپ قويۇلدى.
يوڭجىڭ خاقان خامىدىنى تالايىنى بىجىڭگە ئەۋە-
تىلسۇن دەپ پەرمان كەلگەنلىكىن بۇ جوڭغار
جوڭغار ئەلچىسى خاقان ھوزۇرىغا ئەۋەتىلدى [63.
19-دەپتەر، 20-ۋاراق]. شۇنداق قىلىپ تالايى
بىر ئايلىق يولنى بىر يېرىمچە ئايدا بېسىپ بىجىڭگە
يېتىپ كەلدى. 1730-يىلى 24-ئىيۇندا يوڭجىڭ ھوزۇ-
رىغا كىرىشكە مۇيەسسەر بولدى [57. 1-توم،
35838-35839-بەتلەر].

جوڭغار ئەلچىسى تالاي بىلەن يوڭجىڭ خاقان
ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتتە ئەلچى بىلەن ساراي
ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى گەپلەرنىڭ مەزمۇنى جاياپ
قانغان رەسمىي ھۆججەتلەر شۇنى كۆرسىتىدىكى بۇ
قېتىم ھەم جوڭغار خانى غالدان سېرىن يوڭجىڭ خاقان
نامىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا چىن ئىمپېرىيەسى
بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش نىيىتى بارلىقىنى
يانا بىر قېتىم تەكىتلىگەن. شۇ بىلەن بىرگە خان كۆكنوردا
يۈز بەرگەن چىڭلارغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى
لوبسەن دەنجىننى بىجىڭگە ئەۋەتىپ بېرىشكە رازىلىقى
ئېيتىپ، يوڭجىڭدىن جوڭغارىيەدىكى دىن ئەرباپلىرىنى تىبەتكە

-186-

بېرىپ، ئۇيەردىكى ئەۋلىيالار ۋە ئەزىزانلار مازارلىرىنى
زىيارەت قىلىپ كېلىشكە رۇخسەت بېرىشنى سورىغان.
مەلۇمكى بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ-
رۇن تېبەت مۇستەقىل بولغان چاغدا بۇنداق
ئىشلار ئەنئەنىۋى ھالدا تېبەت بىلەن جوڭغار
خانلىقى ئوتتۇرىسىدا مۇنتەزىم داۋاملىشىدىغان ئەمەلگە
ئاشۇرۇلاتتى.

جوڭغارلارنىڭ ئەلچىسى قوبۇل قىلىنغان كۈنى يو-
ڭجېڭ ساراي ھەربى ۋەزىرلىرىگە مەخسۇس
پەرمان چۈشۈردى. ئۇشبۇ پەرماندا دۇتوپ-
توغرى ئاساسىغا ھۇجۇم قىلىشنى رىجەلەشتۈرۈپ
قويغان ئىدۇق. لېكىن غالدان سېرىن قالايمى
ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇ قارلىق مەكتۇپ يو-
للاپتۇ. ئۇ مەكتۇبىدە: مەن لوبسەن دەنجىنى
سارايىغا ئەۋەتكەن ئىدىم. ئەمما خاقان لەشكە-
رلىرىنىڭ بىز قامان كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يېرىم
يولدا توختىتىپ قويۇشىغا توغرى كەلدى. ئەگەر
خاقان ئەسكەرلىرى بىزدىن ئۆتكەن تۇشۇنچە سىلىكنى
كەچۈرسىلەر ۋە ئۆتكۈشنى ئۇنۇتسىلار لوبسەن دەنجىنى
بېجىڭگە يەتكۈزگەيمىز» دەپ يېزىپتۇ دېگەن
سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز [20.63-دەپتەر، مۇزاۋاق، 1-بەت].
جوڭغار خانلىقىنىڭ بېجىڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆ-
لەت ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈش ۋە تىجارەت مۇناسىۋەت

www.uyghurkitap.com

ئورنىتىش ھەققىدە مۇراجەت قىلغانلىقى يوقلۇقىنىڭ
باشقا قەھرىمانلىرىنىمۇ ئۇچرىدۇ [22.63-بەت،
2-قاراق].

خىتاي مەنبەلىرىنىڭ جوڭغار خانلىقى تەرىپىدىن
چىن ھۆكۈمىتىگە تەۋەلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن
قىلغان مۇراجىئەت ھەققىدىكى كۆرسەتمىسىنى روس ئارخىپ
ماتېرىياللىرى ھەم تەستىقلايدۇ. مەسىلەن: جوڭغار
خانى ھۆزۈرىغا ئەۋەتىلگەن روس ئەلچىسى ل. ئۇگر-
يۇموپ ئۆزىنىڭ ھېكايىسىدە «غالدان سېرىن خاقان
ھۆزۈرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خالىسىغا ئېرىشىپ قالغان
قالايمىقانچىلىقلارنى ھەل قىلىشنى ۋە تەۋەلىك ئورنى-
تىشنى مەقسەت قىلدى» دەپ يازىدۇ [244.104-
بەت]. بۇ ھەقتە بەزى بىر خىتاي تارىخچىلىرى ھەم
يازغان. مەسىلەن: بىر گۇرۇپ خىتاي تارىخچىلىرى
تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسقىچە جوڭغارلار تارىخى» [256]
ناملىق كىتابتا «تەخمىنەن ئوتتاغاندىن كېيىن خان (غا-
لدان سېرىن) پېچىنگە سوغا-سالاملار بىلەن ئەلچى
ئەۋەتتى، خاقاندىن ئۆز دادىسىنىڭ ئەرۋاھىغا نەزىر-
چىراق قىلىش مەقسىتىدە تىبەتكە ئادەم ئەۋەتىشكە
رۇخسەت سورىدى» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز
[256. 173-بەت].

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلاردىن
كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، جوڭغار خانى غالدان سېرىن

ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن چىڭ ئىمپېرىيەسىگە نىسبەتەن ئۆز ئاتىسى ئەمەلگە ئاشۇرغان سىياسەتنى داۋاملاشتۇردى. چۈنكى ئۇ مەركىزى ئاسىيادا جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن تىل تېپىش، شۇنىڭدەك دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىش، خىتاي بىلەن ئىقتىسادى ئالاقە ئورنىتىش ۋە بۇ ھەقتە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ناھايىتى مۇھىم ئىشلىكىنى ۋە بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىڭلارغا قارشى ھەرىكەت قىلماسلىق لازىملىقىنى ياخشى تونۇشۇنگەن.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەلچىسى بېيجىڭگە كەلگەندىن كېيىن يوڭجىڭ خاقان ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ غالدان سېرىن ئالدىغا ئالىي دەرىجىلىك ئەلچىلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. ئەلچىلەرگە چىڭ سۇلالىسى ئاشقى مۇناسىۋەتلەر باشقارمىسىنىڭ (لىفەنيۈەن) مۇئاۋىن باشلىقى (شىلاڭ) ضۇاڭ ئى لو ۋە ئاتاقلىق دىپلومات چوڭ خوباۋ رەھبەرلىك قىلدى [63.20-دەپتەر، 3-6-بەتلەر]. چىڭ ئەلچىلىرى ئىلىغا جۇڭغار ئەلچىسى ئالاي بىلەن بىرگە كېلىشتى.

مەنبەلەردە چىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئىلىغا كەلگەن ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن، ئەمما ئۇلار 1730-يىلى 15-سېنتەبىر كۈنى باركۆلگە يېتىپ كەلگەنلىكى يېزىلغان [63.20-دەپتەر،

-189-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

6-ۋاراق، 1-بەت]. ئەگەر بىز شۇ زاماندا جارقولدىن ئىلىغا 12-15 كۈنلۈك يول ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتساق، ئۇلار ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا غالدان سېرىننىڭ ھوزۇرىدا بولغان بولىدۇ.

ئۆز ئەلچىلىرى ئارقىلىق چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغار خانى غالدان سېرىننىڭ ئۆزىنى يوڭجېڭ خاقانغا بېقىندى دەپ بىلىشنى، ئۆز نۆۋىتىدە چىڭنىڭ چېگراسىنى ئىشغال-لىشى ۋە كۆككۆل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى لوبسەن دەن-جىننى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى[63. 20-دەپتەر، 2-ۋاراق]. غالدان سېرىننىڭ خالقا يېپۇدا ئەلچىلىرىگە ياز-غان مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغار خانلىقىنى بېقىندى مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تەۋەلىكىنى بىر قانچە خوشۇنغا، سۇمۇن قا-تارلىق مەمۇرىي بۆلۈملەرگە بۆلمەكچى بولغان[81، 64-بەت].

جەنۇبىي يول چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى يۆجۇڭ-چىنىڭ يوڭجېڭ خاقانغا يازغان بايانىتىدا جوڭغار ئەلچىسى جارقولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا بۇيەر-دىكى چىڭ قوشۇنلىرى كۆرسىتىلگەنلىكى ۋە ئەلچى ئالدىدا مەخسۇس ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلگەنلىكى يېزىلغان[63. 20-دەپتەر، 6-ۋاراق]. مەزكۇر مەلۇمات ئاساسىدا ئېيتىش مۇمكىنكى، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇشبۇ ئۇسلۇب بىلەن ئىلىغا ئەلچى ئەۋەتىلگەن بىر پەيتتە تالاي ئارقىلىق ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ

-190-

قوۋۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا تەييار تۇرغانلىقىنى يەتكۈزۈپ، غالدان سېرېننى قورقۇتۇشقا ۋە ئالدا بولىدىغان ئۇچرىشىشتا خاننى ئۆز تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولغان.

روسىيە ئەلچىسى ئۇگرىموۋنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا غالدان سېرېن چىن ئەلچىلىرىنى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالغان ۋە شۇ بىلەن بىرگە ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەممە مەسىلە بويىچە بىر كېلىشىم تۈزۈپ ئالماسلىقتىن ئۈمۈت بىلەن ئىش تۇتقان [104. 370 - 371 - بەتلەر].

ئالدىكى ئۇچرىشىشلار شۇنى كۆرسەتتىكى ئىككى تەرەپنىڭ پىكىرى بىر ۋە مەقسەتلىرى بىرى-بىرىدىن ناھايىتى يىراق بولغان. چىن ئەلچىلىرى يۇڭجېڭ خاقاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە غالدان سېرېننىڭ تولۇق بويسۇنۇشىغا ۋە خاقاننىڭ ئەمرى بىلەن ئىش تۇتۇشىنى تەلەپ قىلغان بولسا، جوڭغار خانى ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولدىن بەرمىگەن ھالدا ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق بىر دۆلەت سۈپىتىدە چىن سۇلالىسى بىلەن دائىمى مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنى كېلىشىم ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ سەۋەبلىك 1730-يىلى كۈزدە ئىلىغا كەلگەن چىن ئەلچىلىرى نەتىجىسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جوڭغار خانى

بېيجىڭغا يەنە ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇ ئۆز ئەلچىلىرىگە
ماڭغۇلىيە ئارقىلىق يۈرۈپ يولدا ماڭغۇل ئاقساقال-
لىرى بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇلاردىن چىڭ ئىمپېر-
يىسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق
مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىنسا ئوتتۇ-
رىغا تۇتۇشنى سوراش ۋەزىپىلىرىنى يۈكلىدى. لېكىن جو-
ڭغار خانلىقى ئەلچىلىرى يېرىم يولدا ھوجومغا ئاتلان-
غان چىڭ قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ، قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر
بولۇشتى [104. 245 - 246 - بەتلەر].

ئىلىغا ئەۋەتىلگەن چىڭ ئەلچىلەر بېيجىڭغا 1730-
يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا قايتىپ كەلگەن. لېكىن ئۇلار
كېلىشىدىن ئاۋۋال يۇڭجېڭ شىمالىي ۋە غەربىي ئەرمىيە-
لىرىنىڭ قوماندانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ئۆز
ھوزۇرىغا چاقىرتىپ ئالغان ئىدى. خىتاي كالېندارى
بويىچە 7-ئايلاردا كېلىدىغان يېڭى يىل بايرىمىنى كۆتۈرە-
سىدىن خاقان ئۇلارغا ئۇرۇشنى تېزلا باشلاش ھەققىدە
قاتار يول-يورۇق كۆرسىتىپ ئۇلارنى تېزدىن يولغا
سالدى [63. 20-دەپتەر، 8، 15-16-ۋاراقلار].

1731-يىلى فېۋرال داۋامىدا يۇڭجېڭ خاقان ئا-
مىدىن شىمالىي ۋە غەربىي ئەرمىيە قوماندانلىرى فو-
ئەردەن ۋە يۇ جۇڭچىلارغا يوللانغان قاتار پەرمانلار
ئىچىدە كۆرسىتىلگەنكى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارغا تېزدىن جوڭغار
خانلىقىنىڭ شەرقىي چېگراسى بويلاپ مۇھىم ئەھمىيەتكە

-192-

ئىگە بولغان جايلارنى قولغا ئېلىنسۇن، ئۇ يەرلەر-
دىكى ھەممە خەلقنى كۆچۈرۈپ چىقىرىپ، قەلئەلەر
قۇرۇلسۇن دەپ بۇيرۇق بەرگەن. ساراي ئەمەلدار-
لىرى يوڭجىڭ خاقاننىڭ بۇ بۇيرۇقلىرىنى قوللاپ-
قۇۋۋەتلەپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئالتاي ئارقىلىق
ۋە جاركۆل بىلەن بارىدىغان يوللارنى توغداش، بولە-
جەك ئۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن
ئىستراتېگىيىلىك چوڭ ئەھمىيىتى بارلىقىنى ۋە بۇ يوللار ئۈستىدە
مۇستەھكەم قەلئەلەر قۇرۇش، ئۇلارغا يېرىك ھەربىي
قىسىملار جايلاشتۇرۇش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىشكەن.
ماناشۇنداق قەلئەلەرنىڭ بىرىنى جاركۆلدە قۇرۇش
لازىملىقىنى ئېنىقلىغان. 1731-يىلى 4-فېۋرال كۈنى مەز-
كۇر تەكلىپنى ئويلاپ كۆرۈپ، يوڭجىڭ باش ۋەزىرگە
«مەن جەنۇبىي يول بويلاپ، جاركۆلدە چوڭ قەلئە
قۇرۇشنى، شىمالىي يول بويلاپ، بىزنىڭ چېگرامىز قا-
شىقىرىسىدا بىر يېرىك قەلئە قۇرۇشنى ۋە ئۇ يەرلەرگە
يېرىك قوشۇن جايلاشتۇرۇشنى لازىم تاپتىم... ئۇشبۇ
نىيىتىمىزنى تېزدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن» دەپ پەر-
مان بەرگەن [63.20-دەپتەر، 24-ۋاراق، 2-بەت].
ئۇشبۇ پەرماننى يېزىش بىلەن بىرگە يوڭجىڭ خاقان تۇرۇپ
جوڭغارغا ئاتلىنىشنىڭ چېگرادىكى يوللىرىغا ئايغاقچىلار
ئەۋەتىش، كىچىك-كىچىك ئەترەتلەر ئەۋەتىپ ئۇلار يار-
دىمىدە ھەممە خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىش،

ئۆزلىرىنى ئەسىرگە تۇتۇشۇش زۆرۈرلىكىنى ئېيتقان. «شۇنداق قىلغاندا بۇ جايلاردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلايدۇ، بۇ دەۋرنى پايدىلىنىپ بىز ئۆز چېگرا-لىرىمىزنى ئىلگىرىگە سۈرۈۋالىمىز. يېڭى ئىگەللەنگەن جايلاردا قەلئەلەر قۇرۇش ۋە دېھقانچىلىق قىلىش مۇمكىن» دەپ ئۆز پەرمانىدا يۇڭجېڭنىڭ مۇلاھىزىسىنى جاكارلىغان [20.63 - دەپتەر، 24 - ۋاراق، 2 - بەت]. شۇ بىلەن بىرگە يۇڭجېڭ ئۇشبۇ ھەرىكەتلەرنى مەخپىي رە-ۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بۇيرۇغان.

ئۇشبۇ پەرماننىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ئا-ئىت قاتار مەخپىي ھۆججەتلەردە كەلتۈرۈلىدىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1731 - يىلى مارت ئېيىدا چىن قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنىڭ چېگرا رايونلىرىغا ھۇ-جۇم قىلىپ ئۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان. 1731 - يىلى با-ھاردا يۇڭجېڭ خاقان ئۆز پەرمانىنىڭ ئالىي دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەربىي كېڭەشكە بارلىق قاتناشقۇچىلارنى مۇكاپاتلاشنى ھەققىدە مەخسۇس بۇيرۇق بەرگەن. ئۇشبۇ بۇيرۇقتا ئۇرۇشتا يول باشچىلىق قىلغان ۋە كۆپ كۈچ چىقارغان فەن يېنىگە 10 مىڭ سەر، ئۇنىڭ ياردەمچىسىگە 2 مىڭ سەر، قالغان قاتناشقۇچىلار 3 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ھەربىي ھەرىكەت جەريانىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە جەمئى 10 مىڭ سەر كۈمۈش

پول ھەجىمنى چاردەم بېرەلمىسۇن دېيىلگەن [63 . 21 - دەپتەر، 15 - 11 - ۋاراقلار].

جوڭغارلارغا قارشى مەخپىي ھەرىكەت قاتناشقۇچىلىرىنى بۇ تەرىپتىن موكاپاتلاش، بىر تەرەپتىن چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇشبۇ ھەرىكەتكە ئىشتىراكى چوڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئىككىنچى تەرەپتىن قاتناشقۇچىلارنى ماددىي قوللىغۇچىلىق ۋە ئۇلارنى ئىشەنچ بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىر قانچە رەسمىي ھۆججەتلەردىن جوڭغارلار چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى چىنلارنىڭ قاراۋۇللىرى تۇرىدىغان جايلارغا بۇلاڭچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن: 1731-يىلى 17-فېۋرال كۈنى ئىلان قىلىنغان ئالىي پەرمانىدا جوڭغارلار تويۇق قىسمىدىكى چىنلارنىڭ چېگرا رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆپلىگەن ئاتلارنى ۋە تۆگىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئاپەت كەلتۈرگەنلىكى، كىشى ئۆلتۈرۈلگەن [63 . 21 - دەپتەر، 10 - ۋاراق]. خۇددى شۇنداق مەزمۇندىكى كۆرسەتمە چىن سۇلالىسى تارىخىدىمۇ ئۇچرايدۇ [57 . 1 - توم، 35839 - بەت]. ئۇشبۇ كۆرسەتمە يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان جوڭغارلارغا قارشى مەخپىي ھەرىكەتلەر رەھبەرلىك قىلغان قەدەنيەننىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغان. لېكىن مەزكۇر

مەلۇماتنامىدا جوڭغارلار باركۆل يېنىدىكى چاغرا رايونى
قاشتاغ (كېشى تاغ)غا ئات ۋە تۆگە ئوغۇرلاشنى
ئوچۇق مەخپىي ھالدا كېلىشكەن، لېكىن بىزنىڭ ئا-
دەملىرىمىز ئۇلارنى قوغلىۋەتتى دەپ يېزىلغان
[63. /2-دەپتەر، 15-ۋاراق، 1-بەت]. قاشتاغۇنى
نازارەت قىلغۇچى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى
«بۇ يەردە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كەلگەنلەر-
نىڭ بىرەرسى ھەم قولغا چۈشمىدى، شۇ سە-
ۋەبتىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاشنىڭ ئىلاجى
بولمىدى، لېكىن ئۇلار مالىمىزنى ئوغۇرلاشقا
ئۈلگۈرمىدى» دەپ خەۋەر قىلىدۇ. بۇ مەلۇما-
تلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە قاشتاغۇغا
كەلگەن نامەلۇم كىشىلەر يوكچىن خاقان فەرمانىدا
جوڭغار خاقانلىقى مەخسۇس ئەۋەتكەن ئادەملىرى
دەپ، ئوغۇرلانمىغان ئات ۋە تۆگىلەر ئوغۇرلاندى
دەپ يېزىلغانلىقى مەلۇم بولۇپ چىقتى. خۇددى
شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تۆھمەتنىڭ بايانىنى بىز
چىن سولالىسى تارىخىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. جەنۇبىي چىن
ئەرمىيەسى قوماندانى يۆجۇڭچى بېيجىڭگە چاقىر-
تىلىپ كەتكەندە جوڭغارلار ئۆزىنىڭ باركۆلدىن تۇرۇ-
دىغان جايىغا يېقىن يايلاقتا 20 مىڭ ئەسكەر
ئەۋەتىپ، بۇ يەردىكى چېنلارنىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ
كەتتى دەپ يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىن سولالىسى

تارىخىدا ئۇشبۇ مەلۇمات يوچۇكچىنىڭ ياردەمچىسى
چەنئونىڭ 1731-يىلى 28-يانۋاردىكى بېيجىڭغا يوللىغان
مەكتۇبىگە ئاساسلانغانلىقى ئېنىقلاندى. چىڭ سۇلالىسى
تارىخىدا كۆرسىتىلگەن يوچۇكچىنىڭ ئۇشبۇ مەكتۇبىنى
تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ چىقىش نەتىجىسىدە مەلۇم
بولدىكى، باركۆل يېنىدىكى يايلاقتا نامەلۇم كىشىلەر كەلگەن،
لېكىن كەلگەنلەردىن بىرەر كىشى قولغا ئېلىنمىغان، ئۇلارنىڭ
كىملىكى ھەم ئېنىقلانمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭلار ھېچ
قانداق زەرەر كۆرمىگەن. چەنئونىڭ كۆرسىتىشى بويىچە
ئۇ كەلگەن ئادەملەرنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن 20 كىشىدىن
ئىبارەت بىر ئەترەت ئەۋەتكەن. ئۇشبۇ ئەترەت يايلاق
ئەتراپىدا بىرھەپتە داۋامىدا ھەرىكەت قىلىپ، ئاسىپ
كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇپ ئالغان. باشقا مەلۇ-
ماتلارغا قارىغاندا ئەينى زاماندا باركۆل يېنىدىكى
يايلاقلارنى قوغداش ئۈچۈن بۇيەردە 10 مىڭ چىن
قوشۇنلىرى جايلاشتۇرۇلغان. ئەگەر جۇڭغار خانلىقى
ئۇلارغا قارشى 20 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتكەن بولغاندا، ئە-
لۋەتتە بۇيەردىكى چىن قوشۇنلىرى ئۇلارغا قارشى كېلە-
لمەيدۇ. چىڭلار ئۇلارغا قارشى چىققاندىمۇ، باركۆل ئەترا-
پىدا ئىنتايىن چوڭ جەڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن
ئۇ يەردە بۇنداق ۋەقە يۈز بەرمىگەن. ئېھتىمال بۇ
يەردە نامەلۇم شەخسلەر ئوغرىلىق قىلغان بولۇشى
مۇمكىن، ياكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ قايغاقچىلىرى ۋەزىيەتنى

-197-

ئۆتۈنۈپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەندۇر. ئەمما غالدان سېرىن بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ خاقانىدىن ئۆز تەكلىپىگە ئىجابىي جاۋاپ كۈتۈپ تۇرغان بىر چاغدا، باركۆلدىكى چىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئارمىيە ئەۋەتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كەلتۈرۈلگەن بۇ مەلۇماتلار ھەم چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا قارشى قوزغاتقان ھەرىكەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ۋە جۇڭغارلارنى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبچىلىرى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆھمەت ئۇيۇشتۇرغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. شۇ بىلەن بىرگە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنى 1751-1732-يىللىرىدىكى ئۇرۇشتا ئالدىدا چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تە-ۋەسىگە ھۇجۇم قىلدى دەپ ئەيىبلەش ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇڭجېڭنىڭ پەرمانى بويىچە چىڭ قوشۇنلىرى ئىگىلەپ ئالغان جۇڭغار خانلىقىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا قاراۋۇل تۇرغۇزۇپ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشقان. جۇڭغارلارنىڭ چېگرا چەتلىرى چىڭلار ئىگىل-لەپ ئالغان جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىلغان. لېكىن جۇڭغارلارنىڭ ئۆز جايلىرىنى قوغداشقا قارىتىلغان ھەرىكەتلىرى، يۇڭجېڭ خاقان تەرىپىدىن باسقۇنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەت دەپ باھالانغان. شۇ بىلەن بىرگە بەزەن-بىر چىڭلار ئەترەتلىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ

-198-

چېگرا رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا جوڭغار چېگراچىلىرى
ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. جوڭغارلارنىڭ بۇنداق
ھەرىكەتلىرى ھەم تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت دەپ
ھېسابلانغان. مەسىلەن: يوڭجېڭ خاقاننىڭ 1731-
يىلى 1-ئاپرېل كۈنى باش ۋەزىر خامىغا بەرگەن پەرمانىدا
«كىچىك جېرىم دەندۇپ ئىستاپى مۇسۇلمان ئەھمىيەتكە
ئىگە بولغان شالابۇلا (سارىق بولاق ؟)... دېگەن
جاينىڭ ئاقساقاللىرى ھېسابلىنىدۇ. قىشتا ئۆز ئادەملىرىنى
بىزنىڭ قاراۋۇل تۇرىدىغان جايىمىزغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەت-
قىلدى. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز قاتتىق تۇرۇپ ئۇلارنى يېقىن
يولاتمىدى. بۇنداق بىر شارائىتتا ئۇلار بىزنىڭ چوڭراق
ھەربى لاگېرلىرىمىزنى بېسىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.
يېقىندا يېرىم يولدا ئۇلار بىزنىڭ ھەربى قىسىملىرىمىزغا
ھەرتەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. بىزنىڭ كوماندىرلىرىمىز
فەنيەن بىلەن جاڭ يۈنزۇ بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك
ھەربى قىسىم يادروسى بىر يانچە ئۈن مىڭ كىشىدىن ئاشا-
رەت دۈشمەننى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى» دەپ يېزىلغان
[1-بەت، 4-ۋاراق، 2-بەت، 3-ۋاراق، 22-دەپتەر، 63]،
ئۇشبۇ پەرمان بىرلىكتە ئېلىنغان بىر ھەپتە ئۆتكەنچە يو-
ڭجېڭ خاقان ماڭغۇلىيە خانلىرىغا مۇراجىئەتنامە ئەۋە-
تىپ، يېقىندا باركۆلگە يېقىن جايدا يۈز بەرگەن توقۇنۇ-
شۇشتا بىزنىڭ تەرەپتىن 2 مىڭ كىشى جوڭغارلار تەرەپتىن
20 مىڭ كىشى قاتناشتى، لېكىن بىز غەلىبە قىلدۇق دەپ ئېيتقان

[63.22-دەپتەر، 10-ۋاراق]. گەرچە بۇ يەردە كەلتۈ-
رۈلگەن دەپتەرلەر، بولۇپمۇ جوڭغارلارنىڭ ئىسمىنى
كۆپەيتىپ كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇر-
سىمۇ، خاقان بىلەن ماڭغۇل خانلىرىغا، بىزنىڭ
ئەرمىيەمىز ناھايىتى قۇدرەتلىك، ھەر بىر كىشى 20 نەپەر
جوڭغارلارغا تەڭ كېلىدۇ، بىز ئۇلار ئۈستىدىن ئەلبەتتە
غەلىبە قازىنىمىز دېگەن پىكىرنى بىلدۈرگەن. شۇ بىلەن
بىرگە خاقان بۇلارنى ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتۇشنى
ۋە جوڭغارلارغا ياردەم بەرمەسلىكنى تاپىلاپ تۇرغان.
ئەينى زاماندا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق
جوڭغار خانلىقىنىڭ 30-40 مىڭ ئەرمىيەسى بارلىقىنى
بىلەتتى [63.23-دەپتەر، 3-ۋاراق]. بۇنچىلىك كۈچكە
ئىگە بولغان جوڭغار خانلىقى ئۆز ئەرمىيەسىنىڭ يېر-
ىمىدىن كۆپ قىسمىنى باركۆلگە ئەۋەتىپ، باشقا چېگرا
رايونلىرىنى مۇداپىئەسىز قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەسىدى. ئەلبە-
تتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى 20 مىڭ
جوڭغار چەۋەندازلىرى 2 مىڭ چىڭ ئەسكەرلىرىگە تەڭ
كېلەلمەسلىكى ھەم ئەمەلىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىش مۇمكىنكى، چىڭلار باركۆل يېنىدا
جوڭغارلار ئەرمىيەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇراللىق
مەھەللى خەلق بىلەن تۇتۇشۇشقان.

1731-يىلى 27-مارت كۈنى يوكجۇن خاقان
ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن جەنۇبىي ئەرمىيەسى

-200-

قوماندانى يوجوڭچى خامىغا، جوڭغار خانلىقىغا قارشى
ئۇرۇشنى باشلاتتى ھەم قىسقىغىنە يەنە بىر پەرمان يوللىدى
[63، 21-دەپتەر، 25-26-ۋاراقلار]. ئۇشبۇ پەرمانى
كۆرسۈتۈلۈشىگە قارىغاندا يوجوڭچى خاقان خامىغا
16 ماددىدىن ئىبارەت تەكلىپ خامە يوللىغان. ئۇشبۇ
تەكلىپ خامىدا تۇرپان قوماندانلىقى تۈركىستاننىڭ
مۇھىم ستراتېگىيىلىك جايى ئىكەنلىكى ۋە ئۇ جوڭغارلار-
نىڭ تىنىمسىز بارىدىغان يولىنىڭ ئۈستىگە جايلا-
شقانلىقى، بۇ يەرگە كۆپ سانلىق ئەسكەر جايلاشتۇ-
رۇش ۋە بۇ يەردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى تولۇق پايدى-
لىنىپ، ئۇلارنى ئەمىلەش مۇمكىنلىگى، بۇ خىل پەيتنى
تېزدە قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ھەربى بازىغا ئايلاندۇرۇش
لازىملىقى، تۇرپانغا ئاساسى كۈچنى توپلاپ تۇرۇپ،
بىرىنچى نەۋبەتتە يەركەنت خانلىقىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن جوڭغار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكى
ئەسلىتىلگەن. يوڭجېڭنىڭ تەكلىپنى بېجىرىشكە دائىر
مۇزاكىرە باشلانغىنىغا سەۋەب بولغان.

يوڭجېڭ خاقان يوجوڭچىنىڭ تەكلىپىگە قو-
شۇلمادى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزاكىرە
ۋاقتىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا «يوجوڭچى 16 ماددىدىن
ئىبارەت تەكلىپ خامە يوللاپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن
تونۇشۇپ چىقتىم. لېكىن مەن بىرەر-بىر ماد-
دىسىنى ماقۇل تاپمىدىم» دەپ ئەسكەرتكەن [63، 21-دەپتەر،

-201-

26-ۋاراق، ا-بەت]. چوڭگى پوكچۈن خاقان 1717-
1725-يىللىرى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرپاننى بېسىپ ئېلىش
ئۈچۈن قىلغان ھەربىي ھەرىكەتلىرى نەتىجە بەرمىگەنلىكىنى
ھېساپقا ئالغان. ئۇندىن باشقىرى ئۇ جوڭغار خان-
لىقىنى قولغا ئۈشۈرەي دەپ، يەركەنت خانلىقىغا
ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەكس ھالدا جوڭغارلار
بىلەن بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى
بىر-بىرىگە قارشى قويۇپ بولمايدۇ دەپ بىلگەن. خا-
قانىڭ بۇ پىكرى كۆپىنچە ساراي ئەمەلدارلىرى
قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. ئەمما پوكچۈن ۋە ئۇنىڭ قە-
دەمدارلىرى تۇرپان ھاكىملىرىنى قولغا ئېلىپ، ئۇلار
ئارقىلىق جوڭغار خانلىقىغا قارشى باشلاندۇرغان
ئۇرۇش ئۈچۈن غەللە تەييارلاش لازىم دەپ قارايدۇ.
ئۇشبۇ مەخسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇرپانغا
ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىدۇ.
جوڭغار خانى غالدان سېرىنى چىڭلانىڭ بۇ ئىش-
لىرىدىن خەۋەر تاپىقاچ تۇرپانغا 2 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت
ئەترەت ئەۋەتىپ، دەرھال مەھەللى بەگلەرنىڭ بولارغا
ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئىشلىرىنى توختاتماقچى بولىدۇ.
تۇرپاندا ژىغىلغان ئاشلىقنى قولىدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن
چىڭلانىڭ ئالدىنقى سەپ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ قوماندانى
جى چىن بېڭ تۇرپانغا فاڭ يەن باشچىلىقىدىكى 4 مىڭ
ئەسكەرنى ئەۋەتكەن. فاڭ يەن ئەسكەرلىرى تۇرپانغا

-202-

يېتىپ كەلگەننى كۆرۈپ، جوڭغار ئەترىتى بۇيەردىن چې-
كىنىپ كەتكەن [23. 63-دەپتەر، 12-ۋاراق].
جوڭغارلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى كەينىچە چىڭلار
بىلەن توقۇنۇشۇشنى قېچىشقا قارشىلىغان بولسىمۇ،
چىڭ ھۆكۈمىتى ئىشەنمەي چۈچۈتتى. ھەتتا جوڭغار خاقان
جاسۇس ۋەزىرلىكى دە تۇرپانغا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىش
خاتا ئىش بوپتۇ» دەپ ئېيتقان [23. 63-دەپتەر،
8-ۋاراق، 2-بەت]. خاقان دەرھال تۇرپاندا زېغلىغان ئاتلىقنى
قايتۇرۇۋېلىش ۋە بۇ ئىشتا چىڭلارغا خىزمەت كۆرسەتكەن
توختى مامۇت بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى خىتاينىڭ ئىچ-
كىرى ئۆلكىلىرىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. مۇ-
ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش، كېلەچەك ئىشلار
ئۈچۈن زۆرۈرلۈك ئىدى [23. 63-دەپتەر، 12-ۋاراق].
ئۇشبۇ بۇيرۇقنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، توختى مامۇت ۋە ئۇنىڭ
ئائىلىسى سۇجو شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ۋە
ئۇلارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ماددىي ياردەم كۆرسى-
تىلگەن [23. 63-دەپتەر، 16-17-ۋاراقلار].
1731-يىلى ماي ئېيىدا جوڭغارلار يەنە تۇرپانغا
قوشۇن ئەۋەتتى. چۈنكى تۇرپاننى قولدىن بەرمەسلىك
ۋە بۇ يەردىكى چىڭلارغا غەللە تەييارلاشقا ياردەم
بەرگەن كىشىلەرنى جازالاش ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۈچۈن
ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئەمما ئۇزاققىچە بىرەر چىڭلار بىلەن

-203-

يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان تۇرپان بېگى ئەمىن خوجا
جوڭغارلارنىڭ تۇرپانغا كېلىشىگە قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن،
چىڭ ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم
سوراش بىلەن بىرگە ئۇلارنى تۇرپاندىن چىقىرىۋېتىشنى
ئىلتىماس قىلدى [63. 20-دەپتەر، 8-ۋاراق]. لېكىن
بۇ قېتىم چىڭ ھۆكۈمىتى تۇرپانغا ئەرمىيە ئەۋەتىشنى ماقۇل
تاپمىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئەرمىيەسى قوماندانىنى
يۆجۇڭچىغا جوڭغارلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ
تۇرۇشنى ۋە ئەمىن خوجىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ئەمىنلەشتۈرۈشنى
بۇيرۇدى [63. 21-دەپتەر، 9-ۋاراق].

1731-يىلى باھار داۋامىدا بېيجىڭگە قاتار مەلۇمات-
نامىلار كەلدى. بۇ ھۆججەتلەردە جوڭغارلارنىڭ يەنە
ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا ۋە باركۆلگە بارىدىغان يول بويىلا-
پ تۈرلۈك ھەربىي ئىستىھكام قۇرۇۋاتقانلىقى ۋە بۇ يەر-
لەردىكى ئەرمىيەسىنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋاتقانلىقىنى
مەلۇم قىلىنغان [63. 22-دەپتەر، 3-4-ۋاراقلار]. چىڭ
ھۆكۈمىتى بۇ خەۋەرلەرگە ئاساسەن جوڭغارلارنىڭ غالدان
سېرىن بولىدىغان ئۇرۇش ۋاقتىدا چىڭلار ئاساسەن
ھۇجۇمنى مانا شۇ جەنۇبىي يول بويىلاپ كېلىپ، تۇر-
پان ۋە ئۈرۈمچىلەرنى دەرھال قولغا چۈشۈرۈپ،
ئاندىن ئىلىغا يول ئالماقچى دەپ بىلىپ، بۇ يەرگە
ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى توپلاشقا كىرىشتى دېگەندەك خۇ-
لاسىغا كەلگەن. بېيجىڭ غالدان سېرىن ئۆزىنىڭ ھوقۇق

-204-

بالا-چاقىلىرىنى قارا لەشكەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ دېگەن
خەۋەر كەلگەندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇشبۇ خولا-
سىغا چوقۇم ئىشەنچ ھاسىل قىلدى [63. 22-
دەپتەر، 13-16-ۋاراقلار]. ئۇشبۇ خولاسىنى توغرى
تاپقان يۈكسەك خاقان تەييارلىنىۋاتقان ئۇرۇش
رېجىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا «ئەگەر غالدان
سېرىن ئۆز ئائىلىسى بىلەن قارا لەشكەرگە بېرىپ
تۇرۇشنى لازىم تاپقان بولسا، كەم دېگەندە ئۇنىڭ
يېنىدا 20 مىڭ قوشۇن بولىدۇ» دېمەك بىزنىڭ خو-
لاسىمىز خاتا ئەمەس دەپ قارىغان [63. 22-دەپتەر،
16-ۋاراق، 2-بەت]. لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز خولا-
سىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى پەقەت غەربىي ماڭغولىيە-
دىكى خوتتون نۇر كۆلى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن مەغلۇ-
بىيەتتىن كېيىن تونۇشتى. يەنى 1732-يىلى باش ۋە-
زىرگە قارىتا ئىشلىگەن يۈكسەك خاقاننىڭ سۆزلىرىدىن
ئېنىق كۆرۈشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇ سۆزىدە
«ئۆتكەن يىلى مەن بىرنەچچە قېتىم يوچوقچىغا پەرمان
بېرىپ، ئۇنىڭغا پەقەت چەتتىكى يول بويلاپ ئەمەلگە
ئاشۇرۇلۇشى كېرەك بولغان ئىشلار بىلەن ئىشۇ-
غۇللىنىشنى بۇيرۇغانىدىم. جوڭغارلارنىڭ ئۇشبۇ
يول بويلاپ قىلغان ھەرىكەتلىرىگە ئاساسلىنىپ
بىز ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى چەتتىكى ۋىلايەت-
لەرگە توپلاۋاتىدۇ دېگەن پىكىرگە كەلگەن ئىدۇق»

دەپ ئېيتقان [27.63-دەپتەر، 24-ۋاراق، 2-بەت].
شۇ بىلەن بىرگە يوڭچىڭ خاقان ئۆز ۋاقتىدا شىمالى
ئەرمىيەنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە يېتەرلىك
كۆڭۈل بۆلۈنمىگەنلىكىنى ۋە جوڭغارلارنىڭ ئاساسىي
كۈچىنى تويۇقسىزدىن بۇ ئەرمىيەگە قارشى قويۇلۇشى
مۇمكىنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، كېلە-
چەكتە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماق لازىملىقىنى جاكارلىدى.
ئامما 1731-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغار خانلىقى
جەنۇبىي يول بويلاپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ
دىگەن تەخمىن بىلەن قۇمۇل ۋە باركۆل ۋىلايەت-
لىرىگە 99 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيە توپلايدۇ
[27.63-دەپتەر، 21-ۋاراق]. بۇندىن تاشقىرى
چىڭ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ھەممە ئۆلكىلىرىگە بۇيرۇق
بېرىپ، بۇ ۋىلايەتلەرگە ھەر بىر ئۆلكىدىن 100 نەپەر
قابىلىيەتلىك ۋە ياخشى تەييارلانغان چېرىكلەر ئەۋە-
تىشنى تەيىنلىدى. ئەگەرچە ئەينى زاماندا خىتاي 18 ئۆ-
لكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالساق،
خىتايدىن قۇمۇل ۋە باركۆل ۋىلايەتلىرىگە قوشۇمچە
ئاتلاندۇرۇلغان چېرىكلەرنىڭ سانى 1800 كىشىدىن
كەم بولمايدۇ [30.148-بەت].
1731-يىلى مايدا چىڭ ھۆكۈمىتى يوجوكېي
ئىشپىيارىغا مانجۇر تىزرالى ئېتىبۇ باشچىلىقىدىكى
2 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتتى.

بۇ گېنېرال باركۆلگە يېتىپ كەلگەن زامان موڭغۇتنى
قوماندان قىلىپ تەيىنلەندى [63.22-دەپتەر، 21-
ۋاراق]. بۇندىن ئاشقىرى تۇرپانغا 3 كىشىدىن
ئىبارەت ھەيئەت ئەۋەتىپ ئۆزى قالدى. تۇرپانغا
ئۆزى قالغانلىقىنى ئىسىر ساقلاش ھەمدە ۋاقتىنچە
بويچە رەئىس ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان
تۇرپان جەڭگاھلىرى بىلەن قىلىنىۋاتقان ئالاقىلار ۋاقتىنچە
توختىتىلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى تىنچلىق بارلى-
نغان يوللار بويلاپ جايلاشتۇرۇلغان ھەربىي قىسىم-
لار سانى كۆپەيتىلدى [63.22-دەپتەر، 17-
25-ۋاراقلار].

كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا[1]

1731-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئاساسىي
ھۇجۇمنى جەنۇبىي يول ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرما-
قچى بولدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن 35 مىڭ كىشىلىك يېقىن
ھەربىي قوشۇن سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى قۇمۇل،
باركۆل ۋىلايىتى ۋە باشقا يېقىن جايلارغا دايىن-
لىرىغا توپلىدى دەپ خۇلاسە قىلىش مۇمكىن.
ئەگەر شىمالىي يول بىلەن ئالتاي ئارقىلىق جۇڭغار
خانلىقىغا قارشى ھۇجۇمغا تەييار بولۇپ تۇرغان
قوشۇنلاردىن قوماندانلىقىدىكى 26 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت
ئاتلىق ئەسكەرنى ھەم ھېسابلىغاندا چىڭ ھۆكۈمىتى
1731-يىلى بۇ خانلىققا قارشى جەمئىي 60 مىڭدىن ئارتۇق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەرمىيە كۈچى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغان. ئەينى زاماندا يۇقۇرىدا ئەيتقىنىمىزدەك چىن حوكۇمىتى قولىدىكى مەلۇماتلار بويىچە جوڭغارلار خانلىقىنىڭ ئەرمىيەسى 40 مىڭدىن ئاشماتتى.

1731-يىلى ئىيۇلدا غەربىي ماڭغۇلىيەدىكى فۇ-ئەردەن باشچىلىقىدىكى شىمالچى ئەرمىيە ئۇرۇشقا ئاتلانغاندىن كىيىن بىرمۇنچە كەينى-كەينىدىن خەۋەر كېلىشكە باشلىدى. 17-ئىيۇل كۈنى يوڭجىن خاقان سارايغا فۇئەردەننىڭ مەلۇمات خېتى ھەم يېتىپ كەلدى. ئۇشبۇ مەلۇماتنامىدا كۆرسىتىلىشىچە قا-رىغاندا چىن چېرىكلىرى تاسۇئىر-خەيدانغا ئەسك-لىك بىر خەۋەرچى ئۇيراتنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۇنى سو-راق قىلغان. سوراق ۋاقتىدا ئۇ جوڭغار خانى چېرىن دوندۇق يېقىندا 30 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ شىمالى رايونغا قاراپ يولغا چىقىشنى بۇيرۇغان، تاسۇئىر-خەيداننىڭ قولغا چۈشۈش ئەرپىسىدە 20 مىڭ جوڭغار لەشكەرلىرى ئالتايغا يېقىنلىشىپ قالغان، قالغان 10 مىڭ لەشكەر يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان. بۇندىن تاشقىرى ئۇشبۇ جەبىرلەنگۈچى ئۇيرات غالدان سېرىن 20 مىڭ ئەسكەرنى جوڭغارلار بىلەن قازاقلار چېگراسىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەيت-قان [63 . 23-دەپتەر، 24-25-ۋاراقلار]. بۇ مەلۇمات ئاساسىدا فۇئەردەن جوڭغارلاردىن ئالدىنراق

-208-

ھەرىكەت قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ، تېزدە ھۇجۇمغا ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىشنى سورىغان ئىدى. يوڭجېڭ دەرھال فۇئەردەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇرۇشنى باشلاش ھەققىدە ھەربىي يول ئەرمىيە قوماندا-نلىرىغا پەرمان بەردى.

فۇئەردەننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەرمىيەسى 1731-يىلى 12-ئىيۇن كۈنى ئۇرۇش سەپەرگە ئاتلاندى. 20-ئىيۇن كۈنى 23 نەپەر جوڭغار چېگرا-چىنى ئەسىرگە تۇتۇپ، ئۇلاردىن بوغدا تاغلىرىدا جوڭغارلارنىڭ 2 مىڭ ئەسكەرلىرى ۋە 10 مىڭ دانە ئات ۋە تۆگە بارلىقىنى بىلدى. بۇ يەردىكى كەم كۈچ بىلەن قوغدىلىۋاتقان ئات ۋە تۆگىلەرنى قولغا ئېلىش مە-قسىتىدە تېزدە 5،5 مىڭ چەۋەندازلارنى ئەۋەتتى. چىڭ ئەسكەرلىرى بوغدا تېغىغا كېلىپ، بۇ يەردىكى مەھەللى ئاھالىلىرىنى قىرغىن قىلىپ، بۇ يەردىكى بارلىق ئات تۆ-گىلەرنى تارتىپ ئالغان [23.63-دەپتەر، 22-ۋاراق]. مانا شۇنداق قىلىپ چىڭ سۇلالىسى بىرىنچى بولۇپ جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى.

1731-يىلى يازدا چىڭلار بىلەن جوڭغارلار ئوتتۇ-رىسىدا باشلانغان ئۇرۇشنىڭ ئەيىبدارى چىڭ ئىمپېرا-يىسىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى يوڭجېڭ خاقانىنىڭ شۇ يىلى ماڭغۇل ئاقساقاللىرىغا يوللىغان پەرمانىدا دە ئەرمىيە قوماندانى فۇئەردەن ئوغرىلارنىڭ (جوڭغارلار)

-209-

سوزدىكە ئىشىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئۇلارنىڭ ھەمىلىسىگە ئاتاپ كىردى. ئۇنىڭ ئەرمىيەسى ھەمالىدىكى ئارتۇق چوقۇرلاپ چارلىغانلار (جوڭغارلار) تۈزگەنلەر ناتىلا-جىلغىدىكى ھۇجۇمغا ئاتلاندى. بىزنىڭ ئەرمىيەمىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى» [63.26-دەپتەر، 10-11-ۋاراقلار] دەپ يازغان سۆزلىرىدىن ھەم بىلىش مۇمكىن.

فوئەردەننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا 1731-يىلى 22-ئىيۇل كۈنى ئۇنىڭ قوشۇنلىرى جوڭغار خانلىقى تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن غالدان سېرېننىڭ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىزدىن چىنلارنىڭ ھەربىي لاگېرىغا ھۇجۇم قىلغان. 2 كۈن داۋامىدا يۈز بەرگەن شىددەت-لىك جەڭلەردىن كېيىن، جوڭغارلار خوتون نور كۆلىگە قاراپ چېكىنگەن [63.24-دەپتەر، 28-ۋاراق]. ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىسىدىن روھلىنىپ كەتكەن فوئەردەن دەرھال ئۇلارغا چېكىنگەن جوڭغار ئەترەتلىرىنى قوغلا-شنى ۋە قولغا تۇتۇشنى بۇيرۇدى. يولدا فوئەردەن قوشۇنلىرى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان جوڭغار ئەرمىيەسى تەرىپىدىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، بىر قانچە چىن ھەربىي باشلىقلىرى جوڭغارلارنىڭ تۇيۇقسىزدىن قىلغان ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى-ئۆزى ئۆلتۈرۈ-ۋالدى. 26-ئىيۇل كۈنى جوڭغار قوشۇنلىرى لشەمسەن فوئەردەن ئۆزى باشقۇرغان ھەربىي قىسىم جايلاشتۇرۇلغان

لاگېرىغا تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلىشقان. فۇئەردەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆز جېنىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تاياققا قېچىشقا باشلىدى. يەنە بىر قىسمى جوڭغارلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھە-رىكەت قىلدى. ئەمما ئۇلارغا بەرداش بېرەلمىدى. 1731-يىلى 30-ئىيۇن كۈنى جوڭغارلار ھەممە كۈچىنى بىر جايغا يىغىپ، فۇئەردەن قوشۇنلىرىغا ھەل قىلغۇچ ھۇجۇم باشلىدى. نەتىجىدە فۇئەردەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. فۇئەردەن 2 مىڭ لەشكەردىن ئىبارەت بىر ئەترەت چاردىمەن ئاران قورشاۋدىن چىقىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. 1-ئاۋغۇست كۈنى كوبدوغا كېلىپ، بۇ يەردىكى قەلئە ئىچىگە كىرىپ ئۆلۈشتىن ئاران ئۈلگۈردى؛ جوڭغارلار بىلەن بولغان بۇ جەڭدە فۇئەردەننىڭ بىر قانچە يارىدەمچىلىرى ۋە لەشكەر باشلىقلىرى ئە-سىرگە چۈشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قومانداننىڭ ئورۇ-نباسارى باسەي، يارىدەمچىسى جابىنا ۋە باشقىلار بار ئىدى [63. 25-دەپتەر، 22-23-ۋاراقلار].

خوتون نۇر كۆلى يېنىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن يوڭجېڭ خاقان فۇئەردەننى قوماندانلىق لاۋازىمىدىن بوشىتىپ، ئۇنى چاغاننۇر كۆلى يېنىغا قايتىپ كېلىشنى بۇيرىدى [57. 1-توم، 35840-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە خاقان مۇداسىلەر ۋەزىرنىڭ (لى بو) ئىككىنچى ئورۇنباسارى

مارسەيىنى غەربى خالفادىكى جارلىق ھەربى قوشۇنلار
قومانداني قىلىپ تايىنلىدى. لشوموخا سوەت بىلەن خاقان
ئۆزىنىڭغا ئۇزاق ئۆلكىنى ئىشغال قىلدۇرغۇچى جاش
قوماندان (قويۇن داجاڭجون) ئۇنۇۋانىنى ئەقدىم قىلدى.
بۇنىڭدىن ئاشقىرى يوقچى خاقان ھەربى كەڭگە ئىشلەر
چوڭغار خانلىقىغا قارشى باشلىغان ئۇرۇش ۋاقتىدا
تومتۇتولسۇن ۋە مودا يىلە ئەشلىرى كوچا يىتورولسۇن
دەپ بۇيرۇق بەردى. ئۆز بۇيرۇغىدا خاقان «جورۇن
مەن كۆپ بدوغا چوڭ كوچى تويلاپ تورۇپ چوڭغارلارغا
قارشى ھۇجۇم باشلاش لازىم دەپ بىلىپ، بۇ يەركە
كەلگە قورۇشنى بويرۇغان ئىدىم. ئەندى بۇ يەر-
دىكى چىگرا مودا يىسى موھىم مەسىلە بولۇپ قا-
لدى» دەپ ئەكىتلىگەن [63، 24-دەپتەر، 24-
ۋاراق، 1-2-جەتلەر].

كەرچە چاغان نور ئەترا يىدىكى جايلار كوبدو-
غا نىسبەتەن بىر ئاز ئۇچكۇردە بولسىمۇ، مودا يىسە مەسىلىسى
بۇ جايلار ئىشلىرىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئىشو-
نىڭ ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى بۇ يەركە تەرزدە 15 مىڭ
كىشىدىن ئىبارەت يىكى قوشۇن ئاشلىدى ۋە بۇ يەرنى
چوڭغارلاردىن ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسى گېنرال ئىشىباۋغا
تاپشۇردى. لشوموخا سوەت بىلەن ئۆزىنىڭغا ئىشۇن-
چىلىك ۋاقىت دەپ ئاتالمىغان كىشەزلىك ئۇنۇۋانىنى
ئىنئام قىلدى [57، 1-توم، 35840-بەت].

-212-

خوتون نۇر كۆلى يېنىدا چىڭ ئارمىيەسى جوڭغار-
لار تەرىپىدىن قورشاۋغان بىر پەيتتە جەنۇبىي ئە-
رمىيە قوماندانى يۆجۇڭچى يوڭجېن خاقانغا مۇ-
راجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈرۈمچىگە قىلىدىغان
ھۇجۇمنى تېزلىتىشكە ئىجازەت بېرىشنى سورىغان
ئىدى. چوڭخاي يۆجۇڭچىنىڭ پىكرىچە ئۈرۈمچىگە
قىلىنغان ھۇجۇم جوڭغارلارنى غالدان سېرىننى ئا-
لتايدا چىنلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئەرمىيە-
سىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈرۈمچى ئەتراپىغا تاشلاشقا،
ۋە ئۆز كۈچىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر ۋاقىتتا ئىككى فرو-
نتتا جەڭ قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ ئەھۋال
شالدىكى چىڭ ئارمىيەسى ئۈچۈن تېزدە قورشاۋ-
دىن چىقىپ، جوڭغار رايونلىقى تەۋەسىگە ھۇجۇمنى
داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى.
چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنى ياخشى تونۇشۇپ دەرھال يوڭجېن-
نىڭ ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىگە
ھۇجۇم باشلاشقا رۇخسەت بەردى،
1731-يىلى 14-ئاۋگۇست كۈنى چىڭ ھۆكۈ-
مىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يۆجۇڭچىنىڭ ئەرمىيەسى
ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ھۇجۇم
باشلىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچىگە باركۆلنى
كېچىك ئارقىلىق بارىدىغان يول بىلەن، ئىككىنچى قىسمى
تۇرپان ئارقىلىق بارىدىغان يول بىلەن ھەرىكەت قىلدى،

-213-

چىن قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي قىسمى، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ھۇجۇم باشلىدى. باركۆلدىن يولغا چىقىپ، 250 كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ گۇچېڭ ۋىلايىتىگە يېتىپ بارغىنىغا قەدەر ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. پەقەت 24-ئاۋغۇست كۈنى چىن ئەرمىيەسى ئاچا خاملىق دەريا بويىغا يېتىپ بارغاندا كىچىك بىر جوڭغارلار ئەترىتىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. جوڭغارلار بىر ئاز قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن غەربىي تەرەپكە قاراپ چېكىندى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتكەن چىن قوشۇنلىرى ئىلى-موڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بويىدا 4 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت جوڭغار ئەترىتى ئەسىرىنى ئۇتتۇلدى. يوجۇڭچى ئۆز قوشۇنلىرىنى 3 قىسىمغا بۆلۈپ، ئۇلارنى قورشاپ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئەمما جوڭغارلار بۇ قېتىم ھەم ئاتتىق قارشىلىق كۆرسەتمەستىن ئارقىغا چېكىندى. يوجۇڭچى ئۆز رەقىبلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىلىرى تېگىدە بىرەر-بىر ھىيلە بار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى قوغلاشتىن ۋاز كەچتى. 27-ئاۋغۇست كۈنى يوجۇڭچى بېيجىڭدىن ئالغان بۇيرۇققا بىنائەن باركۆلگە ئۆز قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى [63، 25-دەپتەر، 21-ۋاراق].

يوجۇڭچىنىڭ جەنۇبىي يول بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ ھەرىكەت قىلغان قوشۇنلىرى 15-ئاۋغۇست كۈنى

-214-

تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەرھال بۇ يەردىكى جۇ-
ڭغار ئەترەتلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ئەينى پەيتتە
تۇرپاننى قوغداپ تۇرغان جوڭغارلارنىڭ سانى 2
مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئىدى. چىنلا ئۆزلىرىدىن نە-
چچە باراۋەر كەم سانىدىكى جوڭغار ئەترىتىنى تېزدە
مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئاتلىرى
ۋە قورال-ياراقلىرىنى تارتىۋالدى [25.63-دەپتەر،
8-9-ۋاراقلار].

تۇرپانغا قوشۇن ئەۋەتىشتىن ئالدىن يوچۇكچى
چىنلوڭ خاقانىنىڭ تۇرپاننى قولغا ئالغاندىن كېيىن دەرھال
مەھەللى ئاھالىنى جوڭغارلارغا قارشى سەپەرۋەر قىلىش،
يەرلىك خەلقتىن ئەترەتلەر تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قولى
بىلەن تۇرپاننى جوڭغارلاردىن ھىمايە قىلىشقا ئالاھىدە
ئېتىبار بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق ئالغان ئىدى. ئۇ شۇ
بۇيرۇقتا خاقان تۇرپان خەلقىنى ھىمايە قىلىشتا،
ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى
تەكىتلەپ «ئات ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرەشكەندە 10
ئۇيغۇر بىر ئويراتقا تەڭ كېلەلمەيدۇ، لېكىن شەھەر
خەلقلىرىنى ھىمايە قىلىشتا 10 ئويرات بىر ئۇيغۇرغا تەڭ
كېلەلمەيدۇ» دەپ يازغان [25.63-دەپتەر، 8-ۋا-
راق، 2-بەت، 9-ۋاراق 1-بەت].

يوچۇكچىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ئۇ ئۇ شۇ
بۇيرۇققا بىنائەن يەرلىك بەگلەر بىلەن ئۇچرىشىپ،

-215-

ئەگەر ئۇلار جوڭغارلارنى ئازات بولۇشنى ئىستىسە ۋە تۇرپاننى ئۇلارنىڭ ھىمايە قىلىشىغا جول باغلىسا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇ بىلەن بىرقانچە قاتار قىستىق ھەرىكەتلەر قىلغان. تۇرپان ئاھالىسىنىڭ بىرقىسمى يوچۇڭچىنىڭ ئە-كلىپىگە بىنائەن جوڭغارلارغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان. نەتىجىدە ئۇلار چىڭلار بىلەن بىرلىشىپ، جو-ڭغارلارنى تۇرپاندىن كېتىشكە مەجبۇر قىلىشقان. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭلار تۇرپانغا 6 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن جايلاشتۇرۇپ، جوڭغارلار ئۇلارنى بۇيەردىن ھەيدەپ چىقارغىچە ئۇشبۇ شەھەرنى قولدا تۇتۇپ تۇرغان [63، 26 ـ دەپتەر، 5-7 ـ ۋاراقلار].

فۇقەرەنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا جوڭغارلار غەربىي ماڭخۇلىيەدىكى خوشۇت ئۇر كولى يېنىدا غەلبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇلار ۋەزىيەتتىن پا-يدىلىنىپ، ماڭخۇلىيەنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلما-ستىن ئۆز ئەۋلىسىنى ئازات قىلىپ، كوبدونىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە، ئېرتىش دەرياسىغا يېقىن جايغا چېكىنىپ كەتتى [63، 26 ـ دەپتەر، 5-7 ـ ۋاراقلار]. ئۇشبۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغارلار يۇقىرى ئېرتىش دەر-ياسى بويلىرىدىكى تۇغۇي باركۆلگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرىنىڭ يوچۇڭچى قوماندانلىقىدىكى جەنۇبىي قىسىمىنى خىتايدىن ئاجرىتىپ تاشلاشقا ئۇرۇنماقتا دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن

-216-

[63. 26-دېتېر، 7-8-ۋاراقلار]. شۇ سەۋەبتىن يۈگچىن خاقان يوچۇقچىغا بارچە كىرەكلىك چارىلارنى كۆرۈپ، تېزدە باركولنى ۋە خاتاينىڭ چېگراسى بولغان جايۇ يېگو-ئەننى قولدىن بەرمەسلىكنى بۇيرۇغان. شۇ بابتىن بىر ۋاقىتتا شىمالىي ئەرمىيە قوماندانىغا ھەم مەخسۇس پەرمان بېرىپ، غەربىي ماڭغۇلىيە دېگەن قوشۇنلار-نىڭ بىر قىسمىنى باركولگە ئۆتۈشنى بۇيرۇغان [63. 26-دېتېر، 8-9-ۋاراقلار].

ئەينى ۋاقىتتا يۈگچىن خاقان ھەربىي كەڭەشتە تېزدە ماڭغۇل تەۋەلىرىگە جۇڭغارلارنى بولاڭچىلىقتىن ۋە تاجاۋۇزچىلىقتا ئەيىپلەيدىغان مەكتۇپ يېزىپ ئۇلارغا پەرمان خەلقنى جۇڭغارلارغا قارشى كۆرەشكە سەپەرۋەر قىلىش لازىملىقىنى ئەيتقان [63. 26-دېتېر، 10-11-ۋاراقلار]. شۇ بىلەن بىرگە كوكنۇردا نوئەرىبۇ باش-چىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنى تېزدە قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇشنى بۇيرۇدى. چۈنكى بۇ قوزغىلاڭ ئەۋج ئېلىپ كەتسە، چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشتىن ۋاقتىچە بولسىمۇ، ۋاز كېچىشكە توغرا كېلەتتى [63. 27-دېتېر، 19-20-ۋاراقلار]. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم چىڭ قوشۇنلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، كوكنۇردا باشلانغان قوزغىلاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئىنتايىن قاتتىق تەشۋى-شكە تۇشۇرۇپ قويغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىن ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ
بېرىۋاتقان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن
جوڭغار خانى غالدان سېرىن ماڭغۇل خەلقىنى ھەم
چىنلارغا قارشى كۈرەشكە سەپەربەر قىلماقچى بولدى،
مەسىلەن: 1731-يىلى 26-نويابىر كۈنى چىن خوكوسى
غەربىي ماڭغۇلىيەدىكى چاغاننور كۆلى ئەتراپىدىكى
جايلارنى ھىمايە قىلغۇچى چىن قوشۇنلىرىنىڭ قوما-
ندانى شىباۋنىڭ نۆۋەتتىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇپ
ئالدى. ئۇشبۇ مەلۇماتتا غالدان سېرىن ماڭغۇل
ئاقساقاللىرىغا يازغان مەكتۇبى ئۇنىڭ قولىغا چۈ-
شكەنلىكى ۋە خاننىڭ ئۇلارنى چىنلارغا قارشى كۈرە-
شكە چاقىرغانلىقى كۆرسىتىلگەن. خاننىڭ پە-
رمانىغا ئاساسەن ئۇشبۇ مەكتۇب تېزدە بېيجىڭگە
يەتكۈزۈلگەن. ئۆز مەكتۇبىدە غالدان سېرىن
« بىز ئۇتقۇشتا بىرگە ياشىغانمىز. ئۆز-ئارا موڭدا-
شقانمىز ھەم ياقىن ئىدى. كېيىنچىلىك غالدان
بوشۇكتۇخان بىلەن خالقا خانلىرى ئوتتۇرىسىدا
يۈز بەرگەن قارىمۇ-قارشىلىقلار نەتىجىسىدە بىز سىلەر
بىلەن ئايرىلىپ باشقا-باشقا جايلاردا ياشايدىغان
بولۇپ قالدۇق. ھازىرقى زاماندا سىلەر خىتايغا ئىتا-
ئەت قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلماقتا سىلەر. مەن
سىلەرگە غايەت ئېچىنىمەن. بىز ھەم سىلەر ھەم چىڭگىز-
خاننىڭ ئەۋلادلىرىمىز. سىز ھېچ قاچان ئۆزگىلەرنىڭ

-218-

خەزمەتكارى بولمىغانمىز. بىزلەر ئالتايغا كۆچۈپ
كەلسەك، بىز بىلەن بىرگە ياشىشالا ۋە بۇرۇنقىدەك
بىز بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشالا مۇمكىن.
ئەگەر كىمكى بىزنىڭ ھاياتىمىزغا خەۋپ تۇغدۇرسا،
ھەممىمىز بىرلىكتە ئۆز ھۆسسىتە قىتاللىغىمىزنى ھىمايە
قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلالايمىز» دەپ ماڭغۇل
ئاقساقاللىرىغا مۇراجەت قىلغان [63. 27-دەپتەر،
4-ۋاراق، 2-بەت؛ 5-ۋاراق، 1-بەت].
1731-يىلى 5-دېكابىر كۈنى يوڭجىڭ خاقان غالدان
سېرىننىڭ خالقا ئاقساقاللىرىغا يازغان خەتكە ئىشىنى
چوڭ ئېتىبار بېرىپ ۋە ئۇنىڭ ماڭغۇللارنى بىرگە ئىتتىپا-
قداش بولۇشقا، ھەممە بىرگە كۆرەشكە چاقىرغانلىقىنى
خاھىشنى خەۋپلىك ھەرىكەت دەپ باھالاپ، دەرھال
ماڭغۇل بەگلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ماڭغۇل خەلقىنى
جوڭغارلاردىن ئۇزاق تۇتۇش، ماڭغۇللارنى ئۇلارغا قار-
شى كۆرەشكە سەپەرۋەر قىلىش لازىملىقى ھەققىدە مە-
خسۇس پەرمان ئىلان قىلدى. شۇ بىلەن بىرگە ماڭغۇل
بەگلىرىگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى جوڭغارلاردىن ئۇزاق
تۇرمىساڭلا ئاقىۋىتى ئۆزلىرىگە يامان بولىدۇ دەپ ئا-
گاھلاندۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۇشبۇ بۇيرۇققا ئاساسەن
يوڭجىڭ خاقان ئامىدى ماڭغۇل بەگلىرىگە يارلىق ئەۋە-
تىلدى. ئۇشبۇ يارلىقتا چىن سولالىسى ماڭغۇللارنىڭ
ھىمايىسى قىلىپ كۆرسۈتۈش بىلەن بىرگە يوڭجىڭ خاقاننىڭ

دادىسى كاڭشى خاقانى جوڭغارلار زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان بىر شەخس قىلىپ كۆرسىتىلگەن. شۇ بىلەن بىرگە جوڭغارلار بۇرۇن سىزلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار ئىدى. ئەندى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، جوڭغارلارنىڭ ئەشۇ يېقىنغا قۇلاق سالماستىن، ئۇلارغا ياخشىلىققا-ياخشىلىق قايتۇرۇش بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىشىڭلار، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىشىڭلار، ئەكسى ھالدا يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسىلەر دەپ يېزىلغان [63، 27-دەپتەر، 18-22-ۋاراقلار]، ئۇشبۇ پەرمانىدا ماڭغۇل بەگلىرى بىلەن جوڭغار خانلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەزى-بىر توقۇنۇشلارغا بەتەپسىل توختاپ، ئۇلارنى جوڭغارلار بىلەن بىرلەشمەسلىككە چاقىرغان. بۇندىن تاشقىرى چىڭ قوشۇنلىرى يېتىلەپ بارغۇچە، كىملىكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان بولسا، ئۇ يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ تاشلىنىدۇ، ئەگەر ماڭغۇل خەلقى جوڭغارلارغا كۆمەكلەشمىسە ئۇ تەقدىرگە ئۇچرىمايدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. جوڭغار خانلىقىنىڭ چىڭلا باشلىغان ئۇرۇشنى بەربات قىلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە سۆز يۈرگۈزۈپ يەنە بىر مەلۇماتقا ئېتىبار بېرىش لازىم.

1731-يىلى دىكابىردا بېيجىڭگە خاقانىنىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدىكى ھەربىي قىسىملار قوماندانلىرىنىڭ قاتار مەلۇمات خاتىرىلىرى كەلگەن. ئۇشبۇ ھۆججەتلەردە كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۆتكەن بىر ئېيدا

جوڭغار خاقانى غالدان سېرېن ئۈرۈمچىدە 6 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بىر ئەترەت ئەۋەتكەن. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئەترەت كۆچمەنچى ئەتراپىدىكى تاغلار ئارقىلىق قومۇلغا يېتىپ كەلگەن [63. 99-بەتنىڭ ا-ۋاراق]. روس ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا ئەينى پەيتتە غالدان سېرېن باركۆلگە 15 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيە ئەۋەتكەن [95. 59-بەت]. ئەمما بۇ ئەرمىيە كۆچمەنچى ئەتراپىدا قىشلاپ، قومۇلغا 1732-يىلى 17-فېۋرالدا يېتىپ كەلگەن. ئۇشبۇ ئەرمىيەگە كىچىك خان سەۋى بوتە ۋە كىچىك سېرېن دوندوبنىڭ ئوغلى سېرېن خامزىبىل قوماندانلىق قىلىشقان. ئەمما خىتاي مەنبەلىرىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا قومۇلغا كەلگەن جوڭغار قوشۇنلىرىنىڭ سانى 3 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بولغان. شۇنىڭغا قارىغاندا جوڭغارلار بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ، قومۇل بىلەن باركۆل ۋە كۆچمەنچى ئوتتۇرىسىدىكى تاغلار ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىشقان. جوڭغارلار قومۇلغا كەلگەن ۋاقتىدا، بۇ يەردە پەقەت 15 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بىر چىن ئەترىتى قالغان ئىدى. چۈنكى يۆجۆڭچى قوماندانلىقى ئاستىدىكى چىڭلارنىڭ چوڭ ئەرمىيىسى تورپان ۋە باركۆل بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى جايلاردىن چېكىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، قومۇل ئىچكىرى دالىدا قالغان بولۇپ، بۇ يەرگە جوڭغارلارنىڭ چوڭ ئەرمىيىسى بىلەن توقۇنۇشماستىن ئۆتۈپ كېلىشى چىن

ھۆكۈمىتى كۈتمىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى شۇ
پەيتتە قۇمۇل ھەربىي بازىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، بۇ
يەردە نۇرغۇن خىلدىكى ئەسلىھە، قورال-ياراق ۋە ئوزۇق
دانلار ساقلىناتتى. ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ تۇيۇ-
قسىزدىن قۇمۇلدا پەيدا بولغان جوڭغارلار ئەترىتى دەر-
ھال شەھەر قەلئەسىنى قورشاپ ئالغانىدى [63.
27-دەپتەر، 3-4-ۋاراقلار].

قۇمۇلدا يۈز بەرگەن ئۇشبۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ
يۇجۇڭچى تېزدە بۇ يەرگە 11 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن
ئەۋەتتى. 18-، 25-فېۋرال كۈنلىرى داۋامدا شەھەرنى قور-
شاپ تۇرغان جوڭغارلار ئۇلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى.
25-فېۋرال كۈنى 10 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت چىڭ قوشۇن-
لىرى جوڭغارلارنى قورشاپ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىشتى.
لېكىن ئۇلار مەقسەتكە ئېرىشەلمىدى. جوڭغارلار تاغ
يوللىرى ئارقىلىق قۇمۇلنىڭ جەنۇب تەرەپكە چېكىنىپ
كېتىشكە مۇيەسسەر بولدى [63. 30-دەپتەر، 7-ۋاراق].

گەرچە يۇجۇڭچى قۇمۇلنى ئۆز قولىدا ساقلاپ
قالغان بولسىمۇ، بۇ يەرگە كېلىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىگىلەپ قىلىنغان بىر
ۋەزىيەتتە جوڭغارلار بۇلارغا سەزدۈرمەستىن قۇمۇ-
لغا كېلىپ، بۇتۇن جەنۇبىي چەك ئەرمىيەسىنىڭ ھەرىكەت-
لىرىنى ئىزدىن چىقىرىپ ئاساسىي چىڭ ھۆكۈمىتىنى قاتتىق
تەشۋىشلەندۈردى [63. 29-دەپتەر، 14-ۋاراق].

-222-

1732-يىلى جوڭغارلار تۇرپانغا ھۇجۇم باشلاپ بۇيەردىكى چىنلار قولىدىكى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئەمما ئۇلار بۇ نىشانغا ئېرىشەلمىدى. بۇيەردىكى ھەم چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1732-يىلى ئا-ۋغۇستتا چىڭ ھۆكۈمىتى يۆجۇڭچىغا قۇمۇل ۋە تۇرپاننى قاتتىق ھىمايە قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. مە-زكۇر بۇيرۇققا ئاساسەن يۆجۇڭچى قۇمۇل ۋە تۇ-رپان قاتارلىق جايلاردىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىۋېتىش ئۈچۈن باركۆلدە تۇرغان 12 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت قوشۇننى چىمۇسا يېنىغا جايلاشتۇردى ۋە بۇ قوشۇن قوماندانلىقىنى جاڭگۇئېنچوغا تاپشۇردى. شۇبىلەن بىرگە تۇرپاندا قەلئە قۇرۇپ، بۇنىڭغا 6 مىڭ نەپەر لەشكەر جايلاشتۇردى. تۇرپاندا يىغىپ قويۇلغان غەللىنىڭ ھەممىسىنى باركۆل ۋە قۇمۇلغا توشۇپ چىقىپ كەتتى [63. 30-دەپتەر، 13-، 21-ۋاراقلار].

جاڭگۇئېنچو چىمۇساغا كەلگەندىن كېيىن بۇيەردىكى جۇغراپىك شارائىتنى ۋە ستراتېگىيىلىك ئە-ھمىيىتىنى ئويلىنىپ چىقىپ، بېيجىڭگە ئەخبارات بەردى. ئۇشبۇ ئەخباراتتا چىمۇساغا تاشلانغان ئەرمىيە مۇران (مولۇى) دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بۇيەردە قەلئە قۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان. لېكىن يۆجۇڭچى پىلانلاشتۇرغان بۇ ئىشلار ئۈچۈن مۇدائىنىڭ تاغ ۋە چۆل دەريا بىلەن ئورالغانلىقى سەۋەبلىك توغرا

-223-

كەلمەسلىكى كۆرسىتىلگەن. جاڭگۇئې بېغۇسىنىڭ مە-
لۇماتىدىن يوقۇچى خاقان سىترا تىكىك جەھەتتىن
چوڭ خاقانغا يول قويغانلىقىنى ئىسزىپ، دەرھال ھەربىي
كەتكەنلىكىدە چىمۇساغا ئۆزە قىلغان ئەرمىيە باركۆلگە
قايتۇرۇپ كېلىنسۇن دەپ بۇيرۇق بەرگەن [63.
30-دەپتەر، 82-33-ۋاراقلا].
ھەربىي كەتكەنلىكى بىرلىگەن بۇيرۇقتا خاقان دېگەر
ھازىر چوڭخارلار مورانغا بىز ئەرمىيە جايلاشتۇرغانلىقىمىز-
نى بىلىسە، ئۇلار بىزگە چوڭ كۈچ بىلەن كېلىشى مۇ-
قەررەر. ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئاساسى كۈچى شىمالدا تۇر-
غانلىقى ئۈچۈن بىزگە چوڭ كۈچ ئاشلاشقا ئىلاجى
يوق بولۇپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، مورانىكى ئەرمىيەمىزنى
تېزدە باركۆلگە قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇلگۇرۇشىمىز
كېرەك» دەپ يازغان [63.30-دەپتەر، 33-ۋاراق،
2-بەت]. ئۇشبۇ بۇيرۇققا ئاساسەن چىڭ ئەرمىيەسى
تېزدە مورانىنى باركۆلگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن.
1732-يىلى 16-ئىيۇن كۈنى چىڭ ئايغاقچىلىرى
جوڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ھەققىدە يوللىغان
مەلۇماتى چىڭ ھۆكۈمىتى قولىغا تەگدى. ئۇشبۇ مەلۇماتتا
جوڭغار خانى غالدان سېرىن ئۆزۈمچى يېنىدىكى چىلاپ
دېگەن جايغا 30 مىڭ لەشكەر توپلىغانلىقى، ئۇ بولارغا
باشلامچى قىلىپ كېچىك سېرىن دونىدۇپنى تايىنلىغانلىقى
ئىسپاتلانغان [63. 30-دەپتەر، 7-ۋاراق، 104-242-بەتلەر].

-224-

ئۇشبۇ مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولغانلىدىن كېيىن چىن ھۆكۈمىتى جوڭغارلار بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يۇ جوڭچى ئەرمىيىسىگە قارشى ئاتلاندۇرۇش نىيىتىدە بولسا كېرەك دېگەن پىكىرگە كېلىپ، قومۇل بىلەن باركۆلنىڭ مۇداپىئەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ بىلەن بىرگە چىن ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى تەجر-ىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، گەرچە جوڭغارلارنى ئۆز كۈچىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۇرۇمچىگە يىغىپ جايىدا تۇتۇپ تۇرسىمۇ، يەنە ئۇلارنى تۇيۇقسىزدىن ئالتايغا قاراپ ئۆزەتىپ قىلىشى مۇمكىن دېگەن پىكىرنى ھەم ھېسابىدىن چىقارمىغان. شۇڭلاشقا ئۇ بۇ قېتىم ئا-لتايدا جوڭغارلارغا قارشى بولىدىغان كۆرەشتە ما-نجۇلاردىن كۆپرەك پايدىلىنىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. مەسىلەن: يۇڭجىڭ خاقان ھەربىي كېڭەشتە جوڭغارلار ماڭجۇلارنى ھاقارەت قىلغانلىقى ۋە كەمسىتكەنلىكى ھەققىدە بىرقەدەر يېزىپ ماڭجۇ ئاقساقاللىرىغا ئۇۋەتىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بەرگەن. ئۇشبۇ بۇيرۇقتا خاقان «ماڭجۇ-لار جوڭغارلارنى بۇ تەرزدە ھاقارەت قىلغانلىقىنى ۋە كەمسىتكەنلىكىنى بىلسە، ئەلۋەتتە غەزەپلىنىپ، ئۇ-لاردىن ئۆچ ئېلىشقا ئاتلىنىدۇ» دەپ يازغان [63، 30-دەپتەر، 16-ۋاراق، 1-بەت]. بۇيرۇقتا گەرچە ھىلە ئىشلىتىپ، ماڭجۇلار بىلەن جوڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى

-225-

مۇناسىۋەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈلمىسە ۋە ئۇلارنى
بىرىنى - بىرىگە قارشى قويمىسا، بۇ ئىككى خەلق بىرلىشىپ،
بىرلەشمەرچى تۈركىستاننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان
ھەرىكەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىپلا قالماستىن
بەلكى ماڭغۇلىيەدىكى مەنپەئەتىمىزگە ھەم چوڭ
زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن دەپ جاكالىغان.

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماڭغۇللارنى جوڭغارلارغا
قارشى قويۇش ۋە ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تو-
لۇق پايدىلىنىش رېجىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇشىنىڭ
يەنە بىر سەۋەبى شۇ بولدىكى 1731-1732-يىللىرى ما-
ڭغۇل خەلقى ئارىسىدا چىڭلارغا قارشى ھەرىكەت جانلىنىشقا
باشلىغان، كۆپلىگەن خالخالىقلار جوڭغار خانلىقى تەۋە-
سىگە كۆچۈپ ئۆتۈش ئەھۋاللىرى ھەم تېز-تېز يۈز بېرى-
دىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا: بۇ ھەقتە جوڭغار
خانلىقىغا بارغان رۇس ئەلچىسى ل. ئۇگرىموۋ 1731-يىلى
ئالتايدا يۈز بەرگەن بىر جەڭدىن كېيىن جوڭغارلار تەرىپىگە
5 مىڭ ماڭغۇل ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر
قىلغان [104. 242-بەت]. ئەلۋەتتە بۇ پەرەز رۇس ئە-
لچىسى كەلتۈرگەن رەقەم كۆپەيتىرىپ كۆرسىتىلگەن دەپ
پەرەز قىلىش مۇمكىن. لېكىن ماڭغۇللارنىڭ جوڭغارلار
تەرىپىگە ئۆتۈش جەريانى باشلانغانلىقى ھەقىقەت ئىدى.
بۇنى خىتاي مەنبەلىرى ۋە رەسمىي ھۆججەتلەر تەستىقلايدۇ،
جوڭغارلار تەرىپىگە پەقەتلا ئاددىي پۇقرالا ئەمەس بەلكى

ئوتموشتە چىنلارغا خىزمەت قىلغان ۋە ئولارنىڭ
قولىدا تورلۇك ئەمەلدار لاۋازىملىرىنى ئىگەللىگەن
شەخسلەر ھەم ئۆتكەن. يوڭچىن خاقانىنىڭ سارايى
ئەمەلدارلىرى ئالدىدا «باقىچى بىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلد-
غان ئىلتىپات ۋە ھىممەتلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يە-
تمەي بىزگە خايىنلىق قىلدى. ئۇ جازالىنىشى كېرەك. جو-
ڭغارلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ، بوتون خالغانلىقلار
شەنىگە داغ توشوردى» [63. 30-دەپتەر، 4-ۋاراق]
دەپ ئېيتقان سوزلىرى بونىڭ مىسالى بولالايدو.
دەۋرى بولغان كوزگىچە يىللىرىنىڭ-1732-1731
ئىچىدە كۆچمەن ۋە تۇرپان ئەتراپىدىكى بىرقانچە جا-
يلارنىڭ چىنلار تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنىشى نەتىجىسىدە
يوچوڭچىننىڭ ئەرمىيەسى ئىلگىرى، يەنى جوڭغار خان-
لىقىنىڭ مەركىزىگە يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى. بو
ئەھۋال مەزكور خانلىقتا چوڭ خەۋپ تۇغدۇردى.
شونىڭ ئۈچۈن غالدان سېرىن ئاتلىق قىلىپ، نىسبە-
تەن كەم كۈچ بىلەن دوشمەننىڭ ئۆز نىسبەتلىرىدىن
ئاز كەچۈرۈش مومكىنلىگى ھەققىدە باش قاتۇروشقا
مەجبۇر بولدى. بو قېتىم ھەم ئو ئۆتكەن يىلدىكىدەك
ئۆزىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئالتاي تاغلىرى
ئارقىلا ياخشى ھەرىكەت قىلالىشى، ماڭغول خەلقى
تەرىپىدىن ياردەم ئېلىش ۋە ئالتاي ئارقىلىق قومول
ۋە باركولگە ھوجوم قىلىپ، چىنلارنى ئۆز جايلىرىدىن

-227-

ئۇزۇپ قويۇش مۇمكىنلىكىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا ئاساسى كۈچىنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىمالى ئەرمىيەسىگە قارشى قويۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

جوڭغار خانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئەرمىيەسى 1732-يىلى 3-ئاۋغۇست كۈنى ئىككى يول بىلەن ئالتايغا قاراپ يولغا چىقتى[97، 98-بەت]. خىتاي ئارخىپى ۋە ۋېيۈەننىڭ يېزىشىچە خانىنىڭ ئەرمىيەسى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى تارماقلىرى بويلاپ ئالتايغا قاراپ ھەرىكەت قىلغان[42، 1-توم، 273-بەت]. شۇ يىلى كۈزدە ماڭغۇلىيەدىن بېيجىڭگە كەينى-كەينىدىن قاتتىق تەشۋىشلەر بىلەن يېزىلغان مەكتۇبلەر دەم-لوماي ئاملار كېلىشكە باشلايدۇ. چۈنكى لەشكەر باشلىق-لىرى تەلىمى بىلەن يېزىلغان بۇ ھۆججەتلەردە كۆرسىتى-لىشىچە جوڭغارلار ئالتايدىن ئۆتۈپ، ماڭغۇلىيەنىڭ ئىچكى ۋىلايەتلىرىگە قاراپ مۇۋاپپىقىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلغان. مەسىلەن: ئالتايدىكى ۋەخەرى ماڭغۇلىيەدىكى ئەرمىيەسىنىڭ قوماندانى نىشباۋنىڭ شۇ يىلى 19-سېنتەبىر كۈنى بېيجىڭگە يەتكۈزۈپ كېلىنگەن مەكتۇبدە يېزىلىشىچە، شۇ ئاينىڭ بېشىدا 30 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت جوڭغار ئەرمىيەسى ئىدېرگول دەرياسى بويلى-رىغا يېتىپ كەلگەن. كېيىن ئۇ شۇ ئەرمىيە ئورخۇن دەرياسى بويلاپ ھەرىكەت قىلىپ، ماڭغۇلىيەدىكى ئەردە-نىزۇ (ئەردەنى جاۋ) بۇتخانىسىغا يېتىپ بارغان [63،

30-دەپتەر، 37-ۋاراق ۋە 32-دەپتەر، 4-ۋاراق] .

خىتاي تارىخچىسى ۋۇ يىيۈەنىڭ پىرىنسىپچە بو
يەردە جۇڭغارلار باش لاما چېبزۇن دامبا خۇتۇكتۇنى
ئىزلەيدىكەن. ئامما ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شىبو لاما بو
يەردە يوق بولغاچقا سەۋەبلىك ئۇلار ئامىرگول
دەرياسى بويلىرىغا قاراپ كېتىشكەن. چۈنكى ئۇ يەردە
چىن سۇلالىسىغا كىيوغول بولمىشى (ئەخو) ماڭغول
تەيجىسى لىسىرنىڭ ئائىلىلىرى ۋە مال-مۈلكى تو-
رىدىغان پايلا قىلار بار ئىدى. ئامىرگول دەرياسى
بويلىرىغا كېلىپ، جۇڭغارلار ئەخو لىسىرنىڭ بالا-
چاقىلىرى ۋە مال-مۈلكىنى تولىغا چۈشۈرۈپ، ئەر-
دەنى زو بوتىغا نىسىغا قايتىپ كېلىشكەن [42. 1-توم،
274-بەت]. جۇڭغارلارنىڭ ئەخو لىسىرنىڭ بالا-
چاقىلىرىنى ئېلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ
خوتۇنى يوڭجېڭ خاقاننىڭ سىڭلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن
بو بىلەن ئۇلا چىن خاقانىغا مەلۇم دەرىجىدە بېسىم
ئىشلىتىش مۇمكىن بولاتتى.

يوڭجېڭ خاقان جۇڭغارلارنىڭ ماڭغۇلىيە-
دىكى يېرىنى بوتىغا نىغا كېلىپ، ئۇلۇق لامانى ئىز-
لىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلار ئۇلۇشبو لامانى چايد-
لىنىپ، بۇتۇن ماڭغول خەلقىنى بىزگە قارشى كۆرەشكە
سەپەربەر قىلماقچى بولۇپتۇ دېگەن خۇلاسىغا
كەلگەن [63، 31-دەپتەر، 6-ۋاراق].

-229-

دەرھەقىقەت جوڭغارلار خۇددى شۇنداق ئىش
قىلماقچى بولغانىدى. بۇنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى تەرىقىسىدە
شۇنى ھەم ئېيتىش مۇمكىنكى، جوڭغارلار خالتايدىن
ئۆتۈپ، ئەردەنى زۇ بۇتخانىسىغا ۋە ئۇيەردىن ئەۋ-
لىسىرىنىڭ پايلاقچىلىرىغا يېتىپ بارغۇچە بولغان ھەر-
لەردىكى چىن ئەرمىيەسىگە كۆرۈنمەسلىكنى ھەرىكەت
قىلىشقان. ماڭغۇللار خالتاي تاغلىرى ئارىسىدا ۋە
كوبدو، چاغانۇر ئاتارلىق جايلاردىكى چىن ئەرمىيە-
سىنىڭ قوماندانلىرى ھەم ئۆز مەلۇماتلىرىدا جوڭغار-
لار ئۇلارنىڭ لاگېرلىرىغا يېقىنلاشمىسىدى، ئۇلار كۆ-
تۈلمىگەن جايلاردىن تارقاق ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى
ئەسكەرتكەن [63. 31- دەپتەر، 2-10 ۋاراقلار؛ 42-1.
توم، 274- بەت].

چىن ھۆكۈمىتى جوڭغارلارغا قارشى ئەردەنى زۇ
بۇتخانىسىغا 1732-يىلى 15-سېنتەبىر كۈنىگە دەنجىن
دورژىنى (ۋاڭلىق ئۇنۋانى بولغان) باشچىلىقىدا 20 مىڭ
كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن ئەۋەتىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە بولۇدى. چىنلار ئۇشبۇ بۇتخانىغا 23-سېنتەبىر-
گە يېتىپ كەلدى. ئەينى زاماندا جوڭغارلار ئەۋلىسىرى
پايلاقچىلىرىنى ئەندى تايىپ كەلگەن چېغى ئىدى.
يېتىپ كەلگەن چىنلار دەرھال جوڭغارلارغا قارشى ھۇجۇم
باشلىغانلىقى سەۋەبلىك بۇيەردە قاتتىق جەڭلەر يۈز
بەردى. 10 كۈنگە سوزۇلغان توقۇنۇشلاردىكى جوڭغارلار

تاغ ئەتەرەپكە چېكىندى. تاغ ئارىسىدىكى قۇشسۇي ئا-
ھالىق بىر كىچىك دەريا بويىدا ئۇلار ئارقىلىدىن
قوغلاپ كەلگەن ئىتقان چىن قوشۇنلىرىغا قاتتىق
زەربە بەردى. لېكىن بۇ جەرياندىكى توقۇنۇشتا نەتىجىسى
جوڭغارلار غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. كۆپ تالاپەتلەرگە
كىن ئۇ تويىنگول دەرياسى بويلىرىغا قاراپ چېكىندى.
چىن ئەرمىيەسى قوماندانى ئاسقانىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا
قۇربان بولغان جوڭغارلارنىڭ سانى ١٠ مىڭ كىشىدىن
كەم بولمىغان، قۇشسۇي دەرياسى قىپقىزىل قانغا بويۇ-
لۇپ ئاققان. چىنلار بولسا نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق
ۋە ئاتلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. چىنلار تەرەپتىن
كۆرگەن تالاپەت ١٠ كىشىنى ئاشمىغان [63. 31-
دەپتەر، 2-، 17-ۋاراقلار]. ئەلۋەتتە ئۇ شۇ مەلۇماتتا
جوڭغارلار تەرەپتىن قۇربان بولغانلار سانى كۆپەيتى-
رىلىپ، چىنلار تەرەپنىڭ ئۆلگەنلەر سانى كەمەيتىلىپ
بېرىلگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن بۇ كۆرسىتىلەر
قۇشسۇي دەرياسى بويىدىكى جەڭنىڭ قاتتىق بولغانلىقى ھە-
قىقەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

1732-يىلى 27-سېنتەبىر كۈنى 2 مىڭ كىشىدىن
ئىبارەت جوڭغارلار ئەترىتى ئىشىيە رىخى-جاۋ دېگەن
جايغا كېلىپ، چىن ئەرمىيە ئىسكىسە بىر ئاز قارشىلىق كۆرسەت-
كەندىن كېيىن، جەنۇبى ئالتايغا، ئەينىغراقى نارىن گول
(نارىن قورۇق) دېگەن جايغا قاراپ كەتكەن [63. 31-

-231-

دەپتەر، 4-ۋاراق]. چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغارلارنىڭ جەنۇبىي ئالتايدا تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇلار يەنە باركۆل ۋېلا نىشانە ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا يوچۇڭچىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرى ئارقا سەپتىن ئۈزۈلۈپ قورچۇلۇپ قورشاۋدا قېلىشى مۇمكىن دېگەن پىكىرگە كەلدى. شۇ سەۋەبتىن دەرھال بۇ جايلاردىكى قوشۇنلىرىنى بار-كۆلگە قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى [63، 13-دەپتەر، 20-25-ۋاراقلار]. بۇ دەۋردە باركۆل چىڭ ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن 1716-يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھەربىي بازىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ قولدىن بەرمەسلىككە ئۇرۇندى. مە-سىلەن: يوڭجېڭ خاقاننىڭ باركۆلنى قوغداش ھەققىدە ھەربىي كېڭەشكە بەرگەن پەرمانىدا «باركۆل بىزنىڭ مۇھىم ھەربىي بازىمىز بولۇپ، ئۇنى قوغداش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى كۆرۈش لازىم» دەپ يازغان [63. 31-دەپتەر، 4-ۋاراق، 1-بەت].

1732-يىلى دېكابىردا باركۆلنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈ-چەيتىش مەقسىتىدە چىڭ ھۆكۈمىتى تۇرپانغا ئاتلانغان قوشۇنلىرىنى ھەم قايتۇرۇپ كەتتى. ئۇشبۇ ھەربىي ئاتلاپ كېتىشتە يوڭجېڭ خاقاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېلارغا ياردەم بەرگەن يەرلىك بەگ ئىمىن خوجا بولۇپ

-232-

ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرالىرى
بولۇپ جەمئىي 10 مىڭغا كىشى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گەنجۇ
(ھازىرقى گەنشى ناھىيىسى)غا كۆچۈرۈپ كېتىلدى. بۇ-
لار ئۆز جايىغا 1755-يىلى جوڭغار خانلىقى چىڭلار
تەرىپىدىن يوق قىلىپ تاشلانغاندىن كېيىن قايتۇ-
رۇپ كېلىندى [32.63 - دەپتەر، 23 - 30-ۋاراقلار؛ 33-
دەپتەر، 12-ۋاراق]. بۇ ھەقتە خىتاي تارىخچىلىرى
ھەم يازدى [233، 32 - 33 - بەتلەر].

چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز قوشۇنلىرىنى مودان ۋە تۇر-
پاندىن قايتۇرۇپ كېتىش بىلەن بىرگە ئەرمىيە قوما-
ندانلىرىنى جازالاشقا قارىتىلغان بىر قاتار چارىلار-
نى ئەمەلگە ئاشۇردى. مەسىلەن: جاركۆلنى قوغداش
ئۈچۈن جايلاشتۇرۇلغان ئەرمىيە قوماندانى لى-
شىسىن ۋەزىيەتنى توغرا ھېساپقا ئالالمىغانلىقتا
ۋە مورانغا ناتوغرا قوشۇن ئەۋەتىشتە ئەيىبلىنىپ، ئۆز
ۋەزىپىسىدىن ئازات قىلىندى. غەربىي ماڭغۇلىيەدىكى
چىڭ ئەرمىيەسى قوماندانى مارساي جوڭغارلارغا
ئۆز ۋاقتىدا قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەنلىكتە ۋە ئۇلارنى
ئالتايدا توسۇپ قالالمىغانلىقتا ئەيىبلىنىپ، قوماندان-
لىق لاۋازىمىدىن ئېلىپ تاشلاندى [63، 31-دەپتەر،
15-11-ۋاراقلار]. مارساينىڭ ئورنىغا خو ئامى بىلەن
ئاتىلىدىغان زادىگانلىق دەرىجىسىگە ئىگە بولغان
يېرىك چىڭ ئەمەلدارى مالەنتەي تەيىنلەندى. بۇندىن

-233-

تاشقىرى يوقىچىن خاقان ھەربى كەتكەلىشكە جوڭغار-
لارغا قارشىلىق كۆرسىتولىشىدىنى باش تارتقان
ماڭغول ئاقساقاللىرىنى ۋە باشقىلارنى قاتتىق جا-
زالاش ھەققىدە مەخسۇس پەرمان چۈشۈرۈپ بەر-
دى. جەنۇبىي يول چىن ئەرمىيەسىنىڭ قوماندانى
يوجۇڭچى ھەم ئۆز لاۋازىمىدىنى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇ-
نىڭ ئورنىغا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ (گۇبېرناتورى)
ھاكىمى چالاڭ تايىنلاندى [63. 31-دەپتەر، 14-ۋاراق].
ئامما يوقىچىن خاقاننىڭ كىيوغلى ئەفۇسىپىرنى ئە-
كسىچە موكاپاتلاندى. ئۇ مەنچىڭغا چىن ۋاڭلىق ئۇنۋانى
ۋە 20 خوشون پوخرا تەقدىم قىلىپ، ئورخون دەريا-
سى بويالىرىدىكى ئۇلىياسو دەرياسىغىچە بولغان
جايلار ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلدى. شۇ بىلەن بىرگە
ئەفۇسىپىرنىكە بېرىلگەن بوجايلارغا سەپنى تۇيۇپ
دەپ نام بېرىلدى [42. 1-توم، 277-بەت].
چىن ھوكومىتى بىكىتكەن تەيىنلانغان شىمالىي
ئەرمىيە قوماندانى مالەنىتەيىكە تىزەنى جەنۇبىي ئالتاي
ئارقىلىق باركولگە قاراپ يول ئالغان جوڭغارئە-
تىرەتلىرى كە يېڭىنى قوغلاپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى
توسۇشنى بۇيۇرغان ئىدى. لېكىن جوڭغارئەترەتلىرى
باركولگە جارەسىدىنى غايىپ بولدى [63. 34-دەپتەر،
6-7-بەتلەر]. بۇ ۋاقىتتىكى چىن ھوكومىتى جوڭغار-
لارغا قارشى يېڭى ھوجومغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى.

-234-

مەسىلەن: 1732-يىلى 19-نويابىر كۈنى يوڭجېڭ خاقان
ھەربىي كەڭگەشكە مەخسۇس پەرمان چۈشۈرۈپ، تېزدە
جوڭغارلارغا قارشى يېڭى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆ-
رۈش ۋە ئۇلارنى غەربىي موڭغۇلىيەدە يوقىتىشقا ئۈ-
تكە زەمبىرەك ساللىق ئۈچۈن چارلىق چارۋىلارنى كۆرۈشنى
ۋە چېگرالارغا يېقىن جايلاردا ياشايدىغان موڭغۇل
ئاھالىسىنى ئىچكى رايونلارغا كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆيرا-
تلار بىلەن ئالاقە قىلدۇرماسلىقنى بۇيرۇدۇ [63،
32-دەپتەر، 1-ۋاراق]. 17-دېكابىر كۈنى يوڭجېڭ خا-
قان موڭغۇل تەيجىلىرىگە ھەم پەرمان يوللاپ،
«بۇ قېتىم بىز جوڭغارلارنىڭ ئۇلۇسىنى غەلىبە قىلىشىمىز
لازىم، ئەكسى ھالدا سىزلەر تىنچ ياشىيالمايسىلەر،
ھازىر جوڭغارلار ھالدىن تېيىپ تۇرۇپتۇ، بىز بۇ پەيتتى-
نى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى جازالىشىمىز كېرەك. ئەگەر
بۇنداق قىلمىساق، ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن
كىن ئۇلار ئۆزلىگىدىن كۈچلىنىپ، بىزگە يەنە قارشى چىقىدۇ،
سىزلەر بۇ ئىشتا كۈچ چىقىرىشىڭلار لازىم» دەپ جا-
كالىغان [63. 32-دەپتەر، 24-ۋاراق، 2-بەت؛ 25-
ۋاراق، 1-بەت]. چىن ھۆكۈمىتى جوڭغارلارغا قارشى
ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن كېيىن-
زگە تاپشۇرۇپ، ئۇنى غەربىي موڭغۇلىيەدىكى چىن
ئەسكىرىي سانىغا باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى [63.
32-دەپتەر، 1ۋە 23-25-بەتلەر]. ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ

-235-

ئورۇشنى 1733-يىلى باھاردا باشلاش ھەققىدە قارار
قوبۇل قىلدى. 1733-يىلى مارت ئېيىنىڭ بېشىدا يوڭجېڭ
خاقان باش ۋەزىر (داشيۈەشى) گە رەتىكە ئورۇش
تەييارگەرچىلىكىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ چىقىشنى
بۇيرۇدى [63.33-دەپتەر، 28-ۋاراق].

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي غەربتىكى يوڭجېڭ خا-
قانىنىڭ ئۇرۇشقا پىششىقلاپ غەملىگەن ئاشۇرغانلىقى
ھەققىدە ئۇنىڭغا تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇشبۇ مەلۇ-
ماتتا كۆرسىتىلىشىچە 1733-يىلى باھارغىچە چېگرا
جۇڭغارلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتا ئىشلىتىش
ئۈچۈن يېتەرلىك ئات تەييارلانمىغان. ئەينى دەۋ-
رىدە غەربىي ئۇرۇشتا ئات مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغان. شۇڭا ئۈچۈن يوڭجېڭ خاقان بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، بۈتۈن سارايدىكى ئەمەلدارلارنى يىغىپ بۇ مە-
سىلىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. جىددىي مۇزاكىرىلەر-
دىن كېيىن خاقان ماڭغۇل بەگلىرىنىڭ زىممىسىگە 100 مىڭ
ئات ۋە زەرۇر بولغان باشقا ھايۋانلارنى سېتىپ بېرىشنى
يۈكلەشكە قارار قىلدى [63.32-دەپتەر، 25-ۋاراق، 1-بەت]،
شۇنىڭ ۋەدىكى مانجۇرلارنىڭ ئۆرۈپ-ئادىتىگە بىنائەن
ئورۇش دەۋرىدە ھەربىي ئەسكەرگە 2 دىن ئات بېرىش ئاسا-
سىدا ھېساپ كىتاپ قىلىناتتى. مانا شۇ ھېساپقا بىنائەن
مەسىلىگە چاندۇرۇشقاندا 100 مىڭ ئات بىلەن 50 مىڭ كىشىلىك
ئىبارەت بولغان ئەسكەرنى تەمىنلەش مۇمكىن بولاتتى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ قېتىم چىن ھۆكۈمىتى جۇڭغار-
لارغا قارشى تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن
ئاساسەن ئاتلىق ئەرمىيە ئىشلىتەمەكچى بولغان.
1733-يىلى ئىيۇن ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئەرنەي
ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش تەييارگەرلىكى ئىلە قىلدى. يوڭچېن
خاقانغا مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن چىن سۇلالىسى
ئەرمىيە قوماندانلىقىنىڭ تەركىبى بىر قەدەر ئۆزگەرتىپ
چىقتى. 26-ئىيۇندا بىرلىكتە خاقان بۇيرۇقىغا ئا-
ساسەن ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئەفۇ لىيدىن ئەرمىيە قوماندانى-
نىڭ بىرىنچى چارەمىسى (زوفوجاڭجۈن) قىلىپ، چاگەن
ئىسىملىك گېنېرال ئىككىنچى چارەمىسى (يۇفوجاڭجۈن)
قىلىپ تەيىنلىدى. دۆلەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى يوڭفۇ
باش مەسلىھەتچى لاۋازىمىغا بەلگىلەندى. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن يوڭفۇغا سارايى مەسلىھەتچىسى (نوي گى داچېن)
ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇ يىلى 18-ئاۋغۇست كۈنى خاقان پەر-
مانى بويىچە جەنۇبىي چىن ئەرمىيەسى قوماندانى لىشاۋ
ئۆز ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىنوزفۇيىن
تەيىنلەندى [63، 34-دەپتەر، 13-23-ۋاراقلار]. بۇندىن
ئاشقىرى يوڭچېن خاقان ئەرمىيەنىڭ جەڭگىۋار روھىنى
كۆتۈرۈش مەقسىتىدە قاتار پەرمانلار ئېلان قىلدى. پەر-
كۆر پەرمانلاردا چىن ئەسكەرلىرىنىڭ مائاشىنى ئاشۇرۇش،
ئۇرۇشتا ئىشلەش قابىلىيىتىنى يوقاتقان ۋە ئۆلگەنلەر،
ئۇلارنىڭ ئائىلە-ئەزالىرىنى ئالۋاڭ-سېلىقلاردىن ئازات

-237-

قىلىش ھەمدە ئۇلارغا نەپىقە تۆلەش ھەققىدىكى قا-
ئىدىلەر كۆرسىتىلگەن [ 63. 34- ئايەت، 22-
23- بەتلەر ]. بۇنىڭدىن باشقىرى ئۆز ۋەتىنىدە ئائىلىسى
ئاتا- ئانىسى ۋە يېقىن ئۇرۇق- تۇققانلىرى يوقلاپ
ئەرسىيە سەۋەبىدىن بوشىتىلىشى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلگەن.
بۇنىڭ سەۋەبى يوقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يېقىرىچە بۇنداق چەكلەر
قىلىنمىغان ئادەملىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشقا
سوغۇق قانلىق بىلەن قارايدۇ، ئاتا- ئانىسى، بالا- چا-
قىلىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق- تۇققانلىرى بار كىشىلەر مە-
لۇم دەرىجىدە چىن ھۆكۈمىتىگە جاۋابلىق بولۇپ تۇرىدۇ،
خايىنلىق قىلىشتىن ياكى قېچىپ كېتىشتىن توختايدۇ، يېقىن-
لىرىنىڭ تىنچلىق- ئامانلىقىنى ئويلايدۇ دەپ كۆرسى-
تىلگەن [63. 34- ئايەت، 4- ۋاراق].
بۇ قېتىم چىن سۇلالىسى شىمالىي شەرقىي تۈر-
كىستانغا كۆچۈپ ئايغاقچىلار ئەۋەتىش ۋە
ئۇلار ئارقىلىق بۇ يەردىكى ئەھۋالدىن خەۋەر-
دار بولۇش، شەھەرلىك خەلقلەر ئارىسىدىكى ئۆز- ئارا
كۆرەشلەرنى كۈچەيتىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ئىشتا ماڭغۇللارنى ۋە جوڭغار
خانلىقىدىن، ماڭغۇلىيەگە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن
قېچىپ ئۆتكەن كىشىلەردىن پايدىلىنىش لازىم دەپ قارىدى.
شۇ بىلەن بىرگە ماڭغۇلىيەگە كۆچۈپ كەلگەن ئويرات
قاچاقلىرىغا چوڭ ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنى جايلاشتۇرۇش

-238-

ۋە ئۇلارغا ماددىي ياردەم بېرىش ۋە بۇنداق قا-
چاقلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋېتىش چوڭ ئەھمىيە-
تكە ئىگە دەپ ھېسابلىدى [63.36-دەپتەر، 14-
23-ۋاراقلار].

يۇڭجېڭ خاقاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا چىن
ئەرمىيەسى جوڭغار خانلىقىغا قارشى يېڭى ئۇرۇشقا
1736-يىلى يازغىچە تەييار بولغان. بۇ ھەقتە
ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ خاقانغا يازغان مۇراجىئەت-
نامىلىرىدە ھەم ئەسكەرتىلگەن. مەسىلەن:
چىن ۋالىيى (كىنەز) جائېرتۇ ئۆزىنىڭ شۇ يىلى ئاۋغۇست-
تا خاقانغا يازغان مۇراجىئەتنامىسىدە «ھازىر ھەر
ئىككى يول بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئۈچۈن چېگرا
بويلاپ چوڭ ھەربىي كۈچ تەييارلاپ قويۇلدى، ئەرمىيە
يۈرىدىغان يوللار ۋە ئۇلارنىڭ شارائىتلىرى ئۆگىنىپ
چىقىلدى، ئەرمىيەگە زۆرۈر بولغان ئات ۋە باشقا
ھايۋانلار، قورال-ياراق، ئوزۇق-دورا، ئاشلىق قاتارلىق
نەرسىلەر يېتەرلىك دەرىجىدە تەييارلاندى» دەپ ياز-
غان [63.36-دەپتەر، 2-ۋاراق، 1-بەت]. قاتار
ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە 1736-يىلى يازدا چىن ھۆكۈ-
مىتى شەرقىي تۈركىستان بىلەن ماڭغۇلىيە چېگراسى
بويلاپ 60 مىڭ كىشىنى [63.36-دەپتەر، 16-ۋاراق]،
باركۆل ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا 90 مىڭ كىشىنى
تەييارلاپ ئەرمىيە توپلىغان [63.36-دەپتەر، 2-ۋاراق].

-239-

ئۇشبۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ قېتىم چىن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان ئاساسى ھۇجۇمنى ئالتاي ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ پىلانلاشتۇرۇلغان بۇ ھۇجۇمى ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

يوڭجىن خاقانىنىڭ ماڭغۇل تەيپىلىرىگە يازغان مەكتۇپىدە ئۇشبۇ ھۇجۇم قالدۇرۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى خاقانىنىڭ ئېغىر چەرۋەر ۋە ئىنسانلىق خىسلىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە جوڭغارلارغا نىسبەتەن غەمخورلۇق قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت دەپ زىكىر قىلىنغان [63. 36- دەپتەر، 13- 14- ۋاراقلار]. ئەسلىدە بۇنداق ئەمەسلىكى ۋە بۇ ھۇجۇمنىڭ قالدۇرۇلۇشىنىڭ باشقا سەۋەبى بار بولغان. بۇ ھەقتە يېتەرلىك ئىسپاتلار كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن: چىن ھۆكۈمىتى ئۆز قوشۇنلىرىنى موران ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن باركۆلگە قايتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە جوڭغار خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كېلىپ، غالدان سېرىنىڭ مەكتۇپىنى يوڭجىن خاقانغا تاپشۇرغان. ئۇشبۇ مەكتۇبىدە خان ئۆزىنىڭ چىن سۇلالىسى بىلەن ئېغىر مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ۋە بۇ ھەقتە كېلىشىم تۈزۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇ سەۋەبلىك خاقان سارايدا چىن ئىمپېرىيەسى جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن قانداق سىياسەت تۇتۇش لازىم دېگەن مەسىلە قايتىدىن

-240-

مۇزاكىرە قىلىندى. ئۇشبۇ مۇزاكىرىدە غەربىي ماڭخۇ-
لىيە، باركۆل، قۇمۇل ۋە گەنسۇ ئۆلكىسى قاتارلىق دا-
يونلاردىكى چوڭ ئەرمىيەلەرنىڭ قوماندانلىرى ھەم
تەكلىپ قىلىنغان. مۇزاكىرە جەريانىدا ئەرمىيە قوما-
ندانلىرى ۋە چېڭخۇلۇ، باتۇر قاتارلىق كىشىلەر جۇ-
ڭغارلارغا قارشى رېجەلەشتۈرۈلگەن نۆۋەتتىكى تە-
جاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى دەۋەت
قىلدى. باش ۋەزىر جاڭتىڭيۈ باشلىق بىر گۇرۇھ
سارايدىكى ئەمەلدارلار جۇڭغار خانلىقى بىلەن مۇلاقە-
تتە بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇش مە-
سىلىسىنى كۈچ ئىشلەتمەستىن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ
كۆرۈش لازىملىقىنى ئېيتتى. يوڭجېڭ خاقان بۇلارنىڭ
پىكرىنى توغرا تاپتى [1-42. توم، 279-بەت؛ 63.
36-دەپتەر، 12-14-بەتلەر؛ 1-57. توم، 35842-بەت؛
1-58. توم، 62-بەت]. ئۆز قارارىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە
خاقان قوشۇندىكى ئىككى مەسىلىگە توختىلىپ ئۆتتى:
1) ئۇنىڭ پىكرىچە جۇڭغارلار چوڭ ئىمپېرىيە-
سىنىڭ ئۇرۇشقا قوزغالغان تەييارگەرچىلىكىدىن
خەۋەردار بولۇپ، كېرەكلىك مۇداپىئە چارىلىرىنى
ئۆز ۋاقتىدا كۆرگەنلىكى نەتىجىسىدە پىلانلاشتۇرغان
ھۇجۇمنى تويۇقسىزدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ
ئىلاجى بولماي قالغان.
2) يوڭجېڭ ئۆزىنىڭ دادىسى كاڭشى خاقان شەرقىي

تۈركىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا بىپايان چۆل
ياتىدۇ، بۇلاردىن ئۆتۈش ناھايىتى مۇرەككەپ، قايسى
تەرەپ ئالدىن تەييارگەرلىك كۆرۈپ، قارشى تەرەپكە
تۇيۇقسىزدىن ئەرمىيە ئەۋەتەلىسە ئۈستۈن چىقالايدۇ.
ئەكسى ھالدا زەرەر كۆرىدۇ. ئۇ دائىم ئەلىشە تۇت-
ماقلارنى دېگەن نەسىھەتكە ئەمەل قىلىش كېرە-
كلىكىنى جاكالاپ، بىز ھازىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ
قويدۇق، بۇنداق شارائىتتا باشلانغان ھۇجۇم مۇ-
ۋاپىقىيەتلىك بولمايدۇ دېگەن پىكرىنى بايان قىلدى
[63. 36-دەپتەر، 7-ۋاراق؛ 42. 1-توم، 279-بەت]،
بۇندىن تاشقىرى يۇڭجىڭ خاقان 1731-يىلى ئالتايدىكى
خوتون نۇر كۆلى بويىدا يۈز بەرگەن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ
مەغلۇبىيىتى مەسىلىسىدە چارىنى مولاھىزە قىلىپ، تەييارگەرلىك
كۆرۈپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ھۇجۇم
قىلىش پىكارىنى - پىكارغا قاتنىتوكۇشنى ئىبارەت،
شۇڭا ئۈچۈن بىز ۋاقتىنچە ئۇرۇشنى توختىتىپ،
قولاي ۋەزىيەتنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىز لازىم، شۇنىڭدا
بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ئاپا كەتمەيدۇ، بىز پەقەت تۇيۇق-
سىزدىن جۇڭغارلارغا ھۇجۇم قىلالىساق غەلىبىگە
ئېرىشەلەيمىز دەپ بۈتۈن ساراي ئەھلىگە مۇراجىئەت
قىلغان [57. 1-توم، 35842-بەت؛ 58. 1-توم،
62-بەت].
1757-يىلى 6-يانۋاردىكى كېڭەشتە خاقان ھەربىي

كەتكەنلىكە چۈشۈرۈپ بەرگەن خەرمانىدا، ئۇرناتسانىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قولغا ئالىش مەقسىتىدە قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە توختاپ «پوكچىن دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستانغا ئىككى يول بىلەن ئەرمىيە كىرگۈزۈش ئۈچۈن جەمئىي 60 مىليون سەرگە يېقىن كۈمۈش پۇل سەرپ قىلىنغان» دەپ يېزىلغان [63. 34-دەپتەر، 6-ۋاراق، 2-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە ئۇشبۇ خەرمانىدا كاڭشىنىڭ ئاتام دەۋرىدە شۇنچە مەبلەغ بىكارغا سەرپ قىلىنغان دەپ ئېچىنغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

يوقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، چىن ئەرمىيەسىنىڭ 1731 - 1732 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندا ۋە ئالتايدا قىلغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى مۇۋاپىقىيەتلىك بولمىغانلىقى ۋە سەرپ قىلىنغان مەبلەغنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى نە-تىجىسى، چىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتىنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىشقا ۋە ئۇشبۇ خانلىقنىڭ خانى بىلەن تىنچلىق موناسىۋەت ئورنى-تىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى ۋاقتىچە قوبۇل قىلىشقا مە-جبۇر بولغان. شۇ سەۋەپدىن يىللارلا سوزۇلغان ئو-ۋەتتىكى جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلە-رىنى توختاتقان.

بايان قىلىنغان تارىخىي ۋاقىئەلەر شۇنى كۆرسىتىدىكى

-243-

جوڭغار خانى غالدان سېرىن ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن
كېيىن چىڭ ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن ئېھتىياتلىق ئۇرۇنۇشنى
ۋە ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان زىددىيەتلەرنى مۇلايىمەت
يولى بىلەن ھەل قىلىش سىياسىتىنى تۇتتى. لېكىن چىڭ
ئىمپېرىيىسى خانلىقنىڭ بۇ سىياسىتىگە ئىجابىي جاۋا-
بلىماستىن، كۈچ ئىشلىتىش يولى بىلەن ئۇشبۇ خان-
لىقنى بويسۇندۇرماقچى بولدى. شۇ بىلەن بىرگە ئۆز
نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جوڭغار خانلىقىدا
تەختكە يېڭى خان ئولتۇرغۇزۇلغان ۋە ھاكىمىيەت تا-
لىشىش تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن ئىچكى كۈرەشلەر ئەۋ-
جىگە چىققان پەيتتىن پايدىلانماقچى بولدى. شۇ
مەقسەتتە 1731-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭغار خانلىقىغا
قارشى ئۇرۇش باشلىدى. ئەمما بۇ ئۇرۇش ئۇلارغا كۈ-
تۈلگەن نەتىجىنى بەرمىدى، جوڭغارلار ئۇرۇشنىڭ ئاسا-
سىي كۈچىنى ئالتايغا تاشلاپ، شىمالىي يول بىلەن شەرقىي
تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان چىڭ قوشۇنلىرىغا
تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ھۇجۇمىنى
كېلىدىغان يىلى باھارغىچە توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى.
1732-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا جە-
نۇبىي يول بىلەن ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى مۇدان قىيا-
پىتى ئىلگىرىلەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېقىنلىشىپ
كەلدى. شۇ بىلەن بىرگە جوڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزى
ئىلى ۋادىسىغا بىۋاسىتە خەۋپ تۇغدۇردى. بۇنداق

بىر جىددىي ۋەزىيەتتە جوڭغار خانلىقى ئۆز ئەرمىيەسىنى
چىڭلار كۈتمىگەن يوللار ئارقىلىق غەربىي موڭغۇلىيەگە
تاشلاپ، ئۇلارغا ئارقىدىن زەربە بەردى. سوڭرا ئۇ
ئۆز ئەرمىيەسىنى جەنۇبىي ئالتايغا تاشلاپ، قومۇل
ۋە باركۆلگە خەۋپ تۇغدۇردى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ
جايلارنى قوغدىغىلى كەلسە، مورى ۋە تۇرپانغا ئەۋە-
تىلگەن قوشۇنلارنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىشىنى
ۋە ئار-مار كەلتۈرۈلۈشىنى قورقۇپ، يانا ئۇرۇش
ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا ۋە ئۆز ئەرمىيەسىنى ئار-
قىغا قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە
چىڭ ئەمپىرىيەسىنىڭ تۇرپان، مورى ۋە ئۈرۈمچى
ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، جوڭغار
خانلىقىغا ھەل قىلغۇچى زەربە بېرىش پىلانى ئەمەلگە
ئاشماي قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ ئەمپىرىيەسى
يېڭى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ جوڭغار
خانلىقىغا قارشى ئاساسىي زەربىنى شىمال تەرەپتىن
بېرىشنى پىلانلايدۇ. لېكىن بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ھەربىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا چىڭلار
باشلىغان ئۇرۇش جەريانىدا غالدان سېرىن ئۆز
ئاتىسىنىڭ تاكتىكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاز كۈچ
بىلەن كۆپ سانلىق دۈشمەنگە زەربە بېرىش، تۇيۇق-
سىزدىن ئۇ كۈتمىگەن جايدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا
ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش پىلانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش

-245-

www.uyghurkitap.com

ۋە ھىيلە يولى بىلەن ئۇرۇشنى ئۆز تەۋەسىدىن قاشقەرگە
چىقىرىش ئۇسلۇبىنى كەڭ قوللانغان.
1731-1732-يىللىرى جوڭغار ئارمىيىسىنىڭ
ماڭغۇلىيە تەۋەسىگە كىرىپ كېلىشى، جوڭغار
خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى ئەمەس بەلكى
چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان
تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە جاۋابەن بىر ۋاقىيە
بولدى. ئۇشبۇ ۋاقىيەنى ماڭغۇل خەلقىنى بىرلەشتۈ-
رۈشكە ۋە ئومۇمى ماڭغۇل دۆلىتىنى تىكلەشكە
قارىتىلغان ھەرىكەت دەپ باھالاپ بولمايدۇ.
ماڭغۇلىيەدە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پوزىتسىيىسى
كۈچەيگەن ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجا-
ۋۇزچىلىق ھەرىكىتى باشلانغان بىر دەۋردە
غالدان سېرىن بۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇشى مۇمكىن ھەم ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇنداق
مەقسەت قويۇلسا، بىرىنچى نۆۋەتتە چىڭ ئىمپېر-
يىسى ئۈستىدىن غالىب چىقىش لازىملىقى ۋە بۇنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى خان
ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ چوڭ غالدان سېرىن
ماڭغۇل خەلقىنى چىڭلارغا قارشى كۈرەشكە سەپەر-
ۋەر قىلىشقا ۋە بۇندىن پايدىلىنىشقا تىرىشقان.
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بەزى تارىخى ئەدەبىياتتا، جو-
ڭغارلارنى بەزى سوۋېت تارىخچىلىرى ئەسەرلىرىدە

-246-

ئورنىشىپ قالغان غالدان سېرىن خانلىقنى ئۆز
تەۋەسىگە قوشۇۋېلىش مەقسىتىدە ئۇ يەرگە ئەرمىيە
ئەۋەتكەن دېگەن پىكىرنى توغرى دەپ ئېيتىپ بولمايدۇ
[104، 243-بەت؛ 95، 94-بەت؛ 182، 146-بەت
ۋە باشقىلار]. ئۇنىڭ خۇلاسىسىنىڭ پەقەت بىر ئىسپاتى
شۇكى ھازىرغىچە 1731-1732-يىللىرى چىن ئىمپېر-
يەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش
رۇس ۋە سوۋېت ئارخىپچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تولۇق
پارچىلانمىغان، ئۇنىڭدىن ئاشقىرى خىتاي مەنبەلىرى
ھەم يەرلىك جەلىپ قىلىنمىغان. ئەلبەتتە بۇنداق
ۋەزىيەتتە مەسىلىنى توغرا يېشىش قىيىن.
شۇنداق قىلىپ ئارخىپ ئەدەبىياتلاردا
ئورنىشىپ قالغان 1731-1732-يىللىرىدىكى
چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا
يۈز بەرگەن ئۇرۇشنىڭ ئەيىبدارى جۇڭغارلار
بولغان دېگەن پىكىر ھەقىقەتكە توغرى كە-
لمەيدۇ دەپ چوقۇم ئېيتىش تېگىش.

-247-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2.2. XVIII-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن بوز بەرگەن چېگرا مەسىلىسىگە ئائىت تالاش-تارتىشلار ۋە جوڭغار خانلىقى بىلەن 1740-يىلى بۇ ئىككى دۆلەت ئارا تۈزۈلگەن كېلىشىم.

1734-1740-يىللىرىدىكى چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىنتايىن كام ئۆگىنىلگەن بولۇپ، تارىخى ئەدەبىياتلاردا پەقەت مۇناسىۋەتلەرنىڭ بەزى-بىر قىرلىرى ھەققىدە سۆز يۈرۈتۈلگەن [134. 95-98-بەتلەر؛ 104. 248-297-بەتلەر؛ 106. 82-بەت ۋە باشقىلار]. شۇ بىلەن بىرگە بۇ ئەدەبىياتلاردا چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرىلەر، مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەر ۋە بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ۋاقتى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە ئېنىق پىكىر شەكىللەنمىگەن. مەزكۇر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسىلىسى ۋە سودا ئالاقىلار، ئەتراپىدىكى سىياسى مەقسەتلەر ھەققىدە دېيەرلىك مەلۇماتلار كەلتۈرۈلمىگەن. جوڭغار خانلىقى تەرىپىدىن بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر،

ئۇلار ئارقىلىق كۆتۈرۈلگەن مەسىلىلەر، سودا ئالاقىلىرى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا پەيدا بولغان قىيىنچىلىقلار
ۋە بۇلارنى ھەل قىلىش يولىدا يۈز بەرگەن ئالاش-
قارىشلار قاتارلىقلار ئەدەبىياتلاردا نامەلۇم بولۇپ
قالغان. كېيىنكى يىللاردا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە
1738-1740 - يىللىرى داۋامىدا چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن
جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى
ئۆگىنىشكە چوڭ ئېتىبار بېرىلدى. لېكىن نەشر قىلىنغان
ئەسەرلەردە كۆتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا،
خىتاي قارىغىچىلىرىنى كۆپرەك سودا ئالاقىلىرى قىزىقتۇرغان.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى خىتاي ئەدەبىياتىدا ھەم
چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى
چېگرا مەسىلىرىگە ۋە تىنچلىق ئورنىتىشقا ئائىت
مۇئامىلىلار يېتەرلىك يورۇتۇلمىغان. مانا شۇ سەۋەب-
لەرگە كۆرە، ئۇشبۇ تەتقىقات مۇئەللىفى ئۆز قولىدىكى
بارلىق ماتېرىياللارنى جەلپ قىلىپ، ئىككى دۆلەت
ئوتتۇرىسىدىكى مەزكۇر مەسىلىلەرگە ئائىت مۇناسىۋەت-
لەرگە قىسقىچە تولۇقراق توختاپ، ماۋجۇت بولغان
بەزى بىر نائېنىق ياكى خاتا پىكىرلەرنى تۈزىتىپ
كېتىشنى لازىم دەپ تاپىدۇ.
1734 - يىلى چىن ھۆكۈمىتى غالدان سېرىن
ھوزۇرىغا چوڭ ئەلچىلەر گۇرۇھىنى ئەۋەتكەن. ئۇشبۇ
ئەلچىلەر گۇرۇھىغا قاتناشقان مەملىكەتلەر بىلەن ئالاقە

قىلىش ۋە زېمىنلىكىنىڭ باشلىقى (ئىشلاك) خويندى ۋە چىن
خانىدانلىقىدا چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغان ئەمەلدار
(شۇلى) ئاقىدۇن، ھەمدە ماڭغۇر قوشۇنىنىڭ موبائۇيى
خومانىدانى (فودۇتولۇڭ) لوھى قاتارلىق كىشىلەر يېتە-
كچىلىك قىلىشقان. چىن ھۆكۈمىتى ئۆز ئەلچىلىرىگە جو-
ڭغار خانى غالدان سېرىن بىلەن قۇيىدىكى شەرتلەر
ئاساسىدا مۇزاكىرە قىلىپ بىرىشنى تاپشۇرغان:

1) ھەر ئىككى تەرەپ بىرى-بىرىگە قارشى ئۇرۇش
ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشى لازىم؛

2) جوڭغار خانلىقى باركۆلنى چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ
تەۋەسى دەپ بىلىش ۋە بۇ يەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنى
جايلاشتۇرۇشقا قارشىلىق قىلماسلىقى؛

3) ئالتاي ئەتراپىدىكى چاغاننۇر كۆلىنىڭ شىمالىغا جايلا-
شتۇرۇلغان چىن قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەسلىكى،
ئۆز ئورۇنلىرىدا ساقلاپ قېلىش لازىم؛

4) خان چىن خاقانىنىڭ ئەمرى بىلەن ئىشىك تۆتۈشى
كېرەك.

5) ئەينى دەۋرگە قەدەر چىنلارنىڭ شەرقىي تۈركىستا-
نغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە جوڭغارلار
تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن قارشىلىقلارنى غالدان سېرىن
خاتا ۋە ئاقىرونسىز دەپ ۋە بۇ ساھادا خاتا دەسسى قىلغان
ئىشلىرى ئۈچۈن خاقاندىن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك [63.
36-دەپتەر، 13-14-ۋاراقلار].

-250-

مانا بۇ شەرتلەرنىڭ مەزمۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ
تۇرۇپتىكى، چىن ھۆكۈمىتى ئۆز ئەلچىلىرى ئارقىلىق چەتئەت
جۇڭغار خانلىقىدىنلا ئارقىغا چېكىنىشنى ۋە ئۆزىنى چىن
سۇلالىسىغا تابە دەپ بىلىشنى تەلەپ قىلغان. يوڭجېڭ
خاقانىنىڭ 1735-يىلى 6-ماي كۈنى ھەربىي كېڭەشكە چۈ-
شۈرۈپ بەرگەن مەخپىي پەرمانىدا ۋە مەزكۇر كېڭە-
شنىڭ پەرمانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ھەققىدە
خاقانغا يېزىپ بەرگەن ھېساباتنامىسىدا كەلتۈرۈلگەن
مەلۇماتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى چىن ھۆكۈمىتى ئۆز
ئەلچىلىرىگە، ئەگەر غالدان سېرىن يۇقۇرىدا كەلتۈرۈ-
لگەن شەرتلەرنى قوبۇل قىلسا، جۇڭغار خانلىقى
چېگراسى بويلاپ جايلاشتۇرۇلغان چىن ئەرمىيە-
لىرىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ كېتىدۇ دەپ ئېيتىشنى ھەم
بۇيۇرغان [63. 37- دېپتەر، 3-، 4- ۋاراقلار].
چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىلىرى بېيجىڭگە 1735-
يىلى مايدا قايتىپ كەلدى. يوڭجېڭ خاقان ھەربىي كې-
ڭەشكە چۈشۈرگەن بىرقانچە پەرمانىدا ئۆتىنىپ
ئەلچىلەرنىڭ ئېيتىشىدا جۇڭغار خانى غالدان سېرىن
بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان
مۇزاكىرەلەر نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مانا
شۇ پەرمانلاردا كۆرسىتىلىشىچە، چىن ئەلچىلىرى
خان بىلەن 1735-يىلى يانۋاردا ئۇچراشقان. خان
چىن ھۆكۈمىتى قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلماسلىقنى ئۇنىڭغ

ئەلچىلىرىگە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى ئېنىقلاش مەسىلىسى ئەڭ ئاساسى مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەلچىلەر گەرچە خاننىڭ پىكرىنى توغرا ئاپچىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يوڭجېڭ خاقاننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئاشكارىغا چىقالماسلىقى، بىز بۇ مەسىلىنى خاقاننىڭ رۇخسىتىسىز بىر قارارغا كېلەلمەيمىز دەپ جاۋاب بەرگەن.

نەتىجىدە ئىلىدا ئۆتكەن بۇ ئۇچرىشىشلار پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەنلا تامام بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن غالدان سېرىن چىن ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە بېيجىڭگە چوينامۇخانى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن، 1735-يىلى ئىيۇن ئېيىدا خاننىڭ ئەلچىسى يوڭجېڭ بىلەن ئۇچراشقان، ئۇ خاننىڭ مەكتۇبى ۋە سوۋغىلىرىنى تاپشۇرغان [57. 1-توم، 35843-بەت]. ئۇ مەكتۇبىدە خان چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى بەلگىلەپ ئېلىشنى ئەڭ مۇھىم مەسىلە دەپ ئېيتقان. چوينامۇخا خاقان ھۇزۇرىدە بولغان ۋاقىتتا خان مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىنى تەكرارلاپ «ئوتتۇرىدىكى ئالتاي جۇڭغارلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈيدىغان جايلىرى ئىدى. خاڭغاي تاغلىرى بولسا، خالقالارنىڭ يايلاقلىرى بار جاي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خالقا بىلەن جۇڭغار خانلىقى چېگراسى چىرغا شىيلا خولۇسۇ بويلاپ

باركۆلگىچە بەلگىلىك بولىدۇ» دەپ ئېيتقان

[63. 37-بەت، 10-ئا. ۋاراق].

غالدان سېرىن ئەلچىسىنىڭ سۆزى ئاساسلىق ئىكەنلىكىنى يوقۇچىنىڭ كېيىنكى ماكانى تەيىسى ئەخو-لسىرىنىڭ دە غالدان سېرىن چىرىغا ئىشلاخولۇسو بويلاپ چېگرا بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەن ھەم ئۆتمۈشتە بىزنىڭ چايلاقلىرىمىز شۇ جايغىچە بولغان» [63. 36-بەت، 28-ۋاراق] دەپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ھەم كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن. شۇ زامانداكى سۆزلىرىدىن يوقىرى خاقاننىڭ سارايى ئەمەلدارلىرى ئالدىدا قالغان چايلاقتىدا ھەم ئۆچرىشىش مۇمكىن [63.37-بەت، 10-ۋاراق].

ئەخو لسىرىنىڭ يوقىچىلىك خاقان بىلەن سۆزلە-شكەندە كۆرسىتىچە چىرىغا ئىشلاخولۇسو غەربى ماكخو-لىيە بويلاپ ئىشقالدى جەنۇبقا قاراپ كەتكەن ئالتاي تاغلىرى ئېتەكلىكە چايلاشقان. كېيىنكى 20 يىل داۋامىدا خوتونۇر (خوتون ئەبۇ)، بۇجىمتو، قوبدى، تونگەرخى، ئۆلان ئۇ باشقىلار قاتارلىق جايلارغا قورۇلغان قارا-ئۆلغانلار جوڭغارلار تەۋەلىكىگە ئۆرۈنلاشتۇرۇلغان [63. 36-بەت، 28-29-ۋاراقلار]. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى چىرىغا ئىشلاخولۇسونىڭ غەربىي تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ھېساپقا ئالغاندا ئەنە كۆرۈنۈپ تۇرۇدىكى، بۇ قېتىم غالدان سېرىننىڭ ئۆلشۇ جايدىن جەنۇبقا قاراپ باركۆلگىچە چېگرا بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلىشى

-253-

ئەمەلىيەتتە چىن ئىمپىرىيەسىدىن بۇرۇن ئىگەللەپ
ئالغان جايلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش-
نى ئىبارەت ئىدى.

چىن ئەلچىلىرى ئالدىنى قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن يولۇقچىلىق غالدان سېرېننىڭ مەكتۇبىگە جاۋاب
بەرمەسىدىن چېگرا مەسىلىسى چوقۇم ئۆگۈنۈپ چىقتى.
شۇڭلىغا قارىغاندا بۇرۇن بۇ مەسىلە بىلەن
يافىسى تونۇش بولمىغان. چېگرا ئىشلىرى ئولۇسوقە-
بىرگە جايلاشقانلىقىنى ھەم يافىسى بىلمىگەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن خاقان بىرەر-بىر قارارغا كېلىشتىن ئالدىن
ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەھۋال سېرېننىڭ پىكرىنى بىلىپ ئۆ-
زىنىڭ بۇ ھەقتە يازما ئىبارەت بېرىشنى سورىغان.
تېز ئارىدا خاقان ئەمرىگە كۆرە ئەھۋال سېرېننىڭ مە-
كتۇبى خالقىدىن بېجىڭگە يەتكۈزۈلگەن. خانى شۇ
مەكتۇبىدە غالدان سېرېننىڭ تەكلىپى ئاساسلىق
ئىككە ئېلىنىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمما ئەھۋال سېرىنى
ئۆلشىپ تەكلىپنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى
ۋە جۇڭغارلارنىڭ تەبىئىي ئولىسالغۇ سۈپىتىدە خىزمەت
قىلدۇرغان ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت
بەرمەسلىك لازىملىقىنى ۋە چېگرا چىزىقىنى ئۆلشىپ
تاغنىڭ ئەگىز چوققىلىرىدىن ئېلىپ ئۆتۈش
كېرەكلىكىنى يازغان [36.63-دەپتەر، 28-29-ۋاراقلار].
شۇ بىلەن بىرگە ئۇ ماڭغۇلىيە ئالتاينىڭ ئېگىز ۋە ئوتتۇر

-254-

قىيىن قىسمىنى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئۆتۈپ بولما-
يدىغان بوفېر زونىسىغا ئايلاندۇرۇشنى ۋە موڭغۇللار
ئۈچۈن ئوتلاق زونىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى، جوڭغارلار
ئۈچۈن غەربىي قىسمىنى خازادەت قىلىپ تۇرۇشنى بە-
لگىلەشنى تەكلىپ قىلدى [57، 5-توم، 39840-بەت].
يوڭجېڭ خاقان ئەفو سېرىسىنىڭ پىكرىنى ۋە تەكلىپىنى
ئىناۋەتكە ئېلىپ، 1735-يىلى ئىيۇن ئېيىنىڭ ئاخىرىدا
جوڭغار خانلىقىنىڭ ئەلچىسى جوپىنامۇ بىلەن ئۇچرا-
شقاندا، ئۇنىڭغا بىز خاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلالمايمىز
دەپ جاۋاب بەرگەن. خاقان ئۆزىنىڭ قارارىنى غەربىي
موڭغۇلىيە دېگەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتەكلىر-
دىكى جايلاردىن بىزنىڭ ئەرمىيىمىز XVII- ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتا نەتىجىسىدە ئىگىلەپ ئالغان،
بۇ ئەلنى بىزگە تەۋەلىككە چەرھىساپلاندى، ئۇنى قا-
يتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان
[63. 37-دەپتەر، 10-ۋاراق]. ئەمما يوڭجېڭ خاقان
باركۆلنىڭ ئەتراپىدىكى ھەققىدە ئېنىق ئاچمىغان. شۇ
بىلەن بىرگە خاقان جوڭغار ئەلچىسىگە ئىككى دۆلەت
ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا چىزىقىنى ئولتۇ تاغنىڭ ئېگىز
چوققىلىرى بويلاپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ، باركۆل-
نىڭ شىمالدىكى بايتاغ بىلەن خابۇتاغ ئوتتۇرىسىدىكى
ئۇلان ئۇسۇ سايى ئارقىلىق ئۆتۈپ، توغرا غەربىي شىمالدىكى
كۆكنۇر (چېڭغىز) دېگەن غاز كۆلىگىچە ئېلىپ ئۆتۈشنى تەكلىپ

-255-

قىلىپ خوشۇنتوخېي، قارا بالچۇق (خارا باغە رچوك)
قاتارلىق ئالتايدىكى بىرقانچە جايلارنى ھەر ئىككى تە-
رەپ ئۈچۈن ئۆتۈپ بولمايدىغان بوفېر زونىسىغا
ئايلاندۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن جۇڭغار ئەلچىسى
چويىنامۇغا ماڭا پەقەت خاننىڭ مەكتۇبىنى ۋە سوغىسىنى
ئالىي ھەزرەتلىرىگە تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى بېرىلگەن دېگەن
باھانە بىلەن خاقان تەكلىپىگە بىرەر-بىر جاۋاپ بەرمىدى
[63.37-دەپتەر، 11-ۋاراق].

يوڭجېڭ خاقاننىڭ بۇ قېتىم تۇيغان چېگرا مە-
سىلىسىدىكى تەكلىپى بىلەن ئالدىنقى تەكلىپلىرىنى سېلىشتۇ-
رغاندا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى
پىكرىدىن بىر-ئاز ئارقىغا چېكىنگەن. مەلۇمكى بۇرۇن
يوڭجېڭ چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى
ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى، ئېرتىش ۋە ئۆرۈڭگۈ دەريا-
لىرى بويلاپ بەلگىلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇنداق
بولسىمۇ ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىسىدىكى كۆز قا-
راشلىرى ۋە تەكلىپلىرى بىر-بىرىدىن ئىنتايىن يىراق
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم 1735-يىلى بېكىتىلگەن چېگرا
مەسىلىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇزاكىرىلەر نە-
تىجە بەرمىدى [57-5-توم، 39840-بەت].

1735-يىلى 8-ئۆكتەبىر كۈنى يوڭجېڭ خاقان
ئالەمدىن ئۆتتى. تەختكە ئۇنىڭ 4-ئوغلى خوڭلى
(1711-1799) ئولتۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭدىن سۆۋەت بىلەن

يېڭى ئىمپېراتورغا چيەنلوڭ خانى بىرىلدى (1736 - 1795 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان). چيەنلوڭنىڭ ھاكىمىيەتكە كېلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر رەھزەمونى ئۆزگەردى. چۈنكى ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى دەۋرىدە چىن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت ئىككى خانلىقنى بويسۇندۇرۇش يولى بىلەن ئۇششۇ مەملىكەتنى قولغا كىرگۈزۈشنى پىلانلىغان بولسا، كېيىنكىسى بۇ خانلىقلارنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇششاق بەگلىكلەر قۇرۇش يولى بىلەن بۇ مەقسەتكە ئېرىشمەكچى بولدى. بۇنىڭ سىياسىي سۇيىقەستى تۆۋەندىكى مەلۇماتلاردا بىر قەدەر ئاشكارىلىنىدۇ.

1735 - يىلى 23 - نويابىر كۈنى چيەنلوڭ خاقان جۇڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن قانداق سىياسەت تۇتۇش كېرەك دېگەن مەسىلە يۈزىسىدىن مەخسۇس پەرمان چىقاردى. مەزكۇر ھۆججەتتە ئۇ «جۇڭغارلار بىز بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولۇپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. شۇ سەۋەپلىك بىز ئەرمىيەمىزنى ھەربىي يۈرۈشتىن قايتۇرۇپ، ئوردۇن دەرياسى بويلىرىغا جايلاشتۇردۇق. جۇڭغارلارنىڭ تەكلىپىگە قانداق جاۋاب بېرىش مەسىلىسىدە بىر — بىر قارارغا كەلگىنىمىز يوق. مېنىڭ مەقسىتىم، ئۇلار بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇزاقنى كۆزلىگەن

ھالدا مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ ياز-
غان[63. 39-دەپتەر، 1-ۋاراق، 2-بەت]. ئۇشبۇ بىلگە
خاقان 736-يىلى يانۋاردا خالغا بەگلەرگە ئېيتقان
خەرمانىدا ھەم قايتۇرغان[63. 39-دەپتەر، 26-29-
ۋاراقلار]. بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ شىكايى ھۆججەتتە چەخلوغ
جوڭغارلار بىلەن ئىچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتالامدۇ.
يۇقىرى بەرسىر چىگرالارنى مەھكەملەپ ئۇلارنىڭ مۇدا-
پە مەسىلىسى كۆچەيتۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ
بىلەن جارلىق ساراي ئەمەلدارلىرىغا ۋەكىلەزلەرگە ئە-
رقى تۈركىستانغا. جوملىدىن جوڭغارلارغا نىسبەتەن بۇ-
ندىن كېين قانداق سىياسەت تۇتۇش لازىملىقى ھەققىدە
ئۆز پىكرى ئەيتىشنى بۇيرۇغان[63. 39-دەپتەر، 26-29-
ۋاراقلار].

خالغا بەگلەرگە يوللىغان خەرمانىدا چەخلوغ
خاقان «ھازىر جوڭغارلار ئىچىلىق تەرەپدارى بولۇپ
ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ئەمما بىز ھوشيارلىق بىلەن ئېھتىياتچانلىق
چارىلىرىنى كۆرۈپ قويۇشىمىز لازىم. جوڭغارلار بىز
سۆزىمىزگە كىرىپ، بىز قويغان تەكلىپلەرگە ئاساسىغا
بىر كېلىشىم تۈزىدى دەپ ھەم چەرەز قىلىش مۇمكىن. لېكىن
بۇنداق كېلىشىم ئۇزاق دەۋر داۋامىدا ياشاشقا دەپ ئە-
يتالمايمىز. مېنىڭ پىكرىمچە چىگرا تۇپلاپ تەلرىمىزنى
قاتتىق ھىمايە قىلغان ھالدا، كېلەچەككە ئۆگىلاپ
ئىش تۇتۇشىمىز لازىم. جوڭغارلارنىڭ تەكلىپى سەمىمى

-258-

ئەمەلسىمۇ، بۇنىڭغا ئالاقىسى بولماسلىقى كېرەك» دەپ جاكالىغان [63. 39-دەپتەر، 26-ۋاراق، 2-بەت].

مانا شۇ كەلتۈرگەن مەلۇماتلار ھەم يەتەرلىك دەرىجىدە، كاڭشى خاقان جۇڭغار خانلىقى بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، كېلەچەكتە جۇڭغارلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قولاي پۇرسەت كۈتۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاقىتقىچە چارە دەپ بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1736-يىلى 6-يانۋار كۈنى، يەنى خىتاينىڭ يېڭى يىل كىرىپ كېلىشىدىن ئىككى ھەپتە ئالدىن، بېيجىڭگە جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەلچىسى چويىنامۇجا يېتىپ كەلدى [63. 39-دەپتەر، 26-ۋاراق]. 28-فېۋرال كۈنى كاڭشى ئۇنى قوبۇل قىلدى [63. 40-دەپتەر، 2-8-ۋاراقلار]. خاقاننىڭ سۆزىگە ئاساسەن ئېيتقاندا، ئۇ ئەلچى غالداندان سېرىننىڭ مەكتۇبىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. ئۇ ئۆز مەكتۇبىدە خان كاڭشىنى ئەنئەنە ئوتتۇرىغا بىلەن تەبرىكلەپ، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى تەكلىپلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتكەن. شۇ بىلەن بىرگە چېگرا مەسىلىسى ھەل بولۇشى ياكى بولماسلىقىغا قارىماستىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەكلىپ قىلغان. ئەمما بۇ تەكلىپنى كاڭشى ماقۇل تاپماي، ئەگەر جۇڭغار خانلىقى ئۆزىنىڭ چېگراسىنى ماڭغۇل، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرى بويلاپ، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ، ئاق تاغ بىلەن خابو تاغ

ئوتتۇرىسىدىكى ساي ئارقىلىق تۇنغاز كۆلگىچە بەلگۈ-
لەنىشكە رازى بولمىسا، بىز ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق مۇنا-
سىۋەت ئورنىتىش ھەققىدە كېلىشىم تۈزەلمەيمىز دەپ
جاۋاب بەرگەن [63.40-دەپتەر، 9-ۋاراق]. بۇنىڭدىن قاتتىق
جوڭغار ئەلچىسىگە «ئەگەر غالدان سېرىن مېنىڭ دادام
قويغان ۋە مەن قوللاۋاتقان تەلەپلەرنى قوبۇل قىلمىسا،
مەيلى ئەلچى ئەۋەتمىسۇن. ئەكسى ھالدا ھەر ئىككى تەرەپ
ئۆز چېگراسىنى قانداق خالىسا شۇنداق بەلگۈلەيدۇ.
مەن ئۆزۈمنىڭ مەملىكىتىگە بۈيۈك ئىمپېرىيە قوشۇنلىرىنى
ئەۋەتىمەن، غەلىبە قولغا كەلتۈرمىگىچە تىنچىمايمەن.
سىز، جوڭغارلارنىڭ بۇ قوشۇنلارغا قارشى تۇرالايدى-
غان كۈچلىرى يوق. قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇنى
خانغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇ چوقۇم ئويلاپ كۆرۈپ، ئۆز
قارارىنى خەۋەر قىلسۇن» دەپ ئېيتقان [63.40-
دەپتەر، 10-11-ۋاراقلار].

جوڭغار ئەلچىسى بىلەن چەنلوڭ خاقان ئوتتۇرىسىدا
ئۆتكەن سۆھبەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، غالدان
سېرىن ئۆز ۋەكىلى ئارقىلىق، ئۆزىنى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ
خانى سۈپىتىدە، چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ۋە
ئۆز مۇستەقىللىقىنى ھەمدە ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى
ھىمايە قىلىش مەقسىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. خاقان خان
ئەلچىسىگە جاۋاب بېرىۋېتىپ، غالدان سېرىننى چوڭ-چوڭ سۆز-
لەرنى ئېيتىشقا قانداق جۈرئەت قىلدى دەپ كايىدى.

سولغان ئەلچىگە، بۇنىڭدىن كېيىن خان ئۆزىنى ئىمپېراتور بىلەن
تەڭلا قويۇپ سېلىشتى ۋە ئۆز ئۆزىنى چاقىشى باشلىشى ئەيىپ
قويۇلۇشى بۇيرۇلدى [63. 40-دەپتەر، 11-ۋاراق]. بۇلار
تاشقىرى چەتلەرگە ئەلچىگە. ئەگەر خان چىن خانغا خانلىقىغا
خانلىقىغا ماقۇل كەلمەيدىغان ئىش تۇتسا، چىن ھۆكۈمىتى
ئۆزلىگىدىن جوڭغار خانلىقى بىلەن قىلىۋاتقان دىپلوماتىك
ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭ خانلىق خاسىيىتىنى خەتايغا باج-
ماقچى بولغانلارنى چەكلەيدىغان ئۇنىڭ تۈزۈمە سىلىكە بۇيرۇق
بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئەيتتى [63. 37-دەپتەر،
6-ۋاراق].

چەتلىكلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئەلبەتتە جوڭغار خانىغا
ماقۇل بولمىدى. لېكىن ئۇ چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن دىپلو-
ماتىك ئالاقىلىرىنى ئۈزۈش ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى
چېگرا مۇئامىلىرىنى ھەل قىلماسلىقنى قالدۇرۇش، سودا
ئالاقىلىرىنى ئىككىلەشتۈرۈش ۋە تۇمۇل ئارقىلىق كۆكنۇرغا ۋە
تىبەتكە بارىدىغان يولنى ئاچماسلىق، لېكىن بۇ
تۈگىلمەيدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئالاقىلارنى ئەگەشكە
كەلتۈرمەسلىك بولۇپ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن،
جۇملىدىن جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن زەرۇرلىك ئىكەنلىكىنى
چۈشىنىپ بىلەتتى. شۇڭلاشقا خان چوپانۇغا بېجىندىكى
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خانلىقتا يېڭىلىرىگە، جۇملىدىن
ئەنگىلىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىشتا ئوتتۇرىغا قويۇشنى سورىماقچى بولدى. مانا شۇ

مەخسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1737-يىلى باھاردا بىر يىل ئالدىنى قاماققا ئېلىنغان ئىنىكى دەپەر چىنى ئايغاقچىلىرىنى بوشىتىپ ۋە ئۇلارنى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ھەمدە پۇل بىلەن تەمىنلەپ، قورال-لىرىنى ۋە ئاتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارغا ئەفۇسىيەرنىڭگە ئۆز قولىدا سىلىرى يېزىلغان مەكتۇپنى ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئەفۇسىيەر جوڭغار خانىنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپلا ئۇ-ناتقا مەزمۇنى ھەققىدە چەكلۈك خاقانغا ئاخبارات بەر-گەن ئىدى. خاقان ئۇشبۇ ئاخبارات بىلەن تونۇشۇپلا ھەربىي كېڭەشلە ئەفۇسىيەرنى خاسدىنى خانىنى ئىشتا ئەتكە چاقىرىش ھەققىدە بىرخەت يېزىپ، ئۆزى ئېلىغا ئىشەنچلىك ئادەملەر ئارقىلىق چەتكۈزۈشنى بۇيرىدى. شۇ بىلەن بىرگە خاقان ئۇشبۇ كېڭەشلە، مەزكۇر خەتتە، چىن ھۆكۈمىتى ئۆز ئەرمىيەسىنى جوڭغار خانلىقى تەۋەسىدىن قايتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، ماڭغۇل، ئالتاي خانلىرىنى ھەرقانداق تەرەپ ئۈچۈن ئۆتۈپ بولمايدىغان بۇفېر زونىسىغا ئايلاندۇرۇپ قورۇ-لۇشقا ۋە قوبدوغا ئەرمىيە جايلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن ۋەدە بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈنۈشنى ماقۇللىدى [63. 43-دەپتەر، 7-9- ۋاراقلار].

ھەربىي كېڭەش تۈزگەن ئۇشبۇ مەكتۇپ، غالدان سىرىنغا، ئەفۇسىيەرنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولغان ئەمۈگەن ئارقىلىق جوڭغار خانىغا ئەۋەتىلدى. چاكىرنىڭ ئۆتۈنۈشى

-262-

بىلەنلا ئەمۇگىن 30 نەپەر پارچە ھەيكەللىرى بىلەن بىرگە
چوڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەتلەر بىلەن خانلىققا ئېلىپ بېرىلدى.
1737-يىلى 2-ئۆكتەبىردىكى جوڭغار خانى غالدان سېرىن
نى قوبۇل قىلىپ، سۆھبەت ۋاقتىدا ئەفۇسىيرىندىن كەلگەن
مەكتۇپ چىن ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تۈرۈلگە تىلىدىكى
ئۇنىڭغا جاۋابەن مەكتۇپ ئەۋەتىش ۋە داشى ۋە يەسەن
ۋە جاۋبەر قاتارلىق ئىككى نەپەر ئىشەنچلىك بەگلەرنى
26 پارچە ھەيكەللىرى بىلەن بىرگە بېيجىڭگە ئۇتتەكچى بو-
لغانلىقىنى ئەيتتى [63. 43-دەپتەر، 25-ۋاراق].
28-ئۆكتەبىردىكى غالدان سېرىننىڭ ئەلچىلىرى
ئەمۇگىن بىلەن بىرگە خانلىققا قاراپ يولغا چىققان ئىدى.
11-دېكابىردىكى ئۇلار ئالتايدىكى چاغان توخۇي ناملىق
قاراۋۇل بېكەتكە كەلگەندە، چىن ئىمپېرىيەسى چېگراچىلىرى
ئۇلارنى بېيجىڭدىن مەخسۇس رۇخسەت كەلمىگىچە ئۆتكۈز-
مەيمىز دەپ توسۇپ قالدى. ئۇشبۇ ۋاقىئەنى خەۋەر قىلىش
ئۈچۈن ئەمۇگىن جوڭغار ئەلچىلىرىنى بۇيەردە قالدۇرۇپ،
ئۆزى ئەفۇسىيرىن ئالدىغا قاراپ يول ئالدى. ئەفۇسىيرىن
جوڭغار ئەلچىلىرى چېگرادىن ئۆتكۈزۈلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ
دەرھال چەنلوڭ خاقانغا مۇراجەت قىلدى. سوڭ ئۇلارغا
چېگرادىن ئۆتۈش مۇمكىنلىكى ھەققىدە بۇيرۇق ئەۋەتىلدى.
ئامما خاقان ئەفۇسىيرىنگە ئەلچىلەرنى ئۆزى بىلەن بىرگە
بېيجىڭگە ئېلىپ كېلىشنى ۋە ئۇلارغا ئەرمىيە جايلاشقان ياكى
ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جايلارنى كۆرسەتمەسلىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇيرۇدى [43.63 ـ دەپتەر، 20 ـ 21 ـ ۋاراقلار]. چۈنكى بۇ پەيتتە چىڭ سۇلالىسى ھەم يېڭى زامانغا يېتىشكەن جوڭغار خانلىقىغا پايدىلىق ئىدى، چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان چېگراسى بويلاپ، تۈرلۈك ھەربىي ئىنشائاتلار قۇرۇلۇپ، ئارمىيە جايلاشتۇرۇش ئىشلىرى جىددىي رە-ۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتاتتى.

جوڭغار ئەلچىلىرى بېيجىڭغا 1738 ـ يىلى 13 ـ مارت كۈنى يېتىپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ يەردە ئۇلارنى بىرىنچى نۆۋەتتە ھەربىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى قوبۇل قىلدى ۋە خاتا رەسمىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر غالدان سېرىننىڭ مەكتۇبىنى ئۇلارغا تاپشۇردى. بۇ قېتىم خان ئۆز مەكتۇبىدا چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن تىنچلىق مۇنا-سىۋەت ئورنىتىش مەقسىتى بار ئىكەنلىكىنى يەنە بىر تە-كرارلاپ، ئۇ بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالتاي تاغلىرىنى بۇففېر زونىسىغا ئايلاندۇرۇش ھەققىدە چيەنلۇڭ خاقانغا تەكلىپ، بۇ يەردە ئەينى زاماندا ياشا-ۋاتقان خەلققە ۋە جوڭغار چوغدارلىرىنى ئورنىدىن قوزغىماي قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى بىرى-بىرى بىلەن ئالاقە-تارتىش قىلىشقا يول قويماسلىق شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى يازغان. ئۆز پىكرىدە خان ئالتاي جو-رۇندىكى ئويراتلار ياشايدىغان جاي بولغانلىقى ۋە ئۇ يەردە ئۇلارنى كۆچۈرۈش ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈشى مۇمكىن-لىكىنى بايان قىلىپ ئاساسلىغان [43.63 ـ دەپتەر، 23 ـ 25 ـ ۋاراقلار].

غالدان سېرىنىڭ بۇ قېتىمقى مەكتۇبىنى ئوقۇپ
چىقىپ، خاندا ئەجەبا ئۆزگىرىش پەيدا بوپتۇ، ئۇ بىزنىڭ
خاپىشىمىزغا قارشى چىقماپتۇ دېگەن پىكىرگە كەلگەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خان ئەلچىلىرى بىلەن ئۇچراشقان
ۋاقتىدا «مەن سىزلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا پەقەت
ئەفۇ سېرىن ئەلتىماسىغا كۆرە دارىلىق چەرىدسىم. غالدان
سېرىنىڭ مەكتۇبى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم... بۇ قېتىم
ئۆزلىرى ئىتائەت ئىنكارلىق بىلەن ماڭا مۇراجەت قىلىپتۇ ۋە
چىن كۆڭلىدىن ئىتتىپاقلىق مونا سوۋغات ئۆرنۇتۇش نىيىتى
بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭدىن مەن خۇشال بولدۇم»
دەپ سۆزلىگەن [63، 43-دەپتەر، 29-ۋاراق].

غەربىي ماڭخولىيەدىكى ئويغۇر ئالتاي تاغلىرىنى
بويلاپ زۇنغارىيەگە قاپلاندۇرغانىدا، چىن ھۆكۈمىتى دۆرۋاقلىق
بىلەن ئورۇقلىغان بىر قانچە چېگرا قورۇقچىلىرى مانا
شۇ زونىدا ئېچىپ قالاتتى. چىن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بۇ قورۇق-
خانىلار چوڭ ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن چەكلىنىشكە ئەھمىيەت زىيە، ئەگەر شۇ قورۇقخانىلارنى
ئۆز جايلىرىدىن قوزغاتقاي قالدۇرۇشقا دازىلىق
بەرسەڭلار، بىز سىزلەر بىلەن چېگرا مەسىلىسى ھەم
كېلىشىم تۈزۈپ ئىلىشمىز مۇمكىن دېگەن تەكلىپنى
قويدى. ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش چىن سۇلالىسىنىڭ
چوقچار رايونلىقىغا ئىنكاسلىق ئەۋۋەلكى پادىشاسىيىتى
ساقلاپ قېلىشىغا ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم

-265-

جوڭغار ئەلچىلىرى بۇ ھەققە بىز خانىنىڭ قارارىنى
بىلمەي تۇرۇپ، بىر نەرسە دېيەلمەيمىز دېگەن باھا-
نى قىلىپ، خاقاننىڭ تەكلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىشمىدى
ۋە شۇ بىلەن بۇ مەسىلىنى ئوچۇق قالدۇرۇشتى. شۇنىڭدىن
كېيىن خاقان ئەلچىلەرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇ ئىنسىبو
مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلىغا ئۇلار بىلەن بىرگە
(لىغە نيۇەن) تاشقى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە-
زىرىنىڭ ياردەمچىسى ئاكىيدۇن ۋە ئەمۇكىننى ئەۋەتتى [63.
43-دەپتەر، [illegible]، 33-36-ۋاراقلار]. ئۇلار ئارقىلىق خاقان
غالدان سېرىنغا چارلىق ۋە سوغا تەرىقىسىدە 10 توپ دەك-
لىك شېيەك دەۋەت ئەۋەتتى. چەخلۇڭ ئۆز ئەلچىلىرىگە
خان بىلەن چارلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئەڭ ۋاقىتچە
چىڭ ئىمپېرىيەسى بىسۇئالغان چايلارنى قايتۇرۇپ بەرمەس-
لىك، بۇ چايلارنى تەلەپ قىلىشتىن خانى ۋاز كەچتۈرۈش
ئاساسىدا كېلىشىم تۈزۈشنى تاپشۇردى. شۇ بىلەن بىرگە
چەخلۇڭ ئىمپېراتورى خاسىدىن غالدان سېرىنگە خاقان
ئەمرىگە قارشى چىقماسلىققا دەۋەت قىلىدىغان يەنە بىر
مەكتۇپ يازغۇزۇپ ئەۋەتتى [63. 43-دەپتەر، 33-36-ۋارا-
قلار]. ئەمما چەخلۇڭ خاقاننىڭ ئەلچىلىرى قىلىدىغان
كېلىشىم تۈزۈلمەي قايتىپ كەلدى. چۈنكى چىڭ ئىمپېرىيە-
سىنىڭ ۋە جوڭغار خانلىقىنىڭ چېگرا ھېچ قىلىشىنى
قايسى جايلار ئارقىلىق ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئىككى
تەرەپنىڭ پىكرى بىر جايىدىن چىقمىغان ئىدى.

-266-

چىن ئەلچىلىرىنىڭ ئەكىلىشىگە بىنائەن غالدان لىسىرىن
بېجىڭگە چەنە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئەلچىلىك ۋە-
زىپىسىنى كىنەز قالۇنغا (خالىۋ) تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا
بىلەن بىرگە چوڭ بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى كۆپ ماللار
بىلەن يولغا سالدى. قالۇن ئادەملىرى بىلەن بىرگە بېيجىڭغا
1739-يىلى 29-جانۋار كۈنى خىتايلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمىغا
بىر ھەپتە قالغاندا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئۇ
ئېلىپ كەلگەن سوغىلارنى ۋە خان مەكتۇبىنى چەنلۇڭ
خاقانغا تاپشۇردى. مەكتۇپ تاپشۇرۇش مۇراسىمى
چوڭ قىلىپ ئۆتكۈزۈلدى [63.44-بەت، 5-8-قۇراقلار].
غالدان لىسىرىن ئۆز مەكتۇبىدا كىنىگى دەۋرىدە چەنلۇڭ
ئۇنىڭ ئالتايدىكى يۇقىرى ئوتلاقلارنى ئۆز جايلىرىدا قالدۇرۇشقا
رازى بولمىغانلىقىدىن خورسەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش
بىلەن بىرگە، خاقاننىڭ چېگرالار تاغ ۋە دەريالار بىلەن
بەلگىلىنىشى دېگەن پىكرىگە قوشۇلماسلىقىنى جايان
قىلىپ، چېگرالارنى بەلگىلەيدىغان تاغ ۋە دەريالارنى
كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن: خان مەكتۇبىدا «ھازىر
چېگرا چىزىقى بوچەنتۇ دەرياسى (قارائۇس نورگۈلگە
قۇيۇلىدىغان بىر دەريا نامى) بويلاپ شىمالدىن-جەنۇبقا
قاراپ، بادانجىن كۆل (جاڭ ئەرجى)، ئانگىرت كۆل (ئا-
نجملاتۇ) دەريالىرى، ئۇچەك تاغلىرى، گى كىنجە (ئا كەجا)
شىمالدا سۇنۇرتۇقاي، جاردۇقۇي-كۆكەي، قارچىل-
بوھو، قارا باليۇق قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ئۆتۈش ماقۇل»

-267-

دەپ كۆرسەتكەن [63.44-دەپتەر، 6-ۋاراق، 2-بەت، 7-
ۋاراق 1-بەت]. خاننىڭ ئۇشبۇ كۆرسەتمىلىرىدە ئاسا-
سەن ئېيتقاندا بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ چېگرا مەسىلىسى
ھەققىدىكى پىكرىنى بىر ئاز ئۆزگەرتىپ، ئۆز چېگراسىنى ئىشغا-
لا ئۇ بىسو نۇرەنى تاشلاپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي
شىمالىي قىسمىلىرى بويلاپ، كوبدو ۋە غىچە، سۇلۇغ ئۆزەر-
دىكى جەنۇبقا قاراپ، بۇ يەنە ئۆز دەرياسى بويلاپ جەنۇبىي
ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئەترىپى ئارقىلىق جۇڭغار
چۆللۈكىچە بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلغان. ئەمما غالدان
سېرىن چېگرىلىكتىكى ئۆز يوقارلىرى، جۈملىدىن ماكو-
لالارنى چاپچاق دەرياسىنىڭ شەرقىي ئەترىپىدە ئوتتۇپ تۇ-
رۇشنى ۋە ئۇنىڭ غەربىي ئەترىپىگە ئوتتۇزمە سالىكنى
تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز يوقارلىرى ئالتاي تاغلىر-
ىدىن ئۆتكۈزمەسلىكنى ۋەدە قىلغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى
ئۇ چاپچاق دەرياسى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئوتتۇر-
سىدىكى جايلارنى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن، ئوتتۇپ
بولمايدىغان بۇفېر زونىسىغا ئايلاندۇرۇشنى ۋە بۇ
يەردىكى چىڭ سۇلالىسى قۇرغان قاراۋۇل بېكەتلىرىنى
ئارقىغا يۆتكەپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ
بۇ يەردىكى ۋە خوڭگەرخى دەريالىرى بويىدا جايلاشتۇرۇلغان
ئىككى قاراۋۇل بېكەتلىرىنى ھەم ئۆز يەرلىرىگە يۆتكەپ كېتىشنى
تەكىتلىگەن. ئۆز مەكتۇبىدا خان چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇن
جۇڭغار خانلىقىغا تەۋەلىك بولغان قوبدوغا ئەسكەر قويۇپ

-268-

ئۇ چەرىك كۆپ سانلىق ھەربىي قىسىملارنى جايلاشتۇ-
رغانلىقىغا قارىماي ئىككى قانىتىنى ئۇ بۇيىنىڭ شەرقىي
تۈركىستانغا بىۋاسىتە خەۋپ تۇغدۇرۇپ تۇرغانلىقىنى
ھەممە كىشى ئەسكەرتكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئومۇمەن
ئېلىپ قارىغاندا چېگرا مەسىلىسى غالدان سېرىن ئەينى
ۋاقىتتا بۇرۇنقى ئەلەپلىرىگە قارىغاندا بىرئاز ئارقىغا
چېكىنگەن. لېكىن بۇنىڭغا ئۆزىگە خان چيەنلوڭنى
جۇڭغارلارغا نىسبەتەن بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئەۋلىيالار
ۋە ئەزىزلەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ، نەزىر چىراق
قىلىپ كېلىشكە رۇخسەت بېرىشنى سورىغان [43-44-
دەپتەر، 7-ۋاراق].

1739-يىلى 6-فېۋرال كۈنى چيەنلوڭ خاقان جۇڭغار
ئەلچىسى خالۇن چيەنلوڭ خاقان ھوزۇرىغا كېلىپ قالدى.
ئۇچرىشىش ئۈستىدە ئۆز خانىنىڭ مەكتۇبىنى خاقانغا تاپشۇ-
رۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭدا يېزىلغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىبىر
تەرەپلىرىگە تولۇقلاپ، نېمە ئۈچۈن غالدان سېرىن كوبدو
يېنىغا قۇرۇلغان قارائۇل بېكەتلىرىنى ئارقىغا يۆتكەپ
كەتمىدى، خان نېمە ئۈچۈن تەلەپ قىلغانلىقىنى
سوراپ ئالاھىدە تەكىتلىدى. جۈملىدىن جۇڭغار ئەلچىسى
«ئۆتمۈشتە ئۇلۇغ خاقان ئارمىيەسى كوبدوغا جايلا-
شتۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ يەردە قەلئە قۇرۇلغانىدى.
ھازىر غالدان سېرىن بۇيەنتۇگۈل بىلەن توختامنى كوبدو
يېقىن بولغانلىقى سەۋەبىدىن كىلىپ چېكىنتە بۇ يەرلەردە ھەم قەلئەلە

قورولۇپ، ئەرمىيە جايلاشتۇرۇلۇشى مۇمكىن دەپ ئە-
نسىرەۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەزرىتى ئالىيلىرىدىن
بۇ جايلارغا قۇرۇلغان قارائۇل بىكەتلىرىنى يوقىتىۋېتىشنى
سورىماقتا» دەپ يەتكۈزگەن [63. 44-دەپتەر، 9-
ۋاراق، 1-بەت]. چەخلوك ئەلىيسانىڭ سوزلىرىگە جاۋاپ
بېرىپ: «بۇ قېتىم غالدان سېرىن تۇغەرنى ۋە بويەنتۇ
گول يېنىغا قۇرۇلغان قارائۇل بىكەتلىرىنى ئارقىغا
يوتكەشنى ئېيتىپتۇ. بۇنى قىلىش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس... ئەمما غالدان سېرىن ئۆز ئادەملىرىنى ئا-
لتاي ئاغىلىرىدىن كۆچكەزمەسلىك ھەققىدە ئېيتقان
سوزلىرى ھەقىقەتكە يېقىنراق. مەن ئىسنىڭ ئۆزلۈكىدىن
كەلگەنلىكى ئۈچۈن، سەن بىلەن ئۇچرىشىشقا رازى
بولدۇم. ئەگەر ھەقىقەتەن غالدان سېرىن ئۆز ئادە-
ملىرىنى ئالتاي ئاغىلىرىدىن كۆچكۈزمەي تۇتۇپ تۇرۇشنى
ئېيتقان بولسا، شۇ ئاساستا كېلىشىم تۈزۈشىمىز
مۇمكىن» دەپ ئېيتقان [63. 44-دەپتەر، 8-ۋاراق،
2-بەت، 9-ۋاراق 1-بەت].

قالۇن ئارقىلىق غالدان سېرىنغا ئەۋەتكەن مەكتۇ-
بىدە چەخلوك «سەن (غالدان) بىزنىڭ بىرقانچە جاڭگىرا
قارائۇل بىكەتلىرىمىزنى ئارقىغا يوتكەشنى تەكاسىپ
قىلىپسەن. بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان گەپ، خاھاتتى
بۇنى بىلمەسلىكىڭ. بۇ مەسىلىگە چەۋنە قايتىشىڭنىڭ سەۋەبى
كېرىكى بار. بۇ يەرلەردىكى قارائۇل بىكەتلىرىدە جار يوقى

بىر نەچچە ئەسكەر تۇرۇدۇ. بۇنىڭ نېمە ھەقتە بولۇشى
مۇمكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە (باپامىز) ئىشكىرىۋ (كاكىسى
خاقان) دەۋرىدە قۇرۇلغان چېگرا قاراۋۇل بېكەتلىرى
ئورنىدىن قوزغۇتۇلۇشقا بىر جۈرئەت قىلالمايمىز»
دەپ يازغان [63، 47- دەپتەر، 13- ۋاراق، 1-2- بەتلەر].
شۇ بىلەن بىرگە چەنلوڭ ئۆز مەكتۇبىدە بىر ئۈچۈن زۆرۈر
بولغان مەسىلە، چېگرا چىزىقى ئېنىقلانمىغۇ، جوڭغارلارنى
ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتكۈزمەي تۇتۇپ تۇرۇش، بۇنىڭغا
جاۋابەن بىز ماڭخۇللارنى جاجقان گۈل دەرياسىدىن ئۆ-
تكۈزمەي تۇتۇپ تۇرۇشنى ئۆز زىممىمىزگە ئالىمىز، مانا
شۇنداق قىلغاندا بىر كېلەچەكتە چىن ئەرمىيەسى بىلەن
جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ۋە بۇ ئىككى دۆلەت چې-
گرالىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولماسلىقى ئۈچۈن
زېمىن يارىتىمىز دەپ ئەسكەرتكەن [63، 46- دەپتەر،
13- ۋاراق].

چەنلوڭنىڭ جوڭغار ئەلچىسى بىلەن ئۇچرىشىشقان
ۋاقتىدا ئېيتقان سۆزلىرى ۋە ئالغان سىياسىتىگە ئو-
لىشىپ ئەلچى خارقىلىق ئەۋەتكەن مەكتۇبىدە كەلتۈرۈ-
لگەن مەلۇماتلار شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، چىن
ھۆكۈمىتى كېيىنكى 20- 30- يىل داۋامىدا، چىن ئەرمىيەسى
ئەترىپىدىكى بېسىپ ئېلىنغان جوڭغار خانلىقىنىڭ ئەۋەسى
قايتۇرۇپ بېرىش ماقۇل كەلمىگەن. ئەكسىچە چىن ھۆكۈمىتى
بۇ يەرلەرنى ئۆز تولدا ساقلاپ قېلىشقا ۋە ئالتاي تاغلىرىنى

جوڭغارلاردىن بوشىتىپ. كېلەچەكتە بۇ يەرنى ھەم ئاستا-
ئاستا ئىگەللەپ ئىلىشقا زېمىن يارىتىشقا ۋە جوڭغارلارنىڭ
ھەرىكىتىنى ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە چەكلەپ
ئۇلار بىلەن موڭغۇل خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋە-
تلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلغان.

چىڭ ھۆكۈمىتى كوبدو ئەترابىدىكى قارائۇل
بېكەتلىرىنى قولدا ساقلاپ قېلىشقا ۋە بۇنىڭغا جوڭغار
خانى غالدان سېرىننى كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تە-
لەپلىرىنى بىر ئاز يۇمشىتىپ، كوبدوغا ئەسكىرىي جايلا-
شتۇرماسلىق، خانىغا ۋاقتى-ۋاقتى بىلەن بۇ يەرگە
20-30 نەپەر ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ يەردە ئەسكىرىي يوقلىقىنى
تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا، ھەر يىلى تېبەتكە 100 كىشى ئەۋە-
تىپ ئۇ يەردە خەير-چىراق قىلىپ قايتىشقا رۇخسەت
قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى [63، 47-3 پەر،
14-ۋاراق].

غالدان سېرىن كوبدو ئەترابىدىكى يوچۇنتۇ ۋە تو-
ئەرجى قارائۇل بېكەتلىرىنى چىڭ ئىمپېرىيەسى ئىختىيارىدا ساقلاپ
قېلىشقا رازىلىق بېرىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز زىممىسىگە ئالغا-
نچە بولغان مەجبۇرىيەتلەرگە كۆنۈپ، بۇنىڭ ئورنىغا
تېبەتكە 300 نەپەر ئادەم ئەۋەتىشكە ۋە جوڭغارلارغا
خىتايغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا رۇخسەت بېرىشنى
تەلەپ قىلدى. ئۇشبۇ تەكلىپنى چەنلوڭ خاقانغا يەتكۈزۈ-
ش ئۈچۈن غالدان سېرىن قالۇنى يەنە بېيجىڭغا ئەۋەتتى. بۇ

قىشتىم مەزكۇر ئەلچى ئەلدىن 1739-يىلى كەچ كۈزدە يولغا
چىقىپ، 1740-يىلى يانۋارنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭغا يېتىپ
كەلگەن. بۇ قېتىم ئۇ خاقانغا تەتە چوڭ ھۆرمەت نەزىر-
زەللەر بىلەن كۆرۈنۈش قىلغان. ھەتتا ئەلچىنىڭ بېيجىڭغا
كېلىشى موڭغۇل سۇلتانى بىلەن چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن.
شۇ يىلى 18-يانۋار كۈنى خاقان چيەنلۇڭ ھوزۇرىدا بولۇپ،
ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن. بۇ قېتىم ئەلچى غالدانخاننىڭ
بىرقانچە پەرمانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. جۇڭغار
ئەلچىسى بىلەن ئۇچراشقاندا چيەنلۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ «مەن
سىلەرنىڭ دۆلەت پادىشاھىڭلارنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇبىنى ئوقۇپ
مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. مەن غالدان سېرىننىڭ پىكىر-
مىزگە قوشۇلغانلىقىدىن غايەت خۇرسەن بولدۇم... بۈگۈنكى
كۈن چېگرا جايلىرىدا ياشايدىغانلار ئۆز جايلىرىدا تىنچ
ئامان ئولتۇرسا ياشايدۇ، غالدان سېرىننىڭ ئىلتىماسىغا
كۆرە تىبەتكە 300 كىشى ئەۋەتىپ، نەزىر-چىراغ قىلىشقا
رۇخسەت بېرىمىز، جۇڭغارلارغا خىتايغا بېرىپ سودا قىلىش
مەسىلىسى بويىچە ھەربىر كەڭەشكە بۇيرۇق چۈشۈرىمەن، سەن
بىلەن بۇ قېتىم مەنسۇپ كېلىشىم تۈزۈپ ئالىمىز» دەپ
ئېيتقان [63.66-دەپتەر، 29-ۋاراق، 2-بەت].

كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېنىق قىلىپ
ئېيتىش مۇمكىنكى 1740-يىلى 18-يانۋار كۈنى (خىتاي كالېندارى
بويىچە چيەنلۇڭ ھاكىمىيىتىنىڭ 4-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى) چيەن-
جۇڭغار ئەلچىسى بىلەن خاقان ئۇچراشقان كۈنى چىن ئىمپېرىيىسى

-273-

بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا چېگرا مەسىلىسى بويىچە
كېلىشىم ئىمزالاندى.
چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا
تۈزۈلگەن مەزكۇر كېلىشىم مەزمۇنى چەكلىك خاقان-
نىڭ 1740-يىلى 2-مارت كۈنى يوتۇلگەن ۋەقەلدىن
سىرىنغا قالۇن ئارقىلىق چەكلەنگەن مەكتۇبىدا
تولا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلشىو ھۆججەت مەزكۇر
ئەخلاقات مۇئەللىپى ئەرىپىدىن تولا ئەشر قىلىنغان
[179. 59-    -بەتلەر]. لېكىن بۇ ھۆججەتتە خالغا-
لىقلارنىڭ ھەرىكەت چېگرالىرى ئىشغالى ۋە جەنۇبىدا
قايسى جايلاردىن ئۆتكەنلىكى كۆرسىتىلمىگەن. بۇ مە-
سىلە خاقاننىڭ 1740-يىلى ماڭغۇل بەگلىرىگە ئەۋە-
تكەن پارلىقىدا ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:
ھۆججەتتە «ھازىر جوڭغارلارغا بىز بىلەن كېچىلىق
مۇناسىۋەت قىلىشقا رۇخسەت بەردۇق. شۇنىڭ
ئۈچۈن خالغا بەگلىرىگە مەخسۇس مۇراجەت قىلىپ،
بۇيرۇيمەنكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھەرىكەت دائىرە-
لىلار جايىغان كۆلدىن ئۆتمەسلىكى لازىم. بۇ سۆز-
ىمىزنى جايىغان كۆلىدىن باشقا جايلاردىن ئۆتۈش
مۇمكىن دېگەن مانانى چىقىرىشقا بولمايدۇ...
شۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس پەرمان بىلەن خالغالىقلار-
غا بۇيرۇيمەنكى، بۈگۈندىن باشلاپ بولار جايىغان
كۆلىدىن، چىقىپ كەتمىسۇن!»، قازاقستان(ماساكىتاق)

-274-

ۋە كۆكتاغدىن (كۆكسىن)[3] ئۆتمەسلىكنى ھەرىكەت قى-
لىسۇن، خالغالىق بەگلىرى بۇ ھەقتە ئۆز پۇقرا-
لىرىغا چوقۇم ۋەردىپ، بۇ زاماننى خەمەلگە ئاشۇرسۇن»
[63.يىل.45- دەپتەر، 7- ۋاراق، 1- 2- بەتلەر] دەپ
كۆرسىتىلگەن.

چەكلىكنىڭ خالغا بەگلىرىگە يوللىغان مەزكۇر بۇيرۇقنامىدا كەلتۈرۈلگەن بۇ مەلۇماتلار چىن ئىمپېر-يەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن چېگرا ھەققىدىكى كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى ئىملاب بېرىشتىن ئاشقىرى ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالىرىنىڭ چايلاق دائىرەلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇشبۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېيتىشىمىز مۇمكىنكى، چىن ئىمپېرىيەسى دائىرىسىگە كىرگەن تەڭرى چوڭ شىما-لىدا ئۇبسۇ نۇركۆلدىن، ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلار ئارقىلىق، سونىڭ چاپقان كۆل دەرياسى بويىلاپ، خاساق-خەپىرخان، تەڭرىشىنى ئولا سىرتى ئولا

1) چاپقان كۆل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا نىسبەتەن جەنۇب تەرەپتە جايلاشقان تاغلار.

2) ئالتاي تاغلىرى بىلەن چاپقان كۆل دەرياسى ئوتتۇ-رىسىغا جايلاشقان تاغلار، ھازىرقى خەرىتىدە خاساق خەپىرخان تاغلىرى.

3) خىرغىز نۇركۆلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان تاغلار، ھازىرقى خانغۇي ئولا.

-275-

تاغلىرى ئارقىلىق جەنۇب ئالتاي تاغلىرىغىچە ئۆتكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھوجىجەخان زەرد جۇ-ڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرا چېزىقى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، چەنى قۇمۇل ۋە جاركۆل ۋىلايەتلىرىنىڭ غەربىي جايلىرىدىن ئۆتكەن دېگەن ساۋاللارغا جاۋاپ بېرىدىغان مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ١٧٤٥-يىلى ١٧-ئاۋغۇست كۈنى جوڭغار ئەلچىسى كالخەنتسى خاقانغا تاپشۇرغان غالدان سېرىنىڭ مەكتۇبىدا كۆرسىتىلىشىچە، خاقان خانغا يو-للىغان جارلىقىدا بۇرۇن ئالتاي تاغلىرى بويلاپ خابوتاغ، جايىتاغ، ئۇلان ئۇسۇ قاتارلىق جايلار ئارقىلىق غازكۆلگە قەدەر چېگرا چېزىقى بەلگىلىنىش ھەققىدە كېلىشىلگەن ئىدى. ھازىر سەن بىزنىڭ تەكلىپلىرىمىز ئاساسىدا ئىش تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىككىنچى ئارتۇقچە بولىدۇ» دەپ يېز-غانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلدۇ [63. 45-دەپتەر، 17-ۋاراق، ا-بەت]. ئوردى شۇنداق مەزمۇندا ئىشلەنگەن سۆزلەرنى چەنلۇڭنىڭ ١٧٤٠-يىلى ٢٨-ئاۋغۇست كۈنى غالدان سېرىنغا ئەۋەتكەن جارلىقىدا ھەم ئۇچۇ-رىتىش مۇمكىن [63. 45-دەپتەر، ٢٠-٢٢-ۋاراقلار].

بۇندىن تاشقىرى ١٩٥٦-يىلى ١٧-يانۋار كۈنى خاقان ھەر ئىككىلا مۇراجىئەت قىلىپ، قۇمۇلدا جايلاشتۇرۇلغان چىڭ ئىمپېرىيەسى قوشۇنلىرى ۋاقتىنچە ئۆزگەرتىلمىسۇن قۇمۇل

جوڭغار زېمىنى بىلەن چېگرادىش ئىككى خانلىقنى تەكشۈرگەن

[67. 1-دەپتەر، 26-ۋاراق]. بەزىبىر خىتاي مەنبەلىرىدە

1725-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى باركۆلدە ئېتىز كىشىدىن ئىبارەت

مۇنتەزىم ھەربىي قىسىم جايلاشتۇرغانلىقىنى، قۇمۇل

ئىدىرىنىڭ يېقىندىكى سەنتاۋ ۋە غەربىي تەرەپتىكى شازاۋ-

چوقەن دىگەن جايلارغا بىر مىڭ كىشىدىن جەمئىي ئىككى

مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇن چىلى، چىنشى، لىيوگو، بو-

لونجىر ۋە چياۋۋەت قاتارلىق جايلارغا بەش مىڭ

كىشىدىن ئىبارەت مۇنتەزىم ھەربىي قوشۇن جايلاشتۇ-

رغانلىقى خاتىرىلەنگەن [53. 33-بەت]. دە نىشجاڭ ئەمەلدارى

قىسقىچە جاپاخەت ناملىق خىتاي مەنبەسىدە 1739-يىلى

جوڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا ئىمزا-

لانغان كېلىشىم بويىچە، شىمالىي يول بويىلاپ جايلاشتۇ-

رۇلغان چىڭ ئەسكىرىيەسى قايتۇرۇپ كېتىلدى، باركۆلگە

جايلاشتۇرۇلغان ئەسكىرىيە ئۆز جايىدا ساقلاپ قېلىندى

دەپ يېزىلغان [66. 2-جاپ، 22-ۋاراق، 2-بەت].

مانا بۇ كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن

ئېيتىش مۇمكىنكى، 1740-يىلى چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار

خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە بىنائەن ئىككى

دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا، شىمالدىن ئالتاي

تاغلىرى بويلاپ، باركۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاغلار

ئارقىلىق لوبنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چۆللۈككە

قەدەر بەلگىلەنگەن. قۇمۇل ۋە باركۆل قاتارلىق جايلار

-277-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىن ئىمپېرىيەسى ئىختىيارىدا قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ ئورنىغا جوڭغار خانلىقى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا سودا كارۋانلىرى ۋە تىبەتكە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشكە رۇخسەت ئالغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئالاھىدە توختاپ ئۆتۈلىدۇ.

## 2.3. جوڭغار خانلىقى بىلەن چىن ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا-ئالاقىلارغا ئائىت كېلىشىم ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى.

1740-يىلى 19-خۇزال كۈنى بېيجىڭدا چىن ئەمەلدارلىرى بىلەن جوڭغار ئەلچىسى ئوتتۇرىسىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىلارغا ئائىت مەخسۇس ئۇچرىشىش بولدى. ئۇزاق موزاكىرەلەردىن كېيىن تەرەپلەر كېلىشىم تۈزۈشتى. مەزكۇر كېلىشىمدە:

1. جوڭغار خانى غالدان سېرىنگە ھەر تۆرت يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا 200 كىشىدىن ئىبارەت كارۋان ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىش؛

2. چىن ئىمپېرىيەسى چېگراسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تىيانشانغا يېتىپ بارغۇنچە، جوڭغار كارۋانلىرىنىڭ يول خىراجەتلىرى ئۆز ھېسابىدىن بولسۇن؛

3. جوڭغار كارۋانلىرىغا قومول، غەربىي خىتاي-دىكى گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول-لار ئارقىلىق يۈرۈشكە رۇخسەت ئېتىلسۇن؛

4. جوڭغار خانىغا ھەر تۆرت يىلدا بىر قېتىم سۇجۇ شەھىرىگە 100 كىشىدىن ئىبارەت بىر كارۋان ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىنسۇن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. جوڭغارلارغا 1746، 1750، 1754- يىللىرى بېيجىڭگە، 1744، 1748، 1752- يىللىرى سوۋغا كارۋان ئەۋەتىش رۇخسەت قىلىنسۇن، كېيىنكى دەۋرىدە شۇ تەر- تىپ ئاساسىدا ۋاقىت بەلگىلەنسۇن؛

6. ئەۋەتىلگەن كارۋانلار خىتاي زېمىنىدا 80 كۈن تۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلسۇن؛

7. ھەر قېتىم خىتايغا كارۋان ئەۋەتىشتىن ئالدى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئۆز سودىگەرلىرىنىڭ چېگرادىن ئۆتىدىغان ۋاقتىنى خەۋەر قىلىشى لازىم؛

8. خىتايغا ئېلىپ كېلىش مۇمكىن بولمىغان ماللارنى ئەۋەتىش مەنئى قىلىنسۇن؛

9. يول راسخوتلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى سەپەر داۋامىدا خىتاي زېمىنىدا سېتىشقا رۇخسەت بېرىلسۇن؛

10. جوڭغار سودىگەرلىرى زىممىسىغا خىتاي زېمىنىدا مەھەللى قانۇن- قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش، خاقاننىڭ ئەمرى بويىچە ئىش تۇتۇش ۋە ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ئىنساپ بىلەن سېتىش يۈكلەنسۇن دەپ يېزىلغان [63. 45-بەت، 1-، 10-جەدۋەل].

ئۇشبۇ ھۆججەتتە تىبەتكە زىيارەتچىلەر ئەۋەتىش مەسىلىسىدە ھەم چوڭ ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، جوڭغار خانىغا تىبەتكە كۆككۆل (چىڭخەي) ئۆلكىسىنىڭ شەرقى خودۇدىنى ئايلىنىپ، دۇنخۇڭ شەھرى ئارقىلىق ئۆتىدىغان

-280-

يول بىلەن 300 كىشى ئۆزە تەشكە رۇخسەت قىلىنغا خەلقى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سەپەردا ۋاقىتتا زەرۇر بولغان
داسغۇتلار زىيادە تېپىلەر زەمىسگە ۋە غۇلارنىڭ خەزىپ-
سىزلىكىنى ساقلاش مەھەللى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش زىكىر
قىلىنغان.

شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئۇلشۇ كىلشەنىڭ مەتنى
چەخلوك خاقانغا كۆرسىتىلگەن. كىلشىم مەتنى خاقان
تەرىپىدىن تولۇق تەستىقلانغان. ئەمما، ئۇ دەرھال ھەربى
كەڭەشنى ئەزالىرىنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ، جوڭغارلار توغرۇن
مەخپىيە ئارقىلىق بىجىنگە بىرىشقا ۋە مەخپىي خەلقى بىلەن
ئالاقىدا بولۇشقا ھەتتى رۇخسەت بەرمەسلىكىنى ئايىلغان.
شۇ بىلەن بىرگە كىلەچەكتە جوڭغار خانى رەسمىي مۇراجەت
قىلىپ، بىجىنگە خانغا ئارقىلىق كارۋان ئەۋەتىشكە ئىجازەت
بېرىشنى سورىسا ھەم، ئۇنىڭغا ھەر خىل باھانە كۆرسىتىپ
رەت جاۋاپ بېرىشنى بۇيرۇغان. بۇنىڭدىن ئاشقىرى چەخلوك
ھەربى كەڭەشنى باشلىقىغا، ئەگەر زەرۇر بولسا، جوڭغار
زىيادە تېپىلىرى تىبەتكە بىرۋاتقاندا ۋە قايتىۋاتقاندا بىرەر
بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كىلىپ قالسا، خاقان مەھەللى ھۆكۈ-
مەتكە ياردەم بېرىش ھەققىدە مەنسۇس فەرمان بېرىشكە
تەييارلىقى خىلىكى بىلدۈرۈشنى بۇيرۇغان [63. 45-
دەپتەر، 3- ۋاراق].

1740-يىلى 1-مارت كۆك چىن شەمبىرىيەلى بىلەن
جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرسىدا چېگرا ۋە سودا مەسىلىلىرى بويىچە

كېلىشىم تۈزۈلۈشكە بېغىشلانغان چوڭ زىياپەت بېرىلدى.
چىڭ سۇلالىسى تارىخىدا بۇ كۈن چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن
جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تارىخچىلارغا چوڭ
قويۇشقا ۋە بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ
قالغان سودا ئالاقىلىرى تىكلەشكە ئاساس بولغان
كېلىشىم تۈزۈلگەن كۈن دەپ يېزىلغان [57. 1-توم،
3585-بەت]. شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئۈشبۇ كېلىشىم مەز-
مۇنى ماڭغۇلىيە ۋە تىبەت خەلقىگە، چەكلىمىگە ۋە
شەرقىي تۈركىستان چېگراسى بويلاپ جايلاشتۇرۇلغان
چىڭ ئەرمىيەسى قوشۇنلىرىغا تېزچە تەكۈزۈش ھەققىدە
مەخسۇس پەرمان ھەم ئېلان قىلىنغان.
سىرتتىن قارىغاندا 1740-يىلى چىڭ ئىمپېر-
يەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن
كېلىشىم ئاساسىدا چىڭ ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستان
خەلقىگە سودا مەسىلىسىدە چوڭ ئىمتىياز بەرگەنگە
ئوخشايدۇ، چۈنكى بۇ كېلىشىم بويىچە چىڭ ئىمپېرىيەسى
جوڭغار خانلىقىغا، شەرقىي تۈركىستاندىن قومۇل
ئارقىلىق، خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭگە، غەربىي ئۆلكىسىنىڭ
مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان سۇجۇغا سو-
دىگەرلەر ئەۋەتىش ھەمدە تىجارەتكە زىيارەت ئۈچۈن
ئادەم ئەۋەتىشكە رۇخسەت بېرىش كۆرسىتىلگەن. خىتا-
يدىن بۇ جەھەتتىكى كارۋان ئەۋەتىش مەسىلىسى كېلىشىمدە
ئېيتىلمىغان. ئەگەر مەسىلىگە چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلىپ

-282-

كۈرسەك، بۇ ئەھتىياز ئەمەس بەلكى، جوڭغار خانلىقى
قومۇل ۋە جاركول قاتارلىق جايلارنى ۋە XVII ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، چىڭلار تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان
جوڭغار خانلىقى تەۋەسى، چىن سۇلالىسى قولىدا سا-
قلاپ قېلىشقا دائىرلىق جەڭگەدىكى ئۈچۈن بېرىلگەن
ئەھتىياز ئىدى. كېلىشىم بويىچە جوڭغار خانلىقىغا بېقىنگە
ۋە تىبەتنىڭ مەركىزى لاسغا سقا كارۋانلار ئەۋەتىش
ئۈچۈن بېرىلگەن شەرت ـ شارائىتلار ۋە بەلگىلەپ
بېرىلگەن يوللار بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

كېلىشىمدە شەرقىي تۈركىستاندىن، بېقىنگە ئېلىپ
بېرىپ سېتىلىدىغان ماللارنىڭ كۆپ قىسمى ئات، كالا،
قوي قاتارلىق چارۋا ماللىرىدىن ئىبارەت بولۇشى ۋە بۇ
ماللارنى خىتاي چېگرىسىغىچە ھەيدەپ بېرىش ئۈچۈن سۇ
ۋە ئوتلار بىلەن تەمىنلەنگەن يوللار بولۇشى لازىملىقى
ھېسابقا ئېلىنمىغان. بۇنىڭدىن باشقىرى، شەرقىي تۈركىستان
بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن تىكلەنگەن تىنچلىق
سودا سېتىقنى مۇنتەزىملەشتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان
شەرت ـ شارائىتلارنى ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن. چۈنكى بۇ كېلىشىم چېگرا بويىغۇ-
چىلارنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۆز تەۋەسىگە قايتۇرۇش، ئۆزگى
دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، بىر تەرەپ
ئىككىنچى تەرەپكە قارشى ھۇجۇم قىلماسلىق قاتارلىق مە-
سىلىلەرنىلا شۇلار جۈملىسىدىن.

مەلۇمكى شەرقىي تۈركىستاندىن بېجىڭگە كۆپ
مىقداردا مال ھەيدەپ بېرىش ئۈچۈن ئالتاي ۋە ماڭغۇ-
لىيە ياپلاقلىرىدىن ئۆتىدىغان يولدىن يۈرۈش لازىم
ئىدى. ئەسىرلەر داۋامىدا چارۋىچىلار خىتايغا مال ئېلىپ
بارغاندا، ئەينەن شۇ يوللار ئارقىلىق يۈرگەن. چىن
ھۆكۈمىتى، جوڭغار خانلىقىغا جەڭگولەپ بەرگەن قۇمۇل،
سۇجۇ، لەنجۇ ۋە نىڭشيەن ئارقىلىق بېجىڭگە بارىدىغان
يول كۆپ مىقداردىكى ئات، كالا، قوي ۋە باشقا ھايۋان-
لارنى ھەيدەپ يۈرۈش ئۈچۈن ماسلاشمىغان. بولۇپمۇ
لەنجۇ بىلەن قۇمۇل ئارىسىدىكى يول چۆللەردىن ئۆتىدى-
غانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ يوللار ئۈستىدىكى قۇدۇق سۇ-
لىرى ناھايىتى كەم بولغان. ماڭغۇلىيە ئارقىلىق ئۆتىدى-
غان يوللاردىن پايدىلىنىش شەرقىي تۈركىستانلىقلار
ئۈچۈن ئەتتىكى ئەمەن قىلمىغان.
جوڭغار خانلىقى بىلەن چىن ئىمپىرىيەسى ئوتتۇ-
رىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمدە چېگرا بىر مۇھىم مەسىلە
ھېساپلانمىغان. كېلىشىم بويىچە شەرقىي تۈركىستا-
ندىن سۇجۇغا بارىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى
بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ يەرگە بېرىپ ئۆز
ماللىرىنى سېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىغا خىتاي ماللىرىنى
ئېلىپ قايتىشى لازىم ئىدى. بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سۇجۇدا ساتىلىدىغان مالنىڭ
كۆپىنچىسى ھېساپتا، ماللارنىڭ باھاسى چۈشۈپ، خىتاي

ماللىرىنى ئالدىغانلار كۆپىنچە ھېسابقا بولسا، خىتاي
ماللىرىنىڭ باھاسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەرقىي
تۈركىستاندىن بارغان سودىگەرلەر زەرەر كۆرۈشى
مۇقەررەر ئىدى. بۇ ئەھۋال ئىككى دۆلەت ئوتتۇر-
سىدىكى سودا ئالاقىلىرىنى زىيانلارغا ئۇچرىتىشتا سەلبىي
تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى. مانا شۇ كەمچىلىكلەر
كېيىنكى يىللار داۋامىدا، جوڭغار خانى غالدان نىسپىي
چىن ھۆكۈمىتىگە، ئۇلارنى تۈزىتىش ھەققىدە بىر نەچچە
قېتىم مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ھەقتە
تۆۋەندە تولۇقراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن
تۈزۈلگەن كېلىشىم كۆپ كەمچىلىكلەردىن خالى بولمىغان
بولسىمۇ مۇھىم بىر ۋەقە بولغان ئىدى. چۈنكى جوڭغار
خانلىقى ئەينى دەۋردە، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئىنتايىن
خەتەرلىك بولغان. چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن تىنچلىق
تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى
تەن ئالدۇردى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەرنى
ئىنقىلاپ، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن خىتاي جازالىرىغا
يول ئاچتى. ئۇشبۇ كېلىشىم نەتىجىسىدە، چىن سۇلالىسى
ھەم جوڭغار مۇقاۋىمەتلىرىنى قولغا كىرگۈزدى. ئۇ
قومۇللۇقلار ۋە جاڭشىقا XVII - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارەكلىرى ۋە
XVIII - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكى داۋامىدا بېسىۋالغان
جوڭغار خانلىقىغا تەۋەلىك زېمىنلارنىڭ ئۆز ئەسىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكەللىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈۋالدى، جوڭغارلار بىلەن ماڭغۇللارنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىپ تاشلاش ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئالتاي تاغلىرىنى تەبىئىي توسالغۇغا ئايلاندۇرۇشقا مۇۋاپىق بولدى. ماڭغۇلىيەگە شەرقىي تۈركىستاندىن سودا كارۋانلىرىنى ئۆتۈشنى مەنئى قىلىپ، بۇرۇندىن بېرى بىر-بىرىگە ھەر تەرەپچىلىمە يېقىن بولغان، ماڭغۇل خەلقى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، جۈملىدىن جوڭغار خەلقىنى ئۆزئارا ئالاقىلاشتۇرۇشقا ۋە بۇ بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىكى چېگرالارغا قارىتىپ كۆچۈپ ئاجىزلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئالتايدا بەلگۈلەنگەن بوغۇز زونىسىدا بىر قانچە قاراۋۇل بېكەتلىرىنى ئۆز ئىختىيارىدا ساقلاپ قېلىش بىلەن ئالتاينى خاراپ قىلىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

دۆلەت تەۋەسى مەسىلىسى نۇقتىسى نەزەرىدىن قارىغاندا، جوڭغار خانلىقى چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش نەتىجىسىدە چوڭ زىيانغا ئۇچرىدى. مەسىلەن: روس ئالىمى د. فېدوروۋ «غالدان سېرەن (1727-1747) سىۋان رابدانىدىن كېيىن تەختكە ئولتاردى. 1739-يىلى خىتاي بىلەن بولغان مۇۋاپىقىيەتسىز ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، ئۇ ئۆز زېمىنىنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىدىن مەھرۇم بولدى. لېكىن ئۇ غەربتە قازاقلارنى بويسۇندۇردى» دەپ كۆرسەتكەن [36. 22-بەت]. ئەمما غالدان سېرەن XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ چېگرالار تەرىپىگە

بېسىۋېلىنغان يەرلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىش بىلەن، پەقەت قىلا خىتايغا سودا كارۋانلىرىنى ئەۋەتىشكە مۇيەسسەر بولۇپلا قالماستىن بەلكى چىنلار تەرىپىدىن قوزغىتىلغان تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ۋاقىتىنچە بولساھەم توختىتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىھتىبارىنى ۋە قۇدرىتىنى غەربىي خوتىننا خانلىقلارنى ئۆز تەسىرىگە ئۆتكۈزۈشكە قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى [٩٥. ٩٨-بەت، ١٥٦. ٩-بەت ۋە باشقىلار].

چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىم ھەققىدە ياپون ئالىملىرىدىن ئاناباكو كىزازى دە چىيەنلۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن باشلاپ ئىككى يىلى (١٧٤٠) جوڭغارلارغا خىتايغا بېرىپ سودا قىلىشقا، تىبەتكە بېرىپ دىنىي ئىبادەت قىلىپ كېلىشكە، دالاي لامانى يوقلاشقا، چەكلەنگەن مىقداردا ئادەم ئەۋەتىشكە ۋە ئات-ئۇلاغ ئېلىپ يولغا چىقىشقا رۇخسەت بەرگەندى. نەتىجىدە يوڭجىڭ تەختتە ئولتۇرۇش دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ۋە چىيەنلۇڭ دەۋرىدە باشلانغان ئۇرۇش توختىتىلدى. چىن تارىخچىلىرىنىڭ ھېسابلاپ چىقىشقا قارىغاندا، چىن ھۆكۈمىتى بۇ ئۇرۇشقا ٧٠ مىڭ سەر كۈمۈش پۇل سەرپ قىلغان. بۇ پۇل يوڭجىڭ خەزىنىسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى» دەپ يازغان [٢٠٧. ٧٧-بەت]. ياپون

تارىخىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا قارشى قىلغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن قىممەتكە چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇرۇشنى توختۇتۇش ۋە مەزكۇر خانلىق بىلەن كېلىشىم تۈزۈش نەتىجىسىدە، چىڭلار بۇرۇن بېسىۋالغان يەرلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئىنتايىن چوڭ خىراجەتنى تېجەپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەنبەلەردە كەلتۈرۈلۈدىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن چەكلىك خاقانلىق، جۇڭغار خانىغا يوللىماقچى بولغان مەكتۇپى خان ئەلچىسى خالىيوغا 1740-يىلى 5-مارت كۈنى تاپشۇرۇلغان. شۇ كۈنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا، خانىغا سوۋغا قىلىپ، 16 پارچە خالى، ئەربىلىك ئىپەك رەخت ھەم بېرىلگەن [63. 45-بەت، 7-10-ۋاراقلار].

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا خۇلاسە قىلىپ ئېنىق ئېيتىش مۇمكىنكى، چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا 1740-يىلى باھاردا كېلىشىم تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچكە كىرىشى بىر-ئاز قىيىن بولغان. بۇ ھەققىتىكى باشقا پىكىرلەر توغرا ئەمەس. ئۇشبۇ تارىخىي ۋەسىقىنىڭ ھۆججەتلىرى قاچان تەستىقلانغانلىق مەسىلىسىنى يېشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

-288-

مەسىلەن: خالىۋ بېجىندىن ئېلىنغا قايتىپ كە-
لگەندىن كېيىن غالدان سېرىن چەملۈكنى ھوزۇرىغا چەدە
ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ قېتىم خان ئەلچىلىك ۋەزىپىسى
يېرىمنى جەڭگەلدىن بىرى بولغان ماخمەدچىگە تاپشۇرۇ-
دۇ. مەزكۇر ئەلچى بېجىنگە 1740-يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا يېتىپ باردى. ماخمەدي چىڭلار پايتەختىگە
يېتىپ كەلگەندە، خاننىڭ مەكتۇبىنى تېگىشلىك ئەمەلدارلارغا
تاپشۇرۇپ. مەكتۇبتە «ئالىي ھەزرەتلىرى ئەۋەتكەن
پەرمان كۈنا ماخقول تىلىدا يېزىلغانلىقى توپەيلى بەزى
جايلىرى بىز ئۈچۈن ئۇقۇملۇق بولماي قالدى...
مەن ئالىي ھەزرەتلىرىنىڭ پەرمانىنى ئېلىشقا مۇيەسسە-
سسەر بولدۇم. بۇندىن غايەت خۇرسەنمەن. لېكىن
مەن سۆز شۇبھىلىرىنى ئېنىقلاپ ئېلىش نىيىتىدە ئالىي-
نىڭ پەرمانىدا ئېنىق بولماي قالغان مەسىلىنى ئېنىقلا-
پ خۇشۇمچە چۈشەنچە بېرىپ، يەنە بىر پەرمان
يوللىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن» دەپ يېزىلغان
[63.45-دەپتەر، 17-ۋاراق 2-بەت، 18-ۋاراق 2-بەت].
شۇ يىلى 8-ئاۋغۇست كۈنى غالدان لىيېرىن
ئىلتىماسىغا كۆرە چەملۈك، ئۇنىڭ ئەلچىسى ماخمەدي
ئارقىلىق ئېلىنغا يەنە بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەزكۇر
مەكتۇپتە «سەن خۇن تەيجى ھالى ھەم گۇمانىڭدىن
خالى بولماسمەن. مەلۇم ھەممە مەسىلىلەرنى تولۇ-
قوراق يېزىپ ئەۋەتىشنى سورايمەن. مەن ئاسمان

-289-

ئاستىدىكى، جەريانىدا ئۇلۇق خاقان بولۇپ تۇرۇپ،
ئۆز ۋەدىلىرىدىن قايتىشىم ھېچ مۇمكىن ئەمەس. سەن
تېخىچە خاتىرجەم بولۇشىڭ مۇمكىن» دەپ تەكىتلىگەن
[63. 45-دەپتەر، 14-ۋاراق 2-بەت، 22-ۋاراق
1-بەت].

مانا بۇ كەلتۈرۈلگەن ئىككى مەكتۇپ، چىن
خانىدانلىقى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇزا-
قتىن بېرى چىگرا ۋە چەرە مەسىلىلىرى ھەققىدە
ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرە ۋە تالاش-تارتىشلارغا
تېگىشلىك ئاخىرقى ھۆججەت ھېساپلىنىدۇ. ئەمما غالدان
سېرىننىڭ 1742-يىلى باھاردا چىچەنگە ئەۋەتكەن مە-
كتۇبىدا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى سۆزلەر ئۇچرايدۇ.
«بولمىسا كۆزدە ئالى جاناپلىرى پەرمانىغا ئاساسەن،
چىگرا بويلاپ تەكشۈرۈش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن،
قوبدوغا ئادەم ئەۋەتكەن ئىدۇق» دەپ ئېيتىلغان
[63. 46-دەپتەر، 22-ۋاراق 1-بەت]. مانا شۇ
ئۈچ ھۆججەتتە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا ئا-
ساسەن ئېيتىش مۇمكىنكى، جۇڭغار خانلىقى بىلەن
چىن ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا چىگرا مەسىلىسى
بويىچە تۈزۈلگەن كېلىشىم 1740-يىلىنىڭ ئاخىرىدا
ھەر ئىككى تەرەپتىن تەستىقلانغان. 1741-يىلىدىن
باشلاپ كۈچكە كىرگەن. كېلىشىمنىڭ 1741-يىلىدىكى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى باشقا ھۆججەتلەردە ھەم

ئۇچرايدۇ [63. 46-بەت، 19- 41-ۋاراقلار].

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ھوجۇتقا كەلگەن كېلىشىم تۈزۈلگەن ۋاقىتتىن، ئەستىقلالنىغان ۋاقىتقىچە دىيەرلىك ئۆزگەرمىگەن. چەكتىلا بەزىبىر مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا ئىنچىكىلىك كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھەقتە بىر چەخلوق خاقانىنىڭ غالدان سېرىنغا 1760-يىلى 28-ئاۋغۇست كۈنى يوللىغان مەكتۇبىدىن بىر پارچە كەلتۈرۈشنى ماقۇل تاپتۇق. «... ساڭا ئۆتكەن پەرمانى ئالىدا، ئالتاينىڭ جەنۇبى قىسمىدا ياشاۋاتقانلارنى ئۆز جايىدا قالدۇرۇشنى ۋە بۇ ھەقتە سەن ئۆز مەكتۇبىڭدە ھېچ نەرسە ئېيتمىغانلىقىڭنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدىم. ئەلبەتتە بۇنىڭ ئۈنچە چوڭ ئەھمىيىتى يوق. لېكىن بىز بۇ ھەقتە بۇرۇن كېلىشىپ ئالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ھەقتە يەنە بىر ئەسلەپ ئۆتۈشنىڭ لازىم ئىدى. ئەكسى ھالدا بۇ يەردە ياشىغۇچىلار، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋەت كامال تاپقاندىن پايدىلىنىپ، ئالتاينىڭ ئىچكى تەرىپىگە ئۆتۈشنى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئەگەر بۇلار بۇ ھەقتە خەۋەرسىز قالسا، جاڭجال چىقىشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇچرىشىش ۋاقتىدا مېنىڭ ئەمەلدارلىرىم سەن ئۆتكەن قالىۋىدى بۇ ھەقتە چەك تەپسىل سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ جاۋاب بەرگەچ، بىز بۇرۇن كېلىشكەنلىك بولدىكى ئالتاي

تاغلىرى چېگرا بولۇپ قالدى دەپ ئېيتقان. خە-
لىپەتتە تاغلىنىڭ جەنۇبىدىكىلەر ئۆز جايلىرىدا
قالدى، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى
يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقى مەكتۇبىمدە مەن
بۇ ھەقتە گەپ ئاچمىغانىمەن. لېكىن مەن مەكتۇ-
بىمدە خالغالىقلار جابغان، چىقچى، قازاق تاغ،
كۆك قايا ۋە باشقا جايلاردىن ئۆتمەيدۇ دەپ
كۆرسەتكەنىمەن» [63. 45-دەپتەر، 21-ۋاراق،
2-بەت، 22-ۋاراق 1-بەت].

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي ۋاقىئەلەرگە
خۇلاسە قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، XVIII-ئە-
سىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدە جۇڭغار خانلىقى چىن
ئىمپېرىيەسىگە تىنچلىق، مۇناسىۋەت ئورنىتىش
سىياسىتىنى ئېلىپ باردى، جۇڭغار خانى ھەربىي
بېجىنگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئوتتۇرىدا ھوجۇتقا
كەلگەن تالاش-تارتىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا،
ئىككى دۆلەت ئەسىرى ئالىشتىكى چېرىلەرنىڭ چېگرا-
لىرىنى ئېنىقلاشقا، كۆپ يىللاردىن بېرى ئۈزۈلۈپ
قالغان خىتاي بىلەن بولغان سودا ئالاقىلىرىنى
تىكلەشكە ھەرىكەت قىلدى ۋە شۇ يول بىلەن
چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇغدۇ-
رۇپ تۇرغان خەۋپ يوق قىلىپ، ئۇنىڭ تاجاۋۇ-
زچىلىق ھەرىكىتىنى توختۇتۇشقا ئىنتىلدى. ئۇشبۇ

-292-

سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا خان بىر نەچچە قېتىم چىن ئەرمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا ۋە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلىشقا، ھەمدە ئۆز زېمىنىنى قوغداشقا مەجبۇر بولدى. خاننىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجە بەردى. چىن ئىمپېرىيە-سىنى ئۆز ئىچىدىكى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئۆز ئەرمىيەسىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشقا قارىتىلغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا، چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئازلىق بېرىشكە، جوڭغار خانلىقىغا، خىتايغا كارۋان ئەۋە-تىش، ئاتار خىتاي شەھەرلىرىدە سودا قىلىشقا ۋە تېبەتكە ئادەم ئەۋەتىش، ئۇ يەردە ئۆتكەن ئەۋلىيالار قەبرىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. چىن ئىمپېرىيەسى بو-لسا، پىلانلاپ قويغان ئاچكۆزلۈك مە-خسەتلىرىدىن ۋاقىتىنچە ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ ئا-ساسى كۈچىنى ۋە ئەتىبارىنى ئۆتكەن دەۋرى ئىچىدە ئىگەللەپ ئالغان، جوڭغار خانلىقىغا تېگىشلىك جايلارنى ۋە يەركەنت خانلىقىنىڭ نەۋسى ھېسا-بلانغان قومۇل ۋىلايىتىنى ئۆز قولىدا ساقلاپ قېلىشقا، كېلەچەكتە ئۆز نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زېمىن يارىتىشقا قاراتتى.

چىن ھۆكۈمىتى گەرچە، چىن خاقانى يەر يۈ-
زىدىكى جارلىق زېمىنلەرنىڭ ئىگىدارى ھېسا-
پلىنىدۇ دېگەن زوراۋانلىق نەزەرىيەسى ئاساسىدا،
جوڭغار خانلىقىنى ئۆزىنىڭ بىر بېقىندى مەملىكىتى
دەپ ھېساپلاپ، خانلىقنىڭ چىن ئىمپېرىيەسىگە
نىسبەتەن مۇستەقىل ئىش تۇتۇشىنى قارىلاپ،
مەزكۇر خانلىقنىڭ بۇ جەرياندا قىلغان ھەرىكەت-
لىرىنى توپىلاڭ دەپ جاكالاپ كەلگەن بولسىمۇ،
ئۇنىڭ بۇ خانلىق بىلەن كۈرەشتە تۇرۇپ، ئوتتۇ-
رىدىكى چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا دائىرلىق جەر-
ياندىكى ئەمەلىيەتتە چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ جوڭغار
خانلىقىنى مۇستەقىل دۆلەت تەرىقىسىدە تەن
ئېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

-294-

# 2.4. 1741-1754-يىللىردىكى چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرسىدىكى دىپلوماتىك ئالاقىلار.

1741-يىلدىن 1755-يىلغىچە بولغان 14 يىل چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تارىخىدا خەلپلىك ئۆز دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر نىسبەتەن تىنچ ئامانلىق بىلەن راۋاجلانغان بىر دەۋر بولدى. بۇ ۋاقىت داۋامىدا جوڭغار خانلىقى، ھەر يىلى بېيجىڭغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئۇلار ئارقىلىق چىن خاقانىغا سوۋغا-سالام يوللاپ، بەزىدە ھەم جاۋابەن بېرىلگەن سوۋغىلارنى ئېلىپ تۇردى. بۇ ھەقتە مەنبەلەردە كۆپ مەلۇماتلار مەۋجۇت. ئامما چىن ھۆكۈمىتىنىڭ جوڭغار خانى ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىكى توغرۇلۇق خەۋەر ئۇچرىمايدۇ. ۋاھالەنكى بىز بۇ خۇسۇستا ئەيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك 30-40-يىللاردا بەزىدە ئىلىغا بىر نەچچە قېتىم ئەلچىلەر بارغان.

جوڭغار خانلىقى بىلەن چىن ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرسىدا كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىنكى دەۋر ھەققىدە سۆز يۈرگۈزىمىز، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا بىر نەزەر تاشلاش ماقۇل بولىدۇ.

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە يېزىلىشىغا قارىغاندا ئىلىدىن بېيجىڭگە ماڭنەي باشچىلىقىدىكى بىرىنچى ئەلچىلەر گۇرۇھى 1740-يىلى 17-ئاۋغۇستتا يېتىپ كەلگەن. جوڭغار خانى غالدان سېرىن ئەلچىلەر ئارقىلىق، چىڭ خاقانىغا مەكتۇپ ۋە بىر دانە نەفرىت تېشىدىن ياسالغان كوزا ئىدىشى، 30 دانە قۇندۇز تېرىسى ئەۋەتكەن. جوڭغار ئەلچىلىرى چەنلوڭنىڭ قوبۇلىدا بولۇپ، مەكتۇپتا يېزىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇنىڭغا مەلۇمات بەرگەن.

ماڭنەي ئۆز نۆۋىتىدە، تېبەتكە بارغۇچى جوڭغار زىيارەتچىلىرى ئۈچۈن يېقىنراق ۋە قولايراق يول بىلەن بېرىشنى، يەنى غەربىي كۆكنۇر ئۆلكىسىنىڭ كۆكشاتۇ ۋىلايىتىدىن ئۆتۈدىغان يولدىن يۈرۈشكە رۇخسەت بېرىشنى سورىدى. چۈنكى كېلىشىمدە كۆرسىتىلگەن تېبەتكە سوچۇ ۋە دۇڭگۇر، يەنى كۆكنۇرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ۋىلايەتلىرى ئارقىلىق يۈرۈدىغان يول خېلىلا ئۇزاق ۋە ئايلانما يول ئىدى. ماڭنەينىڭ سۆزىگە قارىغاندا كۆكشاتۇ ئارقىلىق يۈرۈدىغان يول ئۈستىدە ئوت ۋە سۇ يايلاقلار كۆپ بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلاق بىلەن يۈرۈش ۋە مال ھەيدەپ مېڭىش قولاي بولغان. خاننىڭ بۇ تەلەپىنى قوبۇل قىلىش، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىمزالانغان كېلىشىمگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئىدى. لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتى خان تەلىپىگە رەت جاۋاب بەردى. چۈنكى

مەنپى ھوججەتلەرنى كەلتۈرۈلىدىغان مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، غالدان سېرىن ئېچىپ بېرىشنى سورىغان يول
ئەتراپىدا ئويراتلارنىڭ قېرىنداش ـ ئۇرۇقلىرى كۆپ
ياشايتتى. مەزكۇر يولنىڭ جۇڭغارلار ئۈچۈن ئوچۇق
بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇرۇقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە
بولۇشى ۋە ئۇلار ئارقىلىق كوكنورلۇقلار بىلەن يېقىنلىشىپ
قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئەھۋال چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ
جۇڭغارلارنى قېرىنداش خەلقلەردىن ئايرىپ تاشلاش
ۋە ئۇلارنى يەككىلەپ قويۇش سىياسىتىگە زىت كېلەتتى.
چەنلۇڭ ئۆز جاۋابىدا ئەسلى سەۋەبنى مۇنداق
ئىزاھلىغان. جۇڭغارلارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن،
مانجۇ، ئىمزالانغان بىتىمنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى
يوق، ئەگەر كۆرسىتىلگەن يول قىيىنلىق قىلسا، تىبەتكە
بارىدىغان ئادەملەرگە كېرەكلىك چارە بېرىشنى ۋە
ئۇلارنى سەپەر داۋامىدا مۇھاپىزەت قىلىشنى ۋە تىبەتتە
ئۇلارنى چاقىش كوتۇقلىشى، مەھەللى ئەمەلدارلارغا
يۈكلىنىشى ۋەدە قىلدى [63. 45-دەپتەر، 20-
22-ۋاراقلار].
1742-يىلى قۇزال ئېيىدا، جۇڭغار خانلىقى بېيجىڭگە
چويبام مۇقايى باشچىلىقىدا، ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلەر
گۇرۇھىنى ئەۋەتتى. جۇڭغار ئەلچىلىرى مەنزىلگە 26-
ئاپرېل كۈنى يېتىپ كېلىپ، خاننىڭ مەكتۇبىنى ۋە 30 دانە
قوندۇز تېرىسىنى ئىبارەت بولغان سوۋغىسىنى چەنلۇڭغا

خاقانغا تاپشۇرۇدۇ [63.46-دەپتەر، 20-، 21-ۋاراقلار؛
57.1-توم، 35857-بەت]. ئۆز مەكتۇبىدا غالدان سېرىن
«كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن، بىزنىڭ كۆپ قېتىم ئەلچىلەر
ئەۋەتكەن ئىدىم. ئاخىرى بۈيۈك خاقان ئالىيلىرىنىڭ
رازىلىقىغا مۇيەسسەر بولدۇم... گەرچە ئۈچ مەسىلە
بويىچە (چېگرا، سودا ۋە تىبەتكە زىيارەتچىلەر
ئەۋەتىش مەسىلىلىرى) كېلىشىپ ئالغان بولساقمۇ، بۇنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا بەزىبىر كەمچىلىكلەر
ۋە قولايسىزلىقلار كېلىپ چىقماقتا» دەپ يازغان
[63.46-دەپتەر، 12-ۋاراق، 2-بەت]. خان مەكتۇ-
بىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ سۆزلەر ئاساسىي
ئەينى مەملىكەتكە، چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار
خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم چوڭقۇر ۋە
ئەتراپلىق بولمىغان. شۇ سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئەمەلگە
ئاشۇرۇلۇشى مۇرەككەپلىشكەنلىكى تۈپەيلى، بۇندىن
جۇڭغارلار نارازى بولۇپ قالغان. ئەگەر بىز ئىزدى-
لىغان سودا ھەققىدىكى بۇ تۇم مەتىنگە مۇراجىئەت
قىلغىنىمىزدا، مەلۇم بولدىكى، ئىلىدىن-بېيجىڭگە سودا
كارۋانلىرىنى ئەۋەتىش ئۈچۈن، چىن ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارغا
ئەلگە ئۇلاق، قوي، ئات قاتارلىق ماللارنى كۆپ
مىقداردا ھەيدەپ، بېرىپ بولمايدىغان قومۇل بىلەن لەنجو
ئوتتۇرىسىدىكى چۆللەردىن ئۆتىدىغان كارۋان يولى بەلگىلەپ
بەرگەن ۋە باشقا يوللاردىن پايدىلىنىش مەن قىلىنغان.

-298-

لېكىن جوڭغارلارنىڭ بېيجىڭگە ئاپىرىپ ساتىدىغان
ماللىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى قوي، كالا ۋە ئات بولغىنى
ھېساپقا ئېلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن جوڭغار خانلىقى
ئۈچۈن گەرچە بېيجىڭگە كارۋان ئەۋەتىش ھوقۇقى بېرى-
لگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىش
مۇمكىن بولمىغان. كۆرسىتىلگەن يولدىن مال ئەۋەتىپ
يۈرگەندە ھەم، ئۇ ماللار يولدا ئورۇقلاپ، قىسمەن
ئۆلگەن، تىرىك قالغانلىرى ياخشى باھادا سېتىشنىڭ
ئىلاجى بولمىغان. شۇ سەۋەبلىك، سودا ھەققىدە
جوڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا تو-
زۇلگەن كېلىشىمنىڭ، ئېلىدىن بېيجىڭگە كارۋان ئەۋەتىش
ماددىسى ئەمەلدە قالغان. غالدان سېرىن مەكتۇبىدا
يېزىلغان تۆۋەندىكى سۆزلەر ئۇشبۇ خۇلاسىنىڭ ئىسپاتى
بولالايدۇ.

«پۇقرالىرىمىزنىڭ بېيجىڭگە بېرىپ، سودا قىلىشى مۇ-
مكىنلىكى ھەققىدە ئالىي پەرمان ئالدىم.» دەپ خان ئۆز
مەكتۇبىدا ئىزاھلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدا كارۋان ئەۋە-
تىدىغان يىل، كارۋان تەركىبىدە بارىدىغان ئادەملەر سانى
كۆرسىتىلگەن ۋە بېيجىڭگە بېرىش ئۈچۈن سۇجۇ ۋە لەنجۇ
(شەرقىي كوكنۇر بىلەن چېگرىدەش ئۆلكىسى) قاتارلىق جايلاردىن
ئۆتىدىغان يول چەكلەپ بېرىلگەن. مەزكۇر يول بىلەن
بېيجىڭگە بېرىش ئىنتايىن قىممەتكە چۈشىدىكەن، بۇ يول بىلەن
ئۇيەرگە ئېلىپ بارغان ماللار خاراجىتىنى ئاقلىيالمايدۇ.

-299-

شۇنىڭ ئۈچۈن كالىشمىنىڭ بۇ ھەقتىكى ماددىلىرى ئەمەلگە توغرا كەلمەيدۇ، سۇ ئىشلىرىغا قىسچىلىق توغرى دۇرۇس ئاتىمىدۇ» [63. 46-دەپتەر، 23-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].

ئۆز مەكتۇپىدە غالدان سېرىنى تىبەتكە بېرىش ئۈچۈن ھەم يېقىن ۋە سۇلۇق، ئوت-چۆپكە مول يول بار-لىقىغا قارىماي، ئايلانما، ئۇزاق ۋە قۇرغاق جايلاردىن ئۆتىدىغان يول بەلگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقى ھېسابقا ئېلىنغان ھالدا، جاڭغار ئېلىدىن بىزنىڭ تىبەتكە بارغۇچىلىرىمىزغا غازكۆل ئارقىلىق (غەربىي كۆكنۇردا) ئۆ-تىدىغان، سۇ ۋە ئوت-چۆپكە مول يولنى يورۇشقا، بىزنىڭ بارغۇچىلىرىمىزغا گۈيخۇاچىڭ (ئىچكى موڭغۇلىيە-نىڭ شەھىرى قىسمىدىكى شەھەر) شەھەرلىرىدىن ئۆتىدىغان يوللاردىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلىشلىرىنى سورايمەن» دەپ يازدى [63. 46-دەپتەر، 23-ۋاراق 1-2-بەتلەر].

غالدان سېرىنىڭ بۇ سۆزلىرى، بىرىنچىدىن تىبەتكە بېرىش ئۈچۈن يېقىن يول ماۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدا، چىن ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارغا ئۇزاق ئايلانما ۋە قۇرغاق يول بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچى تەرەپتىن خانلىقنىڭ بۇ ھالدىكى كەمچىلىكلىرىنى تۈزۈتۈشكە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارىغان-لىقىنى كۆرسىتىدۇ.

جوڭغار خانى چەخلۇقنىڭ بۇ ئىلتىماسى بىلەن
مۇراجىئەت قىلىشى بىلەن بىرگە تۈزۈلگەن كېلىشىمنى ئىز-
چىللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىككى دۆلەت
ئوتتۇرىسىدا ئېچىلغان مۇناسىۋەت ساقلاش تەرەپدارى
ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ۋە مەۋجۇت كەمچىل-
لىكلەرنى تۈزىتىشكە خاقان ھەم تەرەپدار دەپ
ئىشەنگەن [63. 46-دەپتەر، 23-ۋاراق، 1-بەت].
لېكىن چەخلۇقنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى، غالدان سېرىن
كۈتكەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى
جوڭغار سودىگەرلىرىنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ سودا قىلىشىغا
ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتكە بېرىپ، بۇ يەردە ئۆتكەن ئە-
ۋلىيالار مازارلىرىنى زىيارەت قىلىشىغا مەنپەئەتدار ئەمەس
ئىدى. ئەكسىچە، جوڭغارلارنىڭ موڭغۇلىيە ۋە تىبەت
خەلقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا قارشى ئىدى.
يول بەلگىلەش مەسىلىسى، چەخلۇق خاقان جوڭغارلارنى
ئىلاجى بارىچە ئەرزانراق خەلقلەر يۇرتىدىن ئۆتكۈز-
مەسلىكىنى ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ تو-
رۇشنى كۆزدە تۇتقانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ جوڭغار خانىنىڭ
ئىلتىماسىنى رەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇنى پادىشاھلىق
بىلەن ئاساسلىق ۋە خاقان ئەمرىگە بويسۇنماسلىقتا ھەمدە
ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى خالىماسلىقتا ئەيىپلىدى [63.
46-دەپتەر 38-، 41-ۋاراقلار].
غالدان سېرىننىڭ مەكتۇبىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇمات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لارغا قارىغاندا كېلىشىمگە بىنائەن ئۇ قوبدوغا چىن
ئەرمىيەسى. ئۇ چەرىنى قايتۇرۇپ كەتكەن ـ كەتمىگەن.
لېكىن تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ۋە چەكلەنگەن
ۋاقىتتا بېيجىڭگە كارۋان ھەمدە تىبەتكە روھانىلار
گۇرۇھىنى ئەۋەتكەن. لېكىن قوبدوغا ئەۋەتكەنلەر
چېگرادىن ئۆتكۈزۈلمىگەن. بېيجىڭ ۋە تىبەتكە بېرىش
ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغانلار يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىشكە
مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە غالدان سېرىن
تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بايان قىلغان.

« بولتۇر كۈزدە (1741-يىلى) ئالىي چەرىكلىرى خا-
ساسىدا قوبدوغا ئادەم ئەۋەتكەنىدىم، لېكىن سىزلەرنىڭ
چېگرا چارلىغۇچىلىرىڭىز بىزگە بۇنداق كۆرسەتمە كەلمىدى دەپ
ئۇلارنى چېگرادىن ئۆتكۈزمەپتۇ... بىزنىڭ ئادەملىرىمىز
قومۇلغا بارغانىدىن كېيىن، سىزلەر قەتئىي چەكلىگەن
يول كۆرسەتكۈچىلەر، ئۇلارنى سۈرۈپ، ئۆتكەن يول بىلەن
باشلاپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتلىرىمىز ئۆلۈپ، ئادەملىرى-
مىز پىيادە قالغان. سودا قىلىش جەريانىدا، مەھەللى
سودىگەرلەر، ئالىي چەرىكلىرىڭىزغا بويسۇنغاچ، ئادەملىرىمىزنى
شەھەرگە كىرگۈزمەپتۇ. ئادەملىرىمىز ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن
نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ، ئۇلارنى ھەممە ماللىرىنى
ئەرزان ساتقىلى دەپ مۇراجىئەت قىلىپتۇ. بىزنىڭ
ئادەملىرىمىز ماللىرىنى ساتماسلىقنى تىبەتكە ئېلىپ
بارماقچى ئىدى. لېكىن ئۇلارغا بۇنداق قىلىشقا يول قويماپتۇ.

نەتىجىدە، گەرچە ئىسيانچىلار يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، قايتىپ
كېلىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ» [63.46-ئەسەر، 22-ۋاراق
1-بەت، 23-ۋاراق 1-بەت].

چەنلۇڭ خاقان غالدان سېرىننىڭ قوبۇلغا
ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ چېگرادىن ئۆتكۈزۈلمىگەنلىكى
ھەققىدىكى خاتىرىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، چېگراچىلار
قايتىدىن بۇيرۇق بېرىشنى ۋە كېيىنكى قېتىم، بۇنداق
ۋەقە قايتىلانماسلىقىنى ۋەدە بەرگەن. ئەمما ئىسيان
چىلار ئارىدا قالغانلارنىڭ يېرىمى يولدىن قايتىپ كېلىشنى
توغرۇلۇق بىلدۈرگەن خاتىرىلىقنى قوبۇل قىلمىدى.
كېيىنچە خاقان بۇ مەسىلىدە ئۇيراتلارنىڭ ئۆز-
لىرى قانۇن بۇزارلىقتا ۋە سۆزگە قولاق سالما-
سلىقتا ئەيىپلىدى [63.46-ئەسەر، 23-، 25-، ۋە
38-، 41-بەتلەر].

1742-يىلى كۈزدە غالدان سېرىن ئەلچىنى قىسقا
چوبنام موقايىنى بېيجىڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق
چەنلۇڭ خاقانغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. شۇ بىلەن بىرگە
سوۋغا تەرىقىسىدە ئارغىماق ئات، بىر دانە نەفىرىت تاشتىن
قىلىنغان كوزا ۋە 30 دانە قۇندۇز تېرىسىنى ئەۋەتتى.
خان ئەلچىسى ئۆز ئادەملىرى بىلەن بېيجىڭگە شۇ يىلى
13-دېكابىر كۈنى يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى خاقانغا ئەۋە-
تىلگەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇش مۇراسىمى بولۇپتۇ.
غالدان سېرىننىڭ بۇ قېتىم چەنلۇڭغا ئەۋەتكەن

-303-

مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا خان كېلىشمەيدۇ.
كۆرسىتىلگەن يوللارنىڭ بېيجىڭگە ۋە تىبەتكە بىر-
يىشى ئۈچۈن قولاي ئەمەسلىكىنى ۋە باشقا يېقىن
ۋە ھەممىدىن ئەپچىلرەك ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدىغان
يوللارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ، ماڭا شۇ قولاي يوللا-
رنى پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىغان. بۇ-
نىڭدىن تاشقىرى غالدان سېرىن ئۆز مەكتۇبىدە تىبە-
تكە بارغۇچىلار ئۈچۈن چەكلەپ بېرىلگەن يول-
بىلەن، شەرتنامىغا بىنائەن بىر قېتىمدا 300 كىشىنىڭ
سەپەرگە ئاتلىنىشى، يولدا ئادەملەرنىڭ تاماقتىن
قىينىلىشى، ماللارنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇش مەسىلىسىدە
خوشومچە قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىشى ھەققىدە تو-
ختاپ، چەكلىمىنى خاقاندىن، تىبەتكە بارىدىغان ئا-
دەملەرنى 150 كىشىدىن قىلىپ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ
ئەۋەتىشكە رازىلىق بېرىشنى ھەم سورىغان [63. 46 —
دەپتەر، 38 — 41 — ۋاراقلار]. مەزمۇنىدىن ۋە مەنتىقىسىدىن
كېلىپ قارىغاندا، غالدان سېرىننىڭ بۇ ئىلتىماسلىرى
ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى ئۇلار بېيجىڭگە بېرىپ، سودا قىلغۇ-
چى ۋە تىبەتكە بېرىپ زىيارەت قىلغۇچى جوڭغار
خانلىقى پۇقرالىرى ئۈچۈن قولاي شارائىت تۇغدۇرۇشقا
قارىتىلغان.

مەنبەلەردە كەلتۈرۈلىدىغان مەلۇماتلارغا قا-
رىغاندا بۇ قېتىم چىن ھۆكۈمىتى جوڭغار خانلىقىنىڭ ئىمزالىمىغان

كېلىشىدۇ. يول قويۇلغان بەزىبىر كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش
ھەققىدىكى، يۇقۇرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۆلتەماسلار-
نىڭ بىر-ئاز يۇمشاقلىق بىلەن چاندا ئىشى. مەسىلەن:
غالدان سېرىن ئۆز مەكتۇبىدا بېجىڭگە مال ھەيدەپ
بارىدىغان ئەلگە قولاي يول، خالىغانچە رىقلىق ئۆتۈدىغان
يول ئېچىپ خەلقنى ۋە جوڭغارنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى
مەركىزىگە ئېلىپ بارىدىغان ماللىرى، ئاساسەن چار-
ۋا مەھسۇلاتلىرى ئىككى خەلقنى تەكشىلەپ، جوڭغار كارۋان-
لىرى ئۈچۈن شۇ يولنى ئېچىپ بېرىشنى ھەم سورىغان.
لېكىن خاننىڭ ئەلچىسىگە، چەخلوڭ خاقان قاتتىق
رەۋىشتە رەت جاۋاپ بەردى. ئەمما خاقان خانغا
بېجىڭگە كۆرسىتىپ بېرىلگەن يول ئارقىلىق كارۋان
ئەۋەتىش تېپى بولسا، بۇنىڭ ئورنىغا يىل داۋامىدا
خالىغان ۋاقىتتا گەنسۇنىڭ سوجو (لەنجو) شەھىرىگە
ۋە شىنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرىگە سودىگەر
ئەۋەتىشلارغا رۇخسەت بېرەلى دەپ تەكلىپ قىلدى
[63 .47-بەتلەر، 35-خاتاق]. نەتىجىدە ئادەم ئەۋە-
تىش مەسىلىسى، چەخلوڭ جوڭغارلارغا ھازىرقى
چېگرىدىكى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭغا بېرىپ، سودا ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت بەردى. ئەمما نەتىجىدە
ئەۋەتىلىدىغان 300 كىشىنى، ئىككى قېتىمغا بولۇپ، يولغا
سېلىشقا دائىرلىق بەرمىدى. لېكىن چەخلوڭ نەتىجىدە
بارغۇچىلار يولدا قىيىنلىپ قالغىدەك بولسا، ئۇلارغا ياردەم

كۆرسىتىشنى ۋەدە قىلدى. «مەن، – دەپ يازىدۇ چيەنلوڭ
ئۆزىنىڭ غالدان سېرىنغا قاراتقان يازغان مەكتۇبىدا –
چو يىنام موقايىغا قوشۇن يۆتكەپ كەلتۈردۈم، ئەگەر
سىزنى شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە ئالدى-
ساتتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت بېرىمىز، ئەمما
تىبەتكە بارىدىغان 300 كىشى بىر قېتىمدىلا سەپەرگە
ئاتلىنىشى كېرەك. ئۇلار بۇ يەردە سودا ئىشلىرىنى تو-
گىتكەندىن كېيىن تىبەتكە دولۇن ئالام ئارقىلىق بېرىشى
مۇمكىن. يولدا خىراجەت قىلىش، مەبلەغ ئىشلىتىش ئۈچۈن
زۆرۈر بولغان مال بېرىمەن، چېگرا ئىشلىرى بويىچە
باشقا ئەمەلدارلارغا تىبەتكە بارغۇچىلارنى كۆزىتىپ بېرىشنى
بۇيرۇيمەن» [63 .67 - ۋەسىقەلەر، 1 - ۋاراق، 1 - بەت].
سېرىڭنىڭ قارىشىغا چيەنلوڭ خاقانى جۇڭغار
خانلىقىغا بىر ئاز كەڭچىلىك قىلغاندەك كۆرۈندى. ئەمما
ئەمەلىيەتتە، ئۇ جۇڭغارلارنىڭ تىبەتكە بېرىپ، سودىگەر-
چىلىك قىلىشنى بۇتۇنلەي يوققا چىقاردى. ئۇنىڭغا بۇرۇنقى
پايدىلىنىپ كەلگەن خالقا ئارقىلىق تۇتۇلىدىغان شىمالىي
سودا يولى ۋە تىبەتكە غازگۇل ئارقىلىق بارىدىغان
يېقىن يولى ئېچىپ بېرىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭغار
خانلىقى كېلىشىمگە ئازغىنە بولسىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش
مۇمكىن بولغانلىقىنى خاتىرىلەشكە مەجبۇر بولدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن چيەنلوڭ خاقانى، ئۇلارغا قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن غالدان سېرىن بېيجىڭگە تۇردى (تۇئەردو) ئىسىملىق بىرىنى

ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خاقان تەكلىپىگە رازى
بولغانلىقىنى بىلدۈردى. نۇرىدى ئارقىلىق چەخلوگغا
مەكتۇپ، 2 ئارغىماق ئات، 30 دانە قۇندۇز تېرى-
سىنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. خان ئەلچىسى ئۇشبۇ سوۋ-
غىلارنى ۋە مەكتۇپنى 1744-يىلى 20-يانۋار كۈنى تا-
پشۇردى [63.47.3-دەپتەر، 36-ۋاراق].

چەخلوك خاقان غالدان سېرىنغا جاۋابەن
مەكتۇپ يوللاش بىلەن بىرگە 2 دانە بوددانىڭ ھەيكىلى،
10 پارچە ھەرخىل رەڭدىكى گۈللۈك شايى رەخت، 8
پارچە ئادەتتىكى شايى رەخت ۋە 8 پارچە شاللا يىپ
ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يالتىراق پارچە رەخت، 15
دانە چىنە كەدى ۋە 15 دانە چىنىدىن ياسالغان ئىدىش
تاۋاق سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. شۇ بىلەن خاننىڭ چىڭ
ھۆكۈمىتى تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن مەمنۇن
بولغانلىقىنى بىلدۈردى [63.47، 41-ۋاراق].

كەلتۈرۈلگەن بۇ پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدىكى
1744-يىلى چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى
ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا ئالاقىلار ھەققىدىكى
كېلىشىم ئەتراپىدا بولغان تالاش-تارتىشلار يەكۈنلەندى.
گەرچە جوڭغار خانلىقىنىڭ قاتار تەكلىپلىرى چىڭ ھۆكۈمىتى
تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ
بەزىبىر ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن كېلىشىمگە ساداقەتلىك
بولۇپ تۇرۇشنى ۋە ئۇنى ئىزچىللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى

ۋە قىلىشقان. لېكىن بۇ كېلىشىمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇلۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز
ۋەسىقىسى تۈرىمغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى
سۈپىتىدە تۆۋەندىكى تارىخىي ۋاقىئەلەرگە مۇراجىئەت
قىلىش مۇمكىن.

شەنشى ۋە سىچۇەن ئۆلكىلىرىنىڭ ھاكىمى (ز-
ۋىڭدو) چىن خونىڭ 1766-يىلى ئاپرېلدا بېيجىڭگە يوللىغان
يازما جاپاسىدا (ئۇنىڭ جاپاسى 1764-يىلى 8-ماي كۈنى
خاقان سارايىدا تەرجىمە قىلىنغان) كۆرسىتىلىشىچە، جوڭغار
سودىگەرلىرى شۇ يىلى قىشىۋال ئايدا سۇجۇغا كۆپ مىقدا-
ردا ئات، قوي ۋە تۆگە ھەيدەپ كەلگەن. ئاممىۋى بۇ
ماللارنى بەلگىلەنگەن قورغاق يول بىلەن ھەيدەپ
كېلىش جەريانىدا، ئۇلار ئورۇقلاپ كەتكەن. بولۇپمۇ
دېمەلىك دانە قوينىڭ ئەھۋالى ناچارلىشىپ قالغانلىقى
تۈپەيلى، جوڭغارلار ئۆز ماللىرىنى سۇجۇدىكى نەرخىغا
ھەيدەپ بېرىشنىڭ ئىلاجى قالمىغان. بۇ ۋەزىيەتتىن
پايدىلانغان مەھەللىلىك ئەمەلدارلار شەرقىي تۈركىستانلىق
سودىگەرلەرگە چارە كۆرسىتىش ئورنىغا، ئۇلارنىڭ
ئۆز ماللىرىنى ئورۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرزان باھادا
سېتىشنى تەلەپ قىلغان. جوڭغارلارنىڭ ۋەكىللىرى نا-
ئىلاج بولۇپ، ئۆز ماللىرىنى ئەرزان سېتىشقا مەجبۇر
بولغان. نەتىجىدە ئۇلار چوڭ زىيان كۆرگەن [63. 47-
دەپتەر، 71- ۋاراق]. ئەينى چاغدىكى گەنسۇ ئۆلكىسى ھاكىمى

مەھەللى ئاھالىسىغا ۋە خىتاي سودىگەرلىرىگە چو-
ڭقارلارنى خەج پۇلىغا مال سېتىۋېلىشنى مەن قىلغا-
نىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار چوڭقارلارنى ئالدى-
ساتتى قىلغاندا ئۇلارغا، قولىدا بار مالنى تەكلىپ
قىلىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن خىتاي سودىگەرلىرى
ۋە مەھەللە خەلق تەكلىپ قىلغان ماللىرىنىڭ كۆپچى-
لىكىنى تۈركىستانلىق سودىگەرلەرگە كېرەك بولمىغا-
نلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ ماللارنى ئېلىشتىن باش
تارتقان. نەتىجىدە مەزكۇر سودىگەرلەرنىڭ ۋە-
زىيەتكە تۇشۇپ قالغان [63. 47-بەت، 43-ۋاراق].
گەنسۇ ھاكىمىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى چىن ھۆكۈمىتى تە-
رىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەنگەن. چەتئەللىك خاقان
بۇ ھەقتە ئۆز ئەمەلدارلىرىغا مۇراجەت قىلىپ،
چوڭقارلارغا خەج پۇل تۆلەشنى مەن قىلىش، كۆپۈش
بولىدىغان چەتكە چىقىپ كېتىشنى توسۇپ قالدۇرۇپ
تەكىتلىگەن. بۇندىن تاشقىرى خاقان گەنسۇ ھا-
كىمىگە چوڭقار سودىگەرلىرىگە قارىتا قوللانغان
ۋە چوڭقار سودىگەرلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش
قارىتا قىلغان چارە-تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىۋېتىش
ھەققىدە مەخسۇس كۆرسەتمە بەرگەن [63. 47-
بەت، 44-46-ۋاراقلار].
بۇنىڭغا ئوخشاش چوڭقارلارغا تۈرلۈك توسا-
لغۇلار قويۇپ ھەرىكەتلىرى چەكلەنگەن ئۆز ئەكسى

-309-

تاپقان. مەسىلەن: چەنلوڭ خاقانىنىڭ 1745-يىلى 16-مارت كۈنى غالدان سېرىنغا يوللىغان مەكتۇبىدە «سىنىڭ ئۆكاڭلىق قالمۇ ئۆز ئاغزى بىلەن پولونەي (تىبەت بېگى) لازاڭخانغا ئۆچ ئالماقچى بولۇپ، سىنىڭ تىبەتكە بارغان ئادەملىرىڭگە كېرەكلىك ياردەم كۆرسىتىپ كۈتۈپ ئالماپتۇ، زۆرۈر بولغان مەبلەغ ۋە ماللارنى چەرمەپتۇ» دەپ يازغان [48.63-دېپتەر، 22-ۋاراق 1-بەت].

ئەمەلدە جۇڭغارلارنىڭ خىتايغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش سىياسىتى تۇتقان چىڭ ھۆكۈمىتى ھەتتا 1751-يىلى چېكىشى ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنى چېگراغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئۇلارنى خىتايغا بېرىشتىن ۋاز كەچتۈرىدىغان چارە-تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە مەخسۇس تۈزىپە تاپشۇرغان [48.63-دېپتەر، 22-ۋاراق، 1-بەت].

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى: چىڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي دۆلىتى جۇڭغار خانلىقى بىلەن تۈزگەن سودا ھەققىدىكى كېلىشىمگە ئىزچىللىق بىلەن يانداشقاق ۋە تەييارلىقنى كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلدە ئۇ ھەرخىل چارە-تەدبىر-

1) 1716-يىلى جۇڭغارلار تىبەتكە كىرگەندە ھالاك بولغان ۋە چىنلار يانى ئالغان جەڭ.

لەر بىلەن جوڭغارلارنىڭ ئۆزىنى خىتايغا بېرىپ، سودا-
سېتىق قىلىشنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلغان
بولسىمۇ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ جوڭغار خانلىقى بىلەن سودا
ئالاقە قىلىشقا قىزىقماسلىقىنى نامايان قىلغان. ئۇشبو
خولاسىغا XVIII-ئەسىرنىڭ 40-50-يىللىرى داۋامىدا چىڭ
خاندانلىقىنىڭ جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن ئەمەللىگە
ئاشۇرغان مەخپىي سىياسى ھەرىكەتلىرى ھەم ئىسپات
بولالايدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىلىدۇ.
1744-يىلىنىڭ ئاخىرىدا غالدان سېرىن بېجىڭگە
خالو باشچىلىقىدا تۆۋەندىكى ئەلچىلەر گۇرۇھىنى ئەۋەتكەن.
يوقۇرىدا زىكىر قىلىنغان تارىخى ۋەقىيەلەردىن مەلۇمكى،
خالو بېجىڭگە بىر نەچچە قېتىم ئەلچىلىك ۋەزىپىسى
بىلەن بارغان. جوڭغار ئەلچىلىرى بېجىڭگە خىتايلار-
نىڭ يېڭى يىل بايرىمى (1745-يىل ئۇشبو بايرام 13-
فېۋرال كۈنىگە توغرا كەلدى) ئەرىپىسى يېتىپ باردى.
خاننىڭ مەكتۇبى ۋە ئەۋەتكەن سوغىلىرى چىڭ
خاقانىغا تاپشۇرۇش ھوراسىمى 1745-يىلى 27-فېۋرال
كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم غالدان سېرىن چەنلوڭ
خاقانىغا ئەۋەتكەن سوغىلار: بىر دانە نەفىرىت تەشتەك
ياسالغان كوزا، 30 دانە قۇندۇز تېرىسى، 2 ئارغىماق
ئات ۋە 2 ئاق-ئاۋلاش ئۈچۈن ئۆگىتىلگەن قۇشلاردىن
ئىبارەت بولغان. خاقانغا يوللىغان مەكتۇبىدە: غالدان سېرىن
ئۆزىنىڭ جوڭغارلارغا تىبەتكە بېرىشقا رۇخسەت بىرگە خانلىقى

-311-

ۋە زەرۇر بولغاندا چارە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن
مەھەللىي ھۆكۈمەتكە بۇيرۇق بەرمەكچى بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ خۇرسەن بولغانلىقىنى ۋە مىننەتدار-
چىلىقىنى بىلدۈرۈپ، تىبەت ھەكىملىرىنىڭ باشلىقى
بولمىش پولونەي جوڭغارلارغا يامان مۇناسىۋەت
قىلىۋاتقانلىقىنى يازغان. شۇ بىلەن بىرگە خان بۇ-
رۇنقىدەك داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەتلەرگە كۆرە
يىلدا تىبەتلىك لامادىن بىر قانچە كىشى ئىلىغا
ئەۋەتىشكە ئىجازەت سورىغان. ئۆز ئىلتىماسىنى
بۇرۇن تىبەتتىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن لامالار
ۋاپات بولۇپ كەتتى، ياشلارنى ئوقۇتۇشقا ئادەم
يوق، پۇقرالار ئارىسىدا لاما دىنى ئوقۇشقا تەلەپ
چوڭ، قازا قىلىپ كەتكەن لامالارنىڭ ئورنىنى تولدۇ-
رۇشىمىز لازىم دەپ ئىسپاتلىغان [63. 68-دەپتەر،
16-15-ۋاراقلار].
غالدان سېرىننىڭ مەكتۇبىدا يېزىلغان بۇ سۆزلەر
شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇرۇن دىنىي جەھەتتىن تەكلىپ
قىلىنغاندەك، شەرقىي تۈركىستان قالماقلىرى (ئويرات-
لار) بىلەن تىبەتلىكلەر ئارىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت
بولغان. تىبەت روھانىلىرى قالماقلار ھاياتىدا ئىنتايىن
چوڭ رول ئوينىغان. تىبەت چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ
ئەسىرلىكىگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن بۇ ئالاقىلار
ئۈزۈلۈپ قالغان. ئەمما ھەر ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا

-312-

بۇ ئالاقىلارغا زورۇرىيەت چوڭ بولغان. مەزكۇر
ئالاقىلارنى قىسمەن بولسىمۇ تىكلەش ئۈچۈن ئە-
نەدىلىكتە تىبەت ھۆكۈمىتىدىن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ
ئۈستىدىن نازارەت ئورناتقان چىن خاندانلىقىدىن
رۇخسەت سوراش لازىم بولۇپ قالغان. باشقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا ئىلگىرى يوق مۇئامىلە پەيدا بولغان.
چەنلوڭ خاقان غالدان سېرىنغا يازغان
جاۋابىدا، ئۇنىڭ ئۆز مەملىكىتىدە بۇددا دىنىنى رىۋاج-
لاندۇرۇش نىيىتى بارلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى
بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىبەتتىن لاما ئەۋەتىش
ھەققىدىكى ئىلتىماسىغا رەت جاۋاپ بەرگەن، ئۆز
جاۋابىنى ئۆتكەن يىلى تىبەتلىك لامالارغا، جوڭغار
خانلىقىغا بېرىش تەۋسىيە قىلغىنىمىزدا، ئۇلار ئۆز-
لىرى بېرىشنى خالىمىدى، ئۇلارنى بېرىشقا مەجبۇرقىلىش
بىزگە توغرا كەلمەيدۇ دەپ ئىسپاتلاشقا ھەرىكەت
قىلدى. تىبەت بىلگى پولونە يىنى جوڭغارلارغا ياخشى
موناسىۋەتتە بولماسلىقتا ئەيىبلەش مەسىلىسى بويىچە
چەنلوڭ بۇنىڭغا جوڭغارلارنىڭ ئۆزى ئەيىبدار
دەپ كۆرسىتىشكە، بۇندىن چىن خاندانلىقى قاتتىق
خاپا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ، بۇندىن
كېيىن پولونەي بىلەن جوڭغارنى يارىشتۇرۇپ قويۇ-
شقا ۋەدە بەرگەن [48.63. دېپەر، 17-20- ۋاراقلار].
ئەسلى ئىلىپ قارىغاندا، چىن ھۆكۈمىتى تىبەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەگلىرى بىلەن جوڭغار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت كەلتۈرۈپ
چىقىرىشقا ۋە ماۋجۇت زىددىيەتلەرنى كۈچەيتىۋېتىشقا
ھەرىكەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇ تىبەت بىلەن جوڭغار
خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ياخشى مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشىنى
چىن ئىمپېرىيەسىگە قارشى كۈچلەرنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ
كېتىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ دەپ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
چەنلۇڭ، غالدان سېرىنغا بىر سۆز ئېيتىپ، ئەمەلدە
باشقىچە ئىش تۇتاتتى. مەسىلەن، 1745-يىلى 5-مارت
كۈنى جوڭغار ئەلچىلىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، چەن-
لۇڭ ھەربىي كېڭەش باشلىقىغا، تىبەتتىكى باش چىن
ئەمەلدارى فۇچىڭ ئارقىلىق، پولونەيگە جوڭغارنى يا-
ماقلاپ، ئۇلارغا قارشى تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر قوللى-
نىش ھەققىدە مەخپىي كۆرسەتمە بېرىشنى بۇيرۇغان.
كېيىنكى يىللاردا، تىبەتكە زىيارەت ئۈچۈن
كەلگەن جوڭغارلار ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت
ئورنىتىش ۋە ئۇلارغا تەھمان بىلەن قارىش توغرىسىدا
قاتار مەخپىي بۇيرۇقلار چۈشۈرگەن [63.48-دەپتەر،
20-ۋاراق].
جوڭغار ئەلچىسى خالۇ بىخىندە بولغان دەۋردە،
بۇ چەردىكى ساراي ئەمەلدارلىرى ۋە چەنلۇڭنىڭ ئۆزى
قايتا-قايتا شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا بارغان
سودىگەرلەرنىڭ خاتالىقى ھەققىدە سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ
كېيىنكە قارىغاندا، غالدان سېرىن ئامدىن خىتايغا كەلگەن

-314-

سودىگەرلەر بارغانسېرى كۆپ مال ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى
ۋە بۇ ئەھۋال چىن ھۆكۈمىتىنى تەشۋىشلەندۈرۈۋاتـ-
قانلىقى مەلۇم. شۇ سەۋەبلىك 1745-يىلى چەنلۇڭ
خاقان جوڭغار ئەلچىلىرىنىڭ مال ئېلىپ كېلىپ
سېتىشنى مەن قىلىش ھەققىدە مەخسۇس پەرمان
چىقارغان. خاقاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تاشقى
ئىشلەر ۋەزىرلىكى خالوڭ ئۇشبۇ پەرمان بىلەن
تونۇشتۇرغان [63.49-3-پەر، 23-30-ۋاراقلار].
ئۇشبۇ مەلۇمات، بىرىنچىدىن، خىتايغا بېرىپ
سودىگەرچىلىك قىلىش، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا
پايدا كەلتۈرگەنلىكى ۋە بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ قىزىق-
قانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، 1745-يىلدىن باشلاپ چىن
ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتايغا
بېرىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى
چەكلىنىشكە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما 1747-يىلى
جوڭغار ئەلچىسى خىتايغا كۆپ مىقداردا ئات ۋە تۆگىلەر
ئېلىپ بارماقچى بولۇپ، چىن ھۆكۈمىتىدىن بۇلارنى
چېگرادىن ئۆتكۈزۈش ۋە خىتاي تەۋەسىدە سېتىشقا
رۇخسەت سورايدۇ. ئەينى پەيتتە چىنلار، جوڭغار-
لارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارگەرچىلىك كۆرۈۋاتقان
ئىدى. ئۇلارغا ئات، تۆگە سېتىۋېلىش زۆرۈر بولغانلىقى
تۈپەيلى، چەنلۇڭ خاقان جوڭغار ئەلچىسىنىڭ ئىلتىماسىنى
قاندۇردى. بۇندىن قاشقىرى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستانلىقلار

-315-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئات، تۆگە ھەيدەپ كەلسە، قانچە بولسىمۇ چېگرادىن ئۆتكۈزۈشكە ۋە ئالغان جايدا سېتىشقا رۇخسەت بېرىلسۇن، ئالغان ماللارنىڭ مىقدارى بەلگىلەنمىگەندى ئاشسۇن دەپ پەرمان چىقارغان [63. 49-دېپتەر، 23-30-ۋاراقلار].

1745-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، غالدان سېرىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى سېۋاڭ دورجا (1746-1749-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ سېۋاڭ دورجا ئادزا نامجىل نامى بىلەن ھەم ئاتالغان) خان بولۇپ تايىنلاندى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يېڭى خان بېيجىڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خالۇنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ قېتىم خالۇ بېيجىڭگە 1747-يىلى مارتنىڭ ئاخىرىدا يېتىپ كەلدى ۋە خان نامىدىن چەنلۇڭغا 4 دانە قۇندۇز تېرىسىنى سوۋغا قىلىپ، خان مەكتۇپى بىلەن بىرگە تاپشۇردى [63. 48-دېپتەر، 3-5-ۋاراقلار]. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، سېۋاڭ دورجى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاتىنى كەسەللىكىدىن ۋاپات قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن تىنچلىق ساقلاش ۋە يولغا قويۇلغان ئالاقىلارنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. جۈملىدىن، ئۇ ئۆز مەكتۇبىدا «مەرھۇم ئاتام ۋە سېنىڭ ئاساسەن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقچىمەن ۋە بۇ ھەقتە جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دانالىقىنى سورايمەن» دەپ يازغان [63. 48-

-316-

دەپتەر، 3- ۋاراق، 2- بەت]. شۇ بىلەن بىرگە سىۋالىڭ دۆرجى مەرھۇم دادىسىنىڭ ئەرۋاھىغا نەزىر-چىراغ قىلىش ئۈچۈن، تىببەتكە ئادەم ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇ يەرگە بارىدىغانلارنى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈپ يولغا سېلىشقا رۇخسەت سورىدى. خاننىڭ چۈشۈنۈرۈشىگە قارىغاندا، بىر گۇرۇھ ئادەملەر ئالدىن ئىراق بېرىپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارگەرلىك كۆرۈش لازىم بولغان. چەكلىكنىڭ سىۋالىڭ دۆرجىغا جاۋابەن يازغان مەكتۇبىدە ئېيتىلىشىچە، خاقان خاننىڭ ئاتىسى يولىدى، يارماقچى بولغانلىقىدىن ئۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپ، تىببەتكە ئادەم ئەۋەتىشكە رۇخسەت بەرگەن. ئەمما خاننىڭ ئۇشبۇ مەسىلىگە بارىدىغانلارنى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈپ ئەۋەتىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىغا رەت جاۋاب بەرگەن [63-49-دەپتەر، 4-7-ۋاراقلار].

خالو چىن ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا سىۋالىڭ دۆرجى نامىدىن، تىببەتتىن ئېلىمغا لامالار ئەكىلىپ قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىدۇ. لېكىن بۇ قېتىم ھەم مەسىلە ئىجابىي ھەل بولمايدۇ [63-49-دەپتەر، 7-ۋاراق، 2-بەت].

خالو بېيجىڭدىن كېتىش ئالدىدا، ئۇنىڭغا چەكلىكنىڭ خاقاندىن سىۋالىڭ دۆرجىغا سوغا ئەۋەتكەن 10 پارچە

رەڭلىك ۋە گۈللۈك شىپەك رەخت، 16 دانە كارۋان
ئۈستىگە ئارتىدىغان باشلىق ۋە 18 جۈپ چىنە ۋە شىشە
ئىدىش - ئاۋاقلار بېرىلىدۇ [63.49 - دەپتەر، 7 - ۋاراق،
2 - بەت].

1746 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سىۋالىڭ دۇرجى بېيجىڭگە
يەنە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئەلچىلىك ۋەزىپە-
سىنى مامۇت ئىسىملىك بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ، ئۇ
ئارقىلىق چيەنلۇڭ خاقانغا 2 ئات، 1 دانە قىممەت
باھالىق ئالتۇن چاسالغان كۆزا ۋە 40 دانە قوندۇز
تېرىسىدىن ئىبارەت سوۋغا ئەۋەتىدۇ. مامۇت ئۆز
ئادەملىرى بىلەن بىرگە بېيجىڭگە، خاقاننىڭ يېڭى يىل جابرىيى
ئەرپىسى يېتىپ كېلىپ، خان مەكتۇبى بىلەن بىرگە ئېلىپ
كەلگەن سوۋغىلارنى، ئۇنى كۈتۈپ ئالغان خاقان ئەمەل-
دارلىرىغا تاپشۇرىدۇ. كېتىدىغان پەيتتە بۇ نەرسىلەر
ئۇۋەزگە بېرىلگەن 20 پارچە رەڭلىك ۋە گۈللۈك
شىپەك رەخت ۋە 18 جۈپ چىنە شىشە ئىدىش - ئاۋاق-
لارنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ [50.63 - دەپتەر، 1 - ۋاراق].

مامۇت سىۋالىڭ دۇرجىنىڭ مەكتۇبى بىلەن
سوۋغىلارنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، 2 كۈن ئۆتكەندە چە-
نلۇڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. مامۇتنىڭ مانا شۇ كۆ-
رۈشۈشىدە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ۋە سىۋالىڭ دۇرجىنىڭ
چەنلۇڭغا يازغان مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا،
جۇڭغار خانى خاقاندىن تىبەتكە ئادەم ئەۋەتىشكە

-318-

رۇخسەت قىلغانلىقىدىن خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈش بىلەن بىرگە، چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار
خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىلىرىنى داۋاملاش-
تۇرۇش نىيىتى بارلىقىنى ۋە 1747-يىلى كۈزدە تىبەتكە
300 كىشى ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەمدە بۇلار-
نىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا خامىر دېگەن جايغا يېتىپ بار-
غىنى كۈزدە تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى، يولدا زۆرۈر بولغان
خىراجەتنى تاپالىشقا ۋە يېتىشكە يېتىدىغان دەرىجىدە
مال ئېلىپ، يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم
قىلغان. شۇ بىلەن بىرگە سىۋاڭ دورجى، چەنلوڭدىن
تىبەتكە بارغۇچىلارنىڭ خامىردا توختاپ ۋە بىر قىسىم
ماللىرىنى سېتىپ، باھار كېلىشى بىلەنلا يولغا چىقىشقا ۋە
ئۇيەردە قالغان ماللىرىنى سېتىپ، خەزىر-چىراق ۋە ئىبادەت
ئىشلىرىنى تۈگەتكەنلەردىن كېيىن دۆڭكېر (دۆڭكور) ئارقىلىق
قايتىشقا رۇخسەت بېرىشنى سورىغان [63. 49.-بەتلەر،
33-، 36-خاداقلار].

تىبەتكە بارىدىغان جوڭغارلار بىلەن شۇ-
غۇللىنىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن بىرلىك چىن ئەمەلدارى
يۇ چياۋنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، دۆڭكېردىن
ئۆتىدىغان يول چوڭ ۋە سۇ، ئوت چۆپلەرگە مول
بولغان يول بولۇپ، ئۆتۈشكەندىن ئۆتۈش ئۇلار ئۈچۈن
مەن تاللىغان ئىدى. لېكىن جوڭغارلارغا تىبەتكە بېرىپ
كېلىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يولدا، چار كۈنلىرى

-319-

چۈنكى، پاشا ۋە پاشقا زەھەرلىك ھاشارەتلەر كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ يولدىن يۈرۈش قىيىن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم جوڭغارخانى تىبەتكە بارغان زىيارەتچىلەر قايتىشتا باشقا يولدىن يۈرۈشكە، چەكلىك خاقاندىن ئىجازەت سوراشقا مەجبۇر بولغان [63. 49-دەپتەر، 36-ۋاراق، 2-بەت]. يۇيىباۋنىڭ بۇ ھەقتە يازغان جاۋابى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن خاقاننىڭ مەزكۇر ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈردى [63. 52-دەپتەر، 2-ۋاراق].

چەكلىك بىلەن ئۇچراشقاندا، جوڭغار ئەلچىسى ماموت ئۆزىنىڭ، مەھەللى خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ۋە سودىگەرلەرگە، جوڭغارلار ئېلىپ كەلگەن ماللارنى نەرخ كۈمۈش پۇلغا سېتىۋېلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىشنى سورىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەگەر ئۇ ماللارنى نەرخ پۇلغا ساتالمىسا، كۆڭۈللۈك مالنى خالىغانچە ئېلىپ كېتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى. ئەكسىچە، كۆپىنچە خىتاي سودىگەرلىرى تەكلىپ قىلغان ماللارنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما چەكلىك خىتاي سودىگەرلىرىنىڭ نەپسى ۋە نەپ ئېلىش ئىشلىرىغا قارشى خاقان ئۈچۈن ئالىي جانابلىق پەزىلەت ھېساپلانغاندۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، ماموتنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى ئەجەبا ھەل قىلىشقا رازىلىق بەرمىدى [63. 49-دەپتەر، 35-ۋاراق، 2-بەت]. ئارىدىن بىراز ۋاقىت ئۆتكەندىن كىن، چەكلىك سارايى ئەمەلدارلىرىغا مۇراجەت قىلىپ،

جوڭغارلار ماللىرىنى چەقمەت نەخ كۆمۈش پۇلغا ساتىۋا-
تىدۇ، شۇ تۈپەيلى، مەملىكىتىمىزدىن كۆمۈش پۇل
چەتكە چىقىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئېيتقان [63.52-دە-
پتەر، 36-ۋاراق، 1-بەت]. شۇنىڭغا قارىغاندا شەرقىي
تۈركىستاندىن ئايىغا جارغان سودىگەرلەرچە چەخلۇكنىڭ
مامۇتقا جەرگەن جاۋابىدىن خۇلاسە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرى
چەخمەت نەخ پۇلغا ساتقان بولسا كېرەك.
مامۇت چەخلۇك بىلەن سۆزلەشكەندە،
تىبەت بېگى پولونەي بىلەن جوڭغارلار مۇناسىۋىتى
ھەققىدە توختاپ، خاقاندىن مەزكۇر جەڭنىڭ ئىشلىرىغا
قارىلىشىپ، ئۇنى جوڭغارلارغا نىسبەتەن ياخشى مۇناسىۋ-
ەتتە بولۇشقا مەجبۇر قىلىشنى سورىدى. ئەمما جوڭغار
ئەلچىسىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى ھەم جاۋابىنى ھەل قىلالمايدۇ.
چەخلۇك ئۇنىڭغا، پولونەي ئۇزاق بىر مەملىكەتنىڭ بېگى،
ئۇنىڭغا خالىسا شۇنى قىلىشى مۇمكىن، بىز ئۇنىڭ ئىشىغا
ئارىلاشالمايمىز دەپ جاۋاب بەردى [63.50-دەپتەر، 35-
36-ۋاراقلار]. لېكىن چەخلۇك مامۇت بىلەن كۆرۈشكەن-
دىن كېيىن دەرھال تىبەتتىكى ۋەكىلى بولمىش مانجۇر ئە-
مەلدارىغا مەخپىي پەرمان يوللاپ، پولونەيگە جوڭغار-
لار ئۇلۇسىدىن قاتتىق خاتىرجەم ئۆرنۈتۈش ۋەزىپىسى تا-
پشۇرۇشنى بۇيرۇدۇ [63.50-دەپتەر، 4-ۋاراق، 1-بەت].
مامۇت بىرىنچى قېتىم بېيجىڭگە ئەلچى بولۇپ كە-
لگەندىكىن، چەخلۇك مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۇنىڭغا قايتىشتا

تىبەت ئارقىلىق كىتىشكە رۇخسەت بىردى. لېكىن
ئۇ سەپەر جەريانىدا دائىم چىن ئەمەلدارلىرى تەرە-
پىدىن قاتتىق نازارەتتە بولغان [63. 51-دەپتەر،
15-ۋاراق، 2-بەت].

1748-يىلى باھاردا سىۋاڭ دۆرجى بىجىڭگە يەنە
ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ قېتىم خان ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئەنچى-
دونبۇغا تاپشۇردى. بۇ قېتىممۇ ئۇ چەنلوڭغا
مەكتۇپ بىلەن 2 ئات 2 نەفەرت تۆشتىدىن ياسالغان
كوزا ۋە 41 دانە قوندۇز تېرىسىدىن ئىبارەت بولغان
سوۋغىلار ئەۋەتتى. شۇ يىلى 8-ماي كۈنى ئەنچى دونبۇ
چەنلوڭ قوبۇل بولدى. خاقان ئەلچىگە سىۋاڭ دۆرجىگە
10 پارچە ئىپەك رەخت، 8 جۈپ كارۋۇت ئۇلىسىگە
تارتىدىغان تۆر پاششاخانە ۋە 18 جۈپ ئىشتە
ۋە چىنى ئىدىش-قاچا بېرىپ ئۇنى خانغا تاپشۇ-
رۇشقا ئەۋەتتى. جوڭغار ئەلچىسى بىجىڭدىن 20-ماي
كۈنى يولغا چىقتى [63. 51-دەپتەر، 11-19-ۋاراقلار].

چەنلوڭ خاقاننىڭ، سىۋاڭ دۆرجىغا ئەنچى-
دونبۇ ئارقىلىق بىرۇنەققەن مەكتۇبىدە يېزىلىشىغا
قارىغاندا، بۇ قېتىم جوڭغار خانى ئىككى ئىلتىماس
بىلەن مۇراجەت قىلغان. بۇ ئىلتىماسلارنىڭ بىرىن-
چىسى، كۆپتىن بىرى ئالدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان
ۋە ئەينى ۋاقىتتا يېشى ئۇلغىيىپ قالغان بىر نەچچە
تىبەتلىك لامالارنى ئۆز ۋەتىنىگە رۇخسەت بىرىش،

ئىگىلىنىپسۇ، ھەر يىلى سوچۇ شەھىرىگە 100 كىشىدىن
ئىبارەت كارۋان ئەۋەتىشكە رازىلىق بېرىشتىن ئىبارەت
ئىدى [63.51 -3- دەپتەر، 18- 19- ۋاراقلار].
خاننىڭ بۇرۇنقى ئىلتىماسى، بۇنداق مەسىلە
كېلىشىمدە ئېيتىلمىغان دېگەن جاۋاب بىلەن رەت
قىلىندى. ئەسلىدە چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان
جوڭغار خانلىقىدا ياشىغان تىبەتلىك لامالارنى
ۋە تىبەتكە قايتىشىنى چەكلىگەن ئىدى. چۈنكى بېيجىڭدىكى
ساراي ئەمەلدارلىرى، بۇ لامالار ئۇزاقتىن بېرى ئىلىدا
تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار جوڭغار بەگلىرى ۋە سىياسى-
دونى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان بولۇشى ۋە
قايتقاندىن كېيىن جوڭغار خانلىقى بىلەن تىبەت ئوتتۇ-
رىسىدا ئالاقە باغلاشتا ۋاستىچىلىق قىلىشى مۇمكىن دەپ
ئويلاشقان ئىدى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلتىماسقا ھەم
چەكلىك خاقان رازىلىق بەرمىگەن، لېكىن ئۇ بۇ مەسىلە
بويىچە بىر قاتار سەھەت كۆرسەتكەن. مەسىلەن، چەكلىك
جوڭغارلارنىڭ بېيجىڭگە كارۋان ئەۋەتەلەيدىغانلىقىنى كۆزدە
تۇتۇپ، سوچوغا بەلگىلەنگەن 100 كىشى ئورنىغا 200
كىشى ئەۋەتىشكە رۇخسەت بەرگەن [63 . 52 - دەپتەر،
18-19- ۋاراقلار]. ئەگەر جوڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيە-
سى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان سودا ئالاقىلىرى ھەققىدىكى
كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى بىلەن مانا ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىمتىياز-
نى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇنىڭ كۆپرەك جوڭغار خانلىقى

پايدا قىلالىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. مەزكۇر كېلىشىم بويىچە جۇڭغار خانلىقى ھەر تۆرت يىلدا سۇجۇغا 100 كىشى، بېيجىڭگە 200 كىشىنى ئەۋەتىش مۇمكىن ئىدى. دېمەك، ئۇشبۇ خانلىق خىتايغا ھەر تۆرت يىلدا 300 كىشى ئەۋەتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئەندى بۇ خانلىق ئىككى يىلدا، يەنى بېيجىڭگە ۋە سۇجۇغا كارۋان ئەۋەتىدىغان يىللاردا 200 كىشىدىن جەمئىي 400 كىشى ئەۋەتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ بىلەن جۇڭغارلار ھەر تۆرت يىلدا، خىتايغا 100 كىشى ئارتۇق ئەۋەتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئەمما بۇ بىلەن چىن ئىمپېرىيەسى، جۇڭغار سودىگەرلىرى بېيجىڭگە بېرىشتىن ۋاز كەچتۈردى. بۇنىڭ چىنلار ئۈچۈن مۇھىم سىياسى ئەھمىيىتى بار ئىدى. جۇڭغارلار بېيجىڭگە قانچە كەم بارسا، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ۋە سارايدا بولۇۋاتقان گەپلەرىنى ۋە جۇڭغار خانلىقىغا قارشى قىلىنىۋاتقان مەخپى ئىشلارنى، شۇنچە كۆپراق بىخەۋەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

نۆۋەتتىكى جۇڭغار ئەلچىلىرى. ئالدىنى بېيجىڭگە 1749-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەۋەتىلدى. بۇ قېتىمقى ئەلچىلەر گۇرۇھى نىما باشچىلىقىدا، مەزكۇر 1750-يىلى 5-6-فېۋراللاردا، خىتاينىڭ يېڭى يىل بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. 14-فېۋرال كۈنى، يەنى يېڭى يىل بايرىمىنى بىرھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن نىما، چەنلوڭنىڭ قوبۇلىدا بولۇپ، سىۋالىك دۇرجىنىڭ مەكتۇبى بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن

سوغىلىرى تاپشۇرۇدۇ. مەنبەدە بۇ قىسىم خان چە-
نلوك خاقانغا ئۆتكەن دەرسلەرنىڭ ھەممىسى بىر-
لەشكەن. ئەمما، سوغىلار ھەممىسى ئۆتكەن قىسىملىرىنى
كەم بولمىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ھالدا خانغا
بېرىلگەن سوغىلارمۇ كام بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر
مۇشۇ بۇ خاننىڭ چەنلوكتىكى خاۋارى بولغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ. بۇ جۇلۇقۋاتقان ئاتالغۇلارغا مەلۇم دە-
رىجىدە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.
سىۋاڭ دۆلىتى ئۆز مەكتۇبىدا، ئەينى دۆلەتنىڭ
تىنچلىق-ئامانلىق بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە سوۋغا
ھەرقىتىم 200 كىشى ئەۋەتىشكە رۇخسەت بېرىلگەنلىكىنى
خۇشى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. شۇ بىلەن بىر قە-
رىسىپ، قازا قىلىپ كەتكەن تىبەتلىك لامالارنىڭ
ئورنىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە 38 كىشى تىبەتكە ئوقۇتۇشقا
ئەۋەتىشكە رۇخسەت سورىغان [63. 52. -دەپتەر،
12-ۋاراق].
چەنلوك، ئۆتكەن يىلى بولۇپمۇ يىلىڭ ئوغلى جورھات
(جورئەمۇت) بىرگە جوڭخارلارنىڭ تىبەتكە بېرىشى
توختىتىلىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا
ئىجابىي جاۋاپ بېرىپ قويغانمىز. ئەمدى ئۆز سۆزىمىزدىن
قايتىش مۇمكىن ئەمەس دەپ باھانە قىلىپ، سىۋاڭ دۆلىتىگە
بۇ ئىلتىماسىغا رەت جاۋاپ بەرگەن [63. 52. -دەپتەر، 14-ۋاراق].
ئەمما چىڭ ھۆكۈمىتى جوڭخارخانلىقىدا ئۆلگەن لامالارنىڭ

-325-

ئۇرۇشنى تولتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىبەتلىكلەردىن 20-30 كىشىنى، بېجىنگە تەكلىپ قىلىپ، بۇ يەردىكى ئالىي لاما دىنىي مەكتىپىدە 3-6 يىل ئوقۇتۇپ، ئۇندىن كېيىن ئۇلارنى ئەلىگە قايتۇرۇپ بېرەيلى دېگەن تەكلىپنى قويغان [63. 52-دەپتەر، 11-ۋاراق].

بۇ كۆرۈنۈشتە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر تەكلىپكە، ئۇنىڭ جۇڭغارلارغا نىسبەتەن غەمخورلۇق قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلدە بۇ بىلەن ئۇ ئۆز مەخسىتىدە تەلىم-تەربىيە قىلغان لامالارنى ئەلگە قايتۇرۇپ، ئۇلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا جىددىي ئارىلىشىش پىلانىنى تۈزۈپتۇ. چۈنكى لامالار ئويراتلار ھاياتىدا ۋە خان سارايىدا چوڭ رول ئوينايتتى. ئەلدە نەتىجىدە ئۇرۇشقا ئادەم قوشۇش بولسا، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا پۈتۈنلەي توغرا كەلمەيتتى.

چەنلوڭنىڭ كۆرسەتكە قارىغاندا، ئەنە قايتىپ كەلگەن زاھات، ئۇ نەتىجەت ھالايلامىسىغا 15 كىشىنى ئەلگە قايتىش مەخسىتىدە تەييارلاش ئۈچۈن، بېجىنگە چوڭ سىياسىي ھەقتە چەرمان بەرگەن. 1752-يىلنىڭ باشلىرىدا، نەتىجىدە قايتىلغانلار، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، ئەلگە بىر-نەچچە تەييار بولۇپ تۇرغان [63. 52-دەپتەر، 10-ۋاراق، 2-بەت]. ئەمما جۇڭغار خانى لىيۇڭ دورجى لامالارنى بېجىندىن ئەلگە تەكلىپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسەتلىرىنى چۈشىنىپ بىلگەن

بولىشى كېرەك دەپ ھېساپلاش مۇمكىن.

1749-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، جوڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى ئۆزىيىتى كەسكىنلىشىپ تۇرغان بىر دەۋردە، سىۋالىڭ دۆرجى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ ئور-نىغا ئۆگىسى لاما دەرجى خان قىلىپ تىكلەندى. 1749-1753-يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان بۇ خان ئەردىنى باتۇر خۇنتەيجى خانى بىلەن ئەل-يۇرتنى ئىدارە قىلدى [104. 281-بەت]. ئۇششۇ ۋاقىتلار تارىخى ئەدەبىياتلاردا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن-لىكى سەۋەپتىن، بۇ يەردە ئۇنىڭغا توختىلىپ ئولتۇرۇشنى ئارتۇق كۆرۈلدى.

ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن لاما دەرجى، ئەرچىن جاسىۋىلقىدا بېيجىڭگە ئەلچى ئەۋەتكەن. 1751-يىلى مارت ئېيىدا چەنلوڭ، جاڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ شەھىرىدە دەم ئېلىۋاتقان ئىدى. شۇ سەۋەپلىك بۇ قېتىمقى جوڭغار ئەلچىسى بېيجىڭگە ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ سۇجۇ شەھرىگە بېرىپ، 22-مارت كۈنى خاقان بىلەن ئۇچرىشىدۇ [63. 53-دەپتەر، 9-ۋاراق، 2-بەت]. ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق خان، چەنلوڭغا ئۆزىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن مەۋجۇت ئالاقىلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى بۇرۇنقىدىن ھەم راۋاجلاندۇرۇش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما بېيجىڭدىن مەقسۇس تەييار-لانغان لامالارنى تەكلىپ قىلىش مەسىلىسى، ھېچ تەرسە

دېيەي، خاقاندىن، يىرىك ۋە ئاتاقلىق لامالىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى 4-5 يىل مۇددەتتە بىلەن ئىلىغا ئەۋە-تىشنى سورايدۇ [63.53-بەت، 10-12-قۇرلار].

چەنلۇڭ لامادورجىغا جاۋابەن ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا، ئۇنىڭ نىيەتلىرىگە قوشۇلۇشنى ئېيتىپ، بۇندىن كېيىن جوڭغارلارنىڭ خىتايغا كېلىپ بىرىپ ساتىدىغان ماللىرى-نىڭ ھەجمىنى 1748-يىلى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سودا-سېتىق ھەجمىدىن ئاشۇرماسلىقنى، تىبەتكە زىيارەتچىلەر ئەۋەتىشنى توختىتۇلىشنى، بۇندىن كېيىن بېجىڭگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىنى 50 كىشىدىن ئارتۇق ئادەم تۈزۈتۈپ بارماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بېجىندىن ئىلىغا يىرىك لامىلار ئەۋەتىش مەسىلىسى بويىچە چەنلۇڭ لامادورجىدىن، ئۇلارنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ئەمىنلەش ئۈچۈن كاپالەت بېرىشنى سورايدۇ [63.54-بەت، 11-12-قۇرلار]. چەنلۇڭنىڭ مەزكۇر خەتلىرىگە قارىغاندا 1751-يىلىدىن باشلاپ، چىن ھۆكۈمىتى جوڭغار خانلىقى بىلەن بولغان ئەلچىسىنى مۇناسىۋىتىنى چەكلەشكە باشلىغان.

1751-يىلىنىڭ ئاخىرىدا لامادورجى تويبولخۇلنى ئەلچى قىلىپ، خىتايغا ئەۋەتىدۇ. مولچەرگە بىنائەن مەزكۇر ئەلچى يېڭى يىل بايرىمىغا (1752-يىل 15-فېۋرال كۈنى-يېڭى يىل باشلانغان كۈن) ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن ۋە خاننىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرغان. 27-فېۋرال كۈنى چەنلۇڭنىڭ قوبۇلىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا لامادورجىنىڭ سوغا-سالاملىرىنى تاپشۇرۇش

بىلەن بىرگە، خانىڭ نىيەت ۋە ئىلتىماسلىرى ھەققىدە
سۆزلىگەن. خانىڭ مەكتۇبىدە ۋە بۇ ئۇچرىشىشنىڭ
باياناتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا،
ئۇ چەنلوڭنىڭ بېقىندى 4-5 لاما ئۆزە تىشلە دارى
بولغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن جو-
ڭغارلار خىتايغا بېرىپ قىلىدىغان سودىنىڭ ھەجمىنى
چەكلىمەسلىكنى سورىغان [3.63.53-5-بەت، 42-ۋاراق،
2-بەت: 56-5-بەت، 1-ۋاراق، 1-بەت]. تويى بول قولد-
ىنىڭ ئاغزىدىن بۇ ھەقتە ئاڭلىغاندىن كېيىن چەنلوڭ
ئۇنىڭغا، خانى مېنىڭ سۆزۈمنى ئىككى قىلىشقا جۈرئەت
قىلىپتۇ، ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس مەسىلىنى تىلغا
ئاپتۇ دەپ قاتتىق كايىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن
كېيىن بۇ مەسىلىنى قايتا كۆتەرمەسلىك ھەققىدە خانغا
ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتىدۇ [3.63.54-5-بەت، 12-
ۋاراق، 2-بەت].

لامادورجى. غالدان سېرىننىڭ ئىككىنچى خوتۇنىدىن
بولغان تۇنجى ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى، جوڭغار
خانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈشكە
ئېلىپ كەلدى. لامادورجىنىڭ ھاكىمىيەتكە كېلىشىگە قارشى
بولغان چوڭ بىر گۇرۇھ بەگلەر، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش
باشلايدۇ. بۇلار چارەسىز تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا
ئىگە بولغان داۋاچى (داۋاچى) ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا ھەر-
ىكەت قىلدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتكە نارازى قارىغانلىق قايتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئامۇرساناغا قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ [282.104-بەت]. 1751-
يىلى ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش لاما دورجى پايدىسىغا ھەل
بولىدۇ. داۋاچى بىلەن ئامۇرسانا قازاقلار يۇرتىغا
قېچىپ بېرىپ، جان ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. لاما دور-
جى ئۇلارنى قازاقلاردىن تەلەپ قىلىپ ئېلىشقا قانچە
ئۇرۇنسىمۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى نەتىجە بەرمىدى. 1752-
يىلى ئاخىرىدا داۋاچىنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىشى ھەمدە ئۈستۈنلۈكى
بىلەن جوڭغار خانلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش
جىددىي تۈس ئالىدۇ. مانا شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە لاما-
دورجى بېيجىڭگە ئەلچى ئەۋەتىشكە ئىمكانىيەت تاپالمايدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى لاما دورجىنى چىن خاقانىغا
ھۆرمەت قىلمىغانلىقتا ئەيىبلەپ قاتتىق خاپا بولغان.
1753-يىلىنىڭ بېشىدا جوڭغار خانلىقىدىكى
ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرەش لاما دورجىنىڭ ئۆ-
لتۈرۈلۈشى ۋە داۋاچىنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن تۈگەيدۇ،
داۋاچى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاچ، دەرھال چىن ھۆ-
كۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ئەلچى ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى
خەۋەر قىلىدۇ [63. 56-دەپتەر، 42-ۋاراق، 2-
بەت]. سىياسىي ۋەزىيەت قولايلىق كەلمىگەنلىكى تۈپەيلى
داۋاچى بېيجىڭگە 1754-يىلى يېڭى يىل ھارپىسىدا ئۈلگۈ-
رتۈپ، بېيجىڭگە ئەلچى ئەۋەتەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت
1756-يىلى باھاردا دوندۇقنى ئەلچى قىلىپ، چەنلوڭ
ھۇزۇرىغا يولغا سېلىشقا ئىمكانىيەت تاپىدۇ [64.2-

-330-

دېپتەر، 20-ۋاراق، 2-بەت].
ئەنئەنىگە كۆرە يازدا، چەنلوڭ ژاخېدا
دەم ئالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياز باشلانغاندا مەنز-
ىلگە يېتىپ بارغان جوڭغار ئەلچىسى، چەنلوڭ بىلەن
ئەيني شۇ جايدا ئۇچراشقان. چەنلوڭنىڭ كۆرسەتكە
قارىغاندا، داۋاچى ئۆز مەكتۇبىدا، چىن ئىمپېرىيەسى
بىلەن تىنچلىق ئالاقىدا بولۇش نىيىتى بارلىقىنى بايان
قىلغان. ئامما چەنلوڭ، داۋاچى، غالدان تسېرىن
سۇلالىسىغا تەئەللۇق شەخس دېگەن باھانىنى
كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق ئالاقىلىرىنى داۋام-
لاشتۇرۇشنى باش تارتىدۇ. ئەسلىدە ئالغاندا، چىن
ھۆكۈمىتى، جوڭغار خانلىقىدا ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش
باشلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن پىلانلاشتۇ-
رۇپ كەلگەن تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشقا تەييارگەرچىلىك كۆرۈش ئىشلىرىنى باشلىغان
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چەنلوڭ، دۇندۇق بىلەن
ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭغا، ئەگەر داۋاچى ئۆزى بىزگە
ئىتائەت قىلىدىغان بىر بېقىندى خان دەرىجىسىدە
بولسا، ۋە بىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىمىز بويىچە ئىش تۇتسا،
شۇندىلا بىز ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدە بولىمىز. ئەكسىچە ھالدا
ئالاقە قىلمايمىز دەپ ئېيتقان ۋە بۇ ھەقتە خاتىرە
ئۆتتۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇغان [64. 4-دېپتەر،
12-ۋاراق]. شۇنداق قىلىپ، 1956-يىلى چىن ھۆكۈمىتى

-331-

جوڭغار خانلىقى بىلەن دىپلوماتىك ۋە سودا ئالاقىلىرىنى ئورنىدى. شۇنىڭغا قارىماستىن 1755-يىلى چىڭ ئور-دىسى جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۈچىنچى ئۇرۇشنى باشلىغاندىن كېيىن، داۋاچى بېشىدىكى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىچكىرىلىك مۇناسىۋەت ساقلاش ئارزۇسىنى بىلدۈرمەكچى بولغان، لېكىن ئۇنىڭ ئەلچىسى چېگرادىن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ،

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن، خۇلاسە قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، جوڭغار خانلىقى خىتاي بىلەن ئۇتتۇرىسىدا تۈزۈلۈپ قالغان سودا ۋە ئەلچىلىك ئالاقىلىرىنى ئىككىلا تەرەپ، ھەمدە ئۇنى داۋاملىق كېڭەي-تىشكە قىزىققان. جوڭغارلار خىتايغا مال ئېلىپ بېرىپ سېتىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا خىتاي ماللىرىنى ئېلىپ كېلىش زۆرۈرىيىتى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جە-ڭگە بېرىلگەن يول قويۇلۇشقا قارىماي، خىتايغا سودا كارۋانلىرى ۋە ھەر يىلى ئەلچىلەر گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ تۇرغان. شۇ بىلەن بىرگە جوڭغار خانلىقى سودا ئالاقىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قولاي بولغان سودا يوللىرىنى ئېچىپ بېرىشنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ كە-پىللىكىنى تۈزۈشنى سورىغان. جوڭغار خانلىقى ئۆزى خىتايغا ئەلچىلەر ئەۋەتىش، بېرىشتىن، چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىچكى مۇناسىۋەت ساقلاشقا زۆرۈر بولغان بولسا،

-332-

ئىگىلىكچى ئەۋەتىش، بۇ سودا-ئالاقە قىلىشنىڭ بىر
تۈرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئەمما چىن ھۆكۈمىتى
جوڭغار خانلىقى بىلەن سودا-ئالاقە قىلىشقا دىيەر-
لىك قىزىقمىغان. ئۇ بۇ ئالاقىدىن كۆرە، ئۇنىڭ
سىياسىي مەقسەتلىرى، يەنى، جوڭغارلار بىلەن تىبەت،
كوكنۇر ۋە ماڭغۇل خەلقلىرى بىر-بىرىنى ئۆزارا تو-
سۇشنى ئۈستۈن تۇتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي
تۈركىستاننى خىتايغا سودا كارۋانلىرى ئەۋەتىش
ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئات، تۆگە، مال ۋە قوي قاتارلىق
چارۋا ماللىرى ھەيدەپ بېرىش ئۈچۈن لازىم بولغان
يوللارنى بېكىتىپ قويغان. بۇنىڭ ئاخىرى، چىن
ھۆكۈمىتى جوڭغارلارنى ماڭغۇلىيە، كوكنۇر ۋە تىبەت
خەلقلىرى بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلار
قىلىشقا يول قويمىغان. 1756-يىلى چىن ھۆكۈمىتى
بىر تەرەپلىمە ھالدا، مەزكۇر خانلىق بىلەن كېلىشىم
ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان سودا ۋە
دىپلوماتىك ئالاقىلارنى توختاتقان.

چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان
ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك ۋە سودا ئالاقىلار بىر تەرەپلىمە
ھالدا جوڭغار خانلىقى ئامىدىن. خىتايغا ئەلچىلەر ۋە سودا
كارۋانلىرى ئەۋەتىش، تىبەتكە زىيارەت ئۈچۈن
روھانىيلار ئەۋەتىش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

# 2.5. شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئوتتۇرىسىدا 1743-1754-يىللىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سودا ئالاقىلار.

1743-1754-يىللىرى شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سودا ئالاقىلار، خىتاي ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى تارىخىدا كەم ئۆگىنىلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ھازىرغىچە پەقەت خىتاي تارىخچىسى سەي جاخىنىڭ بىر ماقالىسى مەتبۇئاتتىن چىققانلىقى مەلۇم [237. 241. 255-بەتلەر]. ئۇشبۇ ماقالىلارنىڭ مەزمۇنى خىتاي تىلىدىن خەنشىر قىلىنغان ۋە خىتاي ئالىملىرى خەرىسپەدىن يېزىلغان «جوڭغار خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا ھەم كۆرۈنگەن [237. 241. 255-بەتلەر]. ئەمما سەي جاخى ئۇشبۇ مەسىلىنى تولۇق يېچىپ چەردىم دەپ ھېساپلىمايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن مەزكۇر ئالىم ئۆز ئىشىدە خىتاي ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ۋە خارجى مەمىلىكەتلەر ئالىملىرىغا يوپيوق بولغان ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان. بۇ ماتېرىياللار، بولۇپمۇ كۆرسىتىلگەن دەۋردە شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىلارنىڭ ھەجمى

ۋە مەزمۇنى كۆرسىتىلگەن رەقەملەر خاتىرىگە ئېلىپ
بېرىلغان. ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنىڭ
ناملىرى خارجىي ماتېرىياللاردىن باشقا خىتاي مە-
نبەلىرىدە كەم ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەيياھ-
ئىنىڭ ئىشى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھە-
مىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جۇڭغار خانلىقى ئو-
تتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە ئاساسەن ئۇشبۇ
خانلىق خىتاينىڭ غەربى خىتايغا (سۇجو شەھرىگە)،
ھەممىسى بولۇپ 5 قېتىم، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىمدىن
سودا كارۋانلىرى ئەۋەتتى. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكۈ-
نىمىزدەك، كۆرسىتىپ بېرىلگەن يول. قىين يول بو-
لغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭغار خانلىقى بېيجىڭگە كارۋان
ئەۋەتىشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان. شەرقىي
تۈركىستاندىن جۇڭغار خانلىقى نامى بىلەن ئەۋەتىلگەن
بىرىنچى كارۋان سۇجو شەھرىگە 1744-يىلى يىل بېشىدا
يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ كارۋان تەركىبىدە 122 كىشى
بولغان. كارۋانغا ئالانغۇل (تەلان خولى) باشچىلىق
قىلغان. مەزكۇر كارۋان تەركىبىدە خىتايغا بارغان سو-
دىگەرلەر سۇجو شەھرىگە 260 كالا، 545-ئات، 726-
تۆگە، 30 مىڭ قوي، كۆپ مىقداردا قۇندۇز تېرىسى (29260
جىڭ) (1 جىڭ 596 .816 گرامغا توغرا كېلىدۇ)، كىشمىش
12250 جىڭ، خاشاتىر، بۇغا مۈڭگۈزى 4388 دانە ئېلىپ

-335-

بارغان. چىن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن سو-
دىگەرلەرنى كونتروللاش ئۈچۈن سوۋېتكە يېڭى ئىمتىيازلىك
بىر يېرىلىك خەمەلدارنى سوجوغا ئۆزگەرتكەن [ 237 .244-
بەتلەر].

كىلىشىم بويىچە ئۇشبۇ سودىگەرلەر ساتقان
ماللىرىغا. باجلىق خىراجەتنى ھېسابقا ئالغان ھالدا ئۆزلىرى
باھا قويۇپ سېتىش ھوقۇقى بارىدى. لېكىن ئۇلار سو-
جوغا كەلگەندە سوۋېتكە يېڭى، ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقىنى چە-
كلەپ، ئۇلارغا ماللىرىنى نەخ پۇلغا ساتقۇزماي، پە-
قەت خىتاي ماللىرىغا ئالماشتۇرۇشقا رۇخسەت
قىلدى. لېكىن ئەينى چاغدا، سوجودا مەۋجۇت بولغان
خىتاي ماللىرى، شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ
تەلىپىنى قاندۇرالمايتتى ۋە خالىغان ماللىرىنى تاللاپ
ئېلىش ئىمكانىيىتى بەرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېتكە-
يېڭى بىلەن بۇ سودىگەرلەر ئارىسىدا كېلىشمەسلىك پە-
يدا بولدى. بولۇپمۇ قوندۇز تېرىسى ئېلىپ كەلگەن با-
جاسىغۇل (جاپاسى خۇلى) ماللىرىنى نەخ كۆمۈش پۇلغا
سېتىشقا رۇخسەت بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېتكە يېڭى قوندۇز، تۈلكە، لېئوپارت
تېرىلىرى بولسا، پەقەت ئۇلارنىڭ 20% كە كۆمۈش پۇل
تۆلەشكە رازىلىق بەردى. قالغان ماللارنى خىتاي ما-
للىرىغا ئالماشتۇرۇشتا رىۋۇسنىڭ باھاسىنى ئۆلچەم
قىلىپ كۆرسەتتى. مەسىلەن: 1 جىڭ (1 جىڭ 596.816 گرامغا

تەڭ) كىشمىشكە 1 چېلەك رېۋەن، 3 چېلەك خاشاتىرگە 2
چېلەك رېۋەن، 5 تال بۇغا مۈڭگۈزىگە 1 چېلەك رېۋەن توغرا
كېلىشى كېرەك دەپ بەلگىلەپ بەردى. شەرقىي تۈركىستا-
نلىق سودىگەرلەر ئىلاجسىزلىقتىن سۈلۈڭ كەيۈنىڭ تە-
كلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى
رېۋەن، ھەركەزى ئاسىيا ۋە ئاۋروپا تاباجەتچىلىكىدە
كەڭ قوللىنىلغان دورا بولغانلىقى ئۈچۈن. شەرقىي
تۈركىستانلىق سودىگەرلەر رېۋەننى كۆپ مىقداردا ئېلىپ
كەتكەن.

سۈلۈڭ كەيۈ بەلگىلەپ بەرگەن بۇ ئۆلچەم
ۋە رېۋەننىڭ ختايدا ئىستېمال قىلىنغان باھاسى بىلەن ھېساپ-
لىغاندا، شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر ختايغا
1744-يىلى ئېلىپ بارغان 29260 چېلەك كىشمىش، 12230 چېلەك
خاشاتىر ۋە 4388 دانە بۇغا مۈڭگۈزى 38292 چېلەك رېۋەنگە
ئالماشتۇرغان. ئۇلارنىڭ نەخ پۇلغا ساتقان ماللىرى
41 مىڭ سەر كۈمۈش پۇلغا تەڭ كەلگەن. بۇنىڭدىن تاش-
قىرى شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن
سوغىلار ئورنىغا، سوغا قىلىپ بېرىلگەن رېۋەننىڭ مىقدارى
1318 چېلەكتىن ئىبارەت بولغان [247.237-بەت].

ئىككىنچى سودا كارۋىنى شەرقىي تۈركىستاندىن
ختايغا 1746-يىلى سۇۋاڭ دورجى خان خامدىن ئۆتۈ-
تىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبى 213 كىشى بولغان. ئۇلارغا
جۇڭغار بېگى رەھىم قول باشچىلىق قىلغان. بۇ قېتىملىقى

بويىچە 6-5-ئايلار داۋامىدا سۇجۇدا بولغان. كارۋان تەركىبى 136 كىشى بولۇپ، ئۇلار سۇجۇغا 402 كالا، 984 ئات، 585 تۆگە، 7505 قوي ھەيدەپ بارغان. بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى قومۇلدا سېتىۋەتكەن. قومۇلدا سېتىلغان ماللار مىقدارى 12744 سەر كۈمۈش، سۇجۇدا سېتىلغان ماللارنىڭ مىقدارى 46 مىڭ سەر كۈمۈش پۇلغا تەڭ بولغان.

كەلتۈرۈلگەن رەقەملەرگە قارىغاندا 1748-يىلى خىتايغا بارغان شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى قومۇلدا خەج پۇلغا ساتقان. شۇ سەۋەبىدىن سۇجۇغا ئېلىپ بارغان ماللار مىقدارى ئۆتكەن قېتىمقىدىن كام بولغان. بۇ ئەھۋال شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سۇجۇغا ئېلىپ بارغاندىن كۆرە، قومۇلدا سېتىش پايدىلىقراق بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا ئۆتكەن تۆرتىنچى كارۋان سۇجۇغا 1750-يىلى يازدا يېتىپ كەلگەن. كارۋان تەركىبىدە 301 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا خەزروز (نولوسى) باشچىلىق قىلغان. كارۋان تەركىبىگە كىرگەن سودىگەرلەر خىتايغا 2280 كالا، 156900 قوي، 1900 ئات، 1000 تۆگە، 70 مىڭ تۈرلۈك موينا تېرىلەرنى ئېلىپ بارغان. كەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ ھاكىمى (زوڭدۇ) ئىجىمشەننىڭ كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا جوڭغار خانى ئامىدىن سۇجۇغا

-339-

بارغان سودىگەرلەر تەرىپىدىن سېتىلغان ماللارنىڭ
ئەرزى 200 مىڭ سەر كۈمۈش پۇلدىن ئىبارەت بولۇپ،
ئۇنىڭدىن 7865 سەر كۈمۈش پۇل قىممىتىدىكى ماللار
قەرزلا سېتىلغان [237. 249 ـ 255 ـ بەتلەر].

ئى جىنشەن بىغىنگە ئۇزەتكەن ھېساباتىدا «مەن جوڭغارلار بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىنى تەكشۈ-
رۈپ چىقتىم. 1744 ـ يىلى بۇ سودىدىن ئەمەلىي 41 مىڭ سەر
كۈمۈش پۇل، 1746 ـ يىلى ئۆسۈپ رەقەم 59 مىڭ سەر
كۈمۈش پۇلغا، 1748 ـ يىلى 76 مىڭ سەر كۈمۈش پۇلغا
يەتكەن بولغان. بۇ قېتىم (1750 ـ يىلى) ئېلىپ كېلىنگەن ماللار-
نىڭ مىقدارى ئەچچە يارەۋەر كۆپەيگەن» دەپ ياز-
غان [237. 247 ـ بەت].

كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئەنىق كۆرسىتىپ
تۇرۇپتىكى 1744 ـ 1750 ـ يىللىرى داۋامىدا، خىتايغا شەرقىي
تۈركىستاندىن بارغان سودىگەرلەرنىڭ سانى ۋە ئېلىپ
بارىپ ساتقان ماللارنىڭ مىقدارى بارغانسېرى كۆپەيگەن.
لېكىن چىن ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇش ئورنىغا
ئۇنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەش سىياسىتىنى قوللاندى. مەسىلەن:
ئى جىنشەن جوڭغار خانلىقى تەۋەلىدىن، خىتايغا ئۆتكەن
سودىگەرلەرنىڭ سانى ۋە ماللارنىڭ مىقدارى كۆپىيىۋاتقان-
لىقى، ئۇنى تەشۋىشكە سېلىۋاتقانلىقىنى چىن ھۆكۈ-
مىتىگە ئېيتىپ، ئۇنىڭغا بۇنى چەكلەش كېرەك دېگەن
تەكلىپنى قويدى. ئۇ تەكلىپنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇشبۇ

-340-

چىن ئەمەلدارى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ماللار-
نىڭ مىقدارى كۆپىيىشكە ئەگىشىپ كۈمۈش پۇل چەتكە
چىقىپ كېتىش ھالىتى جىددىي تۈس ئىلىۋاتىدۇ دەپ
كۆرسەتكەن. چەنلۇڭ خاقانى ئى جىششەننىڭ تە-
كلىپىنى قوللاپ قوبۇل قىلدى [237، 249-بەت] ۋە مەخسۇس
قارار چىقاردى. مەزكۇر قاراردا 1750-يىلدىن باشلاپ
جۇڭغار خانلىقى خىتايغا 30 مىڭ قوي، 1 مىڭ ئات،
30 دانە موينا تېرىسىدىن ئارتۇق مال ئۆتكۈزمەسلىكى شەرت،
ئەگەر ئۇشبۇ كۆرسەتمىگە ئىتائەت قىلماستىن، كۆپ
مىقداردا مال ئۆتكۈزۈلسە، ئارتۇق قىسمى چېگرادىن ئۆتكۈ-
زۈلمەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇندىن تاشقىرى چەكلىك
خىتاينىڭ شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرى مەھەللى مەمۇر-
يەتلىرىگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانلىق
سودىگەرلەردىن سېتىۋالىدىغان ماللارنىڭ مىقدارى
13 مىڭ قوي، 669 كالا، 661 ئات ۋە 63 مىڭ دانە موينە
تېرىسىدىن ۋە بۇ ماللارنىڭ خىراجى 186 مىڭ 2 يۈز سەر
كۈمۈش پۇلدىن، خەق پۇلغا سېتىۋالىدىغان ماللارنىڭ
مىقدارى 18 مىڭ سەر كۈمۈش پۇلدىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن
سېتىۋېلىنىدىغان ماللارنىڭ قالغان قىسمى ئۈچۈن ئىپەك
ئىپ، رەخت، چاي ۋە باشقا ماللار بېرىلىشى ۋە بۇ ماللار-
نىڭ ئومۇمىي خىراجى 167 مىڭ 3 يۈز سەر كۈمۈش پۇلدىن
ئاشماسلىقى ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن [237، 249-بەت].
ئاردىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چەنلۇڭ

-341-

شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ خىتايغا بېرىپ
ساتقان ۋە سېتىپ ئالغان ماللىرىنىڭ مىقدارى ھەممە
دەرقلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ھۆكۈمەت
تەرىپىدىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن
ئىشلىتىلگەن كۈمۈش پۇل مىقدارى، كەنسۇ ۋە شەنشى
ھاكىمى ئېچىشەن ئەيتقانىدەك كۆپ ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.
ئەينى ۋاقىتتا چىن ھۆكۈمىتى، جوڭغار خانلىقىغا قارشى
يېڭى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشلىرى باشلىغان
ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭدا مەزكۇر ئۇرۇشقا
سەپەرۋەر قىلىنىدىغان ئەرمىيەنى ئات بىلەن تەمىنلەش
ئۈچۈن كۆپ مىقداردا ئات سېتىۋېلىش ئېھتىياجى تۇ-
غۇلغان ئىدى. شۇڭلاشقا چىن خاقانى مەزكۇر ئەمە-
لدارنى ئۇزاقنى كۆرەلمەسلىكتە ئەيىبلەپ، ئازغىنا پۇلنى
ئىقتىسات قىلىش مەقسىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندىن ئېلىپ
كېلىنىدىغان ماللارنىڭ مىقدارىنى چەكلەش، ئۇرۇش
پەيتىدە تېجەپ قالغان پۇلنى بىرنەچچە يۈز جارا-
ۋەر كۆپ مەبلەغ سەرپ قىلىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقنى
دەپ تەنقىدلەيدۇ. شۇ بىلەن بىرگە چىن ئەمپىرىيەسى
ئۈچۈن، جوڭغارلاردىن كۆپ مىقداردا ئات سېتىۋېلىپ،
بۇ ئاتلارنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئىشلىتىش مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ كۆرسىتىدۇ. چەكلىك خاقا-
نىنىڭ پىكرىچە، بۇنداق قىلىش، بىر تەرەپتىن چىن ئەمپىرىيە-
سىنىڭ ئاتقا بولغان ئېھتىياجىنى تەمىنلەپ ئۇنىڭ

-342-

ئىمكانىيەتلىرى ۋە كۈچى ئاشۇرسا، ئىلگىرىكى تەرەپنى
جوڭغار خانلىقىدا ئاتلارنىڭ كەمچىلىكى ۋە ئۆزىنىڭ دۆلىتى
ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى ئات بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىدا
قىيىنچىلىق تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق
ۋاقىتتا چىن خەزىنىسىنىڭ ھەربىي خىراجەتلىرى مۇۋاپىق قىيمەت
بىلەن تولۇقلىنىپ، بىۋاستە ئالاقىدار دەپ قاراش لازىم
بولغان ۋە بۇنداق ۋەزىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈ-
رۈمچى تەبىئەتچىلىكىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى دەپ
ھېساپلانغان. شۇ سەۋەپكە كۆرە چىن خاقانى ئۆزى جىددىيە-
لىك بۇ ھەقتە ئۇقتۇرۇش بىرىپ، ئۇزاقنى كۆزلەپ
ئىش تۇتۇش ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆزىنىڭ ئۆزىنى
زورۇر بولغان ماللارنى ئېلىپ كەلسە، بىر-بىر
چاھانە بىلەن ئۇلارنى چىگرادىن چەكلىمىسىنى ئۆ-
تكۈزۈش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن [237.250.ج.ن].

1752-يىلى يازنىڭ بېشىدا، جوڭغار خانلىقى
بېجىنگە بەشىنچى قېتىملىق سودا كارۋىنى ئەۋەتتى. بۇ
كارۋان 200 كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار 1748-
يىلى خىتايغا بېرىپ كەلگەن ئالانغول جاسىلىق قىلدى.
بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر خىتايغا
77 ساغلىق قوي، 1200 كالا، 1270 ئات، 588 تۆگە ھەيدەپ
بارماقچى بولغان ئىدى. لېكىن چىگرادىن 1200 كالا، 900
ئات، 500 تۆگە، 70 ساغلىق قوي ئۆتكۈزۈلدى. شۇ سەۋەپ-
دىن ئۇلار ئۆز ماللىرىنىڭ قالغان قىسمىنى ئارقىغا قايتۇرۇ-

ۋېتىشكە مەجبۇر بولغان [237، 249-بەت].

مەنبەلەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قوشۇنغا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كارۋانلار- دىن تاشقىرى، ئىككى سودىگەر گۇرۇھى كەلگەن. بۇلارنىڭ بىرى 12 كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، جابۇر (جا- بۇ) باشچىلىقىدا 1743-يىلى باھاردا قوشۇنغا يېتىپ كەلگەن ۋە قوشۇنغا 100 ئات، 2 مىڭ قوي ساتقان. ئىككىنچى سودىگەرلەر گۇرۇھى 13 كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەرغۇجاق (ئەرگۈجەك) باشچىلىقىدا شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا قوشۇنغا يېتىپ كەلگەن ۋە بۇ يەردە 280 كالا، 280 ئات، 5 مىڭ قوي ساتقان [225، 227-بەت]. 1743-يىلدىن كېيىنكى دەۋردە شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ قوشۇنغا بېرىپ مال ساتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. جوڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا ھەققىدىكى كېلىشىمدە ھەم ئۇلارنىڭ قوشۇنغا كېلىپ سودا قىلىش مۇمكىن دەپ ئېيتىلمىغان.

مانا شۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېيتىش مۇمكىن- كى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جوڭغار خانلىقىغا، ختايغا سودا كارۋانلىرى ئەۋەتىش ئۈچۈن رۇخسەت بەرگەنلىكى، شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەر ئارىسىدا مەزكۇر مەملىكەتكە بېرىپ كېلىشكە چوڭ قىزىقىش ئويغاتقان. ئامما چىن سۇلالىسى بەلگىلىگەن يوللاردىن تاشقىرى

-344-

ۋاقىتتا ۋە كۆرسىتىلگەن سانىدىن ئارتۇق، ھەمدە جو-
ڭغار خانىغا ۋەكىللىك قىلمىغان شەرقىي تۈركىستانلىق
سودىگەرلەرنىڭ خىتايغا، ھەتتا ئىلگىرى بۇلار ئۈچۈن
دائىم ئوچۇق بولغان قۇمۇل شەھرىگە بېرىپ سو-
دىگەرچىلىك قىلىشقا رۇخسەت بەرمىگەن. مەزكۇر
خۇلاسىنىڭ مىسالى تەرىقىسىدە بىر ۋاقىيەنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈش مۇمكىنكى، 1751-يىلى ئاقچول ئىسىملىك بىر مو-
سۇلمان سودىگەر 400 خەچىر يارىدەمچىسى بىلەن بىرگە
چىن ئىمپېرىيەسى چېگراسىغا 40 مىڭ ئات ھەيدەپ
كېلىپ، بۇ يەردىكى چىن مەمۇرىيىتىدىن ئاتلارنى
خىتاي خەلقىگە ئېلىپ بېرىپ سېتىشقا رۇخسەت
سورىغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا رەت جاۋاب
بېرىلگەن. بۇ ھەقتىكى مەلۇمات چيەنلۇڭ خاقانى قو-
لىغا تەگكەندە، ئۇ دەرھال جوڭغار خانىدىن بە-
لگۈلەنگەن ۋاقىتتا كەلمىگەن يارلىق سودىگەرلەرنى
چېگرادىن ئۆتكۈزمەسلىك ھەققىدە مەخسۇس پەر-
مان بەرگەن [237، 255-بەت].
يۇقىرىدا جوڭغار خانلىقى نامىدا، بېجىڭگە ئەۋە-
تىلگەن ئەلچىلەر ھەققىدە سۆزلەنگەن ئىدى. مەنبە-
لەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جو-
ڭغار ئەلچىلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېجىڭگە بارغان-
لار ھەم سودا ئىشلىرى بىلەن جىددىي شۇغۇللانغان.
شۇ بىلەن بىرگە چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى

-345-

ئوتتۇرسىدىكى ئەلچىلىك مۇناسىۋەتلەر مەلۇم دە-
رىجىدە سودا ئالاقىلار رولىنى ئوينىغان. بۇنىڭ
سىپاتى خەرىتىسىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا
مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن.

ئەينى زاماندىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم
بىر ئارخىپى ھېساپلانغان ھەربىي كەڭخەش
(جۈنجى چۇ) ئارخىۋىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا
قارىغاندا 1742-يىلى باھاردا جوڭغار ئەلچىسى چويىنا-
مۇقاي، 42 نەپەر يارىمچىلىرى ئارقىلىق سوجوغا
484 ئات، 715 توگە، 5 مىڭ قوي، 176 قاپ كىشمىش،
86 قاپ خاشاڭزا ۋە كۆپ مىقداردا موينا، تېرە، بۇغا مو-
ڭگۈزى قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ بېرىپ ساتقان. مەزكۇر
ئەلچى ساتقان ماللارنىڭ ئومۇمىي خىرجى 58 مىڭ سەر
كۈمۈش پۇلغا تەڭ بولغان. شۇ يىلى كۈزدە چويىنامۇقاي
96 نەپەر ھەمراھلىرى بىلەن بېيجىڭگە كېتىۋاتقاندا سوجودا
146 ئات، 114 توگە، 5629 قوي ساتقان [237. 257-
254-بەتلەر].

1744-يىلىنىڭ بېشىدا بېيجىڭگە كەلگەن خورداي
(خۇرشەردو) باشچىلىقىدا 14 كىشىدىن ئىبارەت ئەلچىلەر
گۇرۇھى سوجودا 84 ئات، 92 توگە، 545 قوي ساتقان.
كېيىنكى يىلى بېيجىڭگە بارغان جوڭغار ئەلچىسى ئالتۇ بىلەن
سەپەرگە ئاتلانغان 38 نەپەر سودىگەر تۈركىستانلىقلار
مەزكۇر شەھەردە 378 كالا، 543 توگە، 7669 قوي ۋە

كۆپ مىقداردا مويىنا تېرىسى، خاششاتىر، كىشىش، بۇغا
موڭگۈزى ساتقان.

1746-يىلى باھاردا خالۋ. ئۇككىنچى قېتىم بېجىنگ
كىتتۋاتقاندا، ئۇنىڭ 28 نەپەر ھەمراھلىرى سوجوغا
28 كالا، 290 ئات، 95 تۆگە، 945 قوي ئېلىپ كېلىپ
ساتقان. ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەيچە جوڭغار خانلىقى ئەل-
چىسى مامۇت، 46 نەپەر ھەمراھلىرى بىلەن سوجودا
تۆختاپ، بۇ يەردە 690 كالا، 913 ئات، 217 تۆگە،
17700 قوي ۋە كۆپ مىقداردا مويىنا تېرىسى ساتقان.

1748-يىلى 28 نەپەر ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە بېجىنگغا
يول ئالغان جوڭغار ئەلچىسى يەنچى، سوجو بازار-
لىرىدا 87 تۆگە، 407 ئات ۋە 1267 قوي ساتقان.
1749-يىلى ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن بېجىنگغا ئاتلانغان
نىخمەت 47 نەپەر ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە سوجودا
تۆختاپ، بۇ يەردە 129 كالا، 678 ئات، 181 تۆگە ۋە
2585 قوي ساتقان. بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستانلىقلار
ساتقان ماللارنىڭ ئومۇمىي نەرخى 10200 سەر كۈمۈش
پۇلغا تەڭ بولغان. 1750-يىلى ئەلچىلىك ۋەزىپىسى
بىلەن بېجىنگغا بارغان ئەركىن ۋە ئۇنىڭ 52 نەپەر
ھەمراھلىرى، سوجودا 156 كالا، 957 ئات، 346 تۆگە
ۋە 3700 قوي ساتقان. مەزكۇر ماللارنىڭ ئومۇمىي
نەرخى 10500 سەر كۈمۈش پۇلغا تەڭ بولغان. 1751-
يىلى ئىلەدىن بېجىنگغا ئەلچى بولۇپ يولغا چىققان تۈپچى خول

-347-

(تۆبۈچىر ھالان) قوشۇلدا 2000 سەر كۈمۈش پۇلغا سودىدا 9000 سەر كۈمۈش پۇلغا مال ساتقان (سېتىلغان ماللارنىڭ سانى نامەلۇم). 1754 - يىلى بېجىڭگە ئاخىرقى قېتىم ئەۋەتىلگەن جوڭغار ئەلچىسى دۇندوق ۋە ئۇنىڭ 33 نەپەر ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇلغا 73 تۆگە، 151 كالا، 493 ئات، 3500 قوي ئېلىپ كېلىپ ساتقان. بۇنىڭدىن ئاشقىرى، ئۇلار سودىدا 8175 سەر كۈمۈش پۇل ھەجمىدە مال ھەم ساتقان [237، 253-254-بەتلەر].

چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا سودا ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، چەكلىك قاتناش ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر ئۈچۈن، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەنئى قىلىش ھەققىدە مەخسۇس كۆرسەتمە بەرگەن ئىدى [43. 40-دەپتەر، 8-، 10-بەتلەر]. ئەمما بېجىڭگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر يولدا ئىشلىتىش ئۈچۈن، نەق پۇلغا ئېھتىياجى چۈشىدا بولغانلىقى سەۋەبلىك، جوڭغار خانى چىن ھۆكۈمىتىدىن ئەلچىلەرگە سەپەر داۋامىدا ئاز-تولا ماللىرىنى سېتىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىشنى سورىغان. شۇنىڭدىن كېيىن جوڭغار خانلىقىدىن بېجىڭگە بارغان ئەلچىلەر، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان [43. 106-دەپتەر، 8-، 10-ۋاراقلار].

بۇ قۇردا كەلتۈرۈلگەن دەلىللەر شۇنى ئېنىق

كۆرسىتىپ ئۆتۈپتىكى، بېيجىڭگە بارغان جوڭغار ئەلچىلىرى
خەتايغا بارغانلىرى كۆپراق مىقداردا مال ئېلىپ بېرىپ
ساتىشنى ئەنجىسىدى. 1750-يىلى چەنلوڭ خاقان جو-
ڭغار ئەلچىلىرىنىڭ خەتايغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغان
ماللار مىقدارىنى چەكلەش ھەققىدە مەخسۇس پەرمان
چۈشۈردى. مەزكۇر پەرماندا، ئىلىدىن بېيجىڭگە ئەۋەتىلىدىغان
ئەلچىلەر سانى 50 كىشىدىن ئاشماسلىقى ۋە سودا مىقدا-
رى 1748-يىلى سېتىلغان ماللار ھەجمىدىن ئاشماسلىقى
لازىم دەپ بەلگىلىگەن [43. 406-بەت، 10-ئۇۋاراق ئاجەت].

جوڭغار خانلىقى نىسبەتەن زىيادە تىجارەت
ئۈچۈن يولى بىلەن ھەم سودا ئىشلىرى ئەمەلگە
ئاشۇرغان. مەسىلەن: يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك
ئىلىدىن ئىلغاسىغا 3 قېتىم، 1741، 1743، 1744-يىللىرى
300 كىشىدىن جەمئى 900 كىشى ئەۋەتىلگەن. بىرىنچى
قېتىم نىسبەتەن بارغانلارغا زەيسەن چوڭتو ۋە لاما
دايەنتو دەنجىن باشچىلىق قىلغان. بۇلار خەركېپكە كىرگەن
سودىگەرلەر ئۆزلىرى بىلەن 280 تۆگە، 1716 ئات ۋە
7392 قوي، 19000 جىڭ خاشاتىر، 827 دانە بۇغا مۈڭگۈ-
زى، كۆپ مىقداردا موينا تېرىسى ھەمدە كىشمىش ئېلىپ
يولغا چىقىشقان. ئۇلار ماللىرىنى 408 كالا ۋە 5754
قويىنى ئىبارەت بىر قىسمى قوغۇلدا، قالغانلىرى دۇڭگەردە
ساتقان. جوڭغار خانلىقىدىن كەلگەنلەرنى كۆزىتىپ
بارغان شۆجىنتو ئىسىملىك چىن ئەمەلدارى بېيجىڭگە

-349-

يازغان خەۋەرلىرىدا 1741-يىلى 15-ماي كۈنى مېھمان-
لەر دۆڭكەردە سودا ئىشلىرى تۈگۈتۈپ لىفانسقا
قاراپ يولغا چىقىلىنىشى كېرەكتى. لېكىن ئۇلار ئۆز مال-
لىرىنىڭ بىر قىسمىنى 105476 سەر كۈمۈش پۇلغا سېتىپ،
قالغانلىرىنى ئىپەك رەختكە ئالماشتۇرۇپ ئالغان-
لىقى ھەققىدە سۆز بولمىغان [237. 245-بەت].
خىتاي خاتىرىسى سەي جائى، جۇڭغار زىباۋ-
تېچىلىرىنىڭ لىفانسقا بېرىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ
سەۋەبى ھەققىدە بىكار يولۇقۇپ «چەمۇتو تىبەتكە
بارماسلىق مەقسىتى ئۆز ماللىرىنى قىممەتكە سا-
تىشقا شۇ بىلەن ئۇ ۋاقىتتا ئارقىغا سوزۇلۇشقا
ھەرىكەت قىلدى» دەپ يازىدۇ [237. 245-بەت].
ئەمما جۇڭغار زىباۋتېچىلىرى كۆزەتكۈچى جىن خەمەل-
دارى ئۇلارنىڭ بېيجىڭگە يازغان جاۋاپنامىدا «جۇڭغار-
لارنىڭ خەتلىرى، دۆڭكەرگە 4-ئاينىڭ 1-كۈنى (1741-
يىلى 15-ماي) يېتىپ كەلدى. ئۇلارغا 5-ئايدا تىبەتكە
يېتىپ بېرىش بەلگىلەپ بېرىلگەن. ئەمما ئۇلار ماللىرى
قىممەت ساتقانلىقى ئۈچۈن. ئۆز ۋاقتىدا سودا
ئىشلىرى تۈگىمىدى. جۇڭغارلار تىبەتكە يېتىپ
بارمىغان ۋاقىتتا ئارقىغا سوزۇلۇشنى سورىدى. 6-ئايدا
چەمۇتو شەكلىدە قىسىم ماڭغا مۇۋاپىقەت قىلىپ، تىبەتتە
سوغۇق چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىرىمىز
ئورۇقلاپ يول يۈرۈشكە يارىماي قالدى. قايتىشىمىزغا

توغرا كەلمىدۇ. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ئۈز-
ۈلگەن بولغاندىن كېيىن، باشقا يىلى تىبەتكە بارالمىز
دەپ ئېيتتى» دېيىلگەن [63. 46-دەپتەر، 13-ۋاراق،
2-بەت، 14-ۋاراق، 1-بەت].

ئىسۋاڭ راپتان ئۆزىنىڭ 1742-يىلى ئاپرېل
ئېيىدا بېيجىڭگە يەتكۈزۈلگەن مەكتۇپىدا «چىموتونىڭ
لىغا ئىسقا بارماي، يېرىم يولدىن قايتىپ كەلگەنلىكى
ھەققىدە توختاپ «ئۇلۇغ خاقاننىڭ مەكتۇبىنى ئالدىم،
مەزكۇر مەكتۇپتا تىبەتكە 300 كىشى ئەۋەتىشكە
رۇخسەت بەرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇ بىلەن بىزگە
بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قوشۇلغا بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى
دۆڭكەرگە يەتكۈزۈپ قويۇش، سۇ، ئوت-چۆپ
بىلەن تەمىنلەش، بازارغا بېرىپ مال سېتىش ۋە
ئېلىش ئۈچۈن ئەركىنلىك بېرىش، قايتىپ كېلىۋاتقاندا
ھەم ئۇلارنى يېمەك-ئىچمەك، سۇ، ئوت-چۆپ بىلەن
تەمىنلەش، مال سېتىپ ئېلىشقا، ئۇلارغا زەرۇر بولغان
يارەم كۆرسىتىش ھەققىدە ئالى پەرمان بېرىلگەنلىكى
ئېيتىلغان. لېكىن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قوشۇلغا
يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بەلگىلەپ بېرىلگەن يول
كۆرسەتكۈچى، ئۇلارنى چۆلگە باشلاپ كىرىپتۇ. سۇ ۋە
ئوت-چۆپ يوقلىقىدىن كۆپ ماللار ئۆلۈپتۇ، ئادەم-
لىرىمىز ھەم خاھايىق قىينىلىپتۇ. بارىدىغان جايغا يەتكەن-
دىن كېيىن مەھەللىي ئەمەلدارلار ئالى پەرمانغا ئاساسەن

-351-

قىلماي، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى بازارغا بېرىشقا
يول قويماي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەر-
زان باھادا ماللىرىڭلارنى تېزدە سېتىپ، تېبەتكە كېتىڭلار
دەپ ئېيتىپتۇ. ماللارنىڭ كۆپرەك بىر قىسمىنى ئۆزلىرى
بىلەن يولغا ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت بەرمەپتۇ. بۇنىڭ
سەۋەبىدىن، ئادەملىرىمىز ئۆز يېرىدە 4 ئاي تۇرۇشقا، سوڭ
تېبەتكە ئازغىنا يول قالغانلىقىغا قارىماي، ئارقىغا
قايتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ» دەپ يازغان [63. 46-
دەپتەر، 22-ۋاراق، 2-بەت؛ 23-ۋاراق، 2-بەت].
يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن چىن ئەمەلدارى بىلەن
جوڭغار خانىنىڭ مەلۇماتلىرى بىر-بىرگە سېلىشتۇرغان
ھالدا، مولاھىزە قىلىش نەتىجىسىدە مەلۇم بولىدىكى،
چىن ھۆكۈمىتىنىڭ، جوڭغارلارغا تېبەتكە بېرىش ئۈ-
چۈن ئۇلار بۇرۇن قوللانغان ئۇزاق ئايلانما ۋە
چۆل يولنى بەلگىلەپ بېرىش نەتىجىسىدە، لخاساغا بېرىپ
زىيارەت قىلىش كۆپ ۋاقىت ۋە مەبلەغنى سەرپ قىلىشنى
تەلەپ قىلغان، سەپەر ھەم ناھايىتى مۇرەككەپ چىلە-
شكەن. بىرىم يولغا يارغۇنچە سېپىش ئۈچۈن ھەيدەپ
كېتىلىۋاتقان ماللار ئورۇقلاپ، ئۇلارنىڭ نەرقى چۈشۈپ
كەتكەن. مەھەللى ھەمورىيەت ئامالسىز چىن خاقانى
ۋەدە بەرگەن يارەملەر كۆرسىتىلمىگەن. بۇ سەۋەبىدىن
جوڭغارلار بىلەن چىن ھەمورىيىتى ۋە مەھەللى خىتاي
سودىگەرلىرى ئارىسىدا زىددىيەتلەر كېلىپ چىققان. ئەرەبلەرنىڭ

مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قالغان. نەتىجىدە چىڭ ئىمپېر-
يەسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالا-
قىلارنىڭ رىۋاجلىنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن. جو-
ڭغار زىيارەتچىلىرىنىڭ بېرىم يولدىن قايتىپ كېتىشىنىڭ
سەۋەبى، خىتاي تارىخچىسى سەيجاڭ ئېيتقاندەك،
ئۇلارنىڭ جاھىللىقى، چەمۇتونىڭ خائىنلىقى ئەمەس، بەلكى يو-
لىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە مەنزىللەرنىڭ يېتىشمىگەنلىكى، سەپەر-
نىڭ مۇددىتىگە چەكلىمىدىن ئىبارەت بولغان. سەيجاڭنىڭ
خۇلاسىسى، پەقەتلا بىر تەرەپلىمە ھالدا چىڭ ئەمەلدار-
لىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسلانغان.

1743-يىلى جوڭغار خانى غالدان سېرىن تىبەتكە
زىيارەتچىلەر ئەۋەتىش مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھېسا-
بقا ئالغان ھالدا، بېيجىڭگە چويىنام موقاننى ئەۋەتىپ،
ئۇ ئارقىلىق چەنلوڭ خاقاندىن لھاسىغا بېرىش ئۈچۈن
كۆك نورنىڭ غەربىي ۋىلايەتلىرىدىن ئۆتىدىغان يېقىن
يولدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت بېرىشنى سورىغان ئىدى.
شۇ بىلەن بىرگە خان ئۇنىڭغا، ئەگەر بۇ يولنى ئېچىپ
بېرىش مۇمكىن بولمىسا، كېلىشىمدە كۆرسىتىلگەن يولدىن
قىسقىراق بولغان شىنىڭ شەھىرى ئارقىلىق، تىبەتكە
بارىدىغان يولدىن پايدىلىنىشقا ئىجازەت بېرىشنى ھەم
ئىلتىماس قىلغان. لېكىن چەنلوڭ خاقاننىڭ بۇ قېتىمقى
ئىلتىماسىنى ھەم ئىناۋەتكە ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەگەر
چەمۇتونىڭ بېرىم يولدىن قايتىپ كەتكەنلىكى ۋە مەسىلىلى

مەمورىيەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە قولاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن، غالدان سېرىن شەخسەن ئۆزى كەچۈرۈم سورىمىسا، بۇندىن كېين تىبەت، جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن بۇتخانىلىرى يېپىپ تاشلىنىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. شۇنىڭدىن كېين، غالدان سېرىن ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈرمەسلىك ئۈچۈن، چىڭ خاقانىنىڭ چىمۇتۇ ھەققىدىكى تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خاقاننىڭ تىبەتكە بەرھەق ئادەم ئەۋەتىشكە رۇخسەت ئالدى [46.63- دەپتەر، 12-3-23-ۋاراقلار].

نۇۋەتتىكى تىبەتكە بېرىش زىيارەت ئەلچىلىرى، ئىلىدىن 1743-يىلى باھاردا يولغا چىقتى. سەپەرگە ئاتلانغانلار سانى جەمئى 312 كىشى بولۇپ، ئۇلارغا بېجىنگە بېرىپ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان چويىنام موقاي ۋە سودىگەر جاپا سىقول باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن 1800 تۆگە، 2300 ئات، 2800 قوي، 20مىڭ موينا تېرىسى ۋە كۆپ مىقداردا كىشمىش، بوغا موڭگۇزى ئېلىپ يولغا چىققان. بۇ قېتىم چەكلىلىك جوڭغارلارنى كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن، دۇڭكىرگە خاشىغى ئالاقىلار نەزىرلىكىنىڭ (لى فەن يۈەن) مەسئۇل خادىمى بارچۇق ۋە ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ، ئەرمىيە قوماندانى (جاڭجۇن) لاۋازىمىغا ئىگە بولغان ئۇجى تولى ئەۋەتىلدى. دۇڭكىرگە ئۇشبۇ چىن ئەمەلدارلىرى، چويىنام موقاينى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارغا ياردەم كۆرسىتىلدى ۋە جوڭغار-

لارنىڭ ماللىرى ھۆكۈمەت ھېسابىدىن سېتىۋېلىندۇ. ئەنجاندا جۇڭغارلار سودا-سېتىق ئىشلىرى تىزدە پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9-ئايدا (17-ئۆكتەبىردىن 15-نويابىرغىچە) لخاسىغا قاراپ يولغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇدۇ. قوغدۇلدى دۆڭكەرگىچە. جۇڭغارلارنى 300 نەپەر، دۆڭكەردىن لخاسىغىچە 500 نەپەرچە ئەسكەرلىرى ئۇزىتىپ باردى. دۆڭكەردە جۇڭغارلاردىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەرەپتىن سېتىۋالغان ماللار مىقدارى 78 مىڭ سەر كۈمۈش پۇلغا تەڭ بولدى. جۇڭغارلارغا يولدا ئورۇقلاپ كەتكەن ئات ۋە تۆگىلىرى دۆڭكەردە بېقىشقا قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى لخاسىغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن 300 ئات، 300 تۆگە بېرىپ تۇردۇلدى [237. 246-بەت].

يۇقىرىدا ئېيتىلمىزدەك 1747-يىلى جۇڭغار خانلىقى ئەرەپتىن تىبەتكە ئۈچىنچى قېتىملىق زىيارەتچىلەر ئەۋەتىلدى [63. 49-بەت، 36. 37-ۋاراقلار]. بۇندىن بۇرۇن ئالدىن يېڭى ھاكىمىيەتكە كەلگەن خان سۋاڭ دورجى بېجىڭگە ماتەم ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن چەكلوگۇدىن تىبەتكە زىيارەت ئۈچۈن بارىدىغانلارنى يەنە يول بىلەن يۈرۈشنى سورىغان ئىدى. خان ئۆز ئەلچىسىنى زىيارەتچىلەر قاتارىدا. يەنى ئۇلغىپ قالغان ھەمدە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلار كۆپچىلىكنى ئەشكىل قىلىدۇ دەپ ئىسپاتلىغان. چەكلوك

ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ، زىيارەتچىلەرنىڭ
ماللىرىنى ئۆز بوت دېگەن جايدا سېتىشىغا رۇخسەت بەرگەن.
لېكىن چەخلۇكنىڭ بۇ قېتىم ئەم جوڭغارلار ئىگالدىغا يوي جاۋنى
ئۆزىتىپ، ئۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت ھېسابىدىن ئۇلارنىڭ ئات
ۋە تۆگىلىرى سېتىۋالغان. چەخلۇكنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇ خەزىنىدىن يوي جاۋغا 20 مىڭ سەر كۈمۈش
پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن [63. 50-دەپتەر، 17-ۋاراق 2-بەت].
بۇ قېتىم چىن ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىگە بىناەن،
ئىلىدىن لىغاسىغا بارغۇچىلار، تۈمۈلدىن ئۆتكەندىن
كېيىن چەنۆچكە قاراپ يۈرۈپ، غازكۆل ئارقىلىق مەنزىلگە
يەتكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ سەپەر جەريانىدىكى جاپا-
لىق يەتلىرى قاتتىق خاتىرىدە بولغان. سەپەر داۋامىدا
جوڭغارلار بىلەن كۆكنۇرلۇقلارنى ۋە تىبەتلىكلەرنى
ئەركىن ئالاقە قىلىشقا يول قويماسلىق ئۈچۈن يول
ئۈستىدە جايلاشقان 93 ئۆردىكى ئىچكىرىراق قېتىلىپ-
ئەلەرگە كۆچۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چىن قوشۇنلىرى
جايلاشتۇرۇلغان. يولغا يېقىن يېزىلار مەمۇرىيەت-
لىرىگە مەھەللى خەلق بىلەن جوڭغارلارنى يېقىنلاش-
تۇرماسلىق ھەققىدە مەخپىي كۆرسەتمىلەر بېرىلگەن
[63. 50-دەپتەر، 3 ۋە 27-ۋاراقلار].
1747-يىلى ئىلىدىن لىغاسىغا بارغانلارنىڭ
سانى 300 كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارغا زەيسەن
جايا سىقول باشچىلىق قىلغان. ئۆز بوت دېگەن جايدا ئۇ،

3 مىڭ ئات، مىڭ تۆگە، 3 مىڭ قوي، موينە تېرە ئۆز
باشقا نەرسىلەر بولۇپ، جەمئىي 164350 سەر كۈمۈش
پۇلغا مال ساتقان [255.237- بەت]. جاپا سىغولىنىڭ
ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ قېتىم جوڭغارلار تىبەتكە يېغىن
ئۆز سىز، ئۆت. چوڭچە مول پۇل بىلەن بارغانلىقى سەۋەبلى
ھەيدەپ بارغان ماللار ئورۇقلىمىغان. ئۆلگەنلىرى
ھەم بولمىغان. نەتىجىدە ئۇلار زور ھەم كۆرمىگەن
[50.63- بەت، 51-52- ۋاراقلار]. ئەپسۇسكى جوڭغار-
لارنىڭ بۇ قېتىم تىبەتكە بېرىشى ئاخىرقى قېتىم بولۇپ
قالغان. چىڭ ھۆكۈمىتى، جوڭغار خانلىقى بىلەن تىبەت
ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرنى رىۋاجلاندۇرۇش، ئۇنىڭ
بۇ جەريانىدىكى مەنپەئەتكە زىت كېلىدۇ دەپ بىلگەنلىكى
تۈپەيلى، يۇقۇردا ئېيتقىنىمىزدەك. مەزكۇر خانلىققا
لىغا سىقا ئادەم ئەۋەتىشكە باشقا رۇخسەت قىلمىغان.
1747-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ئۆز
تىبەتنىڭ باش ھاكىمى بولغان پولونەي ۋاپات
قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا جەرھومىنىڭ ئوغلى
جومونتونمۇۋال تايىنلانغان ئىدى. چەخلولۇك ئۆز ھالى
باش بولغانلىقى ئۈچۈن، جوڭغارلار ئۇنىڭغا ئەسىر
كۆرسىتىپ، چىن خانلىقىغا قارشى تۇيۇش ئىمكانى دەپ
ئويلىشىدىكەن. مەسىلەن: چەخلولۇك ھەربى كەڭەشكە
مۇراجەئەت قىلىپ «سۇۋالنىڭ نىمزال تىبەتكە زىيارەت-
چىلەر ئەۋەتىپ كۆكنۇرغا يىغلاپ قالىدى. ئۇنىڭ كۆكنۇرغا

-357-

ھۇجۇم قىلىش نىيىتى بار-يوقلۇقى ھەققىدە بىر پىكىر ئې-
يتىش قىيىن. شۇڭلاش ئۈچۈن ئالدىنئالا چارە كۆرۈپ
قويۇشىمىز لازىم» دەپ ئېيتىدۇ [63.50-دەپتەر، 44-
ۋاراق، 1-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە چىن ھاكىمى تىبەتنى
جوڭغارلاردىن ھىمايە قىلىش چارىلىرىنى كۆرۈش كېرەكلىكىنى
تەكىتلەيدۇ [63.50-دەپتەر، 8-ۋاراق، 2-بەت].

مەنبەلەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، چىن خاندانلىقىنىڭ بۇ تەدبىرىدە جوڭغارلارنى
تۈمەنلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى كۆرۈنىدۇ. بىناجەرى،
جوڭغارلار تىبەتكە بارغاندا، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپە-
ئەتىگە زىت كەلگەن ھەرىكەت قىلماسلىققا ئۇرۇنىدۇ.
ئۇلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان
چىن ئەمەلدارى خوچىن بۇنى خەۋەر قىلىپ، ئۆزىنىڭ
بېجىنگە يازغان مەكتۇبىدە «بۇ قېتىم جوڭغارلار ئىنتايىن
بويسۇنغاق مۇئامىلىدە بولۇپ، ھەممە مەسىلىدە كۆرسەتمىگە
بىناەن ھەرىكەت قىلدى» دەپ ئەكس ئەتتۈرگەن
[63.50-دەپتەر، 8-ۋاراق، 2-بەت]. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي ئېھتىياتچانلىق چارىسى سۈپىتىدە چىن ھۆكۈمىتى
جوڭغارلارنى تىبەتكە بېرىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلماس-
لىق ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى. بۇ ھەقتە چيەنلۇڭ
ئۆزىنىڭ 1751-يىلى 6-ئاي كۈنى ھەربىي كېڭەشكە
ئۇقتۇرۇپ بەرگەن پەرمانىدا «كېيىنكى يىللار داۋامىدا
جوڭغارلار قايتا-قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ، تىبەتكە ئادەم

-358-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزەتتىشكە روخسەت سورىغان ئىدى. لېكىن مەن ھەر قېتىم، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا رەت جاۋاپ بەردىم» دەپ كۆرسەتكەن [63. 53-دەپتەر، 6-ۋاراق، 2-بەت، 7-ۋا-راق، 2-بەت].

گەرچە چىن ئىمپېرىيەسى، جوڭغارلارنىڭ بىلەن تىبەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنى رەسمىي ئۈزۈشتە ئۈزۈۋېتىپ تاشلىغان بولسىمۇ، بۇ ئالاقىلار خارەكتېرى ھالدا، چەركەندىكى تىبەتكە بارىدىغان داۋان بويلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ تۇردى. بۇنىڭ ئىسپاتى ئەرىقسىز، تىبەتكە چاپلاشتۇرۇلغان چىن ئەرمىيەسى قوماندانى چەندېيىنىڭ بېجىڭگە يوللىغان مەكتۇپىگە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن. مەزكۇر مەكتۇپتە «لاداقنىڭ بېگى ماڭا، جوڭغارلار ياركەنت ئارقىلىق بۇيەرگە كېلىپ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەت يازدى...» دەپ يېزىلغان [63. 53-دە-پتەر، 6-ۋاراق، 1-بەت]. چەندېيىنىڭ خېتى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، چەنلۇڭ بۇ ھەقتە لەرزى كەتشىكە چەركەن چارماسىدا «ھازىر جوڭغارلار ياركەنت ئارقىلىق لاداققا ئادەم ئەۋەتىپ، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىكەن. دېمەك ئۇ يەردىن (يار-كەنتتىن) تىبەتكە بارىدىغان يول بار. مەن جوڭغار-لارغا تىبەتكە بېرىشنى مەن قىلغان بولساممۇ، ئۇلار چەرىبىر ياركەنت ئارقىلىق بۇيەرگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ»

دەپ ئەكس ئەتكەن [63 . 53 ـ ۋاراق، 2 ـ جەت].

جوڭغارلارنىڭ خارەسى ھالدا ياركەنت
ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلغىنىنى
ئاڭلاپ، چەخلوڭ ھەربى كەڭگە ئىشكە. تىبەتكە شەرقى
تۈركىستاندىن بارىدىغان جاۋلىق يوللارنى يېپىپ تاشلاش
ۋە بۇ يوللار ئۈستىگە ھەربى قىسملارنى جايلاشتۇرۇش
ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. ئۇشبو كۆرسەتمىگە بىنائەن
1752 ـ يىلدىن باشلاپ، تىبەت يوللىرى جوڭغار ئۈ-
چۈن بۇزنۇغانەي تۇسۇلدى.

خالغا (ماڭغۇلىيە) چىن سولالىسى تەسىرىگە
ئۆتكەندىن، بورۇندىن مەۋجۇت بولغان ماڭغۇل خەلقى
بىلەن شەرقى تۈركىستان ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا
ئالاقىلىرىمۇ رەسمى رەۋىشتە چىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن
ئۈزۈپ تاشلاندى. چۈنكى ئۇ بۆلگىلەر مەملىكەت
ئاھالىسىنىڭ چىن ئىمپېرىيەسىگە قارشى كۆرەشتە بىر-
لىشىپ كېتىشىنى ئۈزى ئۈچۈن ئاھايىتى خەۋپلىك دەپ
ھېساپلايتتى. خالغا ئارقىلىق بېيجىڭغا بارىدىغان سودا
يولىنى ئېچىپ بېرىش، ماڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋا-
ستە مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت
تۇغدۇرۇشىنى ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چىن ھۆكۈمىتى
ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم يوقۇرىدا بايان
قىلىنغاندەك 1740 ـ 1744 ـ يىللار داۋامىدا جوڭغار
خانلىقى بېيجىڭ سوداكارۋانلىرىنى ئۆزەتىش ئۈچۈن خالغا

-360-

ئارقىلىق جارى قىلىنغان يولنى ئېچىپ بېرىشنى قايتا - قايتا سورىسىمۇ، چىن خاندانى خالىقى بۇنىڭغا كۆنمىگەن. لېكىن جوڭغارلار نارەسمىي ھالدا خالقا بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشقا ھەرىكەت قىلغان. چيەنلوڭنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، مەزكۇر ئالاقىلار ئاساسەن مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان [63.3 ك. دەپتەر، 12-ۋاراق].

1751-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات ئال-غاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن ماڭغۇلىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدا نارەسمىي سودا ئالاقىلىرىنى قەتئىي مەنئى قىلدى. چيەنلوڭنىڭ بۇ ھەقتە چۈشۈرگەن پەرمانىدا «جوڭغاردىكى كىشىلەر نارەسمىي سودا ئالاقىلىرىغا يول قو-يسا، ئۇ قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ چېگرا بويلاپ جايلاشتۇرۇلغان ئەسكىرى قوماندانلىرىنى ئاگاھلاندۇ-رۇپ يازغان سۆزنى ئۇچرىتىمىز [63.3ك - دەپتەر، 15-ۋاراق، 2-بەت]. 1751-يىلدىن كېيىنكى يىللاردا شەرقىي تۈركىستان بىلەن ماڭغۇلىيە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىلار بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.

چىن ئىمپېرىيەسى، جوڭغار خانلىقىغا خىتايغا سودا كارۋانلىرى ئەۋەتىشكە رۇخسەت بەرگەنلىكى ۋە شۇ ئاساستا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سودا ئالاقىلار ھەققىدە سۆز يۈرگۈزۈلگەنىدى. مەزكۇر ئالاقىلار سېلىق تۆلەتتىق ئاساسىدا بولغانمۇ ياكى سېلىقسىز بولغانمۇ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى تەبىئىي. لېكىن مەزكۇر سوئالغا تولۇق توغرى جاۋاپ

بىردىغان مەلۇمات تېپىلغىنى يوق. ئەگەر چىن ئىمپېر-
يىسى بىلەن جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن
سودا ھەققىدىكى كېلىشىم، خىتايغا بارىدىغان شەرقىي
تۈركىستان خەلق سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنى ئۆزلىرىگە
ماقۇل بولغان باھادا سېتىش مۇمكىنلىكى ھەققىدە
ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك،
چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇشبۇ خانلىققا، خىتايغا سودا كارۋان-
لىرى ئەۋەتىشكە رۇخسەت بېرىشىنىڭ سەۋەبى، چىن خاقا-
نىنىڭ ئالىي جاناپلىق قىلىشى ئەمەس، بەلكى چېگرا مەسىلىسى
ھەل قىلىشتا، بۇ خانلىقنىڭ بەزىبىر چىن بېسىپ ئالغان
جايلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش تەلىپىدىن ۋاز كەچكەنلىكى
ئىدى. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئېتىبار بېرىش لازىمكى،
ئەگەر مەزكۇر سودا ئالاقە چېگرادا ئېلىنىدىغان ئىسپىلىق
ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، سودا ھەجمى قانچە كۆ-
پەيسە، ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە شۇنچە پايدا بولىدىغىنى
كېرەك ئىدى. ئەمما چىن ھۆكۈمىتى بۇ سودا ئالاقىلىرىنىڭ
ھەجمىنى چەكلەش ھەرىكىتى قىلدى. مانا شۇلارغا ئا-
ساسەن ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلق سودىگەرلەر
جوڭغار خانى نامىدىن، خىتايغا بېرىپ، ئۆز ماللىرىنى سېتىشقا
ساتقان دېگەن پىكىرگە كېلىش مۇمكىن.

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى
تەسىرى ئاستىدىكى جايلاردىكى پائالىيەتلىرى قاتتىق
نازارەتتە بولغانلىقى ئېنىق. بۇ ھەقتە مەنبەلەرگە كۆرە

-362-

مەلۇمات ئۈچۈندۇر. بۇنداق نازارەتنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى قاتارچارىلار قوللانغان.
مەسىلەن: جوڭغار ئەلچىسى بىلەن بېجىڭدە سودا ھەققىدە
كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، چەكلىك ماقال قاتنىشى
ئالاقىلار ۋەزىرلىكىگە توغۇندىكى ئىشلارنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشنى بۇيرۇغان:
1) جوڭغار خانلىقى خاسىدىن خىتايغا كەلگەن
ئەلچىلەر، سودىگەر ۋە تەسۋەقچىلەر بىرىپ زىيارەت
قىلغۇچىلار ئۈستىدىن، مەخپىي نازارەت قىلىش ئۈچۈن
تەجرىبىلىك ئەمەلدارلار تەيىنلەش؛
2) مەزكۇر ۋەزىرلىك ئەمەلدارلىرىدىن ئىككى
كىشىنى قومۇلغا ئەۋەتىش؛
3) خىتايغا جوڭغار خانى خاسىدىن كېلىدىغانلارنى
كۆزىتىش ئۈچۈن، مەخسۇس ھەربىي قىسىملار ئاجرى-
تىش ۋە ئۇلارنى قومۇلغا جايلاشتۇرۇش؛
4) شەرقىي تۈركىستاندىن، خىتايغا ۋە تەسۋەقچىلەر
بارىدىغانلار يۈرىدىغان يول ئۈستىدىكى جاۋلىق شەھەر
ۋە ئۆيلىيەتلەر ھاكىملىرىغا، ھەممە ھەمەللى جەكلەرگە،
ئۇلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش؛
5) قومۇلدا، چېگرادىن ئۆتىدىغانلارنى تەكشۈ-
رۈش ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛
6) شەرقىي تۈركىستانلىقلار يۈرىدىغان يول
ئۈستىدە ياشايدىغان ماڭغۇل، قالماق، كوكنورلۇق ۋە

-363-

تىببەتلىك ئۇرۇق ئايماقلارنى يولدىن ئازدۇراق جا-
يلارغا كۆچۈرۈش؛
7) تىببەتكە بىرىپ زىيارەت قىلغۇچىلار
ئۇستىدىن نازارەت قىلىش مەھەللى ئەمەلدارنىڭ باشلىقى
بولۇشقا بېكىتە ئاپىشۇرۇش [45.63-دەپتەر، 6-ۋاراق].
يۇقۇرىدا زىكىر قىلىنغان پاكىتلارنى ئاساسەن
خۇلاسە قىلىپ، شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، 1741-
1756-يىللىرى چىن ئىمپىرىيەسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان
ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى ئالاقىلار نىسبەتەن ياخشى
رىۋاژلانغان بىر دەۋرى بولدى. مەزكۇر ئالاقىلارنىڭ
يولغا قويۇلىشىغا ۋە رىۋاژلىنىشىغا جوڭغار خانلىقى كۆپرەك
مەنپەئەت بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا
ئېلىپ بېرىپ سېتىلغان ماللارنىڭ ئاساسى قىسمى
قوي، تۆگە، ئات، كالا قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتىدىن
تەشكىل تاپقان بولۇپ، بولاركومۇش پۇلغا سېتىلغان،
قومۇل ۋە سوجۇدا سېتىلغان ماللارنىڭ مىقدارى
جەدۋەلدىكى رەقەملەردىن ئىبارەت بولغان.
شەرقىي تۈركىستاندىن جوڭغار خانى نامىدىن
خىتايغا ئېلىپ بېرىپ سېتىلغان ماللارنىڭ چوڭ بىر قىسمى
قىممەت باھا ھايۋان تېرىسى (مويىنا، تۈلكە، قوندۇز،
سۆسەر قاتارلىقلار)، ئۆي ھايۋانلار تېرىسى، كىگىز،
داشاتىر، بوغا موڭگۇزى قاتارلىق دورىلەرنى تەشكىل
تاپقان. مەزكۇر ماللار (مويىنا تېرىسىنى ياشقىسى) خىتاي

مالارغا ئالماشتۇرۇلغان. شۇڭا تېرىسىنىڭ بىر قىسمى نەخ كۈمۈش پۇلغا سېتىلغان. خىتايدىن شەرقىي تۈر-كىستانغا تۈرلۈك رەخت، چاي، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئېلىپ كېلىنگەن.

| يىل | قوي | ئات | كالا | تۆگە | كۈمۈش پۇل ھېسابىدا سېتىلغان ماللار | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | قۇمۇلدا | سوجۇدا |
| 1744 | 26800 | 345 | 260 | 726 | 9790 | 41000 |
| 1746 | 40615 | 1628 | 2642 | 745 | 13130 | 95922,95 |
| 1748 | 71505 | 984 | 402 | 585 | 12744 | 74000 |
| 1750 | 1569000 | 1900 | 2200 | 1000 | 786705 | 186200 |
| 1752 | 77000 | 1270 | 1200 | 588 | — | — |

ئىسلەپكى ئۆزرە چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىن بارغان سودىگەرلەر بىلەن سودا سېتىق، مۇئامىلە قىلىشنى مەخسۇس تاپىلىغان ياكى مەھەللى ئەمەلدارلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان. ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلمىغان خۇسۇسىي خىتاي سودىگەرلىرىگە، بۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئالدى-ساتتى قىلىش مەن قىلىنغان. بۇ تۈردىكى سودا ئالاقىلار «ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قىلىندىغان سودا» دەپ ئاتالغان. مەزكۇر سودا ئالاقە پەقەت بەلگىلەنگەن يىللاردا ۋە مۇددەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. كېيىنكى

ئۆزىدە چىن ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن بولغان سودا-سېتىق ئىشلىرىنى ئەپلىيەلمىگەندىن كېيىن، چىن ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىگە ماقۇل بولغان يېرلىك خىتاي سودىگەرلىرىنى بۇ ئىشقا جەلىپ قىلغان. 1950-يىلىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغان ماللارنىڭ مىقدارى چەكلىنىپ ھەمدە چىن خانىدانلىقى مەزكۇر سودا ئالاقىلىرىنى، يەنە ئەمەلدارلار قولىغا تاپشۇرۇپ قويغان. 1754-يىلىدىن باشلاپ، چىن ھۆكۈمىتى جۇڭغار خانلىقى بىلەن سودا ئالاقىسىنى ئۈزگەن.

1754-1761-يىللار داۋامىدا، چىن ھۆكۈمىتى چېگرادىن جۇڭغار خانلىقى ئاستىدىن بولمىغان خۇسۇسىي سودىگەرلەرنى ئۆتكۈزمەسلىككە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلدارلار ئۇنى پۈتۈنلەي چەكلىمىگەن. شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەرخىل يوللار بىلەن تىبەتكە ۋە ماڭغۇلىيەگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا ھەرىكەت قىلغان.

جۇڭغار خانلىقى خىتايغا كارۋان ئەۋەتىشكە ۋە خىتاينىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. ئاخىرى بۇنداق تىرىشىش چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن كۆپايە قىلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم 1750-يىلغىچە، شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا ئېلىپ بېرىلغان ماللارنىڭ مىقدارى بارغانسىرى كۆپەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئامما بۇ ھال چىن ھۆكۈمىتىگە ياقمىغان ئىدى.
شۇ سەۋەبتىن، جوڭخار زاملىقى سودىگەر-
لەرنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەشكە ئۆتۈندى.
چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنى سىياسى
خەرىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

# 3-باب

# چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ 1755-يىلى جوڭغار خانلىقىغا قارشى باشلىغان 3-قېتىملىق ئۇرۇش ۋە جوڭغار خانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى.

## 3.1. چىن سۇلالىسىنىڭ جوڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى ئاپپازىتسىيون كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرگەن چارە-تەدبىرلىرى 1745-1755-يىللار.

جوڭغار خانلىقى تەۋەسىدىن، چىن ئىمپېرىيەسى تەسىرىگە ئۆتۈپ قالغان جايلارغا، جۈملىدىن، ماڭغۇلىيەگە ئۆيراتلارنىڭ قېچىپ ئۆتۈشى كۆپلىگەن روس ئالىملىرىنىڭ [5-9؛ 11-14؛ 98-99؛ 104-106؛ 94-96؛ 142-143؛ 181-185 ۋە باشقىلار] ۋە باشقا خارىجى مەملىكەتلەر مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان [295، 278، 226، 228، 210، 231، 233-294، 252، 259-262 ۋە باشقىلار]. ئەمما بۇ مەسىلە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق قارالمىغان. سەۋەبلىك، تارىخى ئەدەبىياتلاردا، جوڭغار خانلىقىدا ئىچكى ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى كۆپلىگەن ئۆيراتلار چىن سۇلالىسىغا تابە جايلارغا قېچىپ بېرىپ،

ئۇنىڭدىن ماكان ۋە مەدەت سورىغان، شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇلارنى ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە، چىن ھۆكۈمىتى
شىمالىي شەرقىي تۈركىستان خۇدۇدىدا جايلا-
شقان مەزكۇر خانلىقنى ئىككىلا شەكىلدە قارارلىغان
دېگەن خاتىرىنى پىكىر شەكلىدە قالدۇرغان [ 16 . 3-توم،
131-بەت؛ 98 . 69-70-بەتلەر؛ 99 . 264-265-بەتلەر؛
104 . 83-بەت؛ 95 . 104-105-بەتلەر؛ 184 . 131-بەت] .
ھەتتا چى. چى. ۋېلغانوۋ پ ۋە ل. ئى. دۇيمان قاتارلىق
ئالىملار چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارى 1745-1755-يىللىرى
ئويرات جەڭلىرىدىن بىرى بولغان ئامۇرساناننىڭ چىن
سۇلالىسىغا يارىدەم سوراپ بارغان دەۋردە قوبۇل
قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ [ 16 . 3-توم، 131-بەت؛ 98 . 69-
70-بەتلەر؛ 99 . 264-265-بەتلەر] . ئى. يا. زىبلاتى-
كىن بىلەن ب. پ. گورېۋىچ چىن ھۆكۈمىتى بۇنداق
قارارغا 1750-1751-يىللىرى كەلگەن دەپ كۆرسىتىدۇ
[ 104 . 83-بەت؛ 95 . 104-105-بەتلەر] . مەزكۇر
ۋاقىتتىكى ئاشۇ مەنبەلەرنى چوڭقۇر ئۆگىنىش جەريا-
نىدا تېپىلغان مەلۇماتلار بۇ پىكىرلەرنىڭ توغرا
ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە مەزكۇر
مەلۇماتلار، چىن ئىمپېرىيەسى جۇڭغار خانلىقىنى
يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى پارچىلاپ تاشلاپ،
ئويراتلارنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش
ھەققىدىكى قارارنى ئامۇرساناغا ئۇچراشقان ئويرات

بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەينىگە ئەگەشكەنلەر ئۆز ۋەتىنىدىن چەتلارغا، يات جايلارغا كۆچلەپ ئۆتكەن ۋاقتىدىن خېلى ئالدىن قوبۇل قىلغان. ئويراتلارنىڭ ۋەتىنىدىن تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپ، چىن سۇلالىسىدىن يارىدەم سورىشى، چەتتە ئۇلارنىڭ بۇ قارارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتىنى ۋە ئەمەلىي چارە-تەد- بىرلىرىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەپ بولدى دەپ ئېيتىشقا تولا ئاساس بولالايدۇ. ئەينى دەۋردە، خىتايغا ھۆ- كۈمرانلىق قىلغان چيەنلۇڭ خاقان ئۆز ئاتا-بوۋى- لىرىدىن پەرق قىلغان ھالدا، ئەگەرچە سۇلالىسى جوڭغارلارنى، ئۇلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن تار-مار كەلتۈرۈلسە، نۇۋەتتىكى ئۇرۇش مۇۋاپىق پەيت بىلەن يەكۈنلىنىدۇ دەپ تەكىتلىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇ، جوڭغار خانلىقىنى ئۆز ئىچىدىن زەيىپلەشتۈ- رۈشكە، ھۆكۈمران خانغا قارشى بولغان جاھىلىق كۈچلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا ۋە ئۇلاردىن نۇ- لۇق پايدىلىنىشقا چوڭ ئېتىبار بەرگەن. خانغا قارشى بولغان ئويراتلارنى، خانلىقتا كۆچۈپ كېتىش جەريانى كۈچەيتىش ۋە تېزلەشتۈرۈش ئۈچۈن قاتار قارار- لارنى قوبۇل قىلغان ۋە ئەمەلىي چارە-تەدبىرلەر كۆرگەن. خۇلاسىمىزنىڭ ئىسپاتى تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن.

1752-يىلى باھاردا، ئەينى دەۋردە جوڭغار خانلىقى

-370-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەختىدە ئولتۇرغان غالدان سېرىن، چىن خانى
چەخلۇخغا مۇراجەت قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇ-
رىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە، ئۇلار تەرەپ پۈتۈن
تولۇق رىئايە قىلىنماي ئۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ قومۇل،
گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە ئالتايدىكى چىن مەمۇرىيەتلىرى
تەرىپىدىن كېلىشىم شەرتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇلماي ئۇۋاتقانلىقى، جاجات قىلغان ئىدى. چەخلۇخ
خاقانىنىڭ بۇ ھەققىدىكى تەلىپى ئىناۋەتكە ئېلىش
بوياقنا تۇرسۇن، ئۇنى جاھىللىقتا ۋە چىن ئىمپېرا-
تورىنىڭ خاھىشىنى توشۇنمەسلىكنى ئەيىپلىدى. شۇ يىلى
٦ـ ئاپرېل كۈنى غالدان سېرىن ئەۋەتكەن مەكتۇپ
بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، ھەربى كېڭەشلە، جوڭغار
خانلىقىغا قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىۋىرىش ھەققىدە كۆر-
سەتمە بەردى. بۇ ھەققتە چېگراغا يېقىن ۋىلايەت-
لەردە جايلاشتۇرۇلغان ئەرمىيە قوماندانلىرىغا
مەخپى بۇيرۇق بېرىشنى تاپشۇردى. مەسىلەن:
چەخلۇخ مەزكۇر كەڭەش باشلىقىغا «غالدان سېرىننىڭ
مەكتۇبى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. مەكتۇپ ئىشەنتى
ئۇستۇلۇق بىلەن پۈتۈلگەن. مەن خانىنىڭ سۆزلىرى
خاتا بولۇپ، ئەرھال ئۇنىڭغا قارشى ئەرمىيەنى سەپەر-
ۋەر قىلىشنى ماقۇل كۆرمەيمەن. لېكىن ھەرقايسى يولدىكى
ئەرمىيە قوماندانلىرىغا، بولەجەك نىيەتلەرنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھازىردىن تەييارگەرلىك كۆرۈشىمىز لازىم»

دەپ جاكالىغان [63.46ـ دېپتەر، 26ـ ۋاراق 4ـ بەت].

شۇ كۈنى چەكلىك ھەربىي كەڭلەشكە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ۋە قومۇلدا جايلاشتۇرۇلغان چىن قوشۇنلىرى قوماندانى يوڭچاڭغا چېگرادىن ئۆتكۈچى ئۇيراتلار ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت ئورۇ- تۇش ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇزاقنى كۆزلەپ ئىش تۇتۇش ھەققىدە مەخپىي كۆرسەتمە يوللاشنى بۇيرۇغان [63.46ـ دېپتەر، 26ـ ۋاراق، 2ـ بەت]. 1742ـ يىلى نويابىردا جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كۆرۈش چارە ـ تەدبىرلىرى مەخپىيلەشتۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى چەتكە چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە مەخسۇس قارار قوبۇل قىلىنغان. ئۇشبۇ قارارنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاكىشىنىڭ پەرمانى ئاساسىدا دۆلەت ئىدارىلىرىدا، ھەربىي قىسىملاردا ۋە چېگرا مۇداپىئەسى- نى ئىگىلىگەن جايلاردا ئىشلەۋاتقان جۇڭغار مۇھاجىر- لىرى ئىشتىن چەتلىتىلگەن ۋە بۇندىن كېيىن ئۇيراتلارنى بۇنداق جايلارغا ئىشقا قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە مەخپىي كۆرسەتمە بېرىلگەن [63.45ـ دېپتەر، 57ـ ۋاراق]. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە 1742 ـ 1748ـ يىللىرى داۋامىدا جۇڭغار خانلىقى تەۋەسىدىن، چىن ئىمپېرىيەسىگە تابىئە جايلارغا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن 303 كىشى چىقىپ كەتكەن. شۇلاردىن 253 نەپەر ئۇيراتلار (ئىچكى ماڭغۇلىيە)،

نىڭگۇتا (ھازىرقى خېلۇڭجاڭ ئۆلكىسىدىكى نىڭئەن
شەھىرى)، تىيەنجىن، خاڭجۇ شەھەرلىرىگە 23 نەپەر
ئۇيراتلار ۋە 27 نەپەر ئۇيغۇرلار بېجىنگە جايلاشتۇ-
رۇلغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەت ئەمەلدارلىرىغا،
يەنە بىر قىسمى ھەربىي قىسىملارغا خىزمەتكە ئورۇن-
لاشقان. مانا شۇ ئادەملەر چيەنلوڭ خاقانىنىڭ
مەخپىي بۇيرۇقى ئاساسىدا ھەر خىل جاھادە بىلەن
ئىشتىن چەتلىتىلگەن [63. 45-بەت، 37-ۋاراق].
ئەينى ۋاقىتتا چىن سۇلالىسى خىزمىتىدە بولغان
خالخا ۋە تىبەت بەگلىرىگە، شەرقىي تۈركىستانغا،
بولۇپمۇ جۇڭغار خانلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي
ۋە ئىقتىسادىي ۋاقىئەلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىش،
ئۇلارغا كېرەكلىك تەسىر كۆرسىتىش ۋە بۇ مەملىكەتكە
ئايغاقچىلار ئەۋەتىش ھەققىدە مەخپىي پەرمان
بەرگەن [63. 47-بەت، 26-30-ۋاراقلار؛ 48-
بەت، 25-ۋاراق]. مەزكۇر پەرمان قانداق ئەمەلگە
ئاشۇرۇلغانلىقى ھەققىدە كۆپ ھۆججەت ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن: تىبەتتىكى چىن ئارمىيەسى قوماندانى فۇچىن
بۇ پەرماننى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ھەققىدە، بېجىنگە
يازغان ھېسابات مەكتۇبىدە «مەن ئالىي پەرماننى
قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن، دەرھال جۇنۋاڭ (مەھەللى
بەگلەرگە بېرىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان) پو-
لونەيگە جۇڭغارىيەگە ئادەم ئەۋەتىش ھەققىدە بۇيرۇق

بەردىم. ھازىر ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە 10-ئاينىڭ 3-كۈنى (1744-يىلى 3-نويابىر) يازغان مەكتۇبىنى ئالدىم. شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 20-كۈنى ساجاداقچى (ساجادا كىچى) بارىبۇ (جاھەربۇ) قاتارلىق 30 نەپەر ئىشەنچلىك كىشىلەرنى جوڭغارىيەگە مەلۇمات توپلاش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ» دەپ جاۋاب قىلغان [63.48-دەپتەر، 38-ۋاراق، 1-بەت].

1747-يىلى باھاردا ھوچۈن يەنە بىر ھېسابات مەكتۇبىنى بېيجىڭگە ئەۋەتتى. مەزكۇر مەكتۇبتا ئۇ، «1-ئاينىڭ 9-كۈنى (1747-يىلى 17-فېۋرال) جۇڭ-ۋاڭنىڭ، پولونەي ماڭا خەۋەر قىلدىكى، ئۇ لاداقتىكى خالجون (خالاجوتى) بېگى سىبدان خامجورغا (سبې-يىلغ نمرزال) يېنسوق بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر بولۇپ، جەمئى 7 كىشىنى ياركەندكە ئەۋە-تىشنى ۋە ئۇ يەردە جوڭغارلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى بۇيرۇغان ئىكەن. ھازىر بولار ساق-سالامەت قايتىپ كەپتۇ... بىز جوڭغارلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى خېلى ئايدىڭلا سۈرۈشتۈردۇق. ئەلبەتتە ھەممە گەپلەرگە ئىشىنىش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن دومبىلىق زودىلىك ئىشەنچلىك بىر كىشىنى يېرىم يىلغا جوڭغارىيەگە ئەۋەت-كەن ئىدۇق. ئۇ ھەم جوڭغارلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ كەلدى» دەپ يازدۇ [63.50-دەپتەر، 6-ۋاراق، 2-بەت. 7-ۋاراق 2-بەت].

-374-

1745-يىلى ئاپرېل ئېيىدا چەخلۇك جوڭغار
خانلىقىغا ئايغاقچىلار ئەۋەتىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئويرات-
لارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسىگە
چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەرىكەتلەنسە، مەزكۇر مەملىكەتنى
يۈز بېرىدىغان ۋاقىتلەرنى، بولۇپمۇ ئويراتلار بىلەن
ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى موخا سوقۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى
سارايغا ئۆز ۋاقتىدا ئەتراپلىق خەۋەر قىلىپ تۇرۇش
ھەققىدە پەرمان بەردى. مانا شۇ پەرمانغا ئاساسەن،
غەربىي خالقىدىكى چىن ئەرمىيەسى قوماندانىنىڭ چارە-
چىسى قىلىپ ئايلانغان چىڭگۇنجاپ جوڭغار خان-
لىقىغا، ئويراتلار ئارىسىدا مەلۇم بولغان ئابرويلۇق
كىشىلەرنى ئەۋەتىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئويرات
بەگلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، ئۇلارنىڭ ئىچكى
ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى تەكلىپ قىلدى [63. 51-، پەتەر،
31-32-ۋاراقلار]. مەزكۇر تەكلىپ، بېيجىڭدە مۇزاكىرە
قىلىنىپ، ساراي ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بىر ئاۋاز
بىلەن تەستىقلىنىپ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
زۆرۈر بولغان تەدبىرلەر قوبۇل قىلىندى.
1753-يىلى 13-ئىيۇل كۈنى چىڭگۇنجاپ ۋە
ئۇنىڭ جاسۇسلىقى، چىڭ ئەرمىيە قوماندانى شوختى (شوخدە)
چەخلۇك خانىغا، مەزكۇر تەكلىپنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇ-
لغانلىقى ھەققىدە مەكتۇب ئەۋەتتى. ئۇشبۇ ھۆ-
جەتتە ئۇلارنىڭ جوڭغار خانلىقىغا بىرقانچە يىرىك

مەنسەپتە ئىشلەيدىغان كىشلەرنى، جۈملىدىن،
بېجىن شەھىرىدە جايلاشقان، مانجۇر قىسىملىرىنىڭ
قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان جەنجۇڭقى ئۆزگەتكەن-
لىكى ۋە ئۇلار ئارقىلىق كۆپ مەلۇماتلارغا ئىگە
بولغانلىقى ھەققىدە زىكىر قىلىنغان [63. 53-، 3-دەپتەر،
61-، 62-ۋاراقلار].

جۇڭغار خانلىقىغا ئۆزگەتكەن چىن ئايغاق-
چىلىرى، چەقمەت ئادەملەر ئارىسىدا يۈرۈش ۋە مەلۇمات
توپلاش بىلەن چەكلەنمىگەن. ئۇلار كېرەكلىك ئادەم-
لەرنى سېتىۋېلىش، ئوغۇرلاش ۋە قىناتقا سېلىپ
سوراق قىلىشلار بىلەن ھەم شۇغۇللانغان. «15-
ئاينىڭ 16-كۈنى (1751-يىلى 1-دېكابىر)، دەپ يازدى ئۇ،
چىڭگۇڭجاب ئۆزىنىڭ سارايىغا ئۆزگەتكەن نۆۋەتتىكى
بىرەكتوبىدە- ئۇيرات قوربان (كوبىن) باشچىلىقىدا 60
كىشى چېگراغا كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر
باقى (باجى) ئاتلىق بىر ئۇيغۇرنى خالىغانچە تۇتۇپ كېتىپ،
بەنزىبىرنىڭ ئۆيىدە سوراق قىلدۇق... چەنبىر سىراپ
(سىلابو) ئىسىملىك بىر ئۇيراتنى ۋە تورپانلىق ھەيدەر
ئەلىنى (خەيدەلى) سوراق قىلدۇق» [63. 53-، 3-دەپتەر،
39-ۋاراق 2-بەت، 40-ۋاراق 1-بەت].

1745-يىلى خوجا بىر ئىيدا بېغىنگە غالدان سىرىننىڭ
سالامەتلىكى يامانلاشقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلگەن
[63. 50-دەپتەر، 15-ۋاراق]. بۇنى ئاڭلاپ چەنلوڭ

-376-

دەرھال غەربىي خالخا ۋە غەربىي خىتاي خودۇنلىر-ىدىكى چىن ئەرمىيەسى قوماندانلىرىغا، بۇ ھەقتە مەخپىي بۇيرۇق ئەۋەتىپ، ئۇلار ھەر ئېھتىمالغا قارشى، جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشنى ئەيتىدۇ. مەزكۇر بۇيرۇقتا «غالدان سېرىن ھازىرچە ئۆزىنىڭ كىشىلىرى ھەققىدە ئەلچى ئارقىلىق بىزگە رەسمىي خەۋەر بەرگىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، چېگرانى مۇداپىئە قىلىش ۋە ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرۇش لازىم. ئۇ ئۆلگەن زاھات، ئۇنىڭ مەملىكىتىگە ئەرمىيە ئەۋەتىشتىن قايتقىنىم يوق» دېگەن چەنلوڭنىڭ سۆزىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن [63. 48-دەپتەر، 37-ۋاراق، 1-2-بەتلەر]. شۇ بىلەن بىرگە مەزكۇر مەخپىي بۇيرۇقتا، چەنلوڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خاقانلىرى ھېساپقا ئالغان ھالدا، بۇ قېتىم جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋاقتىدا، ئويرات موخاجىرلىرى ۋە قاچاقلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىش زۆرۈرلىكىنى ھەم ئۇچرىتىمىز [63. 48-دەپتەر، 37-ۋاراق].

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بېجىڭگە غالدان سېرىننىڭ ئۆلگەنلىكى (1745-يىل)، ئويرات بەگلىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش باشلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يېتىپ باردى. شۇنىڭدىن كىن چەنلوڭ، ئەينى ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ زورۇر مەسىلە ئويراتلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاپپوزىتسىيون كۈچلەرنى قوللاپ-

-377-

قوۋۋەتلەش ۋە ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش، كۆرەشتە يېڭىلگەنلەرگە جاي ۋە مال-مۈلۈك بېرىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشنى بۇيرۇدى.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك، 1740-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى، جوڭغار خانلىقى بىلەن چېگرا مەسىلىسى تۈز-گەن كېلىشىمدە، جوڭغارلارنى ئالتايدىن ماڭغۇلىيە تەرەپكە ئۆتكۈزمەسلىك، ماڭغۇللارنى ئالتاينىڭ غەربىگە، جوڭغارىيە تەرىپىگە ئۆتكۈزمەسلىك زىكىر قىلىنغان ئىدى. شۇنى ھېساپقا ئېلىپ، چىڭ خاندا-نلىقى، مەلۇم سەۋەپلەرگە كۆرە، جوڭغار خانلىقىدىن قاچقۇنچى بولغانلارنى، مەخپى رەۋىشتە خالقىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئىچكىرىراق ۋىلايەتلەرگە جايلاشتۇرۇش، ئۇلارنى ئۆي-جاي، مال-مۈلۈك، يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى.

1747-يىلى 20-ئىيۇل كۈنى چەخلۇك ئۇلىشبو قادىرغا يانا قايتىپ، ھەربى كەڭكەشتە تۆۋەندىكى جۇز-يرۇقنى بەردى: «بۈگۈندىن باشلاپ، بارلىق چېگرا قارا-ۋۇللىرىغا، ئويراتلار كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئادەم بارلىقىنى ياكى ئۇلار مەخپى رەۋىشتە كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاش لازىم. ئەگەر ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بولسا، ئۇلار بىلەن ئېلىشىش ھەم، جوڭغارىيەنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى سوراش ھەم كېرەك ئەمەس.

-378-

ئۇلارنى دەرھال سىزلەر بىلەن بىز ئوتتۇرىمىزدا كېلىشىم
بار، ئالىي ھەزرەتلىرى مەزكۇر كېلىشىمنى ھۆرمەت قىلىدۇ.
بۈيۈك ئىمپېرىيە بۇرۇنقىدەك ئىشنى ئۆتۈنۈشنى (قوبۇل
قىلىشنى) ماقۇل كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز زېمىنىدا
خانىغا تېگىشلىك كىشىلەرنى قالدۇرالمايدۇ دەپ
ئېيتىلسۇن. ئۇلار قولغا چۈشسە، ئەلبەتتە جازاغا
تارتىلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن، ئەگەر ئۇلار
مەخپىي كەلمىگەن بولسا، ئۆز ۋاقتىدا قايتىپ كېتىشى
كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك، ئۇلارنى چېگرادىن
بۇ چاغدا ئەكىلىپ قىلماسلىق لازىم. ئەگەر چېگراغا
كەلگەن ئۇيغۇرلار مەخپىي يولغا چىققانلىقى ۋە ئۇلار
كەينىدىن قوغلاپ كەلگۈچىلەر ئادەم يوقلىقى ئېنىق-
لانسا، ئۇلارنى دەرھال چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش-
لار جايلاشقان لاگېرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېيىن
بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ئالىي پەرمان كۈتۈلسۇن. مەزكۇر
بۇيرۇق مەخپىي رەۋىشتە ھەر ئىككى يولدىكى ھەممە
ھەربىي لاگېرلار باشلىقلىرىغا چۈشۈرۈلسۇن» [63.
50-دەپتەر، 33-ۋاراق 2-بەت، 37-ۋاراق 4-بەت].
مانا شۇ بۇيرۇق بېرىلگەندىن كېيىن جۇڭغارىيە-
دىن قاچقانلارغا، مەخپىي رەۋىشتە قېچىپ ئۆتكۈچىلەر
سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى
بولسا، ئۇلارغا ھىمايەت كۆرسىتىپ جارغانىسرى يېرىلىك
ئەسەبلىرىنى، بولۇپمۇ ئىچكى كۆرەشتە مەغلۇبىيەتكە

ئۇچرىغان جەڭلەردە، ئۆز تەرىپىگە ئۆتكۈزۈشكە
ھەرىكەت قىلدى. 1750-يىلى 21-ئۆكتەبىر كۈنى جۇڭغار
خانلىقىدا، تەختتە ئالىنىش ئۈچۈن جانتالاشلانغان
كۈرەش ئەۋجىگە چىققان بىر ۋاقىتتا، ئەمەلگە كىشىدىن
ئىبارەت بولغان زەيسەن (بەگ) سالار باشلىغىدىكى
چوڭ بىر ئويرات لار گۇرۇھى، چىڭ ئىمپېرىيەسى تەۋەسىگە
قېچىپ ئۆتتى [63.52-دەپتەر، 47-ۋاراق]. بۇلار ئاتا-
رىدا ئويرات جەڭلىرى شالاڭ ۋە ئىدىقۇت ئاتارلىق يېرىك
شەخسلەر ھەم جار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، يېڭىدىن
تەختكە ئولتۇرغان سۇۋاڭ دورجى نەمزال ئابلىيەتلىك
خان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەمىشە تەختكە بىرلىشىپ دۆلەت
ئىشلىرىنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويغان. دۆلەتنىڭ
سىياسىي ئىشلىرى بىلەن خاننىڭ ھەدىسى ئۇلان جايار
شۇغۇللانغان. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇرۇپېقىسى
ساپىي بولۇپ خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئاقلىلماي قالغان-
لىقى ئۈچۈن، يەركەنت خانلىقى زەمىنگە ئۆتە تىلىدۇ.
بۇ ۋاقىتتا ۋەزىيەتنى بىر ئاز يۇمشاتقان بولسىمۇ،
ئارچۇن (ئەرچۈئىن)، گومبو ئالجاي ئالاشقول (ئەلاچوي
ئەلاشقو)، جاھانچى، نەمزال دورجى ۋەبەجەردى
قاتارلىق ئويرات جەڭلىرى (زەيسەنلىرى)، خاننىڭ ئۆكسى
لاما دورجىنى تەختكە ئولتۇرغۇزماقچى بولۇدۇ. خان-
نىڭ يېقىن ئادەمى ھىساپلانغان داشى داۋا (كىچىك
سېرىن دوندوقنىڭ نەۋرىسى) بۇندىن خەۋەر تېپىپ،

-380-

لىسىۋالڭ دورجى نامژالغا خەيتىپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئارچون
زىندانغا تاشلىنىدۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەچ، ئۇ ئۆز
ئادەملىرى ياردىمىدە تاماقنى تېچىشقا سوپىيە لىسسەر
بولۇپ، خاننى قولغا ئالدى. بەزى مەلۇماتلارغا قار-
ىغاندا ئارچون، لىسىۋالڭ دورجى نامژالنى ئۆلتۈرىدۇ،
باشقا بىر مەلۇماتلار ئۇنى جەنۇبىي شەرقىي تۈر-
كىستانغا ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلايدۇ. جوڭغار
خانلىقى تەختىگە لامادورجى ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. سولڭى
يەنە خان ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا كىر-
ىشىدۇ. جازالانغانلار ئىچىدە سالارنىڭ يېقىن ئادىمى
داشى داۋا ھەم بار ئىدى. لامادورجى، داشى داۋانىڭ
ئادەملىرى ۋە يېقىنلىرىنى، ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىغا قول
قىلىپ بولۇپ بەرمەكچى بولغان. قول بولۇپ قېلىشنى
خالىمىغان سالار ئۆزىنىڭ ئوردىسى. توققان ۋە قوۋم
قەرىنداشلىرى بىلەن خالىغىنغا قېچىپ قوتۇلۇشنى
ماقۇل تاپقان [63. 52.-دەپتەر، 28.-29.-ۋاراقلار؛
42. 1.-توم، 287.-بەت]. سالار چېگرادىن ئۆتكەن
زامات، دەرھال چىن ئەرمىيەسى قوماندانى ھوزۇرىغا
تەكلىپ قىلىپ كۆتۈپ ئېلىندۇ. سولڭى بېجىنگە بىرنەچچە
يېقىنلىرى ھەمرا قىلىپ ئۇزىتىلىدۇ. بۇ يەرگە يېتىپ
كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىلىدۇ.
چەنلۇڭ خاقاننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن،
بېيجىڭدە سالار ئالدى بىلەن ھەربىي كەڭەش ئەزالىرى

تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە زۆرۈر بولغان مەسىلە-
لەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن. خاقان سالار
ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تونۇشۇپ بولغاندىن
كېيىن، مەزكۇر كېڭەشتە، ئۇنىڭ ئادەملىرى مانجۇرلار
ئۆرپە-ئادەتلىرىگە كۆرە بايراقلىق قىسىملارغا بۆلۈنۈپ،
چاخارغا (ئىچكى موڭغۇلىيە) جايلاشتۇرۇشنى بۇيرۇغان.
چەخلولىق سالارغا، ئۆز ئادەملىرىگە بەگ بولۇش ۋە
ئۇلارنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بېرىپ، سەنچوداچېن
(سارايى ئەمەلدارى) ئۇنۋانىنى تەقدىم ئەتكەن [63 .
50-دەپتەر، 30-45-ۋاراقلار؛ 51-دەپتەر، 47-ۋاراق،
2-جەت، 52-دەپتەر، 1-29-ۋاراقلار]. كېيىنكى دەۋرلەردە
سالار ئامۇرساناغا چىڭگۇاھىن ئۆتكەندە ئۇنى كوتۇۋېلىشقا
[67.3-دەپتەر، 16-ۋاراق] ۋە ئۇلارنىڭ چەلەرگە قارشى كۆرە-
شىگە جەلپ قىلىندى. كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا
نويى داچېن (ئالىي دەرىجىلىك سارايى ئەمەلدارى) ئۇنۋانى
بېرىلدى [67.1-دەپتەر، 37-38-ۋاراقلار].
1751-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋە 1752-يىلىنىڭ باشلىرى-
بېجىڭگە جۇڭغار خانلىقىغا ئۆزئەتكەن، چىن ئايماق-
چىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسلانغان مەلۇماتلار
كەينى-كەينىدىن يېتىپ كەلدى. مەزكۇر مەلۇماتلارغا قا-
رىغاندا، يېقىندىن تەختكە چىققان لاما دورجى تەختى
ۋارىسلىرىنىڭ بىرى بولغان داۋاچى باشچىلىقىدىكى بىرگۇرۇھ
ئۆيرات بەگلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. 1751-يىلى

يازدا داۋاچى ئەرتىش بويىدا ئىستىقامەت قىلىپ
تۇرغان چەيتەڭ، لامادورجى ئۇنى ئىلىغا تەكلىپ قىلدى.
ئەمما داۋاچى لامادورجىدىن گۇمانلىنىپ، ئىلىغا بېرىشتىن
باش تارتتى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭغا ئۇچۇن خان قوشۇنى
ئەۋەتىپ، قولغا ئېلىشىدىن قورقۇپ، خالقىغا ئۆتۈپ
كېتىشكە ۋە چىن سۇلالىسىدىن ياردەم سوراشقا قارار
قىلدى. سولغا داۋاچى بولسا قېتە داشى ۋە سېرىن ئۇرباشى
ئىسيانچى ئويرات جەڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى.
1751-يىلى 30-ئۆكتەبىر كۈنى داشى داۋاچىنىڭ نىسبەتلىرى
ھەققىدە لامادورجىغا مەخپىي رەۋىشتە خەۋەر بېردى.
ئارقىدىن كۆپ ئۆتمەي داشى 2 مىڭ لەشكەرلەر ياردىمىدە
داۋاچىنىڭ 1.5 مىڭغا يېقىن ئادەملىرى ۋە ئۇنىڭ خىتايغا
كېتىۋاتقان لېكىن، ھەلى چېگرادىن ئۆتۈشكە ئۈلگۈرمىگەن
سودىگەرلىرىنى قاماققا ئالدى [3.63-كىتاب، 39-40-
ۋاراقلار]. كېيىن چەيتەڭ داۋاچىنىڭ ئىختىيارىدا 3 مىڭ
كىشى بولۇپ، ئۇ خالقىغا كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان
ئىدى. ئۇ شۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئۇ قالغان ئادەملىرى
بىلەن ئالتايغا قاراپ يول ئالدى. 1751-يىلى 9-نويابىر
كۈنى چىن ئىمپېرىيەسى چېگراسىغا يېقىنلاشقاندا،
سېرىن ئۇرباشى ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن داۋاچىنىڭ
ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى. بىر قانچە
توقۇنۇشلاردىن كېيىن داۋاچىنىڭ لەشكەرلىرى غالىپ
چىققان بولسىمۇ، ئەمما سېرىن ئۇرباشىنىڭ ئادەملىرىدىن

-383-

قوتۇلالمايدۇ. شۇ چاغدا داۋاچىنى تۇتۇش ئۈچۈن سەپەر-
بەر قىلىنغان 15 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت. لاما دورجىنىڭ
قوشۇنلىرى ھەم ئالتايغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنى خالىغىنىغا
ئۆتۈپ كېتىشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. سولىڭ داۋاچى
ئادەملىرى بىلەن ئالتايدىن غەربكە قاراپ يول
ئالدى ۋە قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا جۇزىگە كېلىپ، ئابلاي-
خان ياردىمىدە جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا مۇيەسسەر
بولىدۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەچ، داۋاچى ئۆز ۋەتىنىگە
قايتىپ كېلىپ، تەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى داۋاملا-
شتۇرىدۇ ۋە 1753-يىلى يىل بېشىدا ئۆز تەختىگە
ئولتۇرىدۇ. داۋاچىنىڭ تەختكە چىقىش جەريانى تارىخىي
ئەدەبىياتلاردا تولۇق يېزىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن
[482.104-بەت] ۋە مەسىلىنى تولۇق بايان قىلىش،
ئىش ۋەزىپىسى بولمىغانلىقتىن، مەزكۇر تەتقىقاتتا
بۇ ھەقتە بەتەپسىل توختاپ ئۆتۈشنى ماقۇل كۆرمىدۇق.

داۋاچىنىڭ خانلىققا كېلىش ۋە چىن ھۆكۈمىتىدىن
ياردەم سوراشقا قارار قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار
بېجىڭغا 1752-يىلىنىڭ باشلىرىدا يېتىپ كەلگەن. چە-
نلوڭ خاقان ئۇنىڭ جوڭغار خانلىقى تەختىگە ۋارىس-
لىق قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ خانلىققا
كېلىشىگە چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن كۆز تىكىپ تۇردى. مە-
سىلەن: خاقان ئۆزىنىڭ داۋاچى ھەققىدىكى پىكىر ۋە
مۇلاھىزىلىرىنى ھەربىي كېڭەشتىكى ئەزالىرىغا تونۇشتۇرۇپ،

-384-

«داۋاچى، ئىسرىن دەندونىڭ نەۋرىسى بولۇپ دۇ،
مەھەللى جەڭگەلەر ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ ئابرويغا
ئىگە. ھازىر ئۇ بىر تەرەپكە ئۆتۈپ، بىزگە ئىتائەت
قىلىشنى ماقۇل تاپقان بولسا، دېمەك ئۇ. لاما-
دورجىخان بىلەن چىقىشالماپتۇ. ئەگەر بىز جوڭغار-
لار بىلەن مەۋجۇت دوسلۇق مۇناسىۋەتلىرىمىزنى
نەزەردە تۇتساق، ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز
كېرەك... ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلمىساق، ئۇنىڭ چىقىپ
كېلىۋاتقان يولىنى توسۇپ قويغان بولىمىز. چىڭگو-
ئجابىقا، داۋاچىغا زەرور بولغان بارلىق ياردەمنى
كۆرسىتىش ھەققىدە يازما بۇيرۇق بېرىش لازىم.
ئەگەر ئۇ ئىتائەت قىلارلىق بىلەن چېگرادىن ئۆتۈپ
كەلسە، ئۇنىڭغا ھىممەت كۆرسىتىلسۇن، ئۇنىڭغا ۋە
ئۇنىڭ ئادەملىرىگە يېمەك-ئىچمەك، ئات ۋە مال-
مۈلۈك بېرىلسۇن. بېرىلگەن نەرسىلەر لەجەي بولتۇر
سالارغا بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ مىقدارى بىلەن
تەڭ بولسۇن. سوڭ داۋاچىنى بىر قانچە ئاقسا-
قاللىرى بىلەن بىرگە بېجىڭگە ئۇزىتىلسۇن، ئۇنىڭ
قالغان ئادەملىرىنى، ئالدىنقىلاردەك ۋاقىتنچە جا-
يلاشتۇرۇپ، ئالى پەرمان كۈتۈلسۇن» دەپ بۇ-
يۇرغان [53.63-دەپتەر، 41-ۋاراق 1-بەت -42-
ۋاراق 2-بەت].
ئامما، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك. لامادەرجى

-385-

داۋاچىنىڭ بولسا توسقانلىقى تۈپەيلى، چىڭ خاندان
لىقىنىڭ كۆتكەن نەرسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى.
شۇنىڭغا قارىماستىن، چىڭ سۇلالىسى داۋاچىنى ۋە
ئۇنىڭ ئۆز نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىشلىتىش
ئۈمىدىنى ئۈزمىدى ۋە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
ھەرىكەت قىلدى. 1754-يىلى باھاردا داۋاچى جۇڭغار
خانلىقى تەختىنى ئىككىنچى قېتىم ئىگەللىگەندىن كېيىن،
چىڭ سۇلالىسى بۇ نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىغا
تولا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. چەتلىك داۋاچىنىڭ چېگرا-
دىن ئۆتەلمەي قالغانلىقى ئۈچۈن، باشقا قوماندان
سوختىنى ئەيىبلەپ، لاۋازىمىدىن بوشاتتى. سولخى 1753-
يىلى 15-ماي كۈنى ئۇنىڭ ئورنىغا گۇلۇڭ (كىچىك خان)
ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان سىيلىنى تايىنلاپ، ئۇنىڭغا
ئەترابتىكى ئۇلكىلەرنى تىنچلاندۇرغۇچى سول
قانات موئاۋىن قوماندان (دىڭبىيەن زوفۇجاڭجۈن)
ئۇنۋانىنى بەردى[2.64-دەپتەر، 19-20-ۋاراقلار].
بۇندىن قاتتىقى، چىڭ ھۆكۈمىتى لاما دورجى
خاننىڭ داۋاچىنى چېگرادىن ئۆتكەزمىگەنلىكىدىن
قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇنى چېگراغا قوشۇن ئەۋەتىپ،
ئۇلۇغ خاقان زېمىنىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقتا
ئەيىبلىدى. سولتى ھەربى كەڭەشتە ئۇنى جازالاشقا
تەييارگەرلىك كۆرۈشنى ۋە چېگراغا يېقىن جايلاردا
ياشايدىغان خالقالارنى ئىچكىرىراق ۋىلايەتلەرگە

-386-

كۆچۈرۈشنى بۇيرۇدى [63. 56 - دەپتەر، 3 - 4. ۋاراقلار].

1752 - يىلدىن باشلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى مانا شۇ چەكلىك تەرىپىدىن. جۇڭغار خانلىقى خاسىغا ئېيىلغان تۆھمەتنى باھانە قىلىپ، مەزكۇر خانلىقنىڭ چېگراسى بويلاپ ئەرمىيە توپلاشقا كىرىشتى. ئەمما بۇ ھەرىكەتلەر مەخپىي رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇنى جۇڭغار-لارغا سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن زەرۇر چارىلار كۆرۈلدى. ئەرمىيە جايلاشتۇرۇلغان يەرلەرگە جۇڭغارلارنى يېقىنلاشتۇرۇلمىدى. رەسمىي رەۋىشتە جۇڭغار خان-لىقىغا، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ماۋجۇت سودا ئالاقىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكى قايتا-قايتا تەكىتلەندى. ئەمەلدە ئۇنىڭ تەتۈر تەرىپىنى تەمىنلە-يدىغان چارە-تەدبىرلەر جارىي قىلىندى. بۇ جەرياندا چە-نلوڭنىڭ 1753 - يىلى 13 - ئىيۇل كۈنى ھەربىي كېڭەشكە تاپشۇرۇپ بەرگەن پەرمانىدىكى تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مىسال قىلىش ئورۇنلۇق بولىدۇ.

« ئەگەر جاۋاپلار ئەلچىلىرى تومۇلغا كەلسە، ئۇلار بىلەن بۇرۇنقىدەك ھېچ نەرسە بولمىغاندەك مۇئامىلە قىلىش لازىم... بىز كېلىشىم شەرتلىرىگە ئىز-چىللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەرەپدارى ئىكەن-لىكىمىزنى كۆرسىتىمەك زەرۇر. غەربىي يوللاردىكى تە-ييارگەرلىك ئىشلىرى ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇلار خالايىقتا مەخپىي رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.

-387-

بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنىڭ چەكلىك چىقماسلىقنى ئەمەلى-
نسوت »[63. 56-دەپتەر، 43-ۋاراق، 2-بەت].
1752-يىلى باھاردا چەنلوك لەرزى كەتكەنلىك
باشلىقى شوختى بىلەن، ئۇنىڭ يارىدەمچىسى يويباۋنى
خاتىرىنىڭ غەربى چېگراسى بويلاپ جايلاشتۇرۇلغان
گەرمىيەلەرنىڭ ئورۇنلاشقا تەييار بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ،
گەرمىيە قوماندانلىرى بىلەن ئورۇنلاش پىلانلىرىنى تە-
خىللاپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي
شوختى تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ،
بۇ ھەقتە بېجىڭگە جاپاخات يوللىدى. 1753-يىلى 13-ئىيول
كۈنى ئۇنىڭ بۇ جاپاخاتى چىن خاقانى قولىغا تەگدى.
شۇ خەتنىڭ كورسىتىشىگە قارىغاندا، ئەينى چەيتەن جۇ-
ڭغار خانلىقى تەختىگە داۋاچى ئولتۇرغانلىقى ۋە
ئۇنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن تىنچلىق سوغا سوۋغات-
لەرنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە بېجىڭگە ئەلچى ئەۋەتىشكە
ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئەنىق مەلۇمات بېرىلگەن
[63. 56-دەپتەر، 42-ۋاراق].
داۋاچىنىڭ يارىدەم سوراپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان
بىر ۋاقىتتا، ئۇ شۇ خەۋەر چىن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن
ۋاقىيە بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، چەنلوك دەرھال داۋاچىغا
چىن خاندانلىقىنى دۈشمەن قىلىپ كۆرسەتمەسلىك
ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن دەرھال
لەرزى كەتكەنلىكە «يوقچاڭغا، نۇسخىگە، قى جىنسى خەتكە

-388-

ۋاڭ جىنشىيلەرگە ھەممە مەسىلە بۇرۇنقىدەك ھەل قىلىن-
سۇن. ئەگەر قومۇلغا چاقىلارنىڭ ئەلچىلىرى كەلسە،
ئۇلارنى ماللىرى ۋە ھەيدەپ كەلگەن ئات-ئۇلاغلىرى
بىلەن چېگرادىن ئۆتكۈزۈلسۇن. ماللارنى ئۆتكۈزۈشتە
بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇقلىرى قايتۇرۇلسۇن ۋە
مەۋجۇت قانۇن قائىدىلەر بۇزۇلمىسۇن» دەپ بۇيرۇق
بەرگەن [63. 56- دەپتەر، 43- ۋاراق، 1.، 2- بەتلەر].

ئەسلى ئالغاندا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا
نىسبەتەن قانداق سىياسەت تۇتۇشنى ئەنىقلاشتىن
ئاۋۋال، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇ چىڭ ئىمپېرىيە-
سىگە نىسبەتەن ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى ۋە قانداق مۇ-
ناسىۋەتتە بولۇشنى بىلمەكچى بولۇپ، بىر ئاز جوڭغار
خانلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىيەنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى
ۋە مەخپىي دەۋەتتە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى داۋا-
ملاشتۇرۇشنى ماقۇل تاپقان ئىدى [63. 56- دەپتەر،
43- ۋاراق].

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بېجىڭگە جوڭغار خانلىقىدا
داۋاچىغا قارشى ئىنتايىن چوڭ كۈچ مەۋجۇت ئىكەنلىكى
ۋە بىر قانچە ئابرۇيلۇق بەگلەرنىڭ داۋاچىغا قارشى
كۆرەشتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالسا، چىڭ ئىمپېرىيە-
سىدىن ياردەم سوراشقا تەييار ئىكەنلىكى ھەققىدە
مەلۇماتلار يېتىپ كەلدى. مەسىلەن: 1753- يىلى يىل ئاخىرىدا
دۆربەت ئۇرۇغىغا مەنسۇپ سىرىن ۋە سىرىن ئوباشى

باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇھ بەگلەر، تەختىن ئايرىلغان
لامادورجى خاننىڭ تەرەپدارلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن،
داۋاچى تەرىپىدىن جازالىنىشىدىن قورقۇپ، خالىققا
كۆچۈپ كېتىش ھەرىكىتىدە ئىكەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ قولىدا
3 مىڭ كىشى بارلىقى مەلۇم بولغان [67. 1 ـ دەپتەر،
1 ـ ۋاراق]. مەزكۇر خەۋەرنى ئاڭلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى،
بىر تەرەپتىن، لامادورجىنىڭ تەرەپدارلىرى تېزدىن كۆچۈش
مەيدانىدىن چىقىپ، خالىققا كېتىپ جان ساقلىشىنى
ماقۇل كۆرگەنلىكىدىن گۇمانلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن،
داۋاچىدىن ھېلى ئۈمىدى ئۈزۈلمىگەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا
دۆلەتمەنلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارغا ياردەم كۆرسىتىش،
يېڭىدىن ھاكىمىيەتكە كەلگەن خاننىڭ، چىڭ خاندانلىقىغا
نىسبەتەن پازىتسىيەسىنى تۈپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن
دەپ ئەنسىرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم جەنلۇڭ ھەربىي
كەڭەيتىشكە، گەرچە 3 مىڭ كىشى بىلەن بىرگە خالىققا كۆچۈپ
كېتىشنى خالىغان ئۆيرات بەگلىرىنى توسلاپ قوغلىشى
مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ئالدى
بىلەن ئۇلارنى چاخشىلاپ تەكشۈرۈش لازىملىقىنى
جاكالىدى. شۇ بىلەن بىرگە بوغداخان لامادورجى تە-
رەپدارى بولغان مەزكۇر ئۆيرات بەگلىرىنى چاخشىلاپ
كۈتۈپ ئېلىش، باشلىقلىرىنى ھەم بۇلارغا ئەگىشىپ
خالىققا ئۆتۈپ كېلىشى ئۈچۈن چوڭ تەسىر كۆرسىتىشنى،
چىڭ ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن قانچە كۆپ ۋە يېرىك بەگلەر

ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىرگە ۋەتىنىنى تاشلاپ، جاڭشىغا
مەملىكەتلەرگە كەتمەكچى بولسىدى، خالىغىنىغا كۆچۈپ كەلسە،
شۇنچىلىك جوڭغار خانلىقىغا قارشى كۈرەشنى ئاسان-
لا ئىشتوروشنى ئەكتىلىدى. نەتىجىدە چىن ھۆكۈمىتى
يارىدەم سوراپ كەلگەن جوڭغار بەگلىرى، ئۇلارنىڭ
كىمەنلىك خەرەپدارى ئىكەنلىكىدىن ئەتتىي نەزەر ھۆر-
مەت ۋە ئىززەت بىلەن كۈتۈپ ئېلىش، پۇلنى ئايىماستىن
ئۇلارغا يارىدەم بېرىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى. سۇڭ
غەربىي خالقىدا جايلاشتۇرۇلغان چىن ئەرمىيەسى قو-
ماندانى چىڭگۇنجابقا، سىيرىن بىلەن سىيرىن ئۇرباشلارنى
ياخشىلاپ كۈتۈپ ئېلىپ، يېڭى يىلغا ئۆلگۈرتۈپ، ئۇلارنى
ئۆزى بىلەن بىرگە چەكۈزۈپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق
بەردى [67. 1-دەپتەر، 4-ۋاراق، 2-بەت]. چىن
خاندانلىقىنىڭ مەزكۇر قارارنى شەرھلەپ سارايى تارىخ-
چىلىرى تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يازغان:
«يېڭىدىن باش ئېگىپ كەلگەن ئادەملەر
ئىنتايىن خارلۇق ۋە ھەممە نەرسىدىن گۇمانسىرايدىغان
بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا چىن كۆڭۈللۈك ۋە ئالىيجانابلىق
نامايش قىلىش ئاساسىدا مۇناسىۋەت قىلىش بىلەن جا-
نىشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش چارە-تەدبىرلىرىنى قول-
لانمىسا، قاچاقلارنى ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىش سىيا-
سىتىمىزنى تولۇق دۆلەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن.
چەتتىلا ئۇيراتلار ئارىسىدا ئالى جاناب قىلمىشلار ھەققىدە

-391-

ياخشى سۆزلەر قارقىش، ئۇلارنىڭ كەينى ئۈزۈلمەستىن
بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىشىنى تەمىنلەيدۇ. ھەتتا قاچاق-
لارنىڭ سانى يۈز مىڭغا يېتىشمۇ ئۇلار قارىسىدا بىرەر-
بىر ئادەم قارقىغا قاراپ كېتىشنى ماقۇل كۆرمەيدۇ. ئەگەر
قاچاقلار قارىسىدا خادارلىق توغى ورولسا، ئۇلار قاتتىق
رەنجىپ بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇنداق
شارائىتتا دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگۈدەك بولسا،
خاپا بولۇپ قالغان قاچاقلار ئۇلارغا دەرھال قوشۇلۇپ
كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىستراتېگىيەلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە يەرلەرگە جايلاشتۇرۇلماقتا. ئەگەر
ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويىدىغان بولساق، ھەممە يەرلەت-
لىرىمىزنى يوقىتىپ قويىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇيرا قىلار تېز چوكۇپ كېلىۋاتقان بىر دەۋردە
خودا ئەمرى بىلەن ئىش تۇتۇش مەخسەتكە مۇۋاپىق
بولىدۇ» [66. 1-دەپتەر، 6-ۋاراق، 12-بەتلەر].

كەلتۈرۈلگەن چىن ئىمپېرىيەسى سارايى قا-
رىغۇچىلىرىنىڭ سۆزلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى چىن مەمۇرىيە-
تىنىڭ دۈشمەننى ئاجىزلاشتۇرۇشقا قارىتىلغان
سىياسەت نەزەرىيەسى ئېنىق ئىپادە قىلىنغان.
ئويلايمىزكى بۇنىڭغا قارتوقچە تۈشۈندۈرۈش كېرەك
ئەمەس. بۇنىڭ ئەمەلى مىسالىنى سىرىن بىلەن ئىسىرىن
ئورباشلارنى كونۇپ قىلىشى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
چەنلوڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىرىن، ئىسىرىن

-392-

ئۇرباشلارنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ھەربىي كەڭەشنى يىغىپ مەنساپدار يۇيباۋنى خالقىغا ئۆزەتكەن. ئامما ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مەنزىلگە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇشبۇ ئويرات بەگلىرى چېگرادىن ئادەملىرى بىلەن بىرگە ئۆتۈپ بولغان ئىدى. چېگرادىن ئۆتۈۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بۇيەردىكى ئەرمىيە قوماندانىنىڭ ۋەكىلى ئۆزۈ-تىلگەن. چېگرادىن ئۆتكەندىن كېيىن، سېرىن، سېرىن ئۇرباشى ۋە چەچە بىرخانچە ئاقساقاللار قوماندانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كېلىپ، بۇلارغا قوي، كالا ۋە باشقا زەرۇر نەرسىلەر بېرىلدى. سوڭ بېجىڭگە يولغا سېلىندى. يېڭى يىل ئالدىدا، ئۇلار پايتەختكە يېتىپ كەلگەن زامان، بوغداخان قوبۇل قىلىپ، سېرىن ۋە سېرىن ئۇرباشقا جۇنۋاڭلىق، باشقا ئاقساقاللارغا ھەرخىل دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋان-لىرىنى بەردى [64.1.-دەبتەر، 10-ۋاراق]. ئۇلارنىڭ ئا-دەملىرى ھەم ياخشى يەرلەرگە جايلاشتۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا تىزدە ھەرخىل يوللار بىلەن جۇنغارلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈلدى.

1753-يىلى يىل ئاخىرىدا بېجىڭگە سېرىن بىلەن سېرىن ئۇرباشىنىڭ جۇنغار خانلىقىدا قالغان ئۇرۇق-تۇققانلىرى، جەمئىي بىرمىڭ كىشى ھەم خالقىغا كۆچۈپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇۋاتقاندىكەن خەۋەرنى يېتىپ باردى. شۇ بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدا داۋاچى بىلەن

نىڭ خوجىرغال ئوتتۇرسىدا، ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۆرەش كېتىۋاتقانلىقى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ھالدا، خالىغا ئۆتۈپ كېتىشنى ماقۇل كۆر-ىدىغانلىقى ھەم خەۋەر قىلىنغان [64. 1- دەپتەر، 13-14- ۋاراقلار].

ئەينى ۋاقىتتىن باشلاپ، جوڭغار خانلىقىدىكى چىن ئىمپېرىيىسىگە تابىئە زېمىنگە، چېگرانىڭ ھەرخىل جايلىرىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ھەم خەۋەر-لەر كەينى-كەينىدىن چىن سارايىغا يېتىپ كېلىشكە باشلىدى [66. 1- دەپتەر، 17- ۋاراق]. دېمەك چىن ھۆكۈمىتىنىڭ، جوڭغار خانلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى كۆرەشتىن پايدىلىنىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان كۈچلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا قارىتىلغان چارە-تەدبىرلىرى نەتىجىسىز قالمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئويراتلارنىڭ چوڭ گورۇھى بولۇپ، چىن ئىمپېرىيىسىگە تابىئە زېمىنلەرگە ئۆتۈپ كېتىشى، جوڭغار خانلىقى تەرىپىدىن ئەلۋەتتە ئېتىبارسىز قالدۇرۇلغانلىقى يوق. مەزكۇر خانلىق ھۆكۈمران دائىرىلىرى بۇ ۋاقىتتا ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ناھايىتە خەۋپلىك ھادىسە تەرىقىسىدە بولۇپ، خالىغا كەتمەكچى بولغان جەڭچىلەرنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن، چېگرانى مەھكەملەشكە ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ،

ئارقىغا قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. ھەتتا چىگرادىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇش مەخسىتىدە، چىن مەمۇرىيەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، روسىيە تەلەپ قويدى. مەسىلەن: بۇ ھەقتە ئىنىشگە (غەربىي خىتاي جايلاشتۇرۇلغان چىن ئەرمىيەسى قوماندانى خۇاڭجىنتەينىڭ بېجىڭگە ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا جەتەپسىل يېزىلغان. جۈملىدىن، ئۇشبۇ مەكتۇبىدا «قومۇل ياقۇپلار زېمىنى بىلەن تۇتاش. شىمالىي چىگرا بويلاپ كۆچلىگەن ياقۇپلار ئەترەتلىرى ئىستائەت قىلىپ بىزگە ئۆتۈپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەترەتلەر غەربىي چىگرا بويلاپ ھەم ئۆتۈپ كېلىشمەكتە. جۇڭغارلار ئۇلارنى قوغلاپ، بىزنىڭ چىگرا قاراۋۇللىرى بىلەنغا يېقىنلىشىپ كېلىشتى. شۇ تۈپەيلى ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ قالدى» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن [2.67-دەپتەر، 26-ۋاراق، 1-2-جەدۋەل].

جۇڭغارلارنىڭ قاچاقلارنى تەلەپ قىلىپ، چىگرالارغا يېقىن كەلگەنلىكىنى ۋە چىڭكى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چىگرا مەسىلىسى ۋە چىگرادىن ئادەم ئۆتكۈزمەسلىك ھەققىدە كېلىشىم ماۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ، چىن خاندا خەلقىغا بۇندىن كېيىن مەخپىي رەۋىشتە كېلىشكەن ئۇيراتلارنى، بۇرۇنقىدەك چىگرادىن ئۆتكۈزمەسلىكنى تەكلىپ قىلدى. ۋاڭجىنتەينىڭ كۆرسىتىشىچە، چىگراغا مەخپىي كەلگەنلەرگە ئاساسەن يەككە

ھالدا ياكى كىچىك گۇرۇھ بولۇپ، قاچاقلاردىن ئىبارەت
بولغان. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر چىن ئەمەلدارلىرىنىڭ تە.
كاپى چوڭ گۇرۇھ بولۇپ، قاچقان ئايراتلارنى قوبۇل
قىلماستىن ئارقىغا قايتۇرۇۋېتىش دېگەن سۆز ئىدى.
ئۇشبۇ خەتكە لىپ، ئەلبەتتە چىن خاندانلىقىنىڭ ئەسلى
مەقسىتىگە زىت ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، چىن خاندانلىقى
ئۈچۈن زورۇر مەسىلە جوڭغار خانلىقى بىلەن ئەمەلگە
ئاشۇرۇلۇۋاتقان تىنچلىق سودا ئالاقىلىرىنى ساقلاپ
قېلىش ئەمەس، بەلكى ئىلاجى بارىچە جارچە جارلىق
ئاپپازىتسىيون كۈچلەرنى ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلىپ،
جوڭغار خانلىقىنىڭ كۈچىنى زەئىپلەندۈرۈشتىن ئىبارەت
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە يېڭى تەكلىپ-
دىن قايتىپ رەنجىپ ئۆزى بوغدىخاننىڭ خەلىپە ۋە ئۆزىنىڭ
نىيەتلىرىنى تونۇشنى ئەسلىكتە ئېيتىپ، ھەربىي كەڭگەش
باشلىقىغا ئۆزى بىۋاسىتە خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى
بۇيرۇغان. شۇ بىلەن بىرگە ۋاقىتنى يېڭى تۇغۇلغان پىكىر
باشقا ئەمەلدارلاردىمۇ پەيدا بولۇپ قالمىسۇن دەپ،
مەزكۇر كەڭگەشكە جارلىق ئەرمىيەلەر قوماندانلىرىغا
چېگرادا مەخپىي ياكى ئوچۇق ھالدا قېچىپ كەلگەن جارلىق
ئويراتلارنى، ئارقىدىن جوڭغار قوشۇنلىرى قوغلاپ كېلىشكە
قارىماستىن، دەرھال قوبۇل قىلىپ ئېلىش ۋە ئۇلارغا جار-
دەم كۆرسىتىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق ئىشۇ تىنىپ

جاكالىدى [64.1-دەپتەر، 26-ۋاراق، 2-بەت، 25-ۋاراق،
1-بەت].

«ئەتراپتىكى ياۋايىلارنى بويسۇندۇرۇش-
دەپ قەتئىي چەكلىگەن ھەربىي كەڭگەشلەرنى ئورۇنلاپ
قىلىپ- ئۇ زىيىنىكە قاراپ، چاققانلىق بىلەن
ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق .... (داۋاچىلارنىڭ)
بۇخارالىرى ئوبدانلىق قىلىشماقتا. ئۇ يەرلەردىكى ئەرچىلىك-
نى ئۇلار بىزگە ئىشتىھەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇشما-
قتا. بۇنداقلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى
جايلاشتۇرۇش لازىم. ئۇلارنى چېگرانىڭ سىرتىدا
قالدۇرۇپ، بىزگە ھەتتا ئەگىشىپ كېلىشىدىن ۋاز كەچتۈ-
رۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر قاچقانلارنى قوغلاپ
جوڭغار قوشۇنلىرى كەلسە ئۇلارنى توسۇپ قېلىش
كېرەك» [64.1-دەپتەر، 26-ۋاراق، 1-بەت].

جوڭغار خانلىقى تەرىپىدىن كۆرۈلگەن چارە-
لەر بىلەن، ئويراتلارنىڭ چېگرادىن ئۆتۈپ، چىڭ
ئىمپېرىيىسىگە قاچىپ يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشنى قىيىنلا-
شتۇرۇپ قويدى. بۇنداق شارائىتتا، چىڭ خانىدانلىقى
قوغلۇق شۇملۇق يولى بىلەن جوڭغار خانلىقىنىڭ
چېگرا چەكلىرىنى قولغا ئېلىپ، خالىغانچە ئۆتمەكچى
بولغان ئويراتلارغا يول ئېچىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلدى.
مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ يارقىن مىسالى ماموت زەيسەڭ-
نى قولغا چۈشۈرۈش بولدى.

مەنبەلەردە كەلتۈرۈلۈشىچە مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، ماموت كۆزگە كۆرۈنگەن جۇڭغار دەي-
سەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتاي تاغلىرى
بويلاپ ئۆتكەن چېگرانى موھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى
تاپشۇرۇلغان. سېرىن بىلەن سېرىن ئورباش خالقىغا
قاراپ يول ئالغاندا، ماموت ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاش
ھەرىكىتىنى باشقۇرغان بورىبەر (بوشەھى) دەرياسى بويىچە
ئۇلارنى قوغلاپ كېلىپ، بۇ يەردىكى چىن چېگراچىلىرىدىن
تاپاقلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. چىنلار
ماموتقا بۇنى ئالى خاقانىمىز ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن
ئەمەس، بىز يۇقۇرىغا بۇ ھەقتە خەۋەر قىلىمىز. بۇيرۇق
كەلگۈنچە كۈتۈپ تۇرۇڭلار دەپ، سېرىن ۋە سېرىن
ئورباشلارنى ئائىلىلىرى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشتىن
باش تارتقان. بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان
ماموت، چىن چېگراچىلىرىنى ئۆتتۈرىدىكى كېلىشىمنى
بۇزغانلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ قاراۋۇلخانىلىرى
ۋە ئەتراپتىكى جايلارنى ئاختۇرۇپ، سېرىن بىلەن
سېرىن ئورباشنى تاپالماي ئارقىغا قايتىپ كەتكەن
[1.64-دەپتەر، 15-25-ۋاراقلار].
رەسمىي خاتاي مەنبەلىرىدە ۋە ھۆججەتلەردە،
چىن مەمۇرىيىتىنىڭ كېلىشىم شەرتلىرىنى بۇزۇپ، جۇڭغار
تاپاقلىرىنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ قوبۇل قىلىپ كېلىشنى
ئالجاپلىق دەپ، ماموتنىڭ سېرىن ۋە سېرىن ئورباشلارنى

قوغلاپ، چىن چېگرا چېلىرى ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى باش تارتقانىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قاراۋۇل بېكەتلىرىنى ئاختۇرۇپ قايتىپ كېتىشى، چىن ئىمپېرىيەسى خەۋپسىگە ھۇجۇم قىلىندى دەپ قاراكتېرلىندى.

چىن ھۆكۈمىتى، مامۇتنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە، جوڭغار خانلىقىغا دەسسى دەۋرىشتە مەلۇم قىلغىنى يوق، چۈنكى ئۇ مامۇتنىڭ ھەرىكىتى، ئۆزىنىڭ جوڭغارلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە خىلاپ قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئەمما چىن ھۆكۈمىتى، مامۇتنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆز پايدىسىغا ئىشلەتتى. مەسىلەن: 1756-يىلى 18-يانۋار كۈنى چېگرا قوشۇنلىرى قوماندانلىرىغا، مامۇتنى جازا-لاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىش ھەققىدە ئالىي پەرمان بېرىلدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەچ چەتئەللىك مامۇت ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، ئۇنى چىن خاندانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كۆندۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە ئادەم ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭغا كۆپ مىقداردا پۇل ۋەدە قىلىندى. مامۇتنى قولغا چۈشۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە باش بولۇش ئۈچۈن ھەربىي كەڭەش ئەزاسى يوجاۋنى غەربىي خالقىغا ئەۋەتتى. [64، 1-دەپتەر، 36-ۋاراق].

چەتئەللىكنىڭ پەرمانى بىلەن غەربىي خالقا ئەزىمەسى قوماندانىنىڭ ئورۇن باسارى [64، 1-دەپتەر، 34-36-ۋاراقلار] داچىنا ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن مەخپىي رەۋىشتە جوڭغار خانلىقى

چەگرا سىدىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلەپ ماموت ھەققىدە مەلۇ-
مات توپلىغان. سولغ ئۇ يوروش مومكىن بولغان يول-
لار ئۈستىدە پىستىرما قويۇپ ئۇنى قولغا توشۇرۇپ، يو-
شۇرۇن ھالدا ئوغورلاپ كىتىش رېجىسىنى تۈزۈپ قويغان.
شۇنىڭدىن كىيىن ماموتنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى
سىرىق بولاق دىگەن جايغا بىر باھانە بىلەن چاقىرغان.
داچىسانىڭ ۋەكىلى چى كىشىنىڭ ماموتنى باشلاپ مەزكۇر
چەگرا پونكىتىغا كەلگەندە، جوگىغار پوقارالىرى كىيىمى كىيۋال-
غان جىن لەشكەرلىرى تۇيۇقسىزدىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ
قولغا توشۇرگەن. ماموتنىڭ يىنىدا ھەممىسى بولۇپ 35 كىشىدىن
ئىبارەت بولغان بىركىچىك ئەترەت بولغان. ماموت ئا-
دەملىرى بىلەن قولغا ئېلىنغاندىن كىيىن، دەرھال خالىسىغا
ئېلىپ بىرىپ سوراق قىلىنغان. سولغ بىجىنگە ئەۋەتىلگەن
[64.1-دەپتەر، 37-ۋاراق]. داچىسانىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى
چەگرا بۇزارلىق ئەمەس، بەلكى قەھرىمانلىق ھەرىكەت دەپ
باھالاندى.

ماموتنى بىجىنگە يەتكۈزۈش خۇددى ئىسالىك بىر
ھىربى ئەمەلدارغا تاپشۇرۇلغان. ئەلس قودۇق دىگەن
جايغا بارغاندا، بىجىندىن كىلۋاتقان يوپىباۋ بوغدا خان-
نىڭ يەتكى پەرمانىنى كورسىتىپ، ماموتنىڭ قول ئاياق-
لىرىنى يېشىپ ئۇنى بوشىتىۋىتىپ، سولغ ئۇلارغا كىيىم-كىچەك
بىرىپ، ئارقىغا قايتۇرۇپ كىلىپ بىرىپ ئوز ۋەتىنىگە
كەتكۈزۈۋىتىدۇ [64.1-دەپتەر، 35-36-ۋاراقلار].

-400-

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يۇيباۋ شوختى بىلەن
بىرگە ماموتنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ جىنايەت
قىلىپ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە ئەشۇنداق بولۇشىغا قارىماي
بوغداخان ھىممەت كۆرسىتىپ، ئۇنى قويۇۋېتىشكە ۋە
كىم-كېچەك بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ،
ماڭا بۇ قىلىنغان ياخشىلىق ئۈچۈن مىننەتدارچىلىق
بىلدۈرۈش ئەمەس، چېگرادىن ئۆتۈشنى خالىغانلارنىڭ
ھەممىسىنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى تەلەپ
قىلدى. شۇ بىلەن بىرگە ئۇنى قورقۇتۇش ئەمەسمۇ، ئەگەر
بۇ تاپشۇرۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن باش تارتسا،
چىن ھۆكۈمىتى رەسمىي رەۋىشتە جۇڭغارخانىغا خىزمەت
كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ماموت بوغداخاندىن ھوكا-
يات ئالدى دەپ خەۋەر قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى
ئەم ئېيتتى. مەسىلەن: چەنلۇڭنىڭ 1754-يىلى 11-مارت
كۈنى ئېلان قىلغان پەرمانىدا «ماموت قويۇۋېتىلدى.
ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن مىننەتدار بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزى
ئىتائەت بىلەن كېلىدۇ. ئەگەر ئىتائەت قىلىشتىن
باش تارتسا، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارىغا ھەممە ۋەقەنى خەۋەر
قىلىمىز. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى بۇنى ئاڭلاپ
قاراپ تۇرمايدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچرىتىش
مۇمكىن [67.1-دەپتەر، 42-ۋاراق.2-بەت].
بۇندىن ئاشقىرى چەنلۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى
بىلەن شوختى ئۆز ئادىمى ئارقىلىق ماموتقا ئەگەر

تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ ئالتايدا ياشاۋاتقان ئۆلىيەنغچى باشپانالىقىدىكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ئۆز جايلىرىدىن ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەرمىيە جايلاشتۇ-رۇش رېجەلەپ قويۇلغانلىقى ھەققىدە ھەم خەۋەر قىلىنغانىدى. ئامما، ماموت چىن ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بوغداخان ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ھەققىدە يەنە پەرمان بەردى. بۇ قېتىم ماموت 150 نەپەر قېرىنداش-ئۇرۇقلىرى بىلەن تۇتۇپ كەلتۈرۈلدى. سولۇڭ چىن مەمۇرىيىتى ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى گەرۋەگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىمەخسۇس ئۆچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى [64. 2-دەپتەر، 15-ۋاراق، 2-جەت].

چىن خاندانلىقى پەقەتلا بىر ماموتنى قوللۇق. شۇملۇق بىلەن ئۆز خەرىتىسىگە قاراتىشقا ھەرىكەت قىلىش بىلەن چەكلەنگىنى يوق. شۇنداق ئۇسلۇب بىلەن ئۇ بىرقانچە چېگرا ۋىلايەتلىرىدە ياشايدىغان ئويرات جەمەتلىرىنى ئۆز خەرىتىسىگە ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇندى. مەسىلەن: 1754-يىلى يىل بېشىدا چىن خاندانلىقى ئالتايدا ياشىغۇچى ئۇرەڭخەي ئۇلۇسىنىڭ جەمەتلىرىدىن بىرى بولغان تۇبۇشىن بىلەن داۋاچى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىدارلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تاپتى [43. 454-باب، 4-ۋاراق، 1-جەت]. سولۇڭ چىن ھۆكۈمىتى دەرھال بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، مەزكۇر جەمەت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆز تەسىرىگە

ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ زەمىنى زەرور بولغان لەرنى
كىنىشاخەتلەر تۆرۈش رىجىسى تۈزدى. مەزكۇر تۈزىمى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى شۆختىگە تاپشۇردى. بۇ لەققە
لشۆختى ئۆزىنىڭ ھېساباتى مەكتۇبىدا «كەمىنە ئەرمىيە
قوماندانى، جوڭخار خانلىقىغا تابىئە ئۆرۈكفەيلەرنى،
بىزنىڭ خەسرىمىز ئاستىغا ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلار بىزگە
گۇناخەت قىلىشنى جاش تارتسا، ئالتايدىن كۆچۈر-
ۋۆتۈشنى ھەققىدە ئالى چەرمان ئالدىم» دەپ يا-
زىدۇ [66. 1-دەپتەر، 38-ۋاراق، 1-بەت].
ئۆرەكفەيلەرنى گۇناخەت قىلدۇرۇش
پىلانى ھەم خەدەمو- خەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشنى
لازىم تاپتى. بىرىنچى قەدەمدە، ئۆرەكفەي جەڭلىرى
ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنى چىن ئىمپىرىيەسى
پۇقرالىقىغا ئۆتۈشكە تەشۋىق قىلىش ۋە كۆتمىسە
بەزى ئۆرەكفەيلىكلەرنىڭ چىن ئىمپىرىيەسىگە تە-
گىشلىك جايلارغا قاچقاندى، ئۆيراتلارنى قوغلاشتىغا
قاتناشقانلىقى ھېساپىغا ئېلىپ، بارلىق ئۆرەكفەيلەرنى
ئۆزىماكانلىرى ھەيدەپ چىقىرىش رىجىسى ھەققىدە
ئۆختورۇش بېرىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ كۆرۈش كېرەك
تېدى. ئەگەر بۇچارە كەسىر قىلمىسا، قوشۇن ئەۋە-
تىپ ئۆرەكفەيلەرنى زورلۇق بىلەن تىزچوكتورۇش
ياكى ئۆزجايىدىن كۆچۈرۈۋېتىش لازىم تېدى [
66. 1-دەپتەر، 41-42-ۋاراقلار].

1754-يىلى باھاردا چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇشبۇ ھەم-
سە تەلەپلىرىنى خەۋەر ئېلىپ، ئۆرەڭخەيلەر تۇرغان جا-
يلىرىنى تاشلاپ، ئۇلار يىراق ۋىلايەتلەرگە كۆچۈپ
كەتتى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى بوش قالدى. ئەگەرچە چىن
ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆرەڭخەيلەرنى بويسۇندۇرۇش پىلانى
ئەمەلگە ئاشماي قالغان بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭدىن خاپا
بولغىنى يوق. ئەكس ھالدا دەرھال، ئۇلارنىڭ ماكانىغا
قوشۇن ئەۋەتىپ، ھېچ قانداق قارشىلىقسىز جۇڭغار
خانلىقىغا تېگىشلىك ئالتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى
چوڭ بىر ۋىلايەتنى ئىگىلىۋالغىنىغا خۇرسەن بو-
لدى. بۇ ھەقتە چەنلۇڭ ھەربىي كەڭكە ئىشلەدە ھازىر
ئۆرەڭخەيلەر خاتۇنلىرى ۋە خەيبۇت خانلىرى نېرىسىدىكى
ئارغۇت (ئاگەركۆل) دېگەن جايغا كۆچۈپ كېتىپتۇ،
ئالتاي بوشاپ قاپتۇ. بۇ يەرگە قادا ئۇلار قوبۇلسۇن
ۋە مۇداپىئە ئىنشائەتلىرى قۇرۇلسۇن» دەپ جاكارلىغان
[64. 1-دەپتەر، 16-ۋاراق، 2-بەت. 15-ۋاراق، 1-بەت].
شۇ يىلى بىرگە بوغداخان ئۇشبۇ كەتكە ئىشلە، ئەگەر
ئۆرەڭخەيلەر قايتىپ كېلىشنى خالىسا، ئۇلاردىن چىن
ئىمپېرىيەسى بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىنىشى
لازىملىقىنى ئېيتقان [64. 1-دەپتەر، 16-15-ۋاراقلار].
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي چەنلۇڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى
بەردى: «بىزنىڭ چېگرا بېكەتلىرىمىز ۋە ئەترەتلىرى جا-
يلاشقان لاگېرلار ئالدىغا قاراپ سۈرۈلسۇن. شۇنداق

-404-

قالغانلىرىدا، بىر قېتىمدىن، قاچاق ئويراتلارنى قوبۇل قىلىش ئاساسلىشىدۇ. ئويرات چايلاقلىرى خاراۋەت قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، كېلىدىغان يىلى ئۇرۇش باشلانسا، يولىمىز قىسقىراق بولىدۇ» [64. 2-دەپتەر، 36-ۋاراق، 2-بەت].

كەلتۈرۈلگەن مەزكۇر مەلۇماتلار، چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ 1754-يىلدىن باشلاپ، جوڭغار خانلىقىغا تىگىشلىك بەگلەرنى ۋە پۇقرالارنى قوبۇل قىلىش بىلەن چەكلەنمەي، ئۇنىڭ زېمىنى ھەم ئەل-لەش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقىنى ئەينەن كۆرسىتىدۇ.

چىن ئىمپېرىيەسى ئۆرەككە چېگرىلىك زېمىنى ئىگىلىلەش بىلەن چەكلىنىشنى ماقۇل كۆرمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىن ھەمورىيىتى مەخپىي رەۋىشتە ئۆرەككەنى-لەر ئارىسىغا ئايغاقچىلار كىرگۈزۈپ، بىرقانچە بەگ-لەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئوغرىلاپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە خاتىرىدە «بىجىڭگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ-لەردىن بىرىدە» «ئالدى بىلەن لەشكەرلەر كىرگۈزۈپ، ئالتايدىكى ئۆرەككە زەيسەنلەردىن ئۈچ كىشىنى ئەسىرگە ئالدۇق. سولىغ مىڭدىن ئارتۇق ئۆرەككە ئائىلىلىرىنى ئىتائەت قىلدۇردۇق. ھازىر بولاخان-دىكى چاخان تۇخمەي ۋە ئەمبى خوشۇ دىگەن جايلارغا قوشۇن كىرگۈزۈۋاتىمىز» دەپ يېزىلغان.

چىن ئىمپېرىيەسى مەخپىي رەۋىشتە تاجاۋۇزچىلىق

ھەرىكەتلىرىنى باشلىغان بىر دەۋردە، جوڭغار خانلىقى
بۇنىڭغا قارشى چارە-تەدبىرلەر كۆرىدىغان دىگەن سا-
ۋال ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشى تەبىئى. داۋا-
چى تەختىگە كەلگەندىن، مەزكۇر خانلىقتىكى ئىچكى
ۋەزىيەت ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ھاكىمىيەت ئۈچۈن
كۆرەش، ھاكىمىيەت دائىرىلىرى ئارىمۇ-قارشى
لاگىرگە بولۇپ ئاشلىدى. نەتىجىدە بىرلىك يوقۇلۇپ،
چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق
ھەرىكەتكە قارشى كۈچلەر زەيىپلىشىپ كەتتى. ئەترا-
پتا جوڭغار خانلىقىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئۇنى
چىنلاردىن ھىمايە قىلىدىغان بىرلىك كۈچ ھەم
يوق ئىدى. مۇنداق شارائىتتا، داۋاچى ئۈچۈن
چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن توقۇنۇشماسلىق، ئىلاجى
بار يەنە ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەت ساقلا-
شقا ھەرىكەت قىلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.
بۇنى ياخشى تونۇپ يەتكەن داۋاچى، ئەينى شۇنداق
سىياسەت تۇتتى. بۇنىڭ ئىسپاتى تەرىقىسىدە
تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن.
1753-يىلى 13-ئىيۇل كۈنى چەنلوڭنىڭ
جوڭغار خانلىقىنى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىگە رەھبەر
قىلىپ تايىنلىغان (چىن سەي داچىن) يوڭچىاڭغا
بەرگەن پەرمانىدا «جوڭغار ھۆكۈمدارى داۋاچى
لامادورجىنى يوق قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئىلان

-406-

قىلىپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ بىزبىلەن تىنچلىق مۇناسىۋەتتە
بولۇشنى ئىستەپ. ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە
خەۋەر كەلدى» دەپ يېزىلغان [64. 4-دەپتەر، 43-
ۋاراق، 1-بەت].

1754-يىلى 24-ئىيۇن كۈنى بوغدا خاننىڭ
ھەربىي كەڭەشكە تۇشۇرۇپ بەرگەن پەرمانىدا «...،
يۇڭچاڭنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، جوڭغار ياۋا-
يىلىرىنىڭ ئەلچىسى چىياۋۇۋەن دېگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ.
يېقىندا چېگرادىن ئۆتەر ئىكەن. مەزكۇر ئەلچىلىك
كېيىنكە قارىغاندا، ئۇ يولغا چىققىنى ئالدىن، مەملىكىتىمىز
ئەۋەتىدىغان سوداكارۋانغا باشلىق قايىلاپتۇ. مە-
زكۇر كارۋان 6-ئايدا يېتىپ كېلەر ئىكەن» [64. 2-
دەپتەر، 24-ۋاراق، 2-بەت] دەپ زىكىر قىلىنغان.

شۇ يىلى 19-ئاۋغۇست كۈنى بېرىلگەن ئالى
پەرماندا «يۇڭچاڭنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، جوڭغار
سودىگەرلىرىنىڭ باشلىقى ھاجىبەك (ئاجى بوك) ماۋجوت
كەلتۈرگەنكە ئاساسەن، سودا ئالاقىلىرى يولغا قويۇش
مەقسىتىدە چېگراغا يېتىپ كەپتۇ... بۇ قېتىم سودىگەرلەر
داۋاچى خانىدىن سەپەرگە ئاتلانغان. مەزكۇر خان
سودا ئالاقىلىرى داۋاملاشتۇرۇشقا ئالدىن ئىسرارلى-
دىن كۆپراق قىزىقماقتا» دېگەن سۆزلەر ئېيتىلغان
[64. 3-دەپتەر، 12-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].

كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا ئوخشىغان ماتېرىيال-

لارنى كۆپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ھەقتە يېزىلغان
ھۆججەتلەر يېتەرلىك، شۇنداق بولسىمۇ، تىلغا ئېلىنغان
تۆرت ھۆججەتتە، جوڭغار خانلىقىنىڭ 1756-يىلى يەنى،
داۋاچى ھاكىمىيەتتە كەلگەندىن كېيىن، چىن ئىمپېرىيەسىگە
نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى ئەنىق كۆرسىتىلگەن،
چىن خاندانلىقىنىڭ بۇ چەيتىدە، جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن
تۇتقان سىياسىتى توۋەندىكى ئىككى ھۆججەتتە ئەنىق
ئىپادىلەنگەن.

1754-يىلى 24-ئىيۇندا ئېلان قىلىنغان ئالى
پەرماندا «ئىلگىرى بىز ئاڭلىدان سىرىغا ھىممەت
كۆرسىتىپ، جوڭغار ئۇلۇسلىرىغا بىز بىلەن ئىسودا ئالاقە
قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ئىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن
ئەخمەتكە ئۇنىڭ ئۇغلى سېۋاڭنىڭ دورجى ئولتاردى. بىز
ئۇنىڭغا ھەم شۇنداق مودا ئىسۇدە ئەتتە بولدۇق. ھازىر
ئەخمەتنى ئۇنىڭ چوقارسى بولغان داۋاچى ئىشكە ئاللەپ
ئالىپ، بىزگە ئىسودا-ئىسالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتكەن.
ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىز بۇرۇنقىدەك ئىشىنىپ تۇتۇشالمىز
مۇمكىنمۇ؟ سولالىمىز كۆركەرەپ تۇرغان بىر پەيتتە
ئۆزىمىزنى ئاجىز ئىلىپ كۆرسىتىپ، چاۋۇيلارغا نىسبەتەن
سوس ھەرىكەتتە بولۇشىمىز ئەسلا توغرى كەلمەيدۇ.
ئەگەر بىز ھازىر ھوجۇمدا كەلگەن قولاي پۇرسەتنى
قولدىن بېرىپ قويساق، جوڭغار چاۋۇيلىرى چاڭچال
چىقىرىشى مۇمكىن. چوڭكى ئۇلار بەك ئاكىسىز ۋە خادىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز
لازىم» دەپ جاۋاب قىلىنغان [67.3. دىپەر، 25-
ۋاراق 1-جەت. 26-ۋاراق 2-جەت].

چەنلوڭنىڭ ئىككىنچى بىر پەرمانىدا «ماخا
بىر قانچە يىل داۋامىدا جۇڭغار ئۇلۇسلىرى ئۆز-ئارا
كۈرەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلار قازاقلار بىلەن ھەم ياخشى مۇناسىۋەتتە ئەمەس.
بۇ ئۇلارنىڭ بىرلىكى يوقالغانلىقىدىن ۋە تولاي ۋەزىيەت
تۇغۇلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز
لازىم. ئەكسى ھالدا، يىللار ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكى
ئەسلىگە كېلىدۇ، قوشۇنى كۈچىيىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلاردىن
ئۆزىمىزنى ھىمايە قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. بۇندىن
تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنداشلىرى سىرىن ۋە لسىرىن
ئۇرباشى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىلىرى بىلەن بىزگە
چىن كۆڭلىدىن ئىتائەتكارلىقنى بىلدۈردى. ئۇلارنى جايلا-
شتۇرۇشنى ھەم ئويلىشىشىمىز لازىم. مەن ۋەزىيەتنى
قولدىن بەرمەي، كېلەر يىلى ئىككى يول بىلەن
ئىلىغا قاراپ ھۇجۇم باشلىشىمىز كېرەك. ھۇجۇمنى ئا-
مالىغاندىن كېيىن، لسىرىنغا ياشاش ئۈچۈن ياتىشقا
جاي بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆز-ئايماقلىرى بولۇپ تاشلا-
نىش ۋە كۆچۈش زەيپلەشتۈرۈش مۇمكىن. بىر نەچچە ئون
يىل داۋامىدا بۇنداق ۋەزىيەت بىرىنچى قېتىم ۋۇجۇدقا
كەلدى. مەن ياخشى ئويلاپ كۆردۈم. باشقىچە ئىش

تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس» دەپ يازىدۇ [ 64. 2- دەپتەر، 26-ۋاراق، 1-2-بەتلەر ].

بىچون سارايىدىكى يارلىق ئەمەلدارلار بوغدا-خاننىڭ پىكرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، دەرھەقىقەت جۇڭغارلار بىرلىكنى يوقاتتى. ئۇلارنىڭ دۆلىتى بۇرۇنقى قۇدرىتىنى ساقلاپ قالالىغى يوق. شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىش ۋاقتى كەلدى. 1755-يىلى داۋامدا، كۆپتىن بىرى پىلانلاشتۇرۇپ كېلىنگەن مەزكۇر ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشسەك بولىدۇ دەپ ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشتى [ 64. 2- دەپتەر، 26-ۋاراق 1-2-بەتلەر ]. شۇ يىلى بىرگە ئۇلار ھۇجۇم باشلاشنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېنىق رىجەلىرىنى تۈزۈپ چىقىش لازىملىقىنى ھەم دېيىشتى.

يېڭىچە ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كۆرۈش ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلىدىغان ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش بىلەن باشلاندى. چىڭ خاندانلىقى غەربىي خالقىغا جايلاشتۇرۇلغان ۋە شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىش ئۈچۈن، مۆلچەرلەنگەن ئەرمىيە قوماندانى شۇختىنى ۋەزىپەسىدىن ئازات قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭغۇل ئۇرۇقلىرىغا ئاپىتە بولغان ۋە بۇندىن بىر نەچچە يىل مۇقەددەم كۆكنور ۋىلايىتىدىكى چىلارغا قارشى قوزغىلاڭ ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغان ۋە قانتىق-قوللىقتا باشقىلاردىن پەرق قىلغان ھەمدە،

-410-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىبەتتە چىن سۇلالىسىنىڭ جاڭ ھاكىمى (زوڭدۇ)
ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان [63. 53-دەپتەر، 19-ۋاراق؛ 64.
1-دەپتەر، 6-8-ۋاراقلار] بەندىنى قايىلدى [64. 3-
دەپتەر، 28-ۋاراق، 1-بەت]. چۈنكى ئۇرۇش باشلىنىش
ئالدىدا، جوڭغارلارنىڭ ئىچكى ۋەزىيەتلىرى تېخىمۇ
كەسكىنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلگىرىكىدىن ھەم جىد-
دىيراق ھەرىكەت قىلىش، چىن ھۆكۈمىتى يېڭى ئۇرۇشقا
تەييارگەرلىك كۆرۈشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن
بىرى دەپ بىلەتتى.

مەزكۇر قارار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئارىدىن
كۆپ ئۆتمەي، چىن ئىمپىرىيەسىنىڭ غەربىي چېگراسى
بويلاپ، جوڭغار خانلىقىغا قارشى ھەرىكەتلەر جىددىي
تۈس ئالدى. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن،
غەربىي خەلقا چېگرالىرى، جوڭغار خانلىقىنىڭ قوبدوغا
كېلىشىم ئاساسىدا تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن
ئادەملىرى چېگرادىن ئۆتكۈزمەي توختۇپ قالدى. چېگرا
بويلاپ جايلاشتۇرۇلغان ئەرمىيەنى تەكشۈرۈشنى
ئۆتكۈزۈش سانىنى تولتۇرۇش، مۇھىم ھەربىي ئەھە-
مىيەتكە ئىگە بولغان جايلارغا قوشۇن ئەۋەتىش، ئۇر-
ۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ پىلانىنى ئىشلەپ چىقىش ۋە ئۇنى
باشلاش ۋاقتىنى بەلگىلەش مەسىلىسى بويىچە ئەمەلىي
ئەھۋاللار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش
بەندىگە تاپشۇرۇلدى.

زىكىر قىلىنغان خاتىرىلەر قوبۇل قىلىنغاندىن
كېيىن، بىر ئايدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەچكە، بېجىڭگە خەۋەت
ئورۇنلىرىغا مەنسۇپ تەيجى ئامۇرسانانى، بوغداخان-
دىن يارىدەم سورىماقچى بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر
كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھەقتە تولۇق مەلۇمات
ھەم ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە،
ئالدىن ئامۇرسانانى داۋاچىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ
تەختكە چىقىشىغا يارىدەم قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ
داۋاچىغا قارشى ئاپپازىتسىيون كۈچلىرىنىڭ چوڭ
بىر گۇرۇھىغا رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىغان [2.64 -
دەپتەر، 36-ۋاراق]. تولۇشۇپ خەۋەرلەرنى ئۆگىنىۋاتقان
بىر دەۋردە، چىن سارايغا خوشنا ئورۇنلىرىغا مەنسۇپ
جەلىبر (جەبىنجۈن) ۋە دۆربەت ئورۇنلىرىغا مەنسۇپ
نەۋخو قاتارلىق تەيجىلەر ھەم چىن سۇلالىسىدىن
يارىدەم سوراش نىيىتى بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات كەلدى.
تولۇشۇپ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بەلكىم ئامۇرسانانىڭ
ئاغا بىر ئاتا باشقا تۇغقىنى بولۇپ، ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن.
ماخا شۇ خانى ئەينى چاغدا ئۈچ ئورۇق-تۇققان ئويرات
ھاكىملىرىنىڭ قارىمىقىدا، جەمئىي 20 مىڭ ئۆيلۈك چارۋا
بولغان [4.64 دەپتەر، 19-20-ۋاراقلار].
ئامۇرسانا ھەققىدە خەۋەر كەلگەندىن كېيىن چە-
ئىلۇڭ بۇنىڭغا بىر ئاز ئەندىشىلىك بىلەن قارىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇ مەزكۇر ئويرات تەيجىسى ياخشىلاپ

تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى بۇيرۇغان ئىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئېلىنغان خەۋەرلەر تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئامۇرسانا بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق- تۇققانلىرى ئۆز تەرىپكە جەلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. 1754- يىلى 29- دېكابىر كۈنى چيەنلۇڭ سارايدا ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ: خويت ئەيىبى ئامۇرسانا، دوربەت ئەيىبى نىمۇخۇۋە، خوشوت ئەيىبى بەنجۇر جۇڭغارلارنىڭ يېرىدىكى ھەربىي قوماندان- لىرىدىن ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز ئۇلۇسلىرىغا چوڭ تە- سىر كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەينى چاغدا، چيەنلۇڭ خاقان- نىڭ پەرمانىغا بىنائەن چىڭ مەمۇرىيىتى ئامۇرسانا، بەنجۇر ۋە نىمۇخۇلارنى 1754- يىلى 25- ئاۋغۇست كۈنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ، كۈتۈپ ئالىدى. چېگرادىن ئۆتكەندە ئۇلار يېنىدا 2 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بىر ھەربىي ئەترەت بار ئىدى. بىرگە كەلگەن پۇقرالىرى بىلەن مەزكۇر ئويرات ھاكىملىرى ئولياسۇتەي كۆلىنىڭ يېنىغا جايلا- شتۇرۇلدى [66. 3- دەپتەر، 21- ۋاراق]. قىشقا يېقىن ئامۇرسانانىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، ئۇنىڭ ئەمرا- لىرى ۋە جارلىق پۇقرالىرى ئورخون ۋە تامىر دەريالىرى بويلىرىغا كۆچۈرۈلدى [66. 3- دەپتەر، 22- ۋاراق].

ئامۇرسانا بىلەن چيەنلۇڭنىڭ روھىدا ئۆز- چۈرلىق ۋە ئۇچۇرۇشۇشقا بېرىپ، قايتىش جەريانى روس

ئالىمى ۋ.س.كوزنىتسوۋنىڭ «ئامۇرسانا» دەپ
ئاتالغان كىتابىدا [112، 29، 48- بەتلەر] تولۇق بايان
قىلىنغان. بۇ يەردە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش يېتەرلىككى،
بوغداخان بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان
ھەمراھلىرىغا، جۈملىدىن، جەلبىر بىلەن نىموخونا چوڭ
ھىممەتلەر كۆرسىتىلگەن ۋە مەنسەپدارچىلىقلار ئۈلەشتۈ-
رۈلگەن. ئەمما مەزكۇر تەتقىقاتچىمىز ئۈچۈن باشقا
مەسىلە، ئېنىقراقى، چىن ئەمەلدارلىرى بىلەن ئامۇرسانا
ئوتتۇرىسىدىكى، داۋاچىغا قارشى ئورۇش پىلانلىرى ھەققىدە
بولغان سۆزلەر كۆپراق ئەھمىيەتلىكراق. ئۇشبۇ مەسىلە
ۋ.س.كوزنىتسوۋنىڭ كىتابىدا ۋە ئۇنىڭدىن ئالدىن ئامۇر-
سانا ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن مۇئەللىپلەر ئەسەرلىرىدە
ھەم نەزەردىن تاشقىرىدا قالغان.

1754-يىلى 6-سېنتەبىر كۈنى، ئامۇرسانا چېگرادىن
ئۆتكەندىن بىر كۈن، كۆپ ئۆتمەي چىن خانىدانلىقى تاپشۇرۇقى
بىلەن بوغداخان كۈيئوغلى (ئەفۇ) سېيرى ئۇنىڭ بىلەن
قايغان-كول دەرياسى يېنىدا ئۇچرىشىپ، داۋاچىغا قارشى
ئورۇش رېجىلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. سۆھبەت
داۋامىدا، ئەفۇ سېيرى ئورۇش باشلاش ۋاقتى مەسىلىسى
ئۈستىدە گەپ يورۇتۇپ ۋە بۇ ھەقتە ئامۇرسانانىڭ پىكرىنى
سورىدى. مەزكۇر ئۇيرات تەيجىسى ئۆز پىكرىنى زىكر قىلىپ،
داۋاچىغا قارشى ھوجۇمنى باھار باشلانغاندا باشلاش
ۋە چىن ئەرمىيەسى ئورۇشقا ئاتلىنىشتىن ئالدىن بىر-بىر

ئابرويلۇق جوڭغار بەگنى. بىر كىچىك بىر ھەربىي خەتەرەت
بىلەن جوڭغارستانلىقلارغا ئۆزەتىش لازىملىقىنى خەيتىدۇ
[64. 7-دېكابىر]. ئامۇرسانا ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاپ،
داۋاچىنىڭ ئەترابىدا قابىلىيەتلىك ئادەملەر يوقلۇقىنى،
ئۇنىڭ ئائىلىلار ئارىسىدا ئابرويسىزلىقى ۋە جاھىل باشلا-
نغان دۆلەت ئائىلىلار قۇرۇق، قوۋۋەتسىزراق بولۇشىنى،
بۇنداق ۋەزىيەتتە قىش داۋامىدا ھاجىشى بىسىلغان
ئائىلىلار بىلەن تەمىنلەنگەن ئەسكەرنى ئۇرۇشقا ئۆۋە-
تىلسە، بۇ ئەسكەر داۋاچى قوشۇنلىرىنى ئۇستۇن كېلىشى
مۇمكىنلىكىنى تۇشۇنتۇردى. شۇ بىلەن بىرگە ئۇ ئالدى
بىلەن ئاز سانلىق قوشۇن بىلەن داۋاچىغا قارشى
كۈرەش باشلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ھەم ئەيتتى
[64. 6-دېكابىر، 2 ۋە 12-يانۋارلار؛ 7-دېكابىر، 13-يانۋار].
ئەفۇسىرى ئامۇرسانا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن
دەرھال ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چىەنلوڭ خاقانغا يەتكۈزدۇ-
سۇلۇق بولغاندىن، جوڭغارستانلىقنى يوقۇتۇشتا، ئامۇر-
سانانىڭ پايدىلىنىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىدۇ. بۇ
ھەسلىكە قايتا-قايتا تەكىتلەپ «ئامۇرسانا جوڭ-
غارلار ئارىسىدا ئابرويلۇق بىر شەخس... ئۇ ياۋايىلارنى
ئاسانلا ئىشەنچە قىلىشقا كۆندۈرۈشى مۇمكىن» دەپ
تەكىتلىدى [64. 10-دېكابىر، 8-يانۋار، 2-فېۋرال].
ئامۇرسانانىڭ پىكرىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ،
چىڭ ھۆكۈمىتى ئىشلەپ چىققان ئۇرۇش پىلانلىرىغا

-415-

تۈزۈتۈش كىرگۈزدى. مەسىلەن: غالدىننىڭ پىلان
بويىچە ھۇجۇم 1755-يىلى يازدا باشلىنىشى كېرەك ئىدى.
ئامۇرسانانىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇشبۇ ۋاقىت چاھار
باشلىنىشى دەۋرىگە ئۆزگەرتۈرۈلدى. ھۇجۇم باشلانغاندا
غالدى بىلەن ئويرات جەڭچىلىرى ئاز سانلىق قوشۇن
بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان ۋە ئۇرۇش كۈزدە توختىتىلغان ئىدى.
ئەندى ئەينەن شۇنداق قىلىش مەقبۇل تېپىلدى [66،
3-دەپتەر، 32-ۋاراق].

بۇ قورۇندا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار، مەزكۇر
ماقالىمىزنىڭ بېشىدا، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ جوڭغار خان-
لىقىغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشتا، ئىچكى كۈرەشتە مەغلۇپ بولۇپ، خار-
جىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، جوڭغار ئاپپا-
زىتسىيونىڭ كۈچلىرىنى پايدىلانغۇچى بولغانلىقى
ھەققىدە ئېيتقان پىكىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ ۋە
گۇمانغا ئورۇن قالدۇرمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 32. 1755-يىلى باشلانغان چىن ئىمپىرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە جوڭغار خانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى.

1755-1757-يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان چىن ئىمپىرىيەسىنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى ۋە جوڭغار خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن يوق قىلىپ تاشلىنىشى، ھەمدە مەھەللە خەلقىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، بۇتۇن جاھان ئالىملىرىنىڭ ئېتىبارىنى جەلپ قىلىپ كەلدى. چۈنكى مەركىزى ئاسىيا خە-لقلىرى ھاياتىدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش بولۇشىغا ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي دۆلەت تۈزۈمىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغان بىردىن تارىخى ۋاقىيە ئىدى. ئۇشبو ۋاقىيە ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن ئالىملار ئىچىدە ن. يا. بىچۇ-رىن [5-9]، ئا. لۇنشىن [26]، ج. ج. ۋەلىغانوۋ [11-17]، ل. ئى. دومان [98-99]، ئى. يا. زىلاتكىن [104-106]، ب. پ. گورىۋىچ [94-96]، ۋ. س. مىيەسنىكوۋ [142-143]، ش. ب. چىمىتدورجىيوپ [181-185] ۋە باشقىلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش لازىم. بىچۇرىن، دومان ۋە مىيەسنىكوۋلار خىتاي مەنبەلىرى ئاساسىدا

-417-

ئىشلىگەن بولسا، زىلزىلىنى، گۇرىيسوزنى ۋە چەكتىن-
ئورجىيوپلار (روس ۋە ماڭغۇل مەنبەلىرى. جۈملىدىن
روس ئارخىپ مەلۇماتلىرى ئاساسىدا تەتقىقاتلار ياز-
غان غەربىي ئاۋروپا ئالىملىرىدىن م. گوران [275]،
خە. خىنش [278] ۋە باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇمكىن.
مەزكۇر ۋاقىيەگە خىتاي ئالىملىرى تەرىپىدىن ھەم
چوڭ كۆڭۈل بۆلۈنگەن [226، 227، 228، 210، 231،
233-234، 256، 259-262 ۋە باشقىلار].
بۇ تۈردە تىلغا ئېلىنغان تارىخچىلارنىڭ تە-
سەۋۋۇرىدە، شۇ يىللاردا چىن ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ھەربىي يۈرۈشلەر ۋە ئۇلارنىڭ
ئاقىۋەتلىرى كەڭ يورۇتۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ
ئالىملار تارىخقا ئەنئەنىگە چوڭ ھەسسە قوشقان.
ئەمما شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، مەزكۇر تارىخى
ۋاقىيەگە ئائىت كۆپلىگەن مەسىلە ھۆججەتلەر، بولۇپمۇ
ئۇ دەۋردىكى مەخپىي دەپ ھېساپلانغان مەلۇماتلار،
ئۇلارنىڭ قولىدا بولمىغانلىقتىن تارىخى ئەدەبىياتلاردا
قاتار خاتوغرى پىكىرلەر ئىشلىگەن قالغان. مەسىلەن:
چىن ئىمپېرىيىسى جوڭغارخانلىقىغا قارشى ھۇجۇم با-
شلىغاندا، ئۇيراتلار قارشىلىق كۆرسەتمەستىن
تەسلىم بولۇشتى دېگەن پىكىر ئەينە شۇ جۈملىدىن.
بۇ ھەققىدە ئى. يا. زىلاتكىن «ئۇيرات پېشۋالىرى غالىپ
چىققانلارغا تەسلىم بولۇشتى، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەرىكەت

-418-

قىلىشىدى. ئويرات خەلقى تۈشكۈنلۈككە ۋە قىيىنچىلىققا
ئۇچراپ ئىستىلاچىلارغا قارشى تۇرمىدى» دەپ يازغان
[104 .292 ـ بەت]. خۇددى شۇنداق پىكىر كۆپلىگەن
خىتاي خاتىرىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم ئۇچرايدۇ.
مەزكۇر خۇلاسىنى ئالغا سۈرۈشتە زىلاتكىن ۋە يا-
شىقلار جۇڭغار خانلىقىدىكى ئىچكى كۆرەشلەرنىڭ
جىددىي تۈس ئېلىشىغا ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئويرات
دۆلىتىنىڭ زەيىپلىشىشىگە ئاساسلانغان. دەرھەقىقەت
مەزكۇر ئەھۋال ئويراتلارنىڭ بىرلىكىنى يوقۇتۇپ،
دۈشمەنگە قارشى كۆرەشنىڭ سۇس بولۇشىغا سەۋەپ
بولدى. ئەمما 1755 ـ يىلى ئويراتلار چىڭلارغا قارشى
جىددى كۆرەشكە ئۆتكەنلىكىنىڭ ھازىرغىچە نەزەردىن
چۈشۈپ قالغان باشقا سەۋەپلىرى ھەم بولغان
ئىدى.

چەخلوخىنىڭ ئامۇرسانانىڭ جايە يىلىنىشى
ھەقىقەتەن يەركەن سەخىپى چەرچاخلىرىدا كېلىشەتتۇرۇلگەندا
مەلۇماتلارغا قارىغاندا مەزكۇر ئويرات تەيجىسى
يوسۇندا خاندىن داۋاچىنى تەختتىن ئاغدۇرۇش
ئۈچۈن ياردەم سورىغان ۋە چىن ئەرمىيەسى يار-
دىمىدە تەختنى ئىگىلەش مۇمكىن دەپ ئىشەن-
گەن. ئەمما چىن خاقانى داۋاچىنى تەختتىن ئاغدۇ-
رۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئامۇرساناغا ياكى باشقا
ئويرات بەگلىرىدىن بىرىنى خان قىلىپ تايىنلاشنى ئەمەس

بەلكى خامۇرسانىنا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان جۇڭغار
بەگلىرى قولى بىلەن جۇڭغار خانلىقىنى يوق قىلىش
پىلانىنى تۈزگەن. شۇڭلاشقا، چەخلۇك خامۇرسانىنا
بىلەن ئۇچراشقان دەۋردە، ئۇزۇننىڭ لەققى مەخسىنى
ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ، داۋاچىنى خەنتىن ئاغدۇرۇشقا
ياردەم بېرىشنى ۋەدە قىلغان. بۇنداق ۋەدىنى بۇغداخان
جاسۇسلىرى، ئۇيرات بەگلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ھەم بەر-
گەن. لېكىن خامۇرسانىنانىڭ داۋاچىغا قارشى كۆرەش
قىلىش جەريانىدا، چىن ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ
كەلگەن جاسۇسقا ئۇيرات بەگلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت
جاسۇسلاشقۇچى بولغانلىقى، چىن خاندانلىقىنى قاتتىق چۆ-
چۈتكەن. ئاممىۋا چەخلۇك خامۇرسانىنانىڭ پىلانلىرىغا
قارشى پىكىر خەتلىمەي، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق
مەخپى نازارەت قىلىپ تۇرۇپ، ۋە ئۇنىڭ جۇ-
ڭغارلار ئارىسىدا، ھەددىدىن زىيادە ئابرۇيلۇق بو-
لۇپ كېتىشىگە يول قويماسلىقنى ماقۇل تاپتى [66.
5-دەپتەر، 33-36-ۋاراقلار]. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم
بۇندىن كېيىنكى دەۋرى كىچىك خامۇرسانىنانىڭ ئۆزىچە-
زىتسىيەسىنى كۈچەيتىۋرۇش مەخسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان
تەكلىپلىرى، چىن خاندانلىقى تەرىپىدىن چاۋاپسىز قالدۇ-
رۇلدى. مەسىلەن: داۋاچىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى
جاسۇسلانغاندا، خامۇرسانىنا بوغداخاندىن جارلىق ئۇيرات
ئۇلۇسلىرىنى بىرلىكتە كەلتۈرۈش ۋە زىيىنى ۋە ئەلنى تولغا

ئالغاندىن كېيىن، غازاتلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش
ئىشلىرى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلۇشى ۋە بۇ ھەقتە مە-
خسۇس پەرمان ئېلان قىلىشنى سورىغان ئىدى [64.
5-دەپتەر، 11-12، 33-ۋاراقلار ۋە 7-دەپتەر 11-ۋاراق].
مەزكۇر ئىلتىماس چىن خاندانلىقىنىڭ رىجاللىرىغا توغرا
كەلمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق يوق
دەپ جاۋاب بېرىش ھەم مەخسەتكە مۇۋاپىق
بولمايتتى، ۋە ئۇنى رەنجىتىپ، ھەلى ئەمەلگە
ئاشۇرۇلمىغان پىلانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئەمەلگە ئېشىشىغا يوشۇرۇن يەتكۈزۈپ قويۇشى ھېساپقا
ئېلىپ، چىەنلۇڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل تاپقانلىقى
ھەققىدە سۆز يورىتىدۇ. لېكىن بوغداخان بۇ ھەقتە
ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى تەستىقلايدىغان بىرەر-بىر يازما
ھۆججەت ياكى خەتاي خەن-ئەنئەنىسىگە بىنائەن تامغا
بېرىشنى باش تارتىپ، بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۆز تە-
ۋەم-تەرەپدارلىرىنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۇنىڭ
ئۆزىگە باغلىق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بوغدا-
خان جەڭگە مەخپى كۆرسەتمە يوللاپ، ئامۇر-
سانانىغا ئويرات ئۇلۇسلىرى، ھەتتا تەرەپدارلىرى ئورۇقلىرى
مۇستەقىل ھالدا بىرلەشتۈرۈشكە ۋە غازاتلار بىلەن
ئالاقە ئورنىتىشقا يول قويماسلىق ۋەزىپىسىنى تا-
پشۇرىدۇ [64. 7-دەپتەر، 11-12-ۋاراق؛ 8-دەپتەر،
13-ۋاراق].

-421-

ئۆزىنىڭ ھەققىي مەنسەپلىرىنى يەنى ئامۇر-
سانانا بىلەن باشقا ئويرات بەگلىرىنى چاپىدىلىشىپ،
شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش ۋە بۇ يەردىكى
دۆلەت تۈزۈملىرىنى يوق قىلىشنى، ئۇنىڭدىن مەقسىتى
ساقلاش ۋە ئۇنى گۇمانلاندۇرماسلىق ئۈچۈن چەكلىك
ئۇنىڭغا بىرەر مەسلە بولسا، ئۆزىنىڭ تۇغرىدىن-تۇغرا
مۇراجەت قىلىش ھوقۇقىنى بېرىپ قويدۇ. بۇنداق
ھوقۇقنى چىڭ ئەمەلدارلىرى ئېنىق كەمدىن-كەم
ئادەملەر چاپىدلانغان. ئامما ئامۇرسانانىغا بېرىلگەن
مەزكۇر ھوقۇقنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى
بوغدا خان بىرتەرەپتىن، ئۇنىڭغا چەندى بىلەن مەسىلە-
تسىز ئىش تۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان بولسا،
ئىككىنچى تەرەپتىن، مەزكۇر چىڭ ئەرمىيەسى قوماندانلىرىغا،
ئەگەر ئۇ مەسلىھەتسىز ئىش تۇتسا، دەرھال چوڭ
ھەققىدە خەۋەر بېرىپ تۇرۇشنى ۋە باشتۇرمىسىنى
ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشقا يول قويماسلىقنى بۇيرۇغان
[66. 8-دېتەر، 13-ۋاراق]. بۇندىن خاتىرىسى چەكلىك
ھەربىي كۈچلىرى تۆۋەندىكى مەخپى بۇيرۇقنى بەرگەن:
«ھازىر ئامۇرسانا ئاۋانگارت ئەترىتىگە جاسۇسلۇق
بولۇپ ئۆزۈش سەپەرگە ئاتلاندى. بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ
خاراكتېرىدىكى جاھىل ھوجىجەتلەر ۋە بۇيرۇقلار ئالدى
بىلەن چەندىگە يوللانسۇن، سولڭ ئامۇرسانانىغا ئۆت-
كۈزۈلسۇن. بەندىلىكنىڭ مەكتۇپلىرى ۋە مەخسۇس

پەرمانلار ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى
بىلەن ئۇنى تونۇشتۇرۇلمىسۇن. ئۇشبۇ مەخپىي پەرمان
بىلەن بەنىنى تونۇشتۇرۇپ چىقسۇن» [«67، 7-دەپتەر، 7-ۋا-
راق، 2-بەت، 8-ۋاراق، 1-بەت].

شەرقىي تۈركىستاندا، چىڭ ھەرەمىسىنى ئەۋە-
تىشنىڭ ئەسلى مەقسىتى، ئامۇرسانانى يوشۇرۇش مە-
سىلىسىگە چىڭ ھۆكۈمىتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بەنىگە
يۇقۇرى دەرىجىدە مەخپىي پەرمان يوللايدۇ. مەزكۇر
ئالىي پەرماندا، ئامۇرسانانى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى،
چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرى يوشۇرۇش
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ سەۋەپ-
لىرى قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن. بوغدا خاننىڭ بۇيرۇقى
بىلەن ئۇشبۇ پەرمان، بەنىگە مەخسۇس ئالاقىچى ئارقىلىق
ئەۋەتىلىپ، ئۇ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دەرھال بېجىڭگە
قايتۇرۇلغان [«67، 8-دەپتەر، 20-21-ۋاراقلار].

ئامۇرسانانى باستۇرمەستىن خازارات ئاستىدا
تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىدا بولۇش ۋە ئۇنىڭغا
يېقىندىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن XVII-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى
چارىكىدە جوڭغار خانلىقى تەختىنى ئىگىلەپ تۇرغان
غالدان خان بېجىڭگە كېلىپ كىشىلىككەن ۋە بوغدا خاننىڭ
كۈيەۋ ئوغلى (ئەمو) بولغان سىبدەنى بەلگىلەپ ئۇنىڭ
ھوزۇرىغا ئەۋەتىلگەن. بەنىنىڭ 1755-يىلى 11-ئاپرېل
كۈنى بېجىڭگە يېتىپ كەلگەن مەخپىي مەكتۇبىدە... ئەمو سىبدەنى

بەلگىسى (سەي بويىنىڭ بالاجۇيەر) ئامۇرسانانىڭ خۇلق
ئەتۋارىنى ياخشى بىلەرتتىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا،
ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، ئۇنى خۇرسەن
قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى» دەپ يازغان سۆزلىرى بۇنىڭغا
تولا ئىسپات بولالايدۇ [64.8-دەپتەر، 13-ۋاراق 1-بەت].
جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلىغان دە-
ۋرىدە، چىن ئىستىلاچىلىرى ئۆز نىيەت ۋە مەقسەتلىرىنى
شۇنچە قاتتىق سىر تۇتقانلىقى، ئامۇرسانانى ۋە باشقا
ئويرات بەگلىرى بۇنىڭدىن گۇمانلانمىغانلىقى، چىن ئىمپېرىيەسى
يارىدىمى، داۋاچىنى تەختتىن ئاغدۇرىمىز دەپ قولىدىن
كېلىشىچە غەيرەت قىلىشقان. چەنلوڭ بۇنى ئەتەي ئالغا-
ھالدا «ئالىي كۆرسەتمىگە بىنائەن، ئامۇرسانا قە-
مۇرىدانلىرىچە ھەرىكەت قىلماقتا. بۇنداق بىر چەينىدە
ئۇنى گۇمانلاندۇرىدىغان بىرەر- بىر ئىش قىلىپ قويۇش
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دەپ جاكالىغان [64.8-دەپتەر،
2-ۋاراق 1-بەت]. شۇڭلاشقا چىن خاندانلىقى قوزغىلىش
ھەرىكەتلىرى داۋامىدا ئامۇرسانانىڭ ئۆزىنىڭ مەنپە-
ئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەرىكەتلىرىگە ۋاقىتچە
كۆز يۇمۇشقا ھەرىكەت قىلدى. لېكىن كېيىنراق داۋاچى
مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى ئېنىق كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان
ۋاقىتتىن باشلاپ، چىن ئىستىلاچىلىرى ئۇنىڭ ھەرىكەت-
لىرىنى چەكلەشكە كىرىشتى. مەسىلەن: چىن ئەرمىيەسى
ئىلىغا يېقىنلاشقاندا، ئامۇرسانا ئۆز ئەترىتىنى داۋاچىغا

قارشى بولغان ئويرات جەڭلىرى تۇيلاستىغا كىرىشكەن
ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى چىڭ ھۆكۈمىتى خاتىرجەم قار-
لاپ ۋە ئۇنى ھاكىمىيەتنى ئىگەللەپ ئالماقچى دەپ
ئەيىبلەپ، باشقا ئويرات جەڭلىرى ئۇنىڭغا قارشى
قوزغىلىشقا ھەرىكەت قىلدى. بۇ ھەقتە چەنلوڭ ھەربى
كەڭكەشكە مۇراجىئەت قىلىپ: «ھازىر... ئامۇرسانانىڭ
مەخسىتى ئەنىق كۆرۈنۈپ قالدى، ئەگەر ئۇنى ئىتىبارسىز
قالدۇرسا، بارغانسىرى ئۇنىڭغا ئىشتەھاسى ئېچىلىپ، يامان
ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. جەزمەن مىگە بۇ-
لىتىرمەستىن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ھەققىدە بۇ-
يرۇق ئىۋەتىلسۇن. ئەمما بۇ ھەقتە ئۇ بىلمەسلىكى
لازىم» دەپ جاكارلىغان [64.9.5-يىلى 13، ۋاراق 2-جەدۋ].
1755-يىلدىكى چىڭ ئەرمىيەسىنىڭ جوڭغار
خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئىككى يول بىلەن
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. مەركىزى ئەرمىيەنىڭ بىر قىسمى
ئالتاي ئارقىلىق ئۆتىدىغان شىمالى يول بىلەن،
ئىككىنچى بىر قىسمى، باركۆل، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئۆتىدىغان
جەنۇبى يول بىلەن بورتالاغا قاراپ يول ئالغان،
شىمالى يول بىلەن يۈرگەن قىسىملار، شىمالى ئەر-
مىيە (بېيلۇجۈنشى). جەنۇبى يولدىن يۈرگەن قىسىملار
جەنۇبى ئەرمىيە (خەنلۇجۈنشى) دەپ ئاتالغان. شىمالى
ۋە جەنۇبىي ئەرمىيەلەر ئۇرۇنۇپتى بىلەن ئالدىنقى سەپ
ئەرمىيە (ئىشپاۋتەن بىن) ۋە ئاساسى ئەرمىيە (داجۈن)

-425-

قاتارلىق ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. شىمالىي ئەرمىيەنىڭ
باش قوماندانى قىلىپ جەڭدەي، جەنۇبىي ئەرمىيە باش
قوماندانى قىلىپ يوڭچاڭ تايىنلانغان. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن 1755-يىلى 15-يانۋار ئېلان قىلىنغان ئالىي پەر-
مان بىلەن جەڭدەيگە، شىمالىي تىنچلاندۇرغۇچى باش
قوماندان (دىڭبېي جاڭجۈن)، يوڭچاڭغا، غەربىي تىنچ-
لاندۇرغۇچى باش قوماندان (دىڭشى جاڭجۈن) دېگەن
مەخسۇس ئۇنۋانلار بېرىلگەن [54، 1-توم، 35877-
بەت]. شىمالىي ئەرمىيەنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسمىغا
ئامۇرسانا بەلگىلەنگەن بولۇپ، شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن ئۇنىڭغا چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى چەپ قانات
ماھاۋىي قوماندان (دىڭبيەن زوفۇ جاڭجۈن) ئۇنۋانى
بېرىلگەن. جەنۇبىي ئەرمىيەنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسمىغا
باشلىق قىلىپ سالار بەلگىلەنگەن. بۇ مۇناسىۋەت
بىلەن ئۇنىڭغا چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قا-
نات ماھاۋىي قوماندان (دىڭبيەن يوفۇ جاڭجۈن)
ئۇنۋانى بېرىلگەن [54، 1-توم، 35877-بەت].

خىتاي ئۆرپ-ئادەتلىرىگە بىنائەن چەپ
قانات دېگەنلىك بىرىنچى، ئوڭ قانات دېگەنلىك ئىككىنچى
رەقەم تونۇشلىدۇ. مانا بۇ ئۇنۋان بېرىشلەردىكى ھەم
سىرتقى قارىغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئامۇرسانانى بىرىنچى،
سالارنى ئىككىنچى ماھاۋىي قوماندان قىلىپ تايىنلاپ،
ئۇلارنىڭ ئامۇرساناغا كۆپرەك مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئەمەلدە چىن ھۆكۈمىتى كۆپرەك سالارغا ئىشەنچ بىلدۈرمىگەن. چۈنكى سالار جۇڭغار خانلىقى تەختىنى ئىگەللەشكە ئىنتىلگەن. بۇ ھەقتە بىر قانچە روسىيە ھۆججەتلىرىدە مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن [67. 6- دەپتەر، 3-4- ۋاراقلار].

ئامۇرسانانىڭ ياردەمچى قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈكىسى جەلجىر، نەمۇخۇ ۋە ئاكاچالا بەلگىلەنگەن. شۇ مۇنا- سىۋەت بىلەن ئۇلارغا ھەم نورلى ئۆتۈنۈشلار ۋە جاش كىيىمكە قادايالىدىغان بەلگىلەر بىرىلگەن. مەسلەن: جەلجىر بىلەن نەمۇخۇغا تۇز قۇشنىڭ ئۈچ كۆزلۈك پەيى ۋە باشقىلارغا ئىككى كۆزلۈك پەيى تەقدىم ئېتىلگەن [57. 1- توم، 35877- بەت]. ئامۇرسانانىڭ مەسلىھە- تچى قىلىپ سەنزەن داچىن، گالدان خاننىڭ ئوغلى بوغدا- خاننىڭ كۈيئوغلى سېبدى جەلجىر ۋە جۇڭغۇالىق چىن- گوجاپ. سارايى ئەمەلدارى ئۆتۈنۈشلەر بىرىلگەن ئۆتمۇ- شتە جۇڭغار خانلىقى چېگرا قوشۇنلىرى قوماندانى بولغان ماموت ۋە ئەرمىيە قوماندانى (جاڭجۈن) ئالانتاي قاتارلىق شەخسلەر تەيىنلەنگەن [67. 8- دەپتەر، 33- ۋاراق، 2- بەت].

شىمالى ئەرمىيە قوماندانى چەندىگە مەسلىھە- تچى قىلىپ، چىن ۋاڭلا، گۇلون، ئەلىيچىن، جوت ۋاڭ- ئەجون ئەمەن ۋە باشقىلار تەيىنلانغان [57. 1- توم، 35877- بەت]. جەنۇبى ئەرمىيە قوماندانى يوگچالڭ

خوزۇرىغا ھەم بىر قانچە كىشىلەر ئۆزەتلىگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا چىن ۋاڭ، شەيىنچىن دورجى، سېرىن، سېرىن ئوربانى، بىسلى، سېرىن مېڭكى، بىزى جاللاخىتا، گوڭ جاتومىنگى، ماشى-جاتۇ قاتارلىق ئۆيرات ۋە موڭغۇل بەگلىرى بار ئىدى.

جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلاش ھە-قىقىدىكى مەخسۇس پەرمان 1755-يىلى 13-فېۋرال كۈنى يەنى يېڭى يىل بايرىمىنىڭ 3-كۈنى (چەنلۇڭنىڭ 20-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى) رەسمىي ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر پەرماندا ئامۇرسانانا 3-ئاينىڭ 15 دىن كېيى-چەكمەي بىرىنچى بولۇپ يولغا چىقسۇن دەپ تەستىقلىغان [57.1-توم، 35877-بەت، 58.1-توم، 73-بەت].

چىن خەزىنىسىنىڭ جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلىغان ۋاقتى ھەققىدە، خىتاي مەنبەلىرىدە كۆپ مەلۇماتلار كەلتۈرۈلىدۇ. ئەمما بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى 1755-يىلى 1-ماي كۈنى بېجىڭگە ئەلچى كەلگەن ئامۇرسانانىڭ مەكتۇبىغا ئاساسلانغان. مەزكۇر مەكتۇبتا: «2-ئاينىڭ 12-كۈنى (1755-يىل 26-مارت) مەن ئۆيرات ئەترەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يىغىلىشىنى كۈتمە-ستىن، ئۇلىيا سۇتەيدىكى لاگېردىن سەپەرگە ئاتلاندىم. يولدا ئاتلارنى بېقىپ، ئالدىرىماي كېتىۋاتىمىز» دەپ يېزىلغان [64.8-دەپتەر، 36-ۋاراق، 2-بەت]. مانا بۇ مەلۇمات ئامۇرسانانىڭ ئۆز ئەترىتى بىلەن 1755-يىلى 26-مارت كۈنى يولغا چىققانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرىدۇ. لېكىن

ئۇ جوڭغار خانلىقى چېگراسىدىن، شۇ يىلى 13-ئاپرېل كۈنى
چېچەكقار كۆلى ئارقىلىق ئۆتكەن. بۇ ھەقتە جەندۇسنىڭ
مەكتۇبىدە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. «3-ئاينىڭ 6-كۈنى (1755-
يىل 16-ئاپرېل)- دەپ يازىدۇ جەندى- سەن چاخار قوشۇن-
لىرى بىلەن بىرگە چېچەكقار كۆلىگە يېتىپ كەلدىم. بۇندىن
ئۈچ كۈن ئالدى، ئالدىنقى سەپ ئەترەت چېگرادىن ئۆتۈپ
كېتىپتۇ»[67، 9-دەپتەر، 5-ۋاراق، 1-2-جەدۋەل].

1755-يىلى 1-ئاپرېل كۈنى، جەنى ئامۇرسانا ئۆلىيا-
سۇتەيدىن كەچكەندىن كىن 6 كۈن ئۆتكەچ، مانا شۇ
يەرلىكى ھەربى لاگېردىن. ئاساسى ئەرمىيە ئىككى قىسىمغا
بۆلۈنۈپ ئالدى-كەين يولغا چىقتى. مەزكۇر ئەرمىيەنىڭ
جوڭغار خانلىقى چېگراسىدىن ئۆتۈشى 18-ئاپرېلدىن
ماي ئېينىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلدى[67، 8-
دەپتەر، 18-19-ۋاراق].

يوڭچاڭ ھۆمانداتلىقىدىكى جەنۇبىي ئەرمىيەنىڭ
سالار باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ قىسمى 1755-يىل
9-ئاپرېل كۈنى جاركۆلدىن يولغا ئاتلانغان[67، 7-
دەپتەر، 28-29-ۋاراقلار]. ئاساسى قىسمى، غەربىي خىتا-
يىنىڭ ننىگشا، لياڭجو ۋە سوجو ۋىلايەتلىرىدىن بىرقانچە
قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئالدى-كەين مارت ئايى ئىچىدە ۋە ئاپرېل
ئاينىڭ باشلىرىدا جاركۆلگە قاراپ سەپەرگە چىقتى. بۇ
ھەقتە يوڭچاڭ ئۆز مەكتۇبىدە «بىر ساڭ كىشىدىن ئىبارەت
چاخار قوشۇنلىرى قومۇلغا ئاتلاندى... مانجۇر قوشۇنلىرى

لىياڭجۇدىن سوجوغا كەلتۈرۈلدى. سوڭغى بۇ يەردىن 3-
مارت كۈنى سەپەرگە ئاتلاندى. نىڭشادىن سوجوغا ئا-
تلانغان مانجۇر قوشۇنلىرى 12-مارت كۈنى يولغا چىقتى»
دەپ يازغان [66، 9-دەپتەر، 7-ۋاراق، 1-جەت]. ئۆزىنىڭ
جاسۇسقا بىر مەكتۇبىدە ئۈرۈمچى ئەرمىيەسى قوماندانى كەلسو
ۋە نىشەنشى ئۆلكىلىرى باش ھاكىمىنىڭ ياردەمچىسى ليۇ تۈڭ-
شۈن جاسۇسلاردىكى قوشۇن سوجودىن قومۇلغا قاراپ
13-ئاپرېل كۈنى يولغا چىققانلىقىنى بايان قىلىدۇ [66، 9-
دەپتەر، 8-ۋاراق، 1-جەت]. ئاپرېل ئايىنىڭ 20-چىسلالىرىغا
قەدەر يوقۇچاڭنىڭ ئىختىيارىدا تاپشۇرۇلغان جازالىق ئەرمىيە،
ئىچكى خىتايدىن جاركولگە يەتكۈزۈلۈپ، بۇ يەردىن ئۈر-
ۈمچىگە قاراپ يولغا سالىنغان. يوقۇچاڭنىڭ ئۆزى 19-
ئاپرېل كۈنى جاركولدىن يولغا چىقىپ، 28-ئاپرېل كۈنى ئاق-
ئاش دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەن. ئەينى چاغدا سالار-
دىن ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقانلىقى ۋە ياردەم كىرگەنلىكى
ھەققىدە خەۋەر كەلگەن [66، 10-دەپتەر، 6-7-ۋاراقلار].
پىلانغا بىنائەن جەنۇبىي جاسۇسلاردىكى شىمالى
ئەرمىيە خۇلىيا سوقەيدىن بورىتالاغىچە بولغان يولنى
47 كۈندە [66، 6-دەپتەر، 26-27-ۋاراقلار] يوقۇچاڭ قو-
ماندانلىقىدىكى جەنۇبىي ئەرمىيە جاركولدىن بورىتالاغىچە
بولغان مۇساپىنى 22 كۈندە بېسىپ ئۆتۈش [66، 7-دەپتەر،
28-29-ۋاراقلار] ۋە بۇ يەردە ھەر ئىككى ئەرمىيە ئۇچراش-
قاندىن كېيىن بىرلىكتە ئىلى ۋادىسىغا ھۇجۇم باشلاش لازىم

ئىدى. ئامۇرسانانى بىلەن سالارلار ئۆز قوشۇنلىرى
بىلەن بۆرتالاغا بىر ھەپتە ئالدىن كېلىپ، بۇ يەردە ھەر
ئىككى ئەرمىيەنى كۈتۈش ۋە ئۇلار يېتىپ كەلمەستىن تۇرۇپ،
ئىلىغا يول ئالماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئامۇرسانانىڭ شىمالىي يول بىلەن بۆرتالاغا ئۆتۈ-
نۈش ئاسادىيەن ۋاقتىيە ئەمەس بەلكى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ
چوڭقۇر ئويلاپ قىلىنغان ئىشى ئىدى. چۈنكى تارباغاتاي
ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار، ئامۇرسانانىڭ ئۆز-
رۇغ ـ قەبىلىلىرى ياشىغان ماكان بولۇپ، بۇ يەرلەردىكى
مەھەللىلى ئاھالىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئابرويى چوڭ بولغان.
ئەگەر ئامۇرسانا بۇ يەرگە كەلگەندەك بولسا، ئۇنىڭغا
مەھەللىلى ئاھالىلار قارشىلىق كۆرسەتمەستىن بەلكى ئۇنى
قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش مۇمكىنلىكى ھەققىدە چىن خاندان-
لىقى خەۋەردار بولغان ۋە بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىش-
لارنى ئاپقان.

ئامۇرسانانىڭ، بەندىنىڭ كۆرسۇتۇشىگە، ئەمەلدە
بوغدا خاننىڭ بىرقانچە پەرمانلىرىدا جايان ئىشلىتىشكە
قارىغاندا، ئامۇرسانانىڭ ئىختىيارىغا 6 مىڭ چەۋەن-
دازلار تاپشۇرۇلغان بولۇپ [6،64 ـ بەت. ر، ج، 9 ۋە 25-
ۋاراقلار]. بۇلارنىڭ 3,300 كىشىدىن ئىبارەت قىسمى
ئويراتلاردىن تەشكىل قىلىنغان، جۈملىدىن 500 كىشى خوييت
ئۇلۇسىغا مەنسۇپ بولغان. قالغان قىسمى 1370 خالخا
ماڭغۇللىرى، 300 زاخچىن ئۇرۇقىدىن (غەربىي ماڭغۇلىيەدە

-431-

ياشقۇچىلار)، 1000 چاقىرىملاردىن (شەرقىي ماڭغۇلىيەدە
ياشقۇچىلار) تەشكىل تاپقان. 1755-يىلى 28-ئاپرېل
كۈنى ئىلان قىلىنغان ئالىي پەرمان بويىچە، ئۇنىڭ
ئىختىيارىغا 300 چەۋەندازدىن ئىبارەت سولون ئەترىتى
بېرىلگەن. ئۇشبۇ ئەترەتكە داغۇرلاردىن باشلىق قىلىنغان
بولۇپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى تەرىقىسىدە دايىم ئامۇرسا-
نا يېنىدا بولۇش ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ
تۇرۇش تاپشۇرۇلغان [64، 9-دەپتەر، 1-ۋاراق]. مەلۇمكى
سولونلار چىن ئەرمىيەسى تەركىبىدە ئالاھىدە ئورۇن ئالغان
بولۇپ، ئۇلارغا چىن خانلىقى چوڭ ئىشەنچ بىلدۈرەتتى،
ئامۇرساناغا قوشۇنى كەيىندىن، بىرمۇنچە كىشىدىن ئىبارەت
ھەربىي دېھقانلار ئەترىتى ئۇنىڭغا بېرىلگەن. مەزكۇر دېھقان-
لار دۇن شىيەن بېگى دەپ ئاتالغان ئەترەتكە ئامۇر-
سانانىڭ چوڭ ئۇكىسى جەمقۇر باشچىلىق قىلىپ ئاپىرىلا-
غان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەرتىش دەرياسى بويلىرىدا تېرى-
لغۇ يەرلەرگە بوغداي ۋە باشقا زىرائەت تېرىش
تاپشۇرۇلغان [64-7-دەپتەر، 10-ۋاراق، 2-بەت].
ئامۇرساناغا ھەربىي خەلق ۋە ئۇلۇسلار ۋە-
كالىلىرى بولغان چەۋەندازلاردىن تەشكىل تاپقان ئە-
ترەتنى بېرىپ قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئۆز قولى
ئاستىدىكى ئادەملەر بىلەن تىل تېپىپ ئىشلىتىش ئىستىمالىنى
يوق قىلىشقا ھەرىكەت قىلغان. شۇڭلاشقا ئامۇر-
سانا ئۆزىنىڭ سەپەرىگە ئاتلانغاندىن كېيىن ئىلاجى بارىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ئادەملىرى، كۆپراق قول ئاستىدىكى ئەترەت سەپكە
چىلىپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى ۋە ئۆزگىچە يېڭى بۆلەكلەرنى،
ھەمدە بۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان ئۇرۇق - ئايماقلىرى
بىرلەشتۈرۈشكە ئىجازەت سورىدى. چەغاتاي خاقانىنىڭ
كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، ئامۇرسانا ئۆتۈنگەندىن ياردەم
ئۈچۈن. ئۇنىڭ كەينىدىن 3-مىڭلىق كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن
ئەۋەتىشنى سوراپ، داۋاچىنى تەختتىن ئاغدۇرۇش ئۈچۈن.
ئۇنىڭغا جەمئىي 10 مىڭلىق چەۋەندازنىڭ كىپايە بولۇشىنى ئە-
يىتقان [7-6.67 ـ دەپتەر، 25 ـ ۋاراق، 1 ـ بەت]. بۇنىڭغا قا-
رىغاندا، ئامۇرسانا ئۆزىنىڭ كەينىدىن چوڭ بىر جىس
ئەرمىيەسى يۈرۈشنى ماقۇل كۆرمىگەن.

بوغداخان گەرچە ئامۇرسانانىڭغا ئىجابى جاۋاب
بىرىپ، ئۇنىڭغا 6 مىڭلىق كىشىدىن ئىبارەت ئەترەت بىلەن
يولغا چىقىشقا رازىلىق بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن
خەۋپسىرەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرقانچە قىسىمغا بولۇپ،
ئالدى-كەين جەمئىي 10 مىڭلىق چىن ئەرمىيەسىنى سەپەرگە
ئاتلاندۇرغان. ئامۇرسانانىڭ كەينىدىن ماڭغان
چىن ئەرمىيەسىنىڭ ئومۇمىي سانى مەخپىي تۇتۇلغان.
شۇنداق قىلىپ. ئامۇرسانانى دائىم نازارەت قىلىپ
تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى قولدىن بەرمەسلىككە ھەرىكەت
قىلغان.

بەندىنىڭ مەكتۇپلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، چە-
خۇلقىنىڭ بىرقانچە يەرلىرىدە زىكىر قىلىنىشىچە، دەسلەپكى

-433-

دەۋرى، مەزكۇر ئەرمىيە قوماندانلىرى ئۆز قوشۇنلىرىنى
ئامۇرساناغا ئەترەتلىرى 10 كۈنلۈك مۇساپىدا ئېلىپ
يۈرۈش قاپسۇرۇلغان ئىدى. ئامما بىمىگە ئۇلىشىپ
ئويرات بەگى، جوڭغار خانلىقى خۇدۇدىغا كىرىپ كەلگەن-
دىن كېيىن، مەھەللى بەگلەر ئۇنى داۋاچى ھۆكمىرانلىقىنى
ئاغدۇرۇش مەسلىسى قوللاپ-قۇۋۋەتلەۋاتقانلىقى
ۋە ئۇنىڭغا ئېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر
تارقاتقان كېيىن، چىن خاندانلىقى بەندىگە شۇ 10 كۈنلۈك
مۇساپىنى 7 كۈنلۈككە قىسقارتىۋېتىشنى بۇيرۇغان [67.
9-دەپتەر، 13-ۋاراق-2-بەت].

چەنلوڭنىڭ يىگىرمە ئاساس ئەرمىيەنى ئامۇر-
ساناغا ئەترەتلىرى مەلۇم بىر ئۇزاقلىقتا تۇتۇپ، ئۇرۇش
سەپەرگە ئاتلاندۇرۇش بىلەن تۇۋەندىكى مەخسەتلەرنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئىدى:

1) يەرلىك خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئامۇرسانانىڭ
قولى بىلەن، داۋاچى جازالاش ۋە ئۇنىڭ زۇلۇمىغا
ئۇچرىغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ۋەتىنىگە
قايتىپ كەلدى، ئېلىپ كۆرسىتىش؛

2) ئامۇرساناغا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۆز
قابىلىيەتلىرىنى كۆرسىتىشكە ۋە ئۆز ئىمكانىيەتلىرىنى سە-
پەرۋەر قىلىشقا شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرىش؛

3) ئامۇرساناغا جوڭغار خانلىقى تەختىنى
ئىگەللەپ قېلىشقا يول قويماسلىق؛

٤) جوڭغار خانلىقى، چىن ئەرمىيەسى كېلىۋات-
قانلىقىنى بىلىندۈرمەسلىك ۋە چۆچۈتمەسلىك؟
٥) چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ جوڭغار خانلىقىنى بېسىپ-
ئېلىش پىلانلىرىنى مەخپىي ساقلاش ۋە ئامۇرسانانىڭ
قولى بىلەن بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش [64-
15-دەپتەر، 8-9-ۋاراقلار].

ئۇشبۇ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زورۇرلۇقىنى، چەنلوڭ سارايى ئەھلى ئالدىدا قايتا-قايتا تەكىتلەپ، مەزكۇر چارە-تەدبىرلەرنى جارى قىلىش، ئاتا-بوۋىلىرى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشنى ھۆددىلەشنىشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرىدۇ دەپ جاكالىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم جەڭگى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلاش ئالدىدا، ئامۇرسانانىڭ بەلگىر ۋە ئاكاچى قاتارلىق يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى جەنۇبىي ئەرمىيە قوماندانى يوڭچاڭنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ قوۋۇقۇت ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەپ قويۇلۇشنى تەكلىپ قىلغانда، بوغداخان مەزكۇر تەدبىرلەرنى تەكرارى ئۆگىنىلىك نىيەتلىرى ۋە غەرەزلىرىنى تونۇشنى سالغىتە چىپلەپ، ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئۆزگىرىش بىرىشنى بۇيرۇغان. ئەكسىچە ئامۇرسانا چەندىنىڭ بۇ تەكلىپىگە قارشى ئىككى خىل ھەققىدە بېيجىڭگە مۇراجىئەت قىلغاندا بوغداخان ئۇنى داۋالىقتا ماختىغان [64، 5-دەپتەر، 26-27-ۋاراقلار؛ 8-دەپتەر، 12-ۋاراق] ۋە شۇ بىلەن بىرگە جەندىنىڭ مەزكۇر تەكلىپى

-435-

رەت قىلىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى قايتۇرغان [64. 5-
دەپتەر، 27-ۋاراق].

يۇقىرىدا ئامۇرسانا بىلەن چىن سۇلالىسى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە كەلتۈرگەن مەلۇماتلار، چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان نۆۋەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى جەريانىدا مەزكۇر ئويرات تەيجىسى باشلىق چوڭلۇق بىر گۇرۇھ بەگلىرىنى ئالداپ، ئۆز مەنپەئەت-لىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قورال قىلىپ ئىشلىتىشكە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، نۆۋەتتىكى جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي يول بىلەن چىن ھۆكۈمىتى 6 مىڭ كىشىدىن تەشكىل قىلغان ئەرمىيەنى ئەۋەتتى. مەزكۇر ئەرمىيە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن-دەك، ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپ قوشۇن قاتارلىق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ يولغا ئاتلاندۇرۇلدى. بىرىنچى قىسىم 6 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئامۇر-ساناغا دۈشمەن بولغان زەيسەن سالار باشچىلىق قىلدى. ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇپ سېرىڭ بىلەن سېرىڭ ئۇرباش ھەم سەپەرگە ئاتلاندى. مەلۇمكى، بۇلار لاما-دورجىنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋاچى بىلەن ئامۇرساناغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. سالارغا تا-پشۇرۇلغان قوشۇن ھەم تۈرلۈك خەلقلەر ۋەكىللىرىدىن، جوملىدىن، مانجۇر، ماڭغۇل، خىتاي، ئويرات ۋە ئۇيغۇرلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەشكىل تاپقان. ئاساسى قوشۇنغا يوقچاكىنىڭ ئۆزى
بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ سەككىز
خىل جايىراقلىق مانجۇر ۋە يېشىل بايراقلىق خىتاي قو-
شۇنلىرىدىن تەشكىل تاپقان [7.64 ـ دېپتەر، 26 ـ 28 ـ
ۋاراقلار؛ 12 ـ دېپتەر، 1 ـ ۋاراق، 13 ـ دېپتەر، 2 ـ ۋاراق]. ئا-
ساسى ئەرمىيە ھۆكۈمەت ھېسابىغا تەمىنلەنگەن. سالار-
نىڭ قوشۇنلىرى ئۆز ھېسابىغا، يەنى مەھەللى بەگلەر
تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن [6.64 ـ دېپتەر، 21 ـ ۋاراق، 8 ـ
دېپتەر، 21 ـ 28 ـ ۋاراقلار].

جاركولدىن بورتالاغا يېتىپ بارغىچە، سالارغا
زاقچىن ئۇلۇسىنىڭ زەيسەڭى دوندوق 300 لەشكەرلىرى
بىلەن، ئىرتىشقا بىرغا ۋىلايىتىنىڭ تەيجىسى غالدان دورجى
300 لەشكەرلىرى بىلەن، ئۇ تموتشتە سالارنىڭ چوقاراسى
بولغان دېيىچى ـ ئەلچىۋى ۋە جاتۇ ـ جاتۇرلار 40 تەپەرجە ۋە
نىدازلىرى بىلەن، جاخاتەرب 60 لەشكەرلىرى بىلەن، غالان-
جان ئۇلۇسىنىڭ زەيسەڭى قازاق سەر 50 لەشكەرلىرى بىلەن،
خۇرمان ئۇلۇس تەيجىسى خاموچى 300 لەشكەرلىرى بىلەن
ۋە ئەكەسەن ئۇلۇسىنىڭ تەيجىسى 50 لەشكەرلىرى بىلەن
كېلىپ قوشۇلدى [10.64 ـ دېپتەر، 14 ـ ۋاراق]. شۇنىڭ بىلەن
سالار قوشۇنىنىڭ سانى 7 مىڭغا يېقىنلاشتى.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان چىن ئەرمىيەسىنىڭ سانى
ھەقىقەتەن مەلۇماتلاردا ئېنىق كۆرسىتىلگەن. 1755 ـ يىلى چىن
سۇلالىسى، ئىلەرچى تۈركىستانغا ئىككى يول، جەمئى 33 مىڭ

-437-

كىشىدىن ئىبارەت بولغان ئەرمىيە ئەۋەتكەن. مەزكۇر ئەر-
مىيە مانجۇرلار، موڭغۇللار، خىتايلار ۋە ئويرات قاچاق-
لىرىدىن ۋە جاسۇسلاردىن تەشكىل تاپقان.
ئۆتكەن ئەسىردە ياشىغان خىتاي تارىخچىسى
ۋېيۈەن ئۆز ئەسەرلىرىدە 1755-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا
ئىككى يول بىلەن 50 مىڭ كىشىدىن، جەمئىي 100 مىڭ
كىشىدىن ئىبارەت بولغان ئەرمىيە ئەۋەتتى. ئۇشبۇ ئەرمىيەنى
تەمىنلەش ئۈچۈن ھەممىسى بولۇپ، 70 مىڭ ئات جە-
لىپ قىلىندى دەپ زىكىر قىلىدۇ [42، 1-توم، 289-290-بەتلەر].
ئادەتتە ئۇرۇش ئورنىدا چىنلار ھەر دايىم بىر كىشىگە ئىككى
ئاتتىن توغرى كەلتۈرگەن قىلىپ، تەييارلىق كۆرەتتى.
شۇ ھېساپ بىلەن قارىغاندا بۇ ئاتلار 35 مىڭ كىشىدىن
ئىبارەت ئەرمىيەگە يېتىشى مۇمكىن. بۇ رەقەم رەسمىي
چىن ھۆججەتلىرىدە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتقا يېقىن كېلىدۇ.
شۇڭلاشقا قارىغاندا ۋېيۈەننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا
1755-يىلى ئەۋەتكەن ئەرمىيە سانى ھەققىدىكى رەقەم بىر
ئاز كۆپەيتىۋېتىپ يېزىلغانلىقى مەلۇم.
چەتئەللىك مەنبەلەردە يېزىلغان مەلۇماتلارغا قا-
رىغاندا، 1755-يىلى چىن ئەرمىيەسى شەرقىي تۈركىستانغا
ئەۋەتكەن ئەرمىيەنىڭ سانى 100 مىڭدىن 300 مىڭ-
غىچە بولغان [126-127]، رۇس مەنبەلىرىدە ۋە ئەدە-
بىياتلىرىدا مەزكۇر رەقەم 90 مىڭدىن 200 مىڭغىچە
قىلىپ كۆرسىتىلگەن [107، 290-بەت]. ئۇشبۇ رەقەملەرنىڭ

ھەممىسى ئەمەلىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ. ئەمما مۇنداق
مەلۇماتنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.
خىتاي مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىگە قارىغاندا، سالار
داۋاچىنى قورقۇتۇش ۋە ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر-
لەش مەقسىتىدە، ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئىلىغا ئەۋەتىپ،
كۆپ ساندىكى چىڭ ئەرمىيەسى ئىككى يول بىلەن كېلىۋات-
قانلىقى ۋە پەقەتلا بىر جەنۇبىي يولدىن 70 مىڭدىن ئار-
تۇق قوشۇن ئىلىغا يېقىندا يېتىپ كېلىش ھەققىدە گەپ تار-
قاتقان [67.11-دەپتەر، 11-14-ۋاراقلار]. خۇددى شۇنداق
ئۇسلۇبدىن ئامۇرسانانىڭ ھەم پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن.
چيەنلۇڭ خاقاننىڭ كۆرسىتىشىچە، سەپەرگە
ئاتلانغاندىن كېيىن، ئامۇرسانا بىلەن سالار جۇڭغار
خانلىقىنىڭ ھەرخىل ۋىلايەتلىرىگە ئۆز ئادەملىرىنى
ئەۋەتىپ، بەگلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا
ۋە ئۇلار بىلەن داۋاچىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن
كېلىشىشكە ھەرىكەت قىلىشقان [67.9-دەپتەر، 2-3-
ۋاراقلار؛ 10-دەپتەر، 7-11-ۋاراقلار ۋە 11-دەپتەر، 7-
ۋاراق]. ئامۇرسانا بىلەن سالارلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى
ياخشى نەتىجىلەر بەرگەن. مەسىلەن: ئامۇرسانانىڭ
بېجىڭگە ئەۋەتكەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1755-يىلى
2-ئاپرېل كۈنى، ئۇنىڭ تەكلىپىگە بىناەن ئابغاس،
ئۇرۇمچى، خادەن قاتارلىق ئىگرى خابرىنادا ياشايدىغان
زەيسەڭلەر ئۆز ئەلشەڭلىرى بىلەن ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلدۇ.

-439-

مەزكۇر زەيسەنلەرگە تابىئە بولغان پوقارالارنىڭ سانى
2600 ئائىلە (ئوتتۇرا ھېسابتا 10400 كىشى) دىن ئىبارەت
بولغان. ئامۇرساننا بورتالاغا يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭغا
ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان داشى لىسىرىن ۋە چېچەك (چىبو-
كى) زەيسەنلەر ئادەملىرى بىلەن كېلىپ قوشۇلغان. ئۇلار-
نىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئىككى خوللال، لابرىن، قەيسولۇن
ۋە دورب قاتارلىق بۇددا چىركاۋلىرىنىڭ ۋەخپلىرى ھېساپ-
لانغان ۋىلايەتلەر باشلىقلىرى ھەم ئامۇرساناغا كېلىپ
قوشۇلدى. خىتاي مەنبەلىرىدە مەزكۇر بەش ۋىلايەتلەر
باشلىقلىرى ئۈچ جىسەي (بەش جىسەي) دەپ ئاتالغان بولۇپ،
بۇلارنىڭ ئىچىدە كىيىك ۋىلايىتى باشلىقلىرى داشى سىبىرىن
ۋە چېپەكلەرنىڭ ئابرويلۇق شەخسلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ
قولىدا 4 مىڭ ئائىلە، قالغانلار قولىدا بىرمىڭدىن ئائىلە مەۋجۇت
ئىدى. مانا شۇ بەش جىسەيلەرگە تابىئە جەمئى 8 مىڭ
ئائىلە بولغان [64.11-دېكابىر، 20-30-خاتىرىلەر]. بورتالاغا
يېتىپ كەلگەندە، ئامۇرساناغا يانا بىر گۇرۇپپا ئويرات
بەگلىرى كېلىپ قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ھەم 8 مىڭدىن
ئارتۇق پۇقراسى بار ئىدى. مەزكۇر بەگلەرنىڭ بۇددا
چىركاۋلىرىنىڭ يېڭى شەكىل قىلىنغان تۆرت جىسەي
يەنى تۆرت ۋەخپە يەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى [64.
11-دېكابىر، 29-30-خاتىرىلەر].

بەندىنىڭ بېيجىڭگە ئۆزەتكەن مەلۇماتىغا
قارىغاندا، بورتالاغا يېقىنلاشىش بىلەن ئامۇرساننا

ـسىدىن جاۋاب باشچىلىقىدىكى كىچىك بىر گەۋدەتتە ئىپسۇر
كولىكە ئىۋەتىپ، بۇ يەرنىڭ مودا چېتە نىسكە مەسئۇل بو-
لغان داۋاچىلاڭ يېرىك بىر ئەمەلدارى خېتوپ ئەموگىن
بىلەن ئالاقە ئورناتقان. ئەينى چېغدا مەزكۇر ئەمەل-
دارغا بىرماڭ ئائىلە دىن ئىبادەت پۇقرالار قارا ـتىلىق
ئىدى. خېتوپ ئەموگىن ھەم ئامورسانانا ئىلقى تەكلىپى
قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلغان [67. 11-دېكابىر، 7-8-ۋە
9-، 30-ۋاراقلار].

چەخلوڭ خاقان ئوشبو خارجاغاتاي ۋە بورىتالا
ۋىلايەتلىرى ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ياشاۋاتقان جەمئى جىسە-
چىلەر بىلەن خېتوپ ئەموگىنلىك ئامورسانانا تەرەپكە ئۆت-
كەنلىكىنى ئاڭلاپ، جوڭغار خانلىقىنى ئىستىلا قىلىش ھەرىكىتى
چىن خانلىقى پايدىسىغا ھەل قىلىنىدىغان دەۋرگە يەتتى
دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى خورسەن
بولۇپ، دەرھال ئامورسانانى ۋە ئۇنىڭغا يارلىق يېزىپ
موكاپاتلاش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى [67. 11-دېكابىر، 8-
ۋاراق]. ئەينى چېغدا بىچىنگە بىر يېرىك ئۆيرات بېگى
چاپاھان ھەم ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇ-
لغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بويغانلار
ئامورساناغا خاقان قوروقچىلىرى باشلىقى يارمەمچى
(سەنجودا چېڭى) دېپ ئاتالغان ھەربىي ئۇنۋان بەردى
[67. 10-دېكابىر، 7-8 ۋە 11-دېكابىر، 6-7-ۋاراقلار]. ئامور-
ساناغا قوشۇلغان ئۆيرات جەڭلىرى دېمەرلىك ھەممىسى

-441-

ئۆزلىرىگە قاراشلىق ئەترەتلەرنى ھەم داۋاچىغا قارشى كۆرەشكە سەپەربەر قىلىشقان.

كۆپلىگەن ئويرات بەگلىرى سالارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۈرۈمچىگە قوشۇلغانلىقى ھەققىدە ھەم كۆپ مە-لۇماتلار مەۋجۇت. مەسىلەن: ئۇ ئىرېن خابىرغاغا كەلگەندىن ئۈرۈمچىگە بايار، جاڭگەرب، داۋا، جېك مەنگلىق، قازاق ئىشلا ۋە جابەن قاتارلىق ئويرات بەگلىرى ئۆز ئەترەتلىرى بىلەن كېلىپ قوشۇلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن سالار ئۇلارنى مۇكاپات-لاش ھەققىدە چەنلوڭ خاقانغا مۇراجەت قىلدى [64. 9-دەپ-تەر، 2-3-قۇرلار]. 1755-يىلى ماي ئېيىدا 1600 پۇقرالارغا ئىگە بولغان خورىمان تەيجى ۋە خاجىجى قاتارلىق ئويرات بەگلىرى ھەم سالارغا قوشۇلغان. سالارنىڭ ئەيتىشىچە ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىگە كېلىپ قوشۇلغانلار ئىچىدە چەقمەت دەربەت ئورۇقىغا مەنسۇپ بولغان پۇقرالار سانى 7473 ئائىلىدىن ئىبارەت بولغان [64. 10-دەپتەر، 3. 13-15-قۇرلار].

1755-يىلى ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غالدان دورجى ھەم سالارغا قوشۇلدى. مەزكۇر موڭغار بېگىنىڭ ھە ساقچىغا يېقىن پۇقراسى بولۇپ، داۋاچى خان ئۈرۈمچىگە 10 مىڭ لەشكەر تۈپلاپ، ئىرېن خابىرغانى دۈشمەنلەردىن ھىمايە قىلىشنى بۇ-يورىغان. بۇنىڭدىن باشقىرى غالدان دورجى ئويرات خەلقى ئارىسىدا چوڭ ئابرويلۇق شەخسلەردىن بىرى بولغان. ئەمما غالدان دورجى بىلەن داۋاچى خان ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا نارازىلىق مەۋجۇت ئىدى [64. 9-دەپتەر، 18-30-قۇرلار]،

10-دېكابىر، 2-قىراق]. غالدان دۆرجىنىڭ سالارغا كېلىپ
خوشۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، چىن خاندانلىقى داۋاچىنىڭ ئەق-
دىمى ھەل بولىدىغان ئورۇن كەلدى دەپ ھېساپلايدۇ. «غا-
لدان دۆرجىنىڭ - دەپ زىكىر قىلىدۇ چەخلونىڭ... بۇ ۋاقىيە مۇ-
جىزە بولۇپ بىر نەرسىنىڭ بىرىنچى بولدى... غالدان دۆرجى بۈيۈك
ئەيىبلەرنى بىرى. بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆز يوقارالىرى بىلەن
بىزگە ئەسلىمە بولغىنى. جوڭغارلارنى ئۇيغۇلاردا دورۇق ھەرىكىتى
ئىزلەنشۇرۇدۇ» [64-9-دېكابىر، 21-قىراق 2-بەت].

بۇ جەردە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشۈم لازىمكى،
غالدان دۆرجىنىڭ سالارغا قوشۇلۇپ، داۋاچىغا قارشى جەڭگە
ھەرىكەت قىلىشقا تەييار بولغانلىقىنى، چىن خاندانلىقى
ئۇنىڭ بىزگە ئەسلىمە بولغىنى دەپ جاھالايدۇ. مەزكۇر
جاھا جارلىق روسىيە ھۆججەتلەرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.
يەنى "تۇنشالىڭ" (ئەسلىمە بولۇش) سۆزى ئىشلىتىلگەن.

غالدان دۆرجىدىن تولۇق جايىدالانماقچى بولۇپ،
چىن ھۆكۈمىتى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا، ئەينى چەيىندە
دۆلەت كاتىپى (شىلالىڭ) لاۋزىمىغا تەگكە بولغان ۋە
ئۆيراتلار بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىدا ئاتتاشقان
يۈيى جاۋنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق سوۋغىلار يوللىغان. ئىش
بىلەن بىزگە غالدان دۆرجىنىڭ سالار تەرىپىگە ئۆت-
كەنلىكىنى ئاشۇر سانىناغا ۋە جارلىق ئۆيرات تەلىكىگە
ۋە ماڭغۇلىيە ئاھالىسىگە ئوختۇرۇش قىلىش بۇيرۇغان
[67.9-دېكابىر، 20-22-قىراقلار].

-443-

غالدان دورجى سالار خەرپىگە ئۆتكەندىن كېيىن، چىن سارايىدا ئامۇرسانا بىلەن سالارغا تاپشۇرۇلغان ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرى كۈچى بىلەن جوڭغار خانلىقىنى ئىستىلا قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىش مۇھاكىمىسى دىگەن پىكىر كىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمەلىيات ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ئەرمىيەلەرنى خىتايدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئۆتۈشكە سىلىك ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەبلەغنى تەيجەپ قىلىش ھەققىدە قارار قابول قىلىدۇ [66، 15-دەپتەر، 9-11-ۋاراقلار].

سالار بېيجىڭگە غالدان دورجى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە چەقلۇگىدىن ئۆزى جوڭغار خانلىقىغا خان قىلىپ تاينلاشنى سورايدۇ. چۈنكى سالارلەرمۇ چىن خاندانلىقىنىڭ مەقسىتى داۋاچىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم تاينلاش ئەمەس بەلكى، جوڭغار خانلىقىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بوغدىخان سالارغا مەخسۇس پەرمان ئەۋەتىپ، غالدان دورجىنى ئىرىي خابىرغا ۋىلايىتىگە خان قىلىپ تاينلاشقا رازىلىق بىردى [66، 11-دەپتەر، 20-ۋاراق]. ئەمما سالارنىڭ تەكلىپى ئىرىي خابىرغالىق چەكلەر قوللاپ-قۇۋۋەتلىمىگەن. بۇ ھەقتە بوغدىخان دە ئەگەر ئىرىي خابىرغا چەكلىرى غالدان دورجىنى خان قىلىپ تاينلاشقا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسا، دېمەك، بارلىق جوڭغارلار ئۆزى داۋاچىنىڭ ئورنىغا خان

بولىدىكەن دەپ خاتوغرا تونۇشۇنگەن بولۇپ چىقىدۇ »
دەپ زىكىر قىلغان [67.11-خازىراق، 20-ۋاراق، 2-بەت].

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلاردىن ئەنىق
كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، جوڭغار بەگلىرى ئامۇرسانانى چىن
ئىستىلاچىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى بىر شەخس
دەرىجىسىدە ئەمەس بەلكى چىن ئىمپېرىيەسىنى يارىدەم
قىلىپ تۇرۇپ، داۋاچىنى تەختتىن ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ
ئورنىغا ياشىغا بىر تەختتە ۋارىسى خان قىلىپ تەيىنلەتتى
ئۈچۈن كۈرەش قىلۇۋاتقان بىر ئۆيرات تەيجىسى سۈپىتىدە
قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا تەربىيە ئۈنۈتۈشكەن. شۇنىڭغا ئۈچۈن
ھەم ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكەن. بۇنىڭغا ئۈچۈن
ئاساسى چىن ئەمپېرىيەسىنىڭ ئامۇرساناغا قوشۇلىشى ئۇزاقتا
تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگە ئۆچمەنلىكى- ئۆچۈق ئاشكارىلاشقاي
تۇرۇق. ئۇشبۇ ۋاقىيەگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ بىلەن
بىرگە يەنە بىر نەرسىنى ئەيتىش مۇمكىنكى، جوڭغار خان-
لىقىدىكى ئاپپارات يېتىشتۈرگەن كۈچلەرنىڭ بىر قىسمى ئامۇرسا-
نانى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بولسا، يەنە بىر قىسمى
سالارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن. شۇ بىلەن بىرگە مەز-
كۇر كۈچلەر ھەم بىر-بىرىگە قارشى ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان.
بۇنداق بولۇشى چىن سۇلالىسى ئالدىدىكى ياخشى بىلگەن
ۋە ئامۇرساناغا بىلەن سالارنى بىر-بىرىگە قارشى كۈچ
دەرىجىسى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن.

بۇرۇنقىلارغا يېتىپ بىرىش ئالدىدىكى، ئامۇرساناغا

-445-

بېغىنىغا يازغان مەكتۇبىدە، ئۇنىڭ خەرىپىگە خېلى كۆپ
ئۆيرات جەڭلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلغانلىقى ھەققىدە
زىكىر قىلىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە داۋاچىنىڭ قوۋۋىتى كۈچسىز-
لەنگەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئازغىنا كۈچ بىلەن يېڭىش مۇمكىن-
لىكىنى، ھەمدە چوڭ ئەرمىيە ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى
ئېيتقان [64. 6-دەپتەر، 19-20-ۋاراقلار]. ئەلبەتتە ئامۇر-
سانانىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ داۋاچىغا قارشى كۆرەشنى ئا-
ساس چىن ئەرمىيەسىنىڭ ياردەمىسىز ئۆزى ئۆيرات جەڭلىرى
بىلەن بىرگە داۋاچىنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلاشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەمما چىن ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن چۆچۈپ، ئۇنى ئۆز بېشىمچىلىق
قىلىشتا ۋە ئەزىيەتتىن چاپىدىلىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئا-
لىشقا ھەرىكەت قىلىشتا ئەيىبلەپ، دەرھال ھەربىي كەڭەشكە
جەندى بىلەن يوكچاكىغا. تىزدە ئاساسى ئەرمىيەنى بورتا-
لاغا چەكلىنىش ۋە ئامۇرساناننى خىلغا ئالدىن كىرىپ
بىرىشقا يول قويماسلىق ۋە داۋاچىنى تۇتۇشنى ئۇنىڭغا تاپ-
شۇرماسلىق ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بىرىشنى بويرۇدۇ-
شۇ بىلەن بىرگە مەزكۇر مەخپىي بۇيرۇقنى ئامۇرسانادىن
سىر ساقلاشنى جاكالايدۇ [64. 6-دەپتەر، 47 ۋە 7-دەپتەر،
18-ۋاراق]. ئەمما دەسلەپ دەۋلەتتە چەنلۇڭ ئامۇرسانانىڭغا
نىسبەتەن بۇندىق چارىسىدە بولۇش، داۋاچىنى كۆز ئا-
لدىدا تۇرۇشنى ئىستەيمەن. ئەگەر ئامۇرسانانا ئۇنى قولغا
چۈشۈرسە قولتۇرۇپ قويۇشنى مۇمكىن دەپ كۆرسىتىدۇ
[64. 6-دەپتەر، 3-4، 17-18-ۋاراقلار].

مەزكۇر مەخپىي بۇيرۇقنى بىر شىنجاڭ ئەسلى مەخ-
پىيسى، ئاموسانىغا ئۆز چاپتىسىيەسىنى كۈچەيتىۋېلىشقا
ۋە جۇڭغار خانلىقى خەلقىنى ئىككىگە بۆلەپ ئېلىشقا يول قو-
يماسلىقتىن ئىبارەت بولغانلىقى، باشقا رەسمىي ھۆججەت-
لەردە ھەم ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: چەنلۇڭنىڭ
بەندىگە ئەۋەتكەن پەرمانىدا، ئەگەر ئاموسانا ھەقىقەتەن
بېرىلگەن مەخپىي بۇيرۇق ئاشكارا بولۇپ قالىدىكەن
بولسا، ئۇ دەرھال بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى بىلىۋېلىپ، بىزگە
قارشى چىقىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرىگەن. بۇندىن باشقىرى
چەنلۇڭ، سالار خانىمغا مەخپىي پەرمان ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ
سالارغا كۆپراق ئىشەنچ بىلدۈرۈشىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئا-
موسانانىڭ ئالدىنراق بۇرۇتالاغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنى
داۋاچىنى قولغا ئېلىشقا يول قويماسلىقنى ۋە مەزكۇر جۇڭغار
خانىنى قولغا تۇتۇشۇرۇشنى، شەخسەن ئۆزى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشنى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بوغدا خانغا مىننەتدار-
چىلىقنى بىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ يەتكۈزگەن. سا-
لارغا ئەۋەتىلگەن مەزكۇر مەخپىي پەرماندا بۇ ھەقتە
ئاموسانا بىلەن مەسلىھەت قىلماسلىق ھەم جاكا-
لىمىغان [64-6، دەپتەر، 4-ۋاراق؛ 10-دەپتەر، 13-ۋاراق]،
ئۇشبۇ مەلۇماتلار ئاموسانانىڭ، جۇڭغار خانلىقى
خەلقىنى ئىككىگە بۆلەپ ئېلىشقا يول قويماسلىق مەسىلىسى
سالاردىن چاپان لايىقىدە بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.
لېكىن چىن خاندانلىقى سالارغا ھەم ئىشەنمەيتتى ۋە

-447-

ئۆزىنىڭ غامۇرسانىنا بىلەن تىل تىپىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ قىلىشىدىن قورقاتتى. بۇنى بوغدا خانىنىڭ ھەربىي كەڭكەشكە بەرگەن توققۇزىنچى كۆرسەتمىسىدىن بىلىشكە مۇمكىن: «ئەرمىيە قوماندانلىرى بەنەي بىلەن يوكچاڭ-غا - دەپ جاكالايدۇ چەنلۇڭ - مەخپىي پەرمان ئەۋەتىپ - تولىسىنى، ئۇلار غامۇرسانىنا بىلەن سالارغا ھەرقايسى باشقا-باشقا ھالدا چاقى، بىرگە ھەرىكەت قىلىپ، كېلى ۋادىيسىغا ھوجۇم قىلىشقا ۋەدىلىشىپ قولغا كەلتۈرۈشكە يول قويۇلمىسۇن» [64. 10-دەپتەر، 8-ۋاراق-2-بەت، 10-ۋاراق 2-بەت].

مەزكۇر مەخپىي پەرمانغا جاۋابەن بەنەي بىلەن يوكچاڭ ئۆز قوشۇنلىرى مولجەردىن ئىلگىرى ھەرىكەتلەندۈرۈپ 1755-يىلى 13-ماي كۈنى (چەنلۇڭنىڭ 20-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنى) غامۇرسانىنا بىلەن سالار بورىتالانىڭ ئەترابىدىكى جايلاردا يۈرگەن ۋاقتىدا، بۇيەرگىچە ئۇلاردىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەندى. سوڭ ئۆز قوشۇنلىرى ئىلغا جارىي بولغان يوللار ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ، غامۇرسانىنا بىلەن سالارنى داۋاچى ئوردىسىغا ھوجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدۇ [64. 10-دەپتەر، 9-11-ۋاراقلار؛ 11-دەپتەر، 30-31-ۋاراقلار؛ 12-دەپتەر، 14-15-ۋاراقلار].

سابىق ساۋېت تارىخچىسى ئى.يا.زلاتكىن بۇ ھەقتە خاتوغرا پىكىرگە يېتىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي چىڭ ئەرمىيەسى 1755-يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا بورىتالا دەرياسى بويىغا ئورۇنلاشقان دەپ

زىكىر قىلىدۇ [104. 290-بەت].

غۇمۇرسانىدا بىلەن سالار ئەترەتلىرى قىلىچ ۋادىسى ئەترابىدىكى ھەرخىل ۋىلايەتلەردىن قارىلاپ، بورىتالا دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگىچە قارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندى. 1755-يىلى 9-ئىيۇن كۈنى (4. ئاينىڭ 30-كۈنى) جەنلوڭنىڭ كور-سەتمىسىگە بىنائەن ھەرقايسى يول چىڭ ئەدەمىيەسى، جۇ-ڭالىدىنى غۇمۇرسانىدا بىلەن سالار ئەترەتلىرى بىرگە قىلىچقا ھۇجۇم باشلىغان [64. 12-دەپتەر، 2، 14-15-ۋاراقلار]. رۇس مەنبەلىرىدە ۋە ئەدەبىياتلىرىدە مەزكۇر ھۇجۇم باشلانغان ئەينى كۈن كۆرسىتىلمەيدۇ [99. 264-266-بەتلەر؛ 104. 290-291-بەتلەر؛ 94. 118-120-بەتلەر ۋە باشقىلار].

1755-يىلى ئىيول قېنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بىجىڭگە سالارنىڭ ھېسابات مەكتۇبى كەلتۈرۈلىدۇ. مانا شۇ مەكتۇبتە يېزىلىشىغا قارىغاندا، سالار ئەترىتى 9-ئىيۇن كۈنى بورىتالادىن قىلىچ دارياسىغا قاراپ يولغا چىقىپ، 12-ئىيۇن كۈنى مەزكۇر دەريا بويىغا يېتىپ كەلدۇ. سالار بىلەن بىرگە يولچىلىق ئەدەمىيەسى ئەركسىدىكى فودوتولىق ئەردىنى باشچىلىقىدىكى بىر ساق كىشىدىن قىبارەت سولۇن قوشۇنى ھەم يېتىپ كەلدۇ. 14-16-ئىيۇن كۈنى ئۇلار بىرگە ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن قىلىچ دەر-ياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، داۋاچى ئوردىسىغا قاراپ يول ئالدۇ. يولدا سالارغا ئەجىنەر، تودوب، كەندوش قا-رالىق لاما لار ۋە داۋاچىنىڭ شەخسى ساقچىسى ھېساپلانغان ئۈكتوغا شىقا، موللا مەمەد بىك، نوبچىن (توبوچىن)، ساتۇن،

-449-

موھەممەد ممار، شاخلوق (دەرۋەت بېگى داشى دوندوق-
نىڭ كىچىك ئۇكىسى)، خەلشەۋەر بېگى خەسەن يۇسۇپ (سەيىن
ئۇسۇبى) ۋە جاشقىلار قوشۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن سالار
ئادەملىرى يولدۇز، كونەس، قاش قاتارلىق جايلارغا
كۆچۈپ كېتىپ، ئۇلار بىلەن داۋاچىغا قارشى كۈرەش قاتتىق ھەققى
تىل بىرىكتۇرۇشكە كىرىشكەن [13.64-دەپتەر، 10.11-ۋاراقلار].
ئەينى زاماندا ئامۇرسانانىڭ بېرىلگە ئۆتۈش-
كەنى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاساسى ئەمرىيە بىلەن بىرگە
بولغانلاردىن سەپەرگە ئاتلىنىپ، 1755-يىلى 16-ئىيۇن كۈنى
ئىلى دەرياسىنى ئۆتكەن. سۇلۇق داۋاچىنىڭ خان ئور-
دىسى جايلاشقان غالجاڭغا (ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ
غەربىي جەنۇبىدە جايلاشقان) يول ئالدى. 19-ئىيۇن
كۈنى ئۇ مەزكۇر ئوردا شەھىرىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئامۇر-
سانا چەت داۋاچىنىڭ ئادەملىرى ئۇچرىمىدى. خان-
نىڭ ئوردىسى 10 مىڭ لەشكەر بىلەن ئولان-قىسان دېگەن،
بىرتەرىپى خىلە سىنىڭ شىمالىدىكى كەتمەن تېغى بىلەن،
يەنە بىرتەرىپى چاپچاقلىق بىلەن ئورالغان جايغا
چەمەرلەر قورۇپ مۇداپىئەگە ئۆتۈپ تۇرغان. ئولان-
قىساندا يېقىن جايدا ئامۇرسانانىڭ ئادەملىرى داۋاچىنىڭ
خىلكى ساقچىلىرى قولغا تۇتۇشۇپ، بۇ چاغدا داۋاچى قاتتىق
بىلەن كۈنگەس دەريالىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەمۇرتاۋ نۇر
(تەۋدەرتو-نوگەر) كۆلى ئارقىلىق كەلگىنىڭ ئۈچۈن ئات-
لىرى چارچاپ ھالقالاشقاندىن خەۋەر تاپتى. 23-ئىيۇن كۈنى

سالار بىلەن ئامۇرسانانىڭ ئۆز قوشۇنلىرى داۋاچىنىڭ
لاگېرىغا يېقىنراق جايلاشتۇرۇپ، مەزكۇر لاگېردىكى ۋەزىيەتنى
ياخشى ئۆگىنىپ چىقتى. سوۋك شۇ كۈنى كەچقۇرۇن داۋا-
چىنىڭ لاگېرىغا تۇيۇقسىزدىن، يوشۇرۇن ھالدا كىرىشى ۋە
خاننىڭ لاگېردا بار يوقلىغىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قارا باتۇر
ئابۇيىشى باشچىلىقىدا 22 نەپەر لەشكەرلەرنى ئەۋەتتى. بىرىم
كېچىدە بۇلار داۋاچىنىڭ لاگېرىغا كىردى. ئەمما كۈتۈلمىگەن
ئۈزۈك ئاۋازى چىقىشى بىلەن توپولاڭ باشلىنىپ كەتتى. چوقۇر
ئۇيقۇدا ياتقان خان لەشكەرلىرى ئوق ۋە ۋاقىراق-جاقىراق
ئاۋازى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرقاياققا قېچىشقا باشلايدۇ.
بۇنى كۆرۈپ داۋاچى 2 مىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قاچتى. ئامۇر-
سانا بىلەن سالار دەرھال قوشۇنلىرى بىلەن ھوجۇم
باشلاپ، ئالى ئالدىنقى داۋاچىنىڭ لاگېرىنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە
20 ئويرات بەگلىرى، 4 جىسەڭلەر، ئۇلارنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى
ۋە ئوغۇللىرى بولۇپ، جەمئىي 25 مىڭ كىشى ۋە 500 نەپەر
خاننىڭ لەشكەرلىرى ئەسىرگە ئېلىندى. خاننىڭ بوغاي
ماكۇل چادىرى ۋە 6 دانە زەمبىرەك ئولجا قىلىپ قولغا
چۈشۈرۈلدى [64. 13-بەت، 14-15-ۋاراقلار].
داۋاچىنىڭ لاگېرى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئامۇر-
سانا دەرھال ئۆزى توختاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى
بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن
ئۆزى ھەم يولغا ئاتلىنىپ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي خاننىڭ
خوتۇنى، بالىلىرىنى ئەسىرگە چۈشۈردى. ئەمما داۋاچىنى

ئاپالمايدۇ [13.67- دەپتەر، 16- ۋاراق].
قەشقەر خاربىنچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇچرىمايدىغان ئۆيراتلارنىڭ. ئىلى ۋادىسى دائىرىسىدە، چىنلارغا قارشى قىلغان كۈرەشلىرى ھەققىدە خەۋەرلەر بېرىلىدۇ. مەزكۇر خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئامۇرسانا بىلەن سالارغا ھەممە جۇڭغار بەگلىرى قوشۇلغان ئەمەس. چىن ئەرمىيەسى ئىلىغا قاراپ ھۇجۇم باشلىغاندا، كۆپ ئۆيرات بەگلىرى داۋاچىغا مۇراجەئەت قىلىپ، تېزدە چىنلارغا قارشى چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن خان ئىلى دەرياسىنى دۈشمەننى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، دەريا قىرغاقلىرى بويلاپ قوشۇن جايلاشتۇرىدۇ. چىن ئەرمىيەسى دەريا بويىغا كەلگەندە خاننىڭ لەشكەرلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. لېكىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان [126.67- بەت]. داۋاچى خاننىڭ لەشكەرلىرى ۋە ئادەدى پۇقرالار خان ئوردىسى جايلاشقان قايىنۇقنىڭ يېنىدا ھەم چىنلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە «ئەسەر ئەل فۇتۇق» ئەسەرىدە، زەمبىرەك ۋە مىلتىقلار ئوقى ئاۋازىدىن يەرلەر تىترەپ كەتتى. ئادەملەر ئەتراپتىكى تاغلاردىن ۋە يېزىلاردىن كېلىپ، خۇددى ئاغدى تۇشكەن تاشقۇنغا ئوخشاپ دۈشمەنگە تاشلاندى دەپ زىكىر قىلىندۇ [67.126- بەت]. قايىنۇق يېنىدىكى جەڭدە چىن قوشۇنلىرى دەرھال غالىپ چىقالماي داۋاچىغا ئەلچىلەر

ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كۈلشىم توزۇنۇشكە ھەرىكەت قىلدى. ئەمما
خان چىلانلارنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

يەرلىك مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا،
خىلى دەرىجىسى بويىچە جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان-
دىن كېيىن، داۋاچى نەشكە ستە چىن ئەرمىيەسىگە ھەل قىل-
غۇچى زەربە بېرىشكە تەييارلىق كۆرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇ چەرگە خوجا جاھان باشچىلىقىدا قالالىغان لەشكەرلەر
ئەترىتىنى ئۇۋەتىدۇ. مەزكۇر ئەترەت چاپچال چېگرىسىدىكى
ۋە تىكەس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چېدىرلەر قۇرۇپ جا-
يلىشىپ ئالدى. چۈيەرگە چىن ئەرمىيەسى كەلگەندە ئۇلارغا
قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلات قىسان دىگەن
جايدا قاتتىق جەڭلەر بولىدۇ. نەتىجىدە خوجا جاھاننىڭ
ئەترىتى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ [68. 126-بەت].

قەشقەر خارىجىلارنىڭ كەلتۈرگەن مەلۇماتلىرى،
خىتاي مەنبەلىرىنىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە قارشى ئەمەس، بەلكى
ھالدا ئۇلارنى تولۇقلايدۇ. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆت-
ۈش كېرەككى، ئامۇرساناننىڭ بىلەن سالارلارنىڭ ھىساپات
ھەمكارلىقلىرىدا، ئۇيراتلارنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ھە-
رىكەتلىرى ئىنتايىن كەم ۋە ئاجىز قىلىپ زىكىر قىلىنغان،
ئۇلار ئەسكەرتىشچە، داۋاچىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئامۇرسانانى
بىلەن سالار تەرىپىگە ئۆتكەن خەلقنى تولۇقتۇراق قىلىپ
يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ جوڭغارلار قارشىدا چوڭ ئاجىزلىق
ئەتكەن خەلقنى كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىشقان. بۇنداق ئەھۋالنى

-453-

بەندى بىلەن يوكچىلىكنىڭ ھېساباتى مەكتۇبلىرىنى ھەم
كۆرۈش مۇمكىن. ئامورسانىنا بىلەن سالارنىڭ مەلۇم
قىلىشىغا قارىغاندا، ئەلى دەريا سىدىن ئۆتكەندىن كېيىن،
يارلىق ئۆزۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە ئۆزلىرى قوماندانلىق
قىلىشقان. جەندى بىلەن يوكچىلىك خارقا سېپتە تۇرۇپ
ئۇلارنى كۆزۈتۈپ تۇرۇشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى
چىن ئەمەلدارلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەن-
لىكىنى جەۋەت ئامورسانىنا بىلەن سالارلارنىڭ جەڭگەن
مەلۇماتى ئاساسىدا بولغان دەپ بىجىنگە شۇنداق خە-
ۋەر قىلغان.

خىتاي مەنبەلىرىنىڭ دەمەللى قارىغۇچىلارنىڭ
كۆرسەتكەنلىرى سىلىشتۇرۇپ. مولاھىزە قىلغىنىمىزدا شۇنىسى
ئەنىق بولدىكى، داۋاچى خان جەۋەت ئەلى خوجىسى داۋرو-
سىنى چىن ئەمەلىيە يىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيە-
تىگە ئىگە بولالايدۇ. ئاممىۋى خاننىڭ ئىشەنگەن ئادەم-
لىرىنىڭ ئۇنىڭغا خايىنلىق قىلىشى ئۇ ئامورسانىنا بىلەن سا-
لارنىڭ رىبىمگە ئۇنى تۇتۇپ بېرىشى خەتىمىسىنى، جوڭغار خانلىقىنىڭ
يارىشىغا ئۇلايىمەلىرىنى ئۇ بۇنداق ئىمكانىيەتكە ئىگە
بولالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ بولغانكى، داۋاچى خا-
كىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن، يارلىق كۈچلىرىنى بىرلەشتۈ-
رۈپ، ئۇلارنى سىرتقى دۈشمەن خاپاخورچىلىقىغا
قارشى سەپەربەر قىلالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھاكىمىيە-
تىگە كېلىشتە ھەمكارلىق قىلغانلارنى ئۆزىنى ئۆز ئاقلاشتۇرۇپ

-454-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويىدۇ ۋە ئۇلارنى مەملىكەت خارىجىسىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىسىنى داۋاچىنىڭ ئۆزى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى شۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ھەم تە-ستىقلايدۇ. مەسىلەن: 1755-يىلى 9-ئىيول كۈنى بېيجىڭگە يەتكۈزۈپ كېلىنگەن ئامۇرساناننىڭ بىرەتكۈبىتى «داۋاچى ھەممە ئىشلارنى ئىشىكى بولۇت، ئىستوپ ۋە تۈگسۈنبولارغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى مەيشەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى تۈپەيلى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى يۈز ئۆرۈگەن، بۇ يىلى ئەتىيازدا داۋاچى قازاقلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقى بولۇپ، بەش جىسەيلەرگە ئەمەلگە لەشكەر بېرىشنى ۋە بۇلارنى ساقچىلىق خوجىرغا قويلاپ، ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشنى بۇيرىغان. كېيىنچىلىك ئۇنىڭ بۇيرۇقى بەجىرىلىشتىن باش تارتتى» دەپ زىكىر قىلىنغان [64، 11-دەپتەر، 4-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].

خەشقەر خارىجىس مەخمۇت ئەمىن سەدىر ۋە-تىشقىرى، داۋاچى قورقۇنچاق، گۇمانخور ئادەم ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئابرۇيلۇق بولغان ھەربىر ئادەمدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلگەن. ۋاقتى كەلسە، ئۇ-زىنىڭ سايىسىدىن ھەم قورققان. ئامۇرساناننىڭ داۋا-يۇرۇغا كېلىشىدىن دايىم چوچۇپ يۈرگەن دەپ تەسۋىرلەيدۇ [76، 118-ۋاراق، 1-بەت].

تىلەستە داۋاچىنىڭ لەشكەرنى قولغا ئالالمىدى، بەندىمە زۇرۇزانى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتى،

-455-

قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شىمالىي ئەترەتكە بۆلۈپ يولغا
سالىدۇ. بۇ ئەترەتلەرنىڭ بىرىگە ئالانتاي، شىمالىيسىگە
سىيىن گوگجاب يېتەكچىلىك قىلىدۇ. جۇڭغۇرۇققا جىنائەت
ئالانتاي داۋاچىنىڭ يايلاقلىرىغا سىيىن گوگجاب غەربىي
جەنۇب تەرەپكە چەنى خان خاچقان تەرەپكە قاراپ يول
ئالغان. شىمالىي ئەترەت قوبلۇق (قوچلۇق) دېگەن جايغا
بارغاندا يول شىمالىي تەرەپكە ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ،
بۇلارنىڭ بىرى ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇغا، يەنە بىرى قىر-
غىز يايلاقلىرىغا كېلىپ بارىدىغان يول بولغان. بۇ يەردە
سىيىن گوگجاب داۋاچى ئادەملىرى بىلەن قايسى يول بىلەن كە-
تكەنلىكىنى بىلەلمەي، تېكەسكە قايتىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا كېيىن
چەندىي تولغۇشتە خالقىغا قېچىپ بارغان ئاۋاچىنى ئۆ-
زىگە دۈشمەن دەپ بىلگەن سىرىن تۆرەباشقا 800 نەپەر
لەشكەر بېرىپ، خاننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ
كېلىش ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە قىرغىزلار
يايلاقلىرىغا ۋە جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا، جۈملىدىن
ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپان جەڭلىرى ھوزۇرىغا خانە تۇتۇپ
ئاپىشورغانلارغا چوڭ موكاپات بېرىشنى، يوشۇرغانلارنى
جازالاشنى ئىلان قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ [64،
13-دەپتەر، 1-2-ۋاراقلار].

ئاۋاچى كۆپ ئۆتمەي بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر
بىلەن يېتىپ بارىدۇ. چەشلۇق، داۋاچى خاننىڭ قولىغا
چۈشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئاپىغان ھالدا ئەرپى كېچىسى

-456-

بارلىق چارىلارنى قوللىنىپ، ئۇنى تىرەك تۇتۇپ بىجەنگگە
چەتكۈزۈپ كېلىشنى بۇيرۇغان. شۇ بىلەن بىرگە بوغداخان
بەندىنى ئەھتىبارسىزلىقتا ۋە ئالىي چەرمانىنى ئىزچىللىق
بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرمىغانلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇنى گۇناھىنى
ئاقلاش ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ ئاپىشۇرۇشنى ۋە بۇ
ئىشتا ئامورساناننى تولۇق چايدىلىنىشنى ئەمىر قىلدى. قىر-
غىز، ئۇيغۇر دورتلىرىدا داۋاچىنى تۇتۇپ تاپشۇرۇش
ۋە بوۋىدى ياش خارتىپ، ئۇنى بىكىتكەنلەرنى خاتتىمەك
جازالاش ھەققىدە ئالىي چەرمان ئىجۇەتنى بويرۇدۇ [64.
14-دەپتەر، 3-4-ۋاراقلار].

مەزكۇر مەسىلە ھەققىدىكى ئالىي چەرمانىنى ئالغان-
دىن كېيىن ئۇ ئۆز ئەرمىيەسىنى قىرغىز زېمىنى چېگرالىرى
بويلاپ جايلاشتۇرۇدۇ. سوڭ قىرغىز بەگلىرى ھوزۇرىغا
ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، داۋاچىنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ،
ئەكسى ھالدا ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشنى
ئەيتىدۇ [64. 14-دەپتەر، 12-ۋاراق 1-بەت]. خۇددى
شۇنداق تەلەپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاقسۇ ۋە
ئۇچتۇرپان بەگلىرى ئالدىغا ھەم ئادەم ئەۋەتىدۇ [64.
14-دەپتەر، 33-ۋاراق 2-بەت؛ 42. 1-توم، 291-بەت].

«ئەسەر ئەلپىۋتۇق» خاملىق ئەسەرنى جايان
قىلىشچە، شىكە سىنە داۋاچىنىڭ لاگىرنى خوتەندا ئالغان-
دىن كېيىن، جەندى قول ئاستىدىكى بارلىق ھەربىي ئەمەل-
دارلارنى ۋە مەھەللى خەلق ئاقساقاللىرىنى ئۆز ھوزۇرىغا

يېقىپ، ئۇلارغا مەزكۇر خاننىڭ ئاقسۇغا (يەرلىك مەنبەلەردە ئاردەبىل) قېچىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، بوغدا خان ئامىدىن، خاننى تۇتۇپ بەرگەنلەر پۇل ۋە ئۇنۋانلار بىلەن مۇكاپاتلىنىشى ۋە بېكىتكەنلەر جازاغا تارتىلىشى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بەندى ھوزۇرىغا يىغىلغانلار ئارىسىدا، ئۆتمۈشتە جوڭغار خانلىرى نازارىتى ئاستىدا بولغان خوجا بۇرھانىددىن بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى خوجا جاھان ھەم بار ئىدى. بەندىنىڭ قوبۇلىدىن چىققاندىن كېيىن، خوجا بۇرھانىددىن ئۈچ-تۇرپان بېگى شەرەف ئەد-دىن خوجا يۈسۈپنىڭ (خىتاي مەنبەلىرىدە خوجىسى، خوجسى بەگ، روس ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خوجسى، خادىسى. 1775-يىلى ۋاپات قىلغان) ئالدىغا ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى مۇھەممەد غەرىبنى، بەندى ھوزۇرىدا بولغان گەپ مەزمۇنىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش ۋە داۋاچىنى تۇتۇپ بېرىشنى مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. مەزكۇر خوجىنىڭ ۋەكىلى ئۈچتۇرپان بېگى ئالدىغا، داۋاچىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، جاركەچ ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ ۋە خوجىنىڭ ئۆز قولى بىلەن بۇ ھەقتە يازغان مەكتۇبىنى تاپشۇرىدۇ [76، 123-بەت].

مۇھەممەد غەرىب ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كەلگەننىڭ كېيىن، ئۈچ كۈن ئۆتكەچ شەرەف ئەد-دىن خوجا يۈسۈپ ھوزۇرىغا داۋاچىنىڭ ئادىمى كېلىپ، ئۇنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. سولغۇ مەزكۇر جەڭ دەرھال
داۋاچىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزى ھەم يولغا چىقىدۇ. داۋاچىنىڭ ئاق-
سۇغا كېلىشى ۋە ئۈچتۇرپان جەڭگە ئادەم ئەۋەتىپ،
ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئاساسىدۇپ ۋاقتىدا
ئەمەس ئىدى. چۈنكى شەرەف ئەلەددىن خوجا يۈسۈپ جەڭ-
نىڭ بىر قانچە ئۈچكىلىرى بولغان بولۇپ، بۇلار ئاقسۇ
ۋىلايىتىدە ئىرىسخى شەھەرلەردە ھۆكۈمدار ئىدى. بۇ-
لارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا داۋاچىنىڭ دادىسى ھوزۇرىغا
خەلىم قىلىشقان. مانا شۇڭا ھېساپقا ئېلىپ، مەزكۇر
خان چاپا قىزلەپ ئاقسۇغا كەلگەن [76.123-بەت]. ئا-
قسۇ ۋىلايىتىنىڭ باش ھۆكۈمدارى بولغان شەرەف ئەلەددىن
خوجا يۈسۈپنىڭ خەلىپىگە بىنائەن، داۋاچى ئوغلى بىلەن
بىرگە قوشۇنسىز ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىنلىشىپ كېلىدۇ. يېرىم
يولدا ئاقسۇ بەگلىرىنىڭ ئادەملىرى قوچاق مۇئامىلە بىلەن
خانىنىڭ قولىدىن ئۆزىنى ئالىدۇ. بۇنى كۆرگەن خانزادە
لوبچانو يېن (خاي مەنبەلەرىدە لوبزوجا) يەندى خەنجەر
چىقىرىپ ھىمايە قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇ
ئاتا-بالىغا ئاشلانغان لەشكەرلەرگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن بۇلار باغلىنىپ ئامانەتقا قىلىندۇ. ئاۋىدەن
بىرنەچچە كۈن ئۆتكەچ ئەسىرلەر ئىلىغا قىلىپ كېتىلىدۇ
[76.123-124-بەتلەر].
1755-يىلى ئاۋغۇست ئىيدا بىجىڭگە يەتكۈزۈپ كېلىنگەن

بەندىنىڭ مەكتۇبىدا «داۋاچى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قا-
چقان ئىدى. ئامۇرسانا ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى لاگسو
ۋە بالالىق باشچىلىق بىر قانچە ئادىمى ئۇيغۇر قابدو-
خالىق بىلەن قاقسو ۋە دورمەنگە (ئۇچتۇرپانغا) ئەۋە-
تىپ، مەھەللى بەگلەرگە داۋاچىنىڭ قاچقانلىقىنى خەۋەر
قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى تۇتۇپ قايتۇرۇش ھەققىدىكى
ئالىي پەرمان بىلەن تونۇشتۇرغان» دەپ يېزىلغان [67.
14-دەپتەر، 33-ۋاراق، 2-بەت]. مەزكۇر مەلۇماتتا چە-
نلوڭ ئۆزىنىڭ چەندىكە 1755-يىلى 18-ئىسىتەبىردە ئەۋە-
تكەن مەخپىي بۇيرۇقىدا «خوجىسى (شەرەفئەد-دىن
خوجا يۇسۇپ) كېلىدىغان يىلى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئەۋەتىش
ھەققىدە پەرمان بېرىلدى. بىزگە ئەۋەتىلگەن مەلۇماتتا
كۆرسىتىلگەنكى، داۋاچىنى قايتۇرۇش ۋاقتىدا خوجىسى ئامۇر-
سانادىن يەركەنت ۋە قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى
خان قىلىپ قايىللاشنى سورىغان» دەپ تەكىتلىنىدۇ [67.
16-دەپتەر، 21-ۋاراق، 2-بەت].

ئىككى ھۆججەتتىن كۆرۈلگەن بۇ مەلۇماتلار
ئامۇرسانانىڭ ئۇچتۇرپان ۋىلايىتىگە ئۆز ئادەملىرىنى
ئەۋەتىپ، ئۇلارنى بولمىغاندا ئۆيرات خانى دەپ تو-
نۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە يەرلىك بەگلەر بىلەن ئالاقە
باغلاپ، شەرەفئەد-دىن خوجا يۇسۇپكە يەركەنت
تەختىنى ۋەدە قىلىپ، داۋاچىنى تۇتۇپ بېرىشنى كۈتكەن.
تەختكە ئېرىشكەن ئۇچتۇرپان ھاكىمى، بىرتەرەپتىن

چىن ئىمپېرىيەسىدىن قورقۇپ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئاموسانانى تەكلىپىگە بىنائەن ئۆز ئۇستازىنىڭ ئوغلىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولغان. شۇ بىلەن بىرگە چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ ئالدىنى ھەم ئېلىش، يەركەنت تەختىنى ھەم ئىگىلەلەش مۇمكىن دەپ ئويلىغان.

XIX - ئەسىردە ئۆتكەن خىتاي تارىخچىسى ۋېي-يۈەن «خوجىسى يېزىنىڭ ئەرمىيە قوماندانى سېمىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ داۋاچىنى تۇتۇپ بەردى» دەپ يازىدۇ [42، 291-بەت]. خۇددى شۇنداق پىكىرنى جاپون تارىخچىسى ئىناباكونىزاۋانىڭ «چىن سۇلالىسىنىڭ تولۇق تارىخى» ناملىق كىتابىدا ھەم بايان قىلىدۇ [207. 1-توم، 79-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە بۇ تارىخچىلار شەرەف ئەد-دىن خوجا يۈسۈپنىڭ داۋاچىنى تۇتۇپ بېر-ىشىنىڭ ئەسلى مەخسىتىنى بىلمەي ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيا-رى بىلەن بۇ ئىشنى قىلغان دەپ باھا بېرىشكەن.

شەرەف ئەد-دىن خوجا يۈسۈپنىڭ بەندىگە يازغان ئۆز مەكتۇبىدە «مەن ھوزۇرىڭىزغا كەلگەن ئادەملىرىڭىزنىڭ سۆزلىرىگە بىنائەن ئەتراپتىكى بارلىق داۋانلارغا قاراۋۇل قويدۇم. 6-ئاينىڭ 8-كۈنى (1755-يىلى 16- ئىيول كۈنى) داۋاچى قەشقەر چېگراسىغا يېقىن جايدا تۇتۇلغان ئىكەن. مەن دەرھال ئۆزۈمنىڭ كىچىك ئوكامنى (ئاقسۇ بەگنى) ئات ۋە ئۆچمەلىك بىلەن ئۇنىڭ

-461-

ئالدىغا ئۆتۈپ ئېتىم ۋە (ئۇكامىغا) مېنى ئاغرىق بولغان-
لىقتىن كەلمىدى دەپ ھوزۇر سوراشنى ھەمدە (ئادىنى)
ئەيۋەتكە جاراقچىلار، بىزدىن مەنمۇ يارىدەم كېرەك ۋە
بولىدىغان پىلانلىرىڭلار قانداق دەپ سوراشنى ۋە بىرگە
كېلىپ كېتىشنى ئەكېلىپ كېتىشنى تاپشۇردۇم. توپا ئارقىلىق
داۋاچى، ئەتەرچىن كۆڭلىدىن ئەكېلىپ قىلساڭلار كېلىمىز
دەپ ئەيتىپ ئۆتۈپ ئەتمىز. شۇندىن كېيىن مەن بىر دەرىخ-
زارغا پىستۇرما قويۇپ، ئۆزى قولغا چۈشۈرۈشكە تەييار-
لىنىپ بولدۇق. ھازىر 900 نەپەر لەشكەرلىرىمىز بىلەن
داۋاچىنى (بەندىي) لاگىرغا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. بۇندىن
تاشقىرى 17 كىشىنى قولغا ئالدۇق. بۇلارنىڭ ئېيتقان ئۇنىڭ
ئوغلى لوبجا، زەيسەن ئابىرچى، دەنجىن، دەرباغاي-
ئۇرباش، دوندوق، مۇللام، لەكە لىبەيىق، چوي سو-
نوم ئۆرەمچى، توپا ۋە باشقىلار بار. مەزكۇر داۋاچى
يېندىكى سايغا ئادەم ئەۋەتىپ خوبۇل قىلىپ ئەلشىنگلار
مۇمكىن» دەپ يېزىلغان [64. 14- دەپتەر، 36-
ۋاراق، 1-2- بەتلەر].

لىيەنىڭ ئە ن- دىن خوجا يۇسۇپنىڭ مەزكۇر
مەكتۇبى «ئەسەرلەپ تۇتۇق» تا كەلتۈرۈلگەن مە-
لۇماتنى تەستىقلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا تولۇقلىما
كىرگۈزىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە بۇ ئىككى مەنبەنى بىر-بىرگە
سېلىشتۇرۇش ئەھمىيىتى، خىتاي مەنبەلىرىدىكى
ۋەقەلەر بايانلىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان، داۋاچىنى تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

چىلارغا چەزگەن. ئۇچتۇرپان بەگى (بەزى ئەدەبىياتلاردا
ئاقسۇ بەگى) مەھەللى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە شەرەف
ئەد-دىن خوجا يۈسۈپ بىر شەخس ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.
مەزكۇر جەڭ يەركەنت خانلىقىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى
ھاكىمى بولغانلىقى ۋە ئۇچتۇرپاندا چاقىرغانلىقى بىلە-
ۋەيتىن، مەزكۇر جەڭ بەزەن ئاقسۇ بەگى، بەزەن ئۇچتۇر-
پان بەگى دەپ كۆرسىتىلگەنلىكى ۋە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ
ئۇنىڭ كىچىك ئۆكىسى بەگلىك قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى.
شەرەف ئەد-دىن خوجا يۈسۈپ ھوزۇرىغا. داۋاچىنى تو-
تۇپ بېرىش ئىلتىماسى بىلەن چىن ئەرمىيەسى قوماندانى
ئامۇرسانا ۋە خوجا بۇرھان ئەد-دىنلەر مۇداۋا جەھەت
قىلىشقان.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇيرات خانىنى تۇتۇپ
بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمىغا مۇكاپات
ۋە ئۇنۋان بېرىلدى. 1758-يىل ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن بېيزى (جوڭ-
خان ئۇرۇقلىرىغا بېرىلىدىغان 3-دەرىجىلىك كىچىك خان)
ئۇنۋانى تەقدىم قىلىنغان، 1759-يىلى ئۇنىڭ ئۇنۋانى جۇ-
ڭۋاڭلىققا (4-دەرىجىلىك كىچىك خان) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.
1759-يىلى شەرەف ئەد-دىن خوجا يۈسۈپ بېيجىڭدا ئۆلگەن-
[57. 1-توم، 346-بەت]. بۇ ھەقتە تۇرۇپتىن ئالاھىدە زىكىر
قىلىندى. مەزكۇر ئاقسۇ ھاكىمىنىڭ داۋاچىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكى
ئۈچۈن مۇكاپاتلانغانلىقى ھەققىدە XIX-ئەسىردە ئۆتكەن
ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى ھەم يازغان [80].

-463-

24-بەت؛ 79 ، 134-بەت].

بەندىلىك كورلىشىشكە قارىغاندا، شەرۋى ئەن-
دى خوجا يۈسۈپنىڭ مەكتۇپىنى ئالغاندىن كېيىن، داۋاچىنى
قوبۇل قىلىش مەقسىتىدە، 300 خەچەر سولۇن ۋە 200
خەچەر ئۆيرات لەشكەرلىرىدىن ئىبارەت بولغان ئەسكىرى
كۈچ ئەۋەتمىدى. مەزكۇر ئەترەتلەر بىلەن خودو-
تولۇك (مانجۇر قوشۇنلىرىنىڭ موئاۋىن قوماندانى) ئەر-
دىنى ۋە بىيلى (3-دەرىجىلىك كىچىك خان ئۇنۋانى) ئەر-
ضاگون-سىرۇم يولغا سېلىپ. ئاقسۇ ۋىلايىتى ھاكىمى
ئالغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. 1755-يىلى 1-ئاۋغۇست
كۈنى (6-ئاينىڭ 24-كۈنى) مەزكۇر چىن ئەمەلدارلىرى
شەرۋى ئەند. دى خوجا يۈسۈپ بىلەن بىرگە داۋاچىنى
تۇتقىلى بىلەن ئالغا جەندىي ھوزۇرىغا يەتكۈزۈپ
كېلىدۇ. 2-ئاۋغۇست كۈنى بەندىي ئەردىنى بىلەن
ئەرضاگون-سىرۇملارغا 500 لەشكەر بېرىپ، خاننى
تۇتقىلى بىلەن بىرگە يولغا سالىدۇ [66 ، 11-دەپتەر،
24-25-ۋاراقلار].

رۇس ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا داۋاچى قەشقەر
تەرەپكە قاچقان ئىدى. 1755-يىلى ئىيولدا ئۇنى كوچار
ھاكىمى خوجىسا تۇتۇۋېلىپ ئامۇرسانانىڭ ئاپتورىغا،
سولاڭ ئامۇرسانا ئۇنى بەندىي ھوزۇرىغا ئاپىرىپ
بارغان دەپ كۆرسىتىلىدۇ [291 ، 104a-بەت]. مەزكۇر
مەلۇمات ئەمەلىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى يىزنۇرىدا

ئېيتقىنىمىزدەك، چىن خاندانلىقىنىڭ مەخپىي كۆرسەت-
مىسىگە بىنائەن، بەدى ئامۇرسانانىڭ داۋاچىنى
ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن دەپ قورقۇپ ئۇنى مەز-
كۇر خاننى قولغا ئېلىشتا ئاتلانىشتۇرماسلىققا ھەرىكەت
قىلدۇ.

بېجىنگە داۋاچى 1755-يىلى 20-نويابىركۈنى (چە-
نلوڭنىڭ 20-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى) يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.
21-نويابىركۈنى شەھەرنىڭ ئاساسى داۋازاسى ئالدىدا
تەنتەنىلىك رەۋىشتە ئۇنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈز-
ۈلگەن. ئۇشبو مۇراسىم ۋاقتىدا، چەنلوڭ داۋازا ئۈ-
ستىدە يېقىنلىرى بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئاياق-قولى كىشەن-
لەنگەن داۋاچى بىلەن خانزادىنى داۋازا ئالدىغا ئېلىپ
كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بوغداخان قوبۇل قىلىپ ئالقان-
لىقنى بىلدۈرۈپ، ئاتىشقى ئالاقىلار ۋەزىرلىكىنىڭ (لى-
فەنيۈەن) باشلىقى ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ [66،
20-دەپتەر، 1-ۋاراق؛ 57، 1-توم، 35879-بەت]. كېيىنكى
دەۋردە داۋاچى خاتاقتىن ئازات قىلىپ، ئامۇرسانانىغا
قارشى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئالاھىدە توختىلىپ
ئۆتىمىز.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىز مەلۇماتلار
ئاساسىدا خۇلاسە قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، چىن ئىمپېرىيە-
سىنىڭ 1755-يىلى جۇڭغار خانلىقىغا قارشى باشلىغان ئۇ-
رۇشىنى ئاجا ۋە ئىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە مەھەللى خەلقىنىڭ

يېتەرلىك دەرىجىدە قارشى چىقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، پەقەتلا ئۇيرات بەگلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن-قارا كۈرەشلىرىنىڭ جىددىي تۈس ئېلىشى، ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ۋە داۋاچى خاننىڭ قابىلىيەتسىزلىكى، كۆپچىلىك يەرلىك بەگلەرنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆگۈرۈپ كېتىشى، خاننىڭ چىن قوشۇنلىرىغا قارشى چارە-تەدبىر كۆرەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت بولۇپلا قالماستىن بەلكى چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ مەخسەتلىرىگە چۈشەنمەي، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگەللەشكە ئىنتىلگەن ۋە بۇنىڭغا ئىشەنگەن. ئامۇرساناغا ئوخشىغان ئۇيرات بەگلىرىنىڭ قاتناشقانلىقىدىن، چىن خاندانلىقىنىڭ مەخپىي پىلانلىرىدىن خەۋەرسىز جۇڭغار خانلىقىدىن ۋە چىن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىپ، مەھەللى بەگلەرنى قالدا سىقا ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىگە قارشى قويغان ھالدا، جۇڭغار خانىغا قارشى ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىدىن ھەم ئىبارەت.

جۇڭغار خانلىقى چىن ئىمپېرىيەسىگە پۈتۈنلەي قارشى چىقمىدى ئەمەس، داۋاچى خان تاجاۋۇزچىلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلدى. ئۇنى كۆپچىلىك قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئەمما بىرقانچە ئۇ-ئىشەنگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، ئامۇرسانانى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى

-466-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن كۈرەشمەكچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ھەرىكەتلەر يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلمىدى.

# 3.3. چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىگە ئائىت پىلانلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى.

چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەنى جوڭغارىيەنىڭ تەقدىرىنى قانداق ھەل قىلماقچى بولغانلىقى، بۇ مەسىلىگە ئائىت قوبۇل قىلغان قارارلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى، ئۇنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر بۆلۈكى ۋە ئويرات خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇشبۇ مەسىلە ئالىملارنىڭ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: ل. ئى. دومان چەنلوڭنىڭ ئىككى پەرمانىغا ئاساسلىنىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئويرات خەلقىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلۈشى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئۆزگەرتىش پىلانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلغان [99. 265-266-بەت]. ئەلبەتتە بۇ ئىككى رەسمىي ھۆججەت، چىنلارنىڭ بۇ مەسىلىگە ئائىت ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ رېجىلىرىنى ھەم تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئالىم، ئامۇرسانا جوڭغار خان-
لىقىنىڭ تەختىنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا ئىنتىلگەن ئىدى،
ئەمما ئۇ، چىن سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۇتقان
سىياسىتىدىن خاپا بولۇپ، چىڭلارغا قارشى قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈش دېگەن پىكرىنى ئالغا سۈرگەن. ئالىمنىڭ بۇ
پىكرىنى چەخۇن بىر قارشىچى ئى. يا. زىلاتكىن قوللاپ-قۇۋۋەت-
لىگەن [104، 294-بەت]. خۇددى شۇ پىكرىنى چىن سۇ-
لالىسى دەۋرىدە يېزىلغان رەسمىي تارىخىي ئەسەرلەردە ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە نەشر قىلىنغان خىتاي تارىخ-
چىلىرىنىڭ ئەلەمگە مەنسۇپ كىتابلىرىدا ئۇچرىتىش مۇ-
مكىن [42، 1-توم، 292-293-بەتلەر؛ 256، 195-بەت؛
113-114-بەتلەر ۋە باشقىلار]. لېكىن بۇ پىكىر ھەقىقەتكە
دېيەرلىك توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى بىر كىشىنىڭ خاھىشى
بىلەن باشقا بىرجىددى سەۋەبسىز پۈتۈن بىر خەلقنىڭ
مىللىي ئازادلىق كۆرىشىگە ئاتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. مە-
زكۇر سوزىمىزنىڭ ئىسپاتى تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى مە-
لۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئورۇنلۇق بولىدۇ.
يۇقىرىدا تەتقىقاتىمىزنىڭ 1-2-باپلىرىدا ئە-
يتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كاڭشى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى يۇڭ-
جېڭ خاقانلار جوڭغار خانلىقىدىن چىن سۇلالىسىغا
بويسۇنۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمرى بىلەن ئىش تۇتۇشنى
تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇشبۇ تەلىپىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جوڭغار خانلىقىغا قارشى

-469-

ئۆلكى قىسىم ئۆزگىرىش قىلىنغان ئىدى. ئەمما بۇ ئۆلكى خاقان
جوڭغار خانلىقىنى بويتونلەي يوق قىلىپ تاشلاش ۋە
ئۇنىڭ تەۋەسىنى ئۆز ئىشتاق ئۇلۇسلارغا بۆلۈپ تاشلا-
شنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم
بۇلار دەۋرىدىكى ئاشكارا بىرەر-بىر ۋەسىقە ياكى مەخپىي
ھۆججەتلەردە جوڭغار خانلىقىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ
تەۋەسىنى كىچىك ئۇلۇسلارغا بۆلۈش ھەققىدە ھېچقانداق
مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. چيەنلۇڭ خاقان ھاكىمىيەتكە
كەلگەندىن كېيىن، چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا،
جۈملىدىن جوڭغار خانلىقىغا نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى
تۈپتىن ئۆزگەردى. بىرىنچىدىن، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولتۇق
ۋەكىللىكلىرىنى، بولۇپمۇ 1716-1718 ۋە 1730-1732-يىللىرى
جوڭغار خانلىقىغا قارشى باشلىغان تاجاۋۇزچىلىق
ئۇرۇشلىرىنىڭ نەتىجىسىز تۈگىگەنلىكى، 1720-1725-يىللىرى
بولغان تۇرپان ۋەقەسىنى مۇلاھىزە قىلىپ، چيەنلۇڭ
جوڭغار خانلىقىنى يوق قىلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ زېمىنى
ۋە پۇقرالىرىنى تۆت ئۇلۇسقا بۆلۈپ، بۇلارنىڭ ھەر
بىرىگە بىۋاستە بېيجىڭگە بويسۇنىدىغان خان قويۇش
ئۇسۇلى بىلەن جوڭغارلارنىڭ بىرلىكىنى يوق قىلمىغىچە،
پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىلەش ۋە مەركىزىي
ئاسىيادا چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش
ۋە ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەن خۇلاسىغا
كەلدى. ئىككىنچىدىن، بۇ چاغدا خان مەزكۇر خانلىقنى يوقىتىشتا،

ئويراتلار ئارىسىدىكى ئاپپازىتسىيون كۈچلەرنى چا-
يەدىلانغان ۋە ئۇلارنىڭ خەلقى ئاستىدىكى مۇسۇل-
مان خەلقىنى ئۇلاردىن ئاجرىتىپ تاشلىغان ھالدا ئىش
تۇتۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1755-يىلى جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئۈچىنچى قېتىملىق
ئۇرۇشنى باشلاشقا ئالدى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇشبۇ خان-
لىقنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنى ۋە خەلقىنى، بىر-بىرىگە
ئىتائەت قىلمايدىغان تۆرت ئۇلۇسقا بۆلۈپ تاشلاش
ھەققىدىكى قارار مەخپىي ساقلانغان ئىدى. چۈنكى چىڭ
ئىمپېرىيەسى ياردىمى بىلەن داۋاچىنى تەختتىن ئولتۇرۇپ
ئورنىغا باشقا خان تاپىلاشقا ئىشەنگەن. ئامۇرسانا
قاتارلىق ئاپپازىتسىيون ئويرات بەگلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر-
دار بولسا، ئۇلار چىڭلاردىن يۈز ئۆگرىپ كىتىشى چىڭ مە-
ھورىنى ياخشى بىلەتتى. ئورۇش باشلانغاندىن كېيىن چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئۇشبۇ قارارى ئۆزگەرمىدى. لېكىن ئويرات
بەگلىرى داۋاچىغا قارشى كۆرەشتە ئۇتۇقلۇق ئىشلىتىش
ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كۆڭۈللۈك مەيلىنى تەدارلىقىنى
ئاشۇرۇش مەقسىتىدە بولەچەك ئويرات ئۇلۇسلىرىغا
باشلىق قىلىپ تايىنلىنىدىغان بەگلەرنىڭ تەركىبىنى ئۆز-
گەرتۈرۈپ تۇرۇلىدى. مەسىلەن: ئىلى ۋادىسىنى قولغا
ئالغاندىن كېيىن، چەبۇلنىڭ ئۇرۇش شاخرىمەت كۆرسەت-
كەن تەرمىيە خوجانىياز نىلوپى، جوملىدىن ئويرات بەگ-
لىرى موكاپاتلاش مەقسىتىدە بىر قانچە پەرمان ئېلان قىلغان.

-471-

ئۇشبۇ چەرمانلاردا، جوڭغار ئەمىرلىرى تومانلاردا ئامىردى
بىرى بولغان ئەركىن داۋاچىغا قارشى كۈرەشكەن غالدان
دورجىنى، جوڭغار خانلىقىدا ھۆكۈمران ئەمىر بىلە ھەساپلانغان
چوراس ئۇلۇسىغا باشلىق قىلىپ تايىنلاش ئۈچۈن-ئوچۇق
بايان قىلىنغان. چۈنكى خانلىقنىڭ مەزكۇر قارارى باشقا
ئويرات بەگلىرى، جۈملىدىن ئامۇرسانانىڭ قارا زىتلىقىنى
ئويغاتتى. بۇنىڭ ئىسپاتى ئەرقىسقا بەندىنىڭ 1755-يىلى
ئىيون ئېيىنىڭ بېشىدا چىنلۇڭغا يازغان مەكتۇبىگە مۇراجەت
قىلىش مۇمكىن. مەزكۇر مەكتۇبتە ئامۇرسانا ئەگەر غالدان
دورجى چوراس ئۇلۇسىغا خان قىلىپ تايىنلانسا، بۇنىڭغا
كۆپچىلىك قارشى بولىدۇ دەپ سۆزلەپ يۈرۈپتۇ» دېگەن
سۆزلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن [64، 13-دەپتەر، 4-خاراق،
2-بەت].

ئەمما ئامۇرسانا ۋە باشقا ئويرات بەگلىرى چىن
سۇلالىسىنىڭ غالدان دورجى ھەققىدىكى قارارى بىلەن
تونۇشقاندىن، چەنلۇڭ ئۇنى چوراس ئۇلۇسىنىڭ باشلىقى
قىلىپ تايىنلىماقچى بولۇپتۇ، دېمەك ئۇ جوڭغار خانلىقىغا
خان بولىدىكەن دېگەن پىكىرگە كەلدى. شۇڭلاشقا
ئامۇرسانا بەندىگە مۇراجەت قىلىپ، غالدان دورجى
جوڭغار خانى ئورنىغا لايىق ئەمەس، ئۇ داۋاچىنىڭ
ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغانلىقى بىلەن خەلىق
ئارىسىدا ئابرويى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خانلىق لاۋا-
زىمىغا توغرا كەلمەيدۇ دەپ ئەيىبلىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە

ئامورسانانى جەندىگە جارلىق ئۈيرات بەگلىرى يىغىپ
جوڭغار خانى (1727-1745-يىللار) غالدان سېرېننىڭ
ئوغۇللىرى بولمىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئورنىغا مەنسۇپ بىرەر
بىر ئابرويلۇق ئادەمنى خان قىلىپ تەيىنلەشنى مەسلىھەت
بېرىدۇ [13.64-دەپتەر، 4-ۋاراق، 2-بەت].

بۇ پەيتتە ئىلى ۋىلايىتى چىڭلار قولىغا ئۆتكەن
دەۋرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندىى بۇندىن كېيىن ئامورسانانى
ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ جوڭغار خانلىق-
ىنىڭ تەۋەسى بولۇپ قالىشى ھەققىدىكى مەخپىي پەرمانى
بىلمەي تونۇشتۇرۇپ، چەتلەرنىڭ چوراس، خوبىت، خوشۇت ۋە
دۆربەت قاتارلىق تۆرت قەبىلىنى تۆرت كىچىك خانلىققا ئايلا-
ندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىنى-ئۆزى ئىدارە قىلىش
ھوقۇقىنى بەرمەكچى، بۇندىن بۇيان جارلىق جوڭغارلارغا
ئومۇمىي بىر خان تايىنلاشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئېيتىدۇ
[13.64-دەپتەر، 4-ۋاراق، 1-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە
بەندىى بوغدا خاننىڭ ئامورسانانى خوبىت قەبىلىسىنىڭ
باشلىقى قىلىپ تايىنلاش نىيىتى جارلىقنى ھەم جاپان ئېيتىدۇ
[13.64-دەپتەر، 6-ۋاراق، 2-بەت].

شۇنداق قىلىپ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەخپىي پىلانى
بىرىنچى قېتىم ئامورسانانغا مەلۇم بولۇپدۇ. مەخپىي ھالدا
پەرمانغا قارشى ئىنكارلىكنى بىلدۈرۈپ، مەزكۇر ئۈيرات
تەۋەسىدە مەن خاننىڭ ھەممە ئىشلىرىگە مۇۋاپىق سەر
بولغانىمەن. ماڭا ئۆز ئادەملىرىم بىلەن ئالتاي ئەتراپىدا

-473-

ياشاش كويايە قالدى. ھەنەڭ باشقا خاتىشىم يوق. لېكىن ئۇيراتلارنىڭ تۆرت قەبىلىسى، قالغانلىرى قەبىلىلەرگە ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇلارغا بىر خوجىسى خان قايىللانمىسا، خەلق بىرلىشىپ سىرتقى دۈشمەنلەردىن ئۆزىنى موھاپىزە قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز-ئارا ئۆرۈۋېتىشىپ كېتىشى مۇمكىن» دەپ تەكىتلەيدۇ [64، 13-دەپتەر، 6-ۋاراق، 2-بەت].

ئامۇرسانانىڭ چيەنلۇڭغا يەتكەن بۇ سۆزى ئەينى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، ئۇ بىرلەشكەن ئۇيرات دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىدۇ. ئامۇرسانانىڭ ئۆتمۈش جاۋابى ھەققىدە بېيجىڭگە مەلۇمات بېرىپ، «ئامۇرسانا بىر نەچچە قېتىم جوڭغار خەلقىگە ئاھالىنى تىنچلەندۈرەلەيدىغان، ئۇ سىرتتىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان بىر ئادەم كېرەك» دەپ يورۇپتۇ دېگەن پىكرىنى زىكر قىلىدۇ [64، 13-دەپتەر، 5-ۋاراق، 2-بەت].

جوڭغار خەلقىنىڭ تەقدىرىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىگە ئائىت، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ مەخپىي ھاۋالىرى بىلەن تونۇشقاندىكىن، پەقەتلا ئامۇرساناغا ئەمەس بەلكى باشقا ئۇيرات بەگلىرى ۋە خان ئاۋلادلىرى، جۈملىدىن 1697-يىلى قالامدىن ئۆتكەن، غالدان خاننىڭ بېيجىڭگە ئېلىپ كېلىنگەن ۋە كېيىن بوغدا خان ئەۋلادىغا ئۆيلەندۈرۈلۈپ، ئۆمۈر (مىڭقان كىيولى) ئونۇۋانىغا ئىگە بولغان، ھەمدە چىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئىشەنچىسىنى قازانغان سېبدەن جەلجىردە

-474-

بۇزۇلۇش پەيدا بولدى. ئۇلار كۆپەيدى ئىبرى چىن ئىمپېرىيە-
سىگە ئارقا قىلىپ، جوڭغار خانلىقى تەختىنى ئىگىلىۋېلىش
مۇمكىن دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرۈشكەنلىكىنى تونۇشۇندى.
بۇنىڭ ئىسپاتى دەرىقسىز. بەندىسىنىڭ 1755-يىلى 27-ئىيۇل
كۈنى بېجىڭغا يوللىغان مەخپىي مەكتۇبىغا مۇراجىئەت قىلىش
مۇمكىن. جۇملىدىن ئۇنىڭ مەكتۇبىدا «ئىسيانچى بەلچىر
ئامۇرسانانىڭ دەسلەپتە قوشۇپ قالغانغا ئوخشايدۇ.
تېز-تېز مېنىڭ ھەرىكەتلىرىمگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئامۇر-
سانانىڭ پىكرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلاۋاتىدۇ. بۇندىن پا-
يدىلىنىپ، ئامۇرسانا پارغا سېلىپ زورىيىپ سالارۋەملۇت
بىلەن چېقىشمايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ يازغان
[67، 13-دەپتەر، 7-ۋاراق، 2-بەت].

1755-يىلى ئىيۇل ۋە ئاۋغۇست ئايلىرى داۋاملىق بېجىڭ-
گە يەنە ئامۇرسانانىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە مەخپىي
مەلۇماتلار كەلدى. مەسىلەن: شۇ يىلى 31-ئىيۇل كۈنى چىن
خانى نىلقىغا يەتكۈزۈپ كەلگەن بەندىسىنىڭ مەكتۇبىدا
«مەن جوڭغارلار مەملىكىتىگە كەلگەندىن بېرى جارلىق
قەبىلە ئادەملىرى سېپىگە ئۆگىتىپ چىقتىم. بۇلار
ناھايىتى قۇۋ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ۋە ياخشىلىقنى
بىلمەيدىغان خەلق ئىكەن... ئامۇرسانا پۈتۈن جو-
ڭغارىيەنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ، ئۇنىڭغا
قارشى چىققانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئادەملىرىنى قورقۇتماقتا،
خەلقنى قوزغىلاڭغا دەۋەت قىلىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى ھىمايە

-475-

قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇنىڭلەن خوجىجانلارغا خاقان
تەقدىم قىلغان مۆھۈرنى ئىشلەتمەي، داۋاچىغا ئۆز-
خشاپ ئۆزلىرىنىڭ كىچىك قىزىل مۆھۈرنى تۇتقۇزاتتى. مەن
بۇنداق قىلىشنى مەن قىلغان ئىدىم، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا
قولاق سالماستىن ئۆزى بىلگىنىنى قىلىۋاتىدۇ. مەھەللى
خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرىپ، سالاردىن گۇمان-
لىنىپ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلەرچە قارىغانلىق قاراۋاتىدۇ. ئامۇر-
سانانىڭ خەلقنى ئىگىلەش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەيدىغانغا
ئوخشايدۇ. ئامۇرسانا جەرلىك ئامالارنى ھەم قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇنى تېزدە جانابىي ئالىيلىرى
ھوزۇرلىرىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆلۈمدىن نىجات بېرىشلىرىنى
سورايمەن» دەپ جاپان قىلغان [66.13.- دەپتەر، 7-
ۋاراق. 2-بەت].

مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن بەندىلىك سۆزلىرى
ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، ئامۇرسانا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
جۇڭغار خانلىقىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇدۇدىنى پارچىلاپ
تاشلىماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال بۇنىڭغا قارشى
ھەرىكەت باشلىغان. شۇ بىلەن بىرگە بۇ ھەقتە يەرلىك
ئامالارغا چەكلەرگە بۇ ھەقتە ئۇختۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى
جۇڭغار خانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا
چاقىرغان. ئۇ شۇ خۇلاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆپلىگەن
رەسمىي ھۆججەتلەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ھەم ئە-
سپاتلايدۇ. مەسىلەن: چەنلۇڭنىڭ 1755-يىلى 20-ئاۋغۇست

كۆپ لەرىي كەلگەنلىكە توشۇرۇپ بەرگەن چەرماندا
يېزىلىشىچە، ئاموۋرسانانى بوغداخان ئەقدىمى قىلىنغان
لىسىرىق كەمەرنى ۋە ئاۋۇس چەدىنى ئاتقماي قويغان.
خەلق ئارىسدا ئۆچۈقتىن-ئۆچۈق چىن سولالىسىغا تايىنە
بولماسلىقنى ۋە بوغداخاننىڭ ياردىمىگە موھتاج بولما-
سلىقنى تەشۋىقات قىلغان [15.5.67-دەپتەر، 49-ۋاراق،
2-بەت]. چەخلوگىننىڭ ياشىغا بىر چەرماندا ئاكاچاپاشلىق
بىر گۇرۇھ ئويرات ۋە كىلىلەرنى بەندىگە سورلاپ قىلىپ،
ئابغاس، چاۋسوت، ئۆگت ۋە ئاتار لامالار بىرلىكتە
ئاموۋرسانانى خان قىلىپ تايىنلاشنى ۋە جوڭغار خانى-
لىقنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە تەشۋىقات قىلىۋاتقانلىقى
ياشىغلارغا بويسۇنۇشنى كورە ئۆلۈمنى ئەۋزەل كو-
رۇشىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەن [16.6.67-دەپتەر،
14-، 16-ۋاراقلار].

تارىخچى ئالىم ۋ.س. كۈزنېتسوۋ دە ئۆزلە-
رىكەتلىرى بىلەن ئاموۋرسانانىڭ چارغانلىرى بەندىنى ئاتىشلى
نە شۇنىڭلە توشۇرۇپ قويغان. ئۆزىنى ھەممە
موغۇللارغا ئىگە بولغان ھوكۇمدار تەرىقىسىدە كۆر-
رۇپ، خۇددى بوغداخان ئۆزىنىڭغا بەندى بىلەن بىركە
جوڭغارلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى
بۇيۇرمىغاندەك ۋە ئۆزىنى بوغداخاننىڭ قولى ئەمەس-
تەك ۋە ئۆزىنىڭغا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر ئەمەستەك
تۇتتى. جەڭلىك ئۇنىڭ بەلگىسى بولغان ئەجدارخا

-477-

سۈرىتى ئېسىلغان رەختتىن تىكىلگەن تونى ۋە بېشى ئۈز-
ۈلگەن باش كىيىمى بىلەن ئاتالغان» دەپ يازىدۇ
[112. 69-بەت].

ياپون ئالىمى ئىنابا گۇرالنىڭ «ئامۇرسانانى مۇ-
ستەقىل ھالدا خوشنا قازاق ۋە رۇس دۆلەتلىرى بىلەن
ئالاقە باغلاپ، ھەممىگە مەن بېجىن سارايىغا بويسۇن-
غان ئەمەس مەن، پەقەت مانجۇر خوشۇنلىرىنى باشلاپ
كېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە جوڭغارلار ئارىسىدا تىنچلىق ئورناتتىم
دەپ مۇراجىئەت قىلغان» دەپ يازىدۇ [207. 1-توم. 79-بەت].
ئوشبۇ ياپون ئالىمى، داۋاچىنى تەختتىن ئاغدۇرغاندىن
كېيىن، مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنى چىن سۇ-
لالىسىنىڭ خىزمەتكارى دەپ بىلمىگەنلىكى، جەنۇبنىڭ
بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى ھەققىدە بايان قىلىدۇ
[207. 1-توم، 99-بەت].

ئامۇرسانا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھەققىدە كە-
لتۈرۈلگەن مەلۇماتلارنى مۇلاھىزە قىلىش ئاساسىدا خۇلاسە
قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇنىڭ جوڭغار خانلىقىنى ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكىتى، ئويرات خەلقىنىڭ ئازا-
دلىقى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەنپەئەتىگە مۇ-
ۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپچىلىك تەرىپىدىن قول-
لاپ قۇۋۋەتلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئامۇرسانا
قورقماستىن جەددى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان.

ئامۇرسانانىڭ قورقماستىن ھەرىكەت قىلىشىنىڭ جەنە

-478-

بىر سەۋەبى شۇ بولغانكى، چىن ھۆكۈمىتى ئارتۇق خىرا-
جەت قىلىشنى ماقۇل كۆرمەي، ئىلى ۋىلايىتىنى قولغا
ئېلىپ، داۋاچىنى بېجىڭغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەرمىيەسىنى ختايغا ۋەتىنىگە قا-
يتۇرۇپ كەتكەن. مەزكۇر ۋىلايەتتە جەندىسىنىڭ
بىۋاسىتە قول ئاستىدا ئازغىنا قوشۇن قالدۇرغان. بۇ
ھەقىقەتەن ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندا بولغان
ۋاقىئەلەر ھەققىدە ھەممە تەۋرەتكەن چارلىق تارىخچىلار
ۋە ساياھەتچىلەر بىر ئاۋازدىن ئېيتىپ ئۆتۈشكەن ئىدى.

ئامۇرسانا بىلەن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ھە-
رىكەتلىرىنى ۋە مەھەللىي خەلقنىڭ ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەت-
لەۋاتقانلىقىنى قاتتىق چۆچۈگەن بەندى نىزە بۇنىڭ
چارىسىنى كۆرۈشكە كىرىشىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇ ئامۇرسانا-
نىڭ دۈشمەنلىرىنى ئىشقا سېلىشقا ھەرىكەت قىلغان
بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۇنى خائىنلىقتا، خەلق ئارىسىدا
چىلارغا قارشى تەشۋىقات قىلىۋاتقانلىقتا، ئويرات دۆ-
لىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئېلىۋې-
لىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقتا ئەيىبلەپ، مەزكۇر ئويرات
تەيجىسى نىزە شەرقىي تۈركىستاندىكى يوق قىلىشقا،
بوغداخاندىن ئىجازەت سورايدۇ. ئەينى پەيتتە چە-
خلوك رەھبىرى دەم ئالىۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇ بەندىگە، ئامۇرسانانى بوغداخان ھوزۇرىغا بېرىپ
مۇكاپات ئېلىشنى باھانە قىلىپ رەھبەتكە ئۇۋەتتىنى بويرۇدۇ.

-479-

[112، 75، 88- بەتلەر].

1755-يىلى 8-ئىيۇل كۈنى چەنلوڭ ھەربىي كېڭەشكە
باشلىقىغا، بۇ غالجاڭنىڭ جوڭغار بەگلىرى نۆۋەت بىلەن
بېجىڭگە كېلىپ قىلىش ۋە بولارنى مۇكاپاتلاش نىيىتى
بارلىقى ھەققىدە بۇيرۇق ئويرات خەلقىگە رەسمىي ئېلان
قىلىش ھەققىدە پەرمان بېرىشى ۋە بۇ ۋەزىيەتنى بەندىگە
قايتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ چىن سۇلالىسىغا نىسبەتەن قانداق
مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى، داۋاچىغا قارشى كۈرەش جەريانىدا
خىزمەت كۆرسەتكەن - كۆرسەتمىگەنلىكىنى ۋە كۆرسەتكەن
بولسا، قانداق مۇكاپاتقا لايىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشنى
بۇيرۇدى. بۇندىن قاتشىقىرى، ئۇشبۇ پەرماندا دە بەندىگە
ھەر بىر خەبىلەنى قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى تاللاپ،
ئۇلارغا ئۆز خەلقلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە توپىلاڭ كۆتەر-
گۈچىلەرنى جازالاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش، ئىككىنچى
نۆۋەتتە، مۇنۇ رەسمىيەتكە ئۆز تەلەيدىكىلەرنى تەييارلاش
ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلسۇن. قومانداننىڭ ئۆزى ئالىدا
تۇرۇپ تۇرسۇن، چۈنكى بۇ يەرنى بىرىنچى قېتىم قولىمىزغا
ئالغانلىقىمىزدىن، بۇ يەردە قالدۇرغان ئىشلار ناھايىتى
كۆپ. بىر ئىككى يىل ئۆتۈپ، ھەممە ئىشلار ئەمەلگە
ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى ساداپىغا چاقىرىپ قا-
لىمىز. بۇندىن قاتشىقىرى بىزگە خىزمەت كۆرسەتكەن
كەن بارلىق تەيجىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىگە
خىزمەت دەرىجىسىگە قاراپ سىيلى (ھانجۇر ئۇنۋانى

-480-

بولۇپ، ئۇ 3-دەرىجىلىك كىنەزلىك (كىچىك خاقانلىق) لاۋاز-
ىمىغا توغرا كېلىدۇ)، بېيزى (4-دەرىجىلىك كىنەزلىك
ئونۋان)، گوڭ (خانىچە ئونۋان، 3-دەرىجىلىك كىچىك
خان لاۋازىمىغا توغرا كېلىدۇ) ئونۋانلىرى بېرىلسۇن.
يەرلىك جەڭلەردە ئۇلارنىڭ ھازىر ئىگەللەپ تۇرغان
لاۋازىمىغا قاراپ ئونۋانلار بېرىلسۇن. جوڭغار ئۇ-
لۇسلىرى، خالقا ئۇلۇسلىرىغا ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا
ئۇلارنىڭ موقامىنى خالقىلارنىڭكىگە ئوخشاش
ھەل قىلساق بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن 4-
ئويراتنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن باشلىق (مىنجاڭ) ۋە بىردىن
موئاۋىنى خوشانان تايىنلانسۇن، ئەگەر بىرەر مەسىلە ياكى
توشۇنمەسلىك تۇغۇلسا، ئۇلار ئالدى بىلەن باش ئەمەلدار-
لىرىغا مۇراجىئەت قىلىشسۇن. باش ئەمەلدارلىرىمىز بۇ ھەقتە
بىزگە خەۋەر قىلسۇن. پەقەت باش ئەمەلدارلىرىمىز قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار سارايغا بىۋاستە مۇراجىئەت قىلىشى
مۇمكىن. تۆرت ئويرات ئۇلۇسلىرىغا كىمنى تايىنلاشنى ئويرات
بەگلىرى دەرگاھىغا ھوزۇرىمىزغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قابىلىيەت-
لىرىگە قاراپ ئۆزۈم بەلگىلەيمەن. شۇنىڭدىن كېيىن
بۇ ھەقتە مەخسۇس پەرمان بېرىمىز ۋە جوڭغارلارغا بۇ
ھەقتە دەسلەپ ئېلان قىلىش بىلەن بىللە تاپشۇرۇلسۇن»
دەپ كۆرسەتكەن [64.13-دەپتەر، 13-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].
مەزكۇر پەرمان ئاساسىدا ئەنئەنىۋى مۇمكىنلىكى،
چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، تۆرت ئويرات ئۇلۇسلىرى

-481-

تۆرت سوھۇنغا (سەيىم) ئايلىنىپ، بۇلارنىڭ ھەر
بىرىگە بىردىن باشلىق (ختايچە مىنجاڭ) ۋە بىردىن موئاۋىن
قوماندان تايىنلاپ، ئۇلارنى جەندەگە يەنى ئۆزىنىڭ ئىلىدا
ئامۇرسانانىڭ قازاقلار يۇرتىغا كەتكىنلىكى ئاڭلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن شىمالىي يۈرۈش ئەرمىيەسى قوشۇنلىرىنى تېزدە قازاقلارغا قارشى ھەرىكەت باشلاپ، ئامۇرسانانى تەلەپ قىلىشنى بۇيرۇغان ئىدى [64. 28-دەپتەر، 9-10-قازاقلار]. ئامما 1756-يىلى 22-ئاۋغۇست كۈنى بىجىڭگە قالغاندا خوتوگويىت خوشۇنىسى ھاكىمى سىڭ گۈنجاب (قالغاندىكى قوزغىلاڭ باشتورۇلغاندىن كېيىن سىڭ گۈنجاب ئوغلى بىلەن بىرگە بىجىڭگە ئېلىپ بېرىپ ئەتىل قىلىنغان [104. 299-بەت]). باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى [64. 30-دەپتەر، 25 ۋە 31-دەپتەر، 25-قازاقلارنىڭ 2-بەتلىرى]. قالغىدا باشلانغان قوزغىلاڭ چىن خاندانلىقىنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سانجىدى.

چېلغاندەك بولۇپ، ئۇنى قاتتىق تەشۋىشكە سا-
لىپ قويغان ئىدى [106. 217-بەت]. شۇنىڭ ئۈچۈن
چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزى تىككەن
ئەرمىيەسىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى خالىغانچە ئىشلىتىشقا
ۋە ئامۇرسانانى تۇتۇش مەسىلىسىنى ۋاقىتچە قا-
لدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىلى ۋىلايىتىدە پەقەت
1500 كىشى قالدۇرۇپ، ئۇلارغا جاۋخۇيىنى قوماندان
قىلىپ تايىنلايدۇ [64. 32-دەپتەر، 8-15-ۋاراق]. بو-
غداخان، سىلەر بىلەن يۈيباۋنى قورقاقلىق قىلىپ،
ئامۇرسانانى قولدىن چىقىرىۋەتكەنلىكتە ۋە بورسەتنى
قولدىن چىقىرىۋەتكەنلىكتە ئەيىبلەپ، ئۆز لاۋازىملىر-
دىن بوشىتىپ، بېيجىڭگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن چاپار
ئەۋەتىدۇ. ئەمما بۇلار يولدا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن
قولغا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇڭا سە ۋە بىدىنى
بوغداخان ئالدىغا يەتكۈزۈپ بېرەلمايدۇ [64. 37-
دەپتەر، 29-31-ۋاراقلار؛ 57. 6-توم، 39993-39994-
بەتلەر].

چىڭ ئەرمىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمى خالىغانچە
ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، شىمالىي شەرقىي تۈركىستاندا
مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت قايتا ئۇلغىيىپ كەتتى.
1756-يىلى يىل ئاخىرىدا ئۇشبۇ ھەرىكەت ئۇچقۇنى جار-
كۈلگە ھەم يېتىپ باردى. بۇ يەردىكى مىللىي ئازادلىق
ھەرىكەتكە جايار، خاساقشىلا ۋە ئىنىسى يېتەكچىلىك

-526-

قىلدۇ. ئاردىنى كۆپ ئۆتمەي ئۇلشۇ ھەرىكەت جار-
كولدىنى ئىشغالغا يەنى ئالتاي تەرەپكە قاراپ قانات
يايدى. بۇ ئەھۋال چىن خانلىقىنى قاتتىق تەشۋىش-
لەندۈرۈپ قويدى [67. 37-5-بەت، 13-15-ۋاراقلار،
36-5-بەت، 13-ۋاراق]. چۈنكى جاركولنىڭ قولىدىكى
كىشى ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالتايغا قاراپ يىلىشى خالىغا
ۋە جۇڭغارىيەدىكى مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ بىرلىشىپ
كېتىشىگە ئەسەبىيەت-شارائىت تۇغۇلماقتا ئىدى. ۋاقىيە-
نىڭ بۇنداق رىۋاجلىنىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن،
چىن سۇلالىسى جاۋقويغا جەرەمات كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا
ئەلنى ئاشلاپ جاركولگە كىلىشنى بۇيرۇدى. شۇ بىلەن
بىرگە خانىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ۋە ماڭغۇلىيە،
ئىچكى ماڭغۇلىيە ۋە كۆكنور قاتارلىق ئۆلكىلەردىن جار-
كولگە كۆپ سانىدىكى قوشۇنلارنى ئەۋەتتى. چەنلۇڭ-
نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، چىن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن
مەبلەغ ئايىماي، قانچە كۈچ زورۇر بولسا، شۇنچە
ئىشلىتىپ، جاركولنى قولدىن چەرمەسلىك لازىم ئىدى.
[67. 37-دەپتەر، 12-15-ۋاراقلار]. ھەتتا دونغانلار
جاركولنى بىرەر تارتىپ ئالمىسۇن دەپ قولىغا قورال
ئالغانلارنىڭ بىرنى قويماي يوق قىلىپ تاشلاش-
سۇن دەپ بارلىق قوشۇن قوماندانلىرىغا بۇيرۇق
ئەمەر بەرگەن ئىدى [67. 37-دەپتەر 12-ۋاراق، 1-بەت].
ئەينى چەينىتە چىنلارغا قارشى مىللى ئازاتلىق

-527-

ھەرىكەت تورپاندا ھەم باشلاندى. بۇ يەردە مەزكۇر
ھەرىكەتكە يەرلىك ھاكىم مەخلۇك يېتەكچىلىك
قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ چىڭ خاندانلىقى ئۇنىڭ خوددى
شۇ يەرتە خىتايدا بولغان توغلى ئاق خوجىنى (جەي
خوجا) قولغا ئالدى [67.37-دەپتەر، 43-ۋاراق لىبەت]
تورپاندا خوزغولاڭ باشلانغاندا، لوكچۈندە خېچى
باشچىلىقىدا چىڭ قوشۇنى مەۋجۇت ئىدى. 1756-يىلى
26-دېكابىر كۈنى خوزغولاڭچىلار مەزكۇر قوشۇننى
ئىلىپ ئۆتۈپ يوق قىلدى. خېچى ھالاك بولدى. بۇنى
ئاڭلاپ چەكلۈك تورپاندا خېچى بىشغا ئىلىپ جە-
ندى بىشغا كەلگەن چالاكەت يۈز بېرىپتۇ دەپ
ساراي ئەمەلدارلىرى ئالدىدا سۆزلىگەن [37.67-
دەپتەر، 19-ۋاراق].
1756-يىلى نويابىر ۋە دېكابىر ئايلىرىدا چىڭلارغا
قارشى سىلى ئازاتلىق ھەرىكەت ئۇرۇمچى ۋىلايىتى
ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەردى. ئۇلشبو ھەرىكەتكە
بىجىدى بوغداخان بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ ۋە ئۇنىڭدىن
چوراس ئۇلۇسىغا خان بولۇش (ۋاڭ) لاۋازىمىنى
قوبۇل قىلىپ كەلگەن غالدان دورجى رەھبەرلىك
قىلدى. غالدان دورجىنىڭ چىڭلارغا قارشى كورەشكە
قاتناشقانلىقى ھەم ئۇنىڭ بوغداخاندىن خادازى
بولۇپ قالغانلىقىدىن ۋە چىڭ خاندانلىقىنىڭ جوڭغار
خانلىقىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى باسىۋالاپ تاشلىغا-

قىپ بولغانلىقىغا قارىش چىقىشقانلىقىنى دالالەت بېرىدۇ.
غالدان دورجىنىڭ چىڭلارغا قارشى كۈرەش-
شكە قاتنىشالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، چەنلۇڭ ئىنتايىن
غەزەپلىنىپ ھەربىي كېڭەشكە مەخسۇس ئادەم بىلەن
ئەترەت ئەۋەتىپ، ئۇنى قەبەرەدە بولۇشىدىن قەتئىي
نەزەر ئۆلتۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى
ئۇرۇق- ئايماقلىرىنى ھەمدە تەرەپدارلىرىنى قويماي
قىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى [67. 36-دەپتەر،
2-ۋاراق، 1-بەت].

1756-يىلى نويابىر، دېكابىر ئايلىرىدا ئىلى
ۋىلايىتىدە ھەم چىڭلارغا قارشى ھەرىكەت يېڭىدىن دو-
لقۇنلاندى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئالدىنقىدىن ھەم كەڭ
دائىرىدە يۈز بەردى. چاقىرغۇچى ئۆز قوشۇنى بىلەن
ئىلىدىن جاركول ئەتراپىغا قاراپ يولدۇز ئارقىلىق قې-
چىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئامما ئۇ ئۆزۈمچى ۋىلا-
يىتىدىن ئۆتەلمەي يولدا توسۇلۇپ قالدى. بۇلۇڭچى
ئۇنىڭ قوشۇنى ئۆزۈمچىنىڭ يېنىدىكى سانجىدا يەنە
غالدان دورجىنىڭ ئەترەتلىرى ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن
جايدا قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى [67. 37-دەپتەر،
13-، 14-ۋاراق؛ 42. 1-توم، 196-بەت؛ 153. 229-بەت].
ھەتتا 1757-يىلى يانۋاردا ھازىرقى بوكالىق (تاغاق،
تاغاقچى) دېگەن جايدا چاقىرغۇچى جاڭلىق لەشكەرلىرى
بىلەن تورتاشقىنا تۇتۇشۇپ قالدى. ئۇ يىلى خۇرالنىڭ

ئوتتۇرۇسىدا چىن ھۆكۈمىتى جازكولدىن يارىدەم ئۆتۈنۈپ،
19-مارت كۈنى چوڭ ئالاپەت بىلەن جاۋخۇيىنى
ۋە ئۇنىڭ قالغان ئازغىنا ئادەملىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىپ
ئالدى. 11-ئاپرېل كۈنى جاۋخۇي جازكولغا يېتىپ
كەلدى [67. 37-دەپتەر، 35-36-ۋاراقلار].

روس ئارخىپ مەلۇماتلىرى ۋە باشقا مەن-
بەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، 1756-يىلى يىل ئاخىرىدا كى
ئايدىن بېرى قازاق خانى ئابلاي يېنىدا تۇرغان ئامۇر-
سانانى تۈزۈك تىنىگە قايتىپ كەلدى. سولۇك 3 ئاي داۋا-
مىدا قاراۋۇلغا تۇرۇپ كۆچ توپلىدى ۋە خالىغا-
دەكى توزغۇلاڭچىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلار
بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىش پىلانىنى تۈزدى [104. 118-
290-بەتلەر].

خىتاي مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە 1757-يىل
چىلارگە قارشى ھەرىكەت قارا ئېرتىش دەرياسى
بويلىرىدا جىددىي تۈس ئالدى. بۇ يەردىكى ھەرىكەتكە
يېرىك ئويرات جەڭلىرىدىن بولغان داشى سېرىن ۋە
خاساقشىلا يېتەكچىلىك قىلىشقان. بۇندىن ئالدىراق
بۇلار ئۈرۈمچىدە غالداندورجى بىلەن بىرگە ھەرىكەت
قىلىپ يۈرۈشكەن ئىدى [67. 37-دەپتەر، 30-ۋاراق].
شۇنىڭغا قارىغاندا غالداندورجى ئۈرۈمچى خۇسلايە-
تىدىن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلغان.

بۇ قورۇلدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا

-530-

خۇلاسە قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، 1756-يىلى كۈزدىن باشلاپ 1757-يىلى باھارغىچە بولغان دەۋر ئىچىدە چىڭلارغا قارشى قوراللىق ئازادلىق ھەرىكەت شىمالىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە قانات يايغان بولۇپ، ئۇشبۇ ھەرىكەتكە ئۇيغۇر-لارمۇ ئاكتىپ قاتناشقان. بولۇپمۇ تۇرپان ئاھالىسى چوڭ ئىش كۆرسەتكەن. ئامۇرسانا بۇ چەيتە قازا-قلار زېمىندە بولۇپ بىۋاستە قاتنىشالمىغان. ئۇ 1757-يىلى باھاردا قارباغاتايغا كېلىپ، چىڭلارغا قارشى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان.

شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ چىڭلارغا قارشى قوراللىق ئازادلىق ھەرىكىتى، چىڭ ھۆكۈمىتى تەر-ەپىدىن كەچۈرۈپ بولمايدىغان ئېغىر جىنايەت دەپ قارالغان ئىدى. مەسىلەن: چاۋخۇي ئۆزىنىڭ پادىشاھقا يازغان مەكتۇبىدا، «خوجىلار ئېغىر جىنا-يەت قىلىشتى، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىپ تاشلاش لازىم» دەپ يازغان [67.37-توم، 15-ۋاراق]. شۇ يىلى 23-مارت كۈنى چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ ھەربىي كەڭەشكە تۇتقۇزۇپ بەرگەن پەرمانىدا «چاۋخۇي مەزكۇر مەملىكەت ئەھۋالى بىلەن شەخسەن تونۇ-شۇپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى ناھايىتى ئورۇنلۇق» دەپ ئەسكەرتكەن [67.36-توم، 29-ۋاراق، 2-بەت، 30-ۋاراق 1-بەت]. شۇنىڭ

ئۈچۈن چىن خاندانلىقى 1757-يىلى باھاردا شىمالىي شەرقىي تۈركىستانغا يانا ئەرمىيە ئەۋەتىشكە قارار قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بوغداخان سارايى ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا مەخسۇس تىنى ئەيتقاچ «جۇڭغار ئوغرىلارغا (ئۇيراتلارغا) رەھىم قىلىپ بولمايدۇ، پەقەت قېرى-چۈرىلەر ۋە ياش بالىلارنى تىرىك قالدۇرۇپ، تولۇق جايلارغا چېچىپ تاشلاش لازىم. ئۆتمۈشتە بىز كۆپ قېتىم جۇڭغارىيەگە ئەرمىيە ئەۋەتكىنىمىزدە ئۇلارغا بىز رەھىمدىللىق قىلدۇق. ئە-گەر بۇ قېتىم ھەم شۇنداق قىلىدىغان بولساق ئەر-مىيەمىز قايتىپ كەتكىنىمىزگە يانا توپىلاڭ كۆتۈ-رۈشى مۇمكىن... بۇ قېتىم ئەرمىيە ئەۋەتكىنىمىزدە ئومانلىق كۆرۈنگەن قاچقۇنلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاش كېرەك. پەقەت بىزگە خىزمەت كۆرسىتىپ ئالى ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولغانلارنى تىرىك قالدۇ-رۇش ياكى بېيجىڭگە كۆچۈرۈپ كېلىش مۇمكىن» دەپ جاكالايدۇ [67، 36-دەپتەر، 29-ۋاراق، 2-بەت-30-ۋاراق، 1-بەت]. چيەنلوڭنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، بۇ قېتىم چىن سۇلالىسى ئۆز مۇستەبىتلىكىنى ھىمايە قىلىشقا ئاتلانغان شىمالىي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرىپ تا-شلاش ھېسابىغا، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ ئا-لماقچى بولغان.

ئۆز پىكرىنى سادىق ئەمەلدارلىرىغا ئېيت-
قاندى. چەنلوڭ ئۇلىشۇ ۋە زىيى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشنى سىياسىتىنىڭ ئۇغلى چىڭگۇڭجابقا تاپشۇردى
ۋە ئۇزۇمونا سۇۋەت بىلەن ئۇنىڭغا چەت ئەللىكنى
تىنچلاندۇرغۇچى ئەرمىيە قوماندانى (دىيگىبەن
جاڭجۈن) ئۇنۋانىنى بەردى. شۇ دەۋرگە قەدەر چىڭگۇ-
ڭجاب خالقىدىكى چەنلارغا قارشى ھەرىكەتنى جا-
سۇسلۇرۇشتا پاسسال خىزمەت كۆرسىتىپ، ئەرمىيە
قوماندانى ۋەزىپىسىدە ئىدى. ئۇنىڭغا يارىدەمچى قىلىپ
ئۇنىڭ كىچىك ئۆگىسى سەنگجابى ۋە ئوغلى دىيىنى
تاينلاپ، [64، 55-دەپتەر، 23-27-ۋاراقلار] جارلىقنى
مەسلىھەتنى ھەل قىلىشتا، جاۋخۇي بىلەن مەسلىھە-
ھەتلىشىپ ئىش تۇتۇشنى بۇيرۇدى [64، 37-دەپتەر،
18-ۋاراق]. شۇ بىلەن بىرگە بوغداخان چىڭگۇڭجابقا
1757-يىلى 3-ئاي داۋامىدا (18-ئايرىلدىن 17-مايغىچە)
ياركەندگە يېتىپ بېرىشنى ۋە ئۇ يەردىن جاۋخۇي بىلەن
بىرگە يولغا چىقىپ، غالدان دورجىنى تىرىك تۇتۇپ،
ئۇنى بارلىق يېقىنلىرى ۋە خەۋپدارلىرى بىلەن بىرگە
بېجىڭگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى [64، 38-
دەپتەر، 12-13-ۋاراقلار].
چەنلوڭنىڭ چەرىمانىغا بىنائەن ھەربى كېڭەش
بۇ قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم بولغان ئۇرۇش
پىلانىنى ئىشلەپ چىققان. مەزكۇر پىلانغا كۆرە چىن

ئەرمىيەسى جاركولدىن ئالغا ئىككى يول بىلەن، جەنۇبى
ئۈرۈمچى، ئىلى خابرغا ۋە تەلكى داۋانى قاتارلىق
جايلاردىن ئۆتىدىغان ۋە تۇرپان، يۇلدۇز ھەمدە
كۈنەس ئارقىلىق يۈرىدىغان يول بىلەن بىرىنچى
كۆزدە تۇتۇلغان [٦٤. 37-دەپتەر، ١٥ ۋە ٩٦-دەپتەر،
٤-ۋاراق].

مانا شۇ ئىشلەپ چىقىلغان پىلانغا كۆرە
چىڭگوڭجاب ئۆزىنىڭ مانجۇر، چاخار، سولۇن
ۋە ماڭغۇللاردىن تەشكىل تاپقان ئەرمىيەسىنى
باشلاپ جاركولدىن 1757-يىلى 29-30-مارت كۈنى
يولغا چىققان. ئەرمىيەنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆز
ئۆزى بىلەن ئۈرۈمچى، ئىلى خابرغا ۋە تەلكى
ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول بىلەن ئېلىپ ماڭغان،
قالغان قىسمىنى جاۋخۇيغا تاپشۇرۇپ تۇرپان
ۋە يۇلدۇز ئارقىلىق ئىلىغا قاراپ يول سالغان
[٦٤. 38-دەپتەر، 8-ۋاراق].

1757-يىلى باھار باشلانغاندا، ئامۇرسانا
خالقىدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇب-
بىيەتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ
يېتەكچىسى سېيىن گوڭجابنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى
بىلگەچ، ئۇلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ۋە چىن
ئەرمىيەسىنىڭ يولىنى توسۇش مەقسىتىدە ئالتايغا
قاراپ يول ئالغان ئىدى [١٠٦، 300-بەت]. لېكىن

چىن ھۆكۈمىتى ئۇشبۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇۋات-
قاندا، ئۇ يىراقلاردىكى قارا ئېرتىش دەرياسى ئەتراپىدا
پەيدا بولغان قالماقلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال خالخىدىكى
ئەرمىيەسىنىڭ بىر قىسمىنى شىمالىي جۇڭغارىيەگە
يۆتكىدى. بۇنىڭغا تاڭخۇۋاڭلوڭنى قوماندان قىلىپ
تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى ئويرات قوزغىلاڭچىلار-
نى باستۇرۇپ، چىڭگۇنجابقا ياردەم بېرىش ۋە-
زىپىسىنى تاپشۇردى [67. 39-دەپتەر، 11-ۋاراق].
چىن ئەرمىيەسى يولغا چىققان ۋاقىتتا،
چىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ يېتەكچىلىرى ئارىسىدا قارىمۇ-
قارشىلىق كۈچىيىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر
قىسمى ئامۇرسانانى، يەنە بىر قىسمى غالدان دور-
جىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇشبۇ كۈرەش نەتىجىسىدە
غالدان دورجى ئامۇرسانانىڭ تەرەپدارى نىيما
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار خان-
لىقى تەختىگە داۋاگەر بولغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى
يوق قىلىندى. گەرچە نىيما غالدان دورجى بىلەن
بىرگە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ جۇڭغار
خانلىقى ئۈچۈن خان بولۇشىنى ماقۇل كۆرمەيتتى [42،
1-توم، 297-بەت؛ 67. 39-دەپتەر، 11-ۋاراق]. ئۇشبۇ
ۋاقىئە سادىر بولغاندىن كېيىن نىيما دەرھال ئۆزىنى
ۋە ئىدىرى خابىرغانى تاشلاپ جۇرتالاغا كەتتى. غالدان
سېرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇشبۇ ۋىلايەتلەردىكى مىللى

ئازاتلىق ھەرىكەتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. چىن
ئەرمىيەسىنىڭ يولىنى توسۇش مۇمكىن بولمىغان مۇھىم
جايلاردىكى قورغىلانغۇچىلارنىڭ قۇۋۋەتسىزلىنىپ
قېلىشى چىڭگۇنجاپ ئۈچۈن قولاي پۇرسەت تۇ-
غدۇرۇپ بەردى. شۇ سەۋەبتىن 1757-يىلى 25-ماي
كۈنى ئۇنىڭ ئەرمىيەسى ئاسانلىق بىلەن ئۈرۈمچىنى
قولغا كەلتۈرۈپ، ئىلىغا قاراپ يول ئالدى [64. 39-دەپتەر،
6-8-ۋاراقلار].
جاۋخۇي ئىلىغا بارىدىغان يوللارنى ياخشى
بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە يۈرۈپ ھۇجۇم
باشلىدى. 1757-يىلى 3-ماي كۈنى ئۇنىڭ ئەرمىيەسى
خۇرۇڭغۇي (كورونگوي) تاغلىرىغا يېتىپ كەلگەندە
قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. بۇ يەردە يۈز بەرگەن
شىددەتلىك جەڭلەر نەتىجىسىدە، چىڭلار غالىپ چىقىپ
كۈنگەس ئارقىلىق ئىلىغا يول ئالدى. ماي ئايىنىڭ
ئاخىرىدا چىڭگۇنجابنىڭ قوشۇنلىرى ھەم ئىلىغا يېتىپ
كەلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي چىن ئەرمىيەسى
ئامۇرسانانى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە، بورتالا
ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم ئۇيۇشتۇردى.
ئەينى زاماندا بۇ ۋىلايەتلەردە ياۋايى چېچەك كېسىلى
تارقىلىپ، كۆپ ئادەمنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇپ تۇ-
رغان ئىدى [42. 1-توم، 297-بەت؛ 192. 1-توم،
154-بەت؛ 229. 1-توم، 81-بەت]. بۇ ۋاقىتتا چىن

www.uyghurkitap.com

ئەرۋسىيەلى ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. كۆپلىگەن جەڭلەر نەتىجىسى، ئامۇرسانانىڭ ئەترەتلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئامۇرسانانىڭ ئۆزى روسىيە زېمىنىغا قېچىپ كىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چىن خوجايىنلىرىنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەلىپى روسىيە تەرىپىدىن قاندۇرۇلمايدۇ. لېكىن ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەچ ئامۇرسانا كېسەللىكتىن قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ جەسىتىنى كىياختاغا ئېلىپ كىرىشكە ۋە جەسەتنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە تارىخىي ئەدەبىياتلاردا كۆپ يېزىلغانلىقى سەۋەبتىن بۇ جەھەتتە تەپسىلىي توختاپ ئۆتۈش ئارتۇقچە دەپ بىلدۇق.

1757-يىلى ياز ۋە كۈز داۋامىدا، يەنى ئامۇرسانا قولدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چىن ئەرمىيەسى شىمالىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، يەرلىك خەلق ئۈستىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. ئۇلارنىڭ قىلىچىدىن پەقەتلا چىنلارغا قارشى كۆرەشكە قاتناشقانلار ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا ئالاقىسى بولمىغانلارمۇ قۇربان بولدى. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە رۇس سەيياھلىرى ۋە رۇس تەتقىقاتچىلىرى يازغان ئىدى. ئەمما ئۇشبۇ تەتقىقاتتا بىز ئۇشبۇ قىرغىنچىلىق

-537-

ھەرىكىتى بوغداخان ئەمرىگە بىنائەن ئەمەلگە ئا-
شۇرۇلغانلارنىڭ مەلۇماتىغا ئېتىبار بېرىشنى ماقۇل
تاپتۇق.

چىڭگۇنجابنىڭ بىزنىڭگە يازغان ھېساباتى
مەكتۇبىدە بايان قىلىنىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەرمىيەسى
دوگلونەي (دوڭ-نور-ئاتا؟) دېگەن جايدا، يەنى
ئىلى شەھىرىدىن ئۇزاق بولمىغان قاش دەرياسى
بويىدا (ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا) كۆپ
ئادەمنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئۇ شۇ دەريا بوي-
لىرىدا ياشايدىغان كىملەك ئۇتاقنىڭ ئاھالىسىدىن
پەقەت 9 كىشى قالدۇرۇلۇپ، قالغانلىرى خىتايغا
كەتكۈزۈلگەن. مەزكۇر ئۇتاقنىڭ ئاھالىسىنىڭ سانى
مەلۇماتتا كۆرسىتىلمىگەن. ئەمما جوڭغارلارنىڭ
ئادىتى بويىچە ئىلى ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
ئۇتاقلار خان سورىلىشىغا قاراشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ھەربىرىدە بىرنەچچە مىڭدىن ئائىلە بولغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن كىملەك ئۇتاقى، داۋاچى تەختكە چىققان-
دىن كېيىن ئۇنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەن بولۇشى كېرەك.
ئۇشبۇ ئۇتاق ئادەملىرىنىڭ خىتايغا ئېلىپ كېتىلىشى مانا
شۇنىڭ بىلەن باغلىق بولغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش
مۇمكىن. چىڭگۇنجابنىڭ مەلۇماتىدا، ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى ئەيلوگچا باشچىلىغىدىكى قوشۇن تەنە
شۇ دەريا بويىدا، بىرمىڭدىن ئارتۇق ئويراتلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

زىكىر قىلىدۇ [42.64ـ دەپتەر، 13ـ16، ۋە 30ـ ۋاراقلار].

خاۋخوينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، توبوق (چوچەكنىڭ يەنى تارباغاتاينىڭ شەرقىي تەرىپى) ۋە سەرخولىس (سالى) دېگەن تارباغاتاينىڭ جەنۇبىي غەربىدىكى جايلاردا قولغا چۈشكەن ئۆيراتلار قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلگەن. مەسىلەن: بۇ يەرلەردە ياشىغۇچى، ئۆتمۇشتە خالقىغا قېچىپ بىرىپ، كىيىن چىڭلارگە قارشى كۆرەشكەن ئىسىرلىق ئۆرجاشىنىڭ 600 نەپەر يۇقارسى ئۆلتۈرۈلگەن [42.64ـ دەپتەر، 28ـ ۋاراق، 2ـ بەت].

1757ـ يىلى 8ـ نويابىر كۈنى چەنلوڭنىڭ غەربىي ھەملىكەتلەرگە ئامۇرساناننىڭ روسىيە زېمىنىغا قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنى تۇتۇپ بېرىش ھەققىدە ئەۋەتكەن مۇراجىئەت خاماسىدا «جوڭغارلار تېنچلاندۇرۇلدى. ئۆيرات خوجىلارچىلىرى تۇتۇپ، ھەتتىل قىلىپ تۈگۈتۈلدى، قالغانلىرى كەسەلدىن ھالاك بولدى. جەھەت خوجىلارچىلارنىڭ باشلىقى ئامۇرسانىنا جازالانمىز يوق» دەپ جاۋاب قىلىنغان [64.42ـ دەپتەر، 17ـ ۋاراق، 1ـ بەت]. شىمالىي شەرقىي تۈركىستان خوجىلارچىلىرى، چىن ئەرمىيەسى غەربىدىكى بوزلوڭەي قىرىپ تاشلانغانلىقى بوغدا خانىنىڭ باشقا پەرمانلىرىدا ھەم ئۇچرايدۇ [42.64ـ دەپتەر، 29ـ ۋاراق، 2ـ بەت].

1757-يىل سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ھەربىي كەڭەشكە
بەرگەن پەرمانىدا، چەنلوڭ «ھازىر ھەربىلىكى يول
بويلاپ قولغا ئېلىنغان ئويراتلار سانى-ساناقسىز...
ئۇلارنى تىرىك قالدۇرساق كېيىن بىزگە قارشى قوزغىلو-
لاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن. ئەرمىيە قوماندانلىرىغا
پەرمان بېرىپ ئۆلتۈرۈلسۇنكى، يارلىق ئەسىرلەر
تەكشۈرۈلسۇن، ئوماللىق بولغانلار ئېرىنى خا-
بىرغا ئېلىپ بېرىپ جايلاشتۇرۇلسۇن، كىملەرگە كىتە
ئۇلارنى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىش مۇمكىن.
ئوماللىق بولغانلارنى ياركەنتكە، سولۇڭ سوجونغا
(غەربىي چېگرا) يەتكۈزۈلۈپ، شۇ يەردە يوق قىلىنسۇن»
دەپ يازغانىدى [67. 42-دەپتەر، 29-ۋاراق، 2-بەت].
1757-1760-يىللاردا ئاۋامدا، مەزكۇر پەرمانىنىڭ
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ھەققىدە بىرمۇنچە
ئىشەنچلىك مەلۇماتلار يېزىپ قالغان. مانا شۇ
مەلۇماتلارنى چەمەلەپ، بوغداخان ئۆزىنىڭ 1758-
يىلى 26-فېۋرال كۈنى ھەربىي كەڭەشكە يوللىغان
پەرمانىدا «ئۆلكىدە دۈشمەن ئېغىر ئويراتلار
بىرقانچە قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ، بىرقانچە قېتىم بىزگە
قارشى ھەرىكەت قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنى
سوجونغا ئېلىپ بېرىپ قەتل قىلىندى. ھازىر تو-
پىلاڭچىلارنى تۇتۇپ-تۇتۇپ ئۆلتۈرگەندىن باشقا
يوق قىلىندى» دەپ يازغان [67. 48-دەپتەر،

28-ۋاراق، 1-بەت].

روس ئالىملىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە قارىغا-
ندا 1956-1959-يىللار داۋامىدا 600 مىڭ
كىشىدىن ئىبارەت ئويرات خەلقىدىن پەقەت
30-40 مىڭ كىشى تىرىك قالغان. قالغانلىرى
چىن ئەمپىيەسى بىلەن بولغان جەڭلەردە قۇربان
بولۇش، چىڭلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىش ۋە كې-
سەللىكتىن يوق بولۇپ كەتكەن [98،73-ۋا-
راق؛ 104، 303-بەت].

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار
ئاساسىدا يېتىش مۇمكىنكى، شىمالىي شەرقىي
تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى
چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن قاتتىق خارلاندى.
چىڭ تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى
بىلەن ھېسابلاشماستىن قولىغا قورال ئېلىپ،
ئۆز مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلماقچى بو-
لغانلارنى يوقۇتۇلەي قىرىپ تاشلاش ھېسابىغا،
ئۆزىنىڭ مەنسەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا،
يەنى ئەينى زاماندا مەركىزىي ئاسىيادا ئەڭ
كۈچلۈك بولغان جۇڭغار خانلىقىنى يوقۇتۇلەي
يوق قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى تولۇق ئىگىلەپ
قىلىپ، ئەترابىدىكى مەملىكەتلەرگە ھەم ئۆز
تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يول ئېچىشقا ھەرىكەت

قىلغان. شىمالىي شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت
بولغان ئىچكى ۋەزىيەت يەنى ئۇيرات بەگلىرى
ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش نەتىجىسى ۋۇجۇ-
تقا كەلگەن كۈرەش ۋە ئۇلار بىلەن ئۇيغۇر
بەگلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر چىن خور-
مىيەسىنىڭ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قولاي شارا-
ئىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن چىن جاڭغۇنچىلىرى
ئۇشبۇ ۋەزىيەتتىن ياخشى پايدىلانغان.

# 4-باپ
# يەركەنت خانلىقىنىڭ چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن يوق قىلىنىشى.

## 4.1. 1755-1757-يىللىرى چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ يەركەنت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى.

1755-1757-يىللىرى جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى چىن ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىش مەسىلىسى كۆپ تارىخچىلارنىڭ ئېتىبارىنى جەلىپ قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇس ئالىملىرىدىن ل. ئى. دۇمان، ئى. يا. زىلاتكىن، ب. پ. گورېۋىچ، ۋ. س. كۈزنىتسوۋ، خىتاي تارىخچىلىرىدىن لىڭجاشىڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭ ۋېن، ليۇجى شياۋ، گو-بىڭدې، رېن ئىفى، غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن ر. شاۋ، س. ر. بىركلى، ياپون ئالىملىرىدىن ئىناباكونىزاڭ. ئۇيغۇر تارىخىي مەخمۇت قۇتلۇقوپ ۋە باشقىلارنىڭ خاسىق بىرىنچى نۆ-ۋەتتە تىلغا ئېلىش مۇمكىن. مەزكۇر ئالىملار تەرىپىدىن ئىلمىي مۇئامىلىگە ناھايىتى كۆپ مەلۇماتلار

كىرگۈزۈلگەن. لېكىن بۇ مەلۇماتلار مەسىلىنىڭ ھە-
مىمە تەرەپلىرى، بولۇپمۇ چىن خاندانلىقىنىڭ جە-
نۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن
ئەمەلگە ئاشۇرغان چارە-تەدبىرلىرى ۋە مەھەللى
بەگلەردىن پايدىلانماقچى بولۇپ يۈرگۈزگەن شەكلى
يۈزلىمىلىك ھوقۇق ئالدامچىلىق سىياسىتى ئېچىپ
بېرەلمىگەن. بۇنى ئېچىپ بېرىدىغان مەلۇماتلار چىن
خاندانلىقىنىڭ ئۆز زامانىدا مەخپىي ھېساپلانغان ۋە
ھازىرغىچە ئەدەبىياتتا ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن
رەسمىي ھۆججەتلەر ۋە ھۆكۈمەت قارارلىرى بولۇپ،
ئۇلار تولۇق ئۆگىنىلمىگەن. شۇ سەۋەپتىن تارىخىي
ئەدەبىياتلاردا ناتوغرى كۆز قاراش شەكىللىنىپ قالغان.
مەسىلەن: چىن ئەرمىيەسى جۇڭغارىيەگە ھۇجۇم
باشلىغاندا، خوجا بۇرھانىددىن ۋە خوجا جاھان خوجا
قاماقلىق ئاكا-ئۇكا خوجىلار جۇڭغارلار نازارىتى ئاستىدىن
قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۇشبۇ ئەرمىيە قوماندانلىغا مۇراجەت
قىلىپ، ئۆزلىرىنى يەركەنت خانلىقى تەۋەسىگە ئەۋە-
تىشنى سورىغان ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ، يەرلىك خەلقنى
چىن سۇلالىسىغا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىشنى ۋەدە
قىلغان. لېكىن ئۇلار چىنلار ياردىمىدە ھاكىمىيەتنى
قولغا ئالغاندىن كېيىن، چىنلارغا بويسۇنۇشتىن باش
تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئەلچىسى ئامىنتۇنى (ئامىداۋ) ئۆلتۈر-
گەن ۋە بەدەل تۆلەشتىن باش تارتقان. ئۇلارنىڭ بۇ

-544-

مەركەزلىرى چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇلارغا قارىتىشى
ئۈزۈلۈش باشلىنىشىغا سەۋەپ بولغان دېگەن كۆز
قاراش ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن.
XVIII - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يەر-
كەنت خانلىقىدا، ھاكىمىيەت خوجىلارنىڭ قولىغا
ئۆتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاق تاغلىق، قاراتاغلىق قا-
راملىق ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، ھاكىمىيەت ئۈچۈن
ئۆز-ئارا كۆرەش قىلىشقانلىقىدىن، چىن سۇلالىسى تولۇق
خەۋەردار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى 1755-يىلى
ئىلىغا ئەرمىيە ئەۋەتكەندە، بۇ يەردە جۇڭغار خانى خا-
زارىتى ئاستىدا تۇرغان ۋە ئەينى زاماندا يەركەنت خا-
نلىقى تەختىدە ئولتۇرغان قاراتاغلىق خوجىلار سۇلالىسىغا
قارشى خوجىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق
نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پىلانىنى تۈزگەن ئىدى.
بۇنىڭ ئىسپاتى تەرىقىسىدە چىن ئەرمىيەسى قو-
ماندانى جەن سىنىڭ 1755-يىلى 18-ئىيۇن كۈنى بېيجىڭگە
يېتىپ كەلگەن مەكتۇبىدە ۋە ئىشۇ كۈنى چەنلوڭ
خاقانىنىڭ ھەربىي كېڭەشكە بەرگەن پەرمانىدا
كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن.
بەندى ئۆز مەكتۇبىدە: «ئاببا س (ئاباكسى) ئىسىملىك
بىرلىك بىر ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ ئوغلى خادىمى، جاۋات
خوجا ئىسىملىك بىر قەشقەرلىك خوجىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى
خودا بەردىنى ئەرمىيە لاگېرىغا ئېلىپ كەلگەن.

(مەنبەدە جاراڭ خوجىنىڭ ئوكسى بىئەرگەن دەپ ئاتىلىدۇ). بەندى بىلەن ئۇچراشقاندا، بو ئىككى ئاكا-ئۇكىلار ئۆز قولىدا 40 خەيەر لەشكەرلىرى بار-لىقىنى سوزلەيپ، چىن خەزمىيەلىسى بىلەن بىرجوڭغار خانى داۋاچىغا قارشى كۆرەشتە قاتناشقاقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇ بىلەن بىرگە ئۇلار ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ، جەركەنت خانى ئىتائەتتىن چاقىرىش ئۈچۈن، قولىدىكى كىملەردىن جارلىق چاپارلىرى كۆرسىلە تەييار ئىكەنلىكىنى ئەيتقان [67. 11-دېكابىر، 32-ۋاراق، 1-بەت]. چېخلونىڭ چەرسىندا، بەندىنىڭ بۇ ھەقتە جازغان مەكتۇبى ئۇنى ئىنتايىن خوشال قىل-غان. سولڭ خاقان دەرھال ھەربى كەڭەشكە جاراڭ خوجا بىلەن ئونىڭ ئوكسى خوجا جەرگەنى تىزدە ئۆز قەبىلىسىگە ئىۋەتىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق مەھەللى خەلقنى ئىتائەتكە چاقىرىش لازىملىقى ۋە بو ئاكا-ئۇكىلارنى 3 ساندۇق سەركوۋىش يۇل بىلەن موكاپاتلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇ بىلەن بىرگە جەندىنگە، ئۇلارغا چاپان، تەممەت جاھالىق ۋەزىنا قولاقچى كەيدۈرۈش، تەلىپى سوغا بىرىش ۋە بەجىنگە ئىۋەتىش ھەققىدە كۆر-سەتمە يوللاشنى تاپشۇرغان. بوندىن خاتىشىرى مەزكۇر ئاكا-ئۇكا خوجىلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ، چىن تۇنشونخلىرى ئەلىنى قولغا ئالغۇنچە، ئۇلارنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ئامورسانانا زىممىسىگە يوكلەتكەن [67].

11-دەپتەر، 36-ۋاراق].

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جەندى، قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە، يەركەنت خانلىقىدا خىزمەتكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بۇرھانىدىن-دىن خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى جاھانگىر خوجا بارلىقى ھەققىدە ئاخبارات بېرىدۇ. چىڭ خانلىقى بۇ خەۋەرنى ئا-ڭلىغاچ، دەرھال جەندىگە ئۇلارنى بېجىنگە ئەۋەتىشنى بۇيرۇيدۇ. 1755-يىلى 3-ئاۋغۇست كۈنى چىڭ خانلىقى، جەندىنىڭ نوۋەتتىكى ھېساباتى مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. مەزكۇر مەكتۇبتە، چىن ئەرزىيەسى قوشۇلغانى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بېگى ئابدۇللا ھاكىم جەڭ، مەزكۇر خوجىلارنى ئېلىپ قەشقەرگە ئەۋەتىشنى سورىغان-لىقى ھەققىدە يازغان. جەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە ئاقسۇ بېگى ئۆز ئېلتىماسىنى ئىسپاتلاپ، بۇرھانىدىن-خوجا بىلەن جاھانگىر خوجا يەركەنت خەلقى ۋا-رىسلىرىنى بولۇشى بىلەن بىرگە قەشقەر ۋە يەركەنت شەھەرلىرى ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئابرويغا ئىگە، ئەگەر بۇلار مەھەللى خەلقنى كىشىلەرنى چاقىرسا، جەمى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ دەپ ئەيتقان. ئابدۇللا ھاكىم جەڭ جەندىگە بۇ ھەقتە مۇراجەت قىلىشتىن ئالدىن، مەزكۇر چىن ئەمەلدارى بۇرھانىدىننى بېجىنگە يولغا سېلىش، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھازىرچە ئالدا قىلىپ،

بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا جانىي بولۇپ تۇرۇۋاتق
ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. ئاقسو بېگىنىڭ ئەلچىـ
سى ئاكىلايلا، بۇرھان ئەد-دىنى بېيجىڭغا ئۆتۈـ
تمەي، ئاقسوغا ئابدۇللا بەگ ھوزۇرىغا يولغا
سالدى. سەپەر ئالدىدىن ئۇ خوجىغا، ئاقسو بېگى
بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ھالدا، قەشقەر
ۋە يەركەنتكە بېرىپ، مەھەللى خەلقنى ئىتائەتكە
چاقىرىشنى ئاپشۇردى. بېيجىڭغا مانا شۇ ۋەزىيە
ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن بىرنى مەخسەتكە
مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ ئەيتتى. «ئويلاپ كۆرۈپ ۋە
باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ- دەپ يازىدۇ
بەندە ئۆز مەكتۇبىدە-(ئابدۇللا بەگنىڭ)
ئەلچىسىگە كۆرە (بۇرھان ئەد-دىن خوجىغا)
ئاقسوغا بېرىشنى بۇيرۇدۇم، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنى
ئىتائەتكە چاقىرىشنى تاپشۇردۇم. بۇ ۋەزىيىنى
ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن سوڭ، مەن ئۇنى ئالىي
ھەزرەتلىرى ھوزۇرىغا ئۇۋەتمەكچىمەن»
[7.6.64-دەپتەر، 38-ۋاراق، 1-جەت].

قەشقەر تارىخچىسى مۇھەممەت سادىق
قەشقەرىنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، ئاقسو بېگى
ئابدۇللا بەگ قەشقەرگە بۇرھان ئەد-دىن
خوجا بىلەن جاھانگىر خوجىنى بىرگە ئۇۋەتىش
سورىغان [126. 91-جەت]. ئامما بەلكى قەشقەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاكا-ئۇكا خوجىلارنى بىرگە ئەۋەتىشنى ماقۇل تاپ-
مايى، كىچىك خوجىنى ئۆز نازارىتى ئاستىدا ساقلاپ
تۇرۇشنى توغرا تاپتى. چىن ئەمەلدارلىرىنىڭ فىكرىچە
ئەگەر ئۇلار ئاشۇنداق قىلمىغاندا، بۇرھان ئەد-دىن
نىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇم-
كىن ئىدى.

چيەنلۇڭ جەندنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى
خۇرسەنلىك بىلەن ماقۇل تاپتى. ئارىدىن بىر
نەچچە كۈن ئۆتكەچ، جەندنىڭ يەنە بىر مەكتۇبى
خاقان قولىغا تاپشۇرۇلدى. مەزكۇر خەتتە ئامۇر-
سانا بىلەن ئۇچتۇرپان بەگى خوجىس جەڭ مەخپىي
رەۋىشتە ئۇچرىشىۋاتقانلىقى ۋە بۇ جەڭنىڭ ئىلىدىكى
ئۆزگىرىش ئىشلىرى بوتۇنلەي تامام بولمىغاندىن
كېيىن، ھەم يەركەنت خەتتە ئۆتتە قوزغىلىشقا
ياردەم بېرىڭلار دەپ سورىغانلىقى ھەققىدە يازغان
[67. 16-دەپتەر، 21-ۋاراق]. مەزكۇر خەت ۋەردىن
ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن چيەنلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئە-
تراپىدىكى ساراي ئەمەلدارلىرى ئاقسو بەگى شا-
راپ ئەد-دىن خوجا يۇسۇپ جوڭ يەنى خوجىس بەگى
يەركەنت خەتتى ئىگەللەش نىيىتى بار ئىكەن.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئامۇرسانانى جۇڭغار خان-
لىقىنىڭ خانى سۈپىتىدە كۆرۈپ، بىرگە ھوراجەت
قىلماستىن، ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ مەلۇمات

سورايتو. دېمەك، ئۇلار ئۆز-ئارا تىل بىرىكتۈرگەن
بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ چاغاتايلاردىن دايىم خەۋەردار
بولۇشى كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. شۇ-
نىڭدىن كېيىن جەنۇبىگە، شەرقىگەن. دېمەك
خوجا يۇسۇپ بەگ ھەققىدە تولۇق مەلۇمات
يىغىشقا مەخپىي بۇيرۇق بەرگەن. ئۈچ تۇرپان
بەگىنىڭ چەركەنت خەلقىنى ئىگەللەش مەقسىتى
جارلىقىنى 1759-يىلى چىن ئەرمىيەسى چەركەنتكە ھۇ-
جۇم قىلغاندا قارشى ھەركەت قىلالۋاتقان ۋاقىتتا قە-
شقەردىن چىن سارايىغا كەلگەن بىر خانىچە مە-
كتۇپلەر ئەلەم ئەستىقلالىيدۇ. شۇ يىلى 9-ماي كۈنى
ئۇلىشى مەكتۇپلەر بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن
كېيىن بۇغداخان ھەربى كەڭەشكە خوجىس بەگنىڭ
چەركەنت خەلقىنى ئىگەللەشكە ئەسلا يول قو-
يۇپ بولمايدۇ، بۇ ھەقتە ئەرمىيە قوماندانى جاۋ-
خۇيغا مەخپىي بۇيرۇق يوللانسۇن دەپ پەرمان
چۈشۈرگەن. مەسىلەن: بۇ پەرمانىدا «خوجىس بەگ
ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن يەتتە يىل تونۇشۇپ
چىقتىم. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار زېمىنىغا خان بولۇش
نىيىتى جارلىقىغا ھېچ قانداق ئىشۇپلە يوق»
[43، 586-جاپ، 8-ۋاراق، 2-بەت، 9-ۋاراق،
1-بەت].
1755-يىل بىجىنگە ئۈچ تۇرپان بېگى شەرق-

ئەن-دى خوجا يۈسۈپ جەڭ، ئاقسۇ ۋىلايىتى ھاكىمى
ئابدۇللا بەگنىڭ كىچىك ئۇكىسى ۋە ئىلى ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ كۆپچىلىكى بولارنىڭ قېرىنداش ئۇرۇقلىرى
ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات كەلدۇق [265-396-
بەت]. شۇنىڭدىن كېيىن چىن خاندانلىقى ئابدۇللا
جەڭ بىلەن شەرەپ ئەن-دى خوجا يۈسۈپ جەڭ
ئۈتتۈرسىدا بىرلىك يوق ئىكەن. ئاقسۇ ھاكىمى خوجا
بورھان ئەن-دى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسنى
سورىسا، ئۇچ تۇرپان بەگى ئامۇرساناندىن مەدەت
ئىزلەپ، ئۆزىنى ئاكىسى ۋە بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا خو-
جىلارنى ئۇستۇن قويماقچى ۋە يەركەنت تەختىنى
ئىگەللىمەكچى بولۇپتۇ. دېمەك، چەتتىكى كەلگەن
بولار ئۈتتۈرسىدىكى زىددىيەتنى تولا چاپلاش ئالمىش
كېرەك دېگەن خۇلاسىغا كەلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن
چەنلۇڭ گەرچە ئۇچ تۇرپان بەگىنىڭ يەركەنت
تەختىگە ئېرىشىشنى ھېساپقا ئېلىپ، ئۇنى چىن
خاندانى ئۈچۈن خەتەرلىك ئادەم دەپ بىلگەن
بولسىمۇ، ئۇنى ئۆز ئاكىسى ۋە خوجا بورھان ئەن-
دىگە قارشى ئىشلىتىش ئۈچۈن ۋاقىتچە ئىشتىيا-
قىدانى قىلىپ ئىشلىتىشنى لازىم تاپقان. شۇڭلاشقا
چىن ھۆكۈمىتى ئۇچ تۇرپان بەگىنى خازارەتتە خو-
توپ تۇرغان ھالدا، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى
بويتۇنلەي ئىگەللەپ ئالمىغىچە ئۇنىڭغا قارشى

-551-

بىر-بىر ھەرىكەت قىلماستىن، ئۆزى ئۆز تەرىپىدىن
ئىشلىتىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇر-
غان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا بىر
نەزەر تاشلاش مۇمكىن.

نەق ئۈچتۇرپان ئاقسۇ ھاكىمى ئەلدىن بۇر-
خان ئەدىن بىلەن خوجاجاھاننى ئۆزۈە تەشەب
سورىغانلىقى ھەققىدە، خىتاي مەنبەلىرىدە ئېنىق
مەلۇمات كەلتۈرۈلمەيدۇ. ئەمما، ئابدۇللا بەگ
چىن قوشۇنلىرى قوماندانى جەڭگە مۇراجىئەت
قىلغاندا، ئۇيراتلار ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئاقسۇ،
ئۈچتۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنى دولان، سايرام
كەبى جايلارنى بولاپ-تالاپ كەتمەكچى بولغان-
لىقى ۋە ئۆزى چارىسىز مۇھتاج ئىكەنلىكى
ھەققىدە سۆز يۈرگۈزگەن [٢٤.٦-١٤، ٥-دەپتەر، ١٢-ۋاراق].
ئەگەر ئۇلارنىڭ داۋاچىن تۇتۇلۇشتا كۆرسەتكەن خىز-
مىتى كۆزدە تۇتۇلسا، ئۇشبۇ جوڭغار خانلىقى
تەرەپدارلىرى، قىلمىشى ئۈچتۇرپان ئاقسۇ ھاكىمىنى جازا-
لاش ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولغان دېگەن
خۇلاسە چىقىدۇ. بۇ ھالدا ئەلبەتتە ئابدۇللا بەگ.
بىر تەرەپتىن، ئۆزىگە ھىمايە تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت
قىلسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ چەكلەنگەن
تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوقىلىشىنى
ئىناۋەتكە ئېلىپ، بۇنداق ھوقۇقتا ئىگە بولغان

-552-

خوجا بۇرھان ئەد-دىن ۋە جاھان خوجىلاردىن
چاپىپ ئېلىپ، يەركەنت خانلىقىدىكى ئەمەلىي ھا-
كىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتى بولغان بولۇشى
كېرەك.

چىن خانلىقى ئەمرىگە بىنائەن، خوجا
بۇرھان ئەد-دىن، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى
قولغا چۈشۈرۈلۈشتە چاپىپ ھالاڭغانلىقى بولۇپ، ئەندى
ئۇنىڭغا ئىنتايىن يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ
ئابرويىنى ئۈستۈن قويۇپ، ئۇنىڭ ئىشەن-
چىسىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلدى. مەسىلەن:
قەشقەر تارىخىدىنلا قەلئەگە مەنسۇپ «دەشتەسەر
ئەلپۇتوخ» دا يېزىلىشىغا قارىغاندا، جۇڭغار خانى
تىلەكلىشنى خاچقاندىن كېيىن، ئەندى خوجا بۇر-
ھان ئەد-دىننى ئالدىغا چاقىرتقان. ئۇلىشۇ خوجا
ئەندى ئىلگىرى ھوزۇرىغا كەلگەندە، ئۇ چادىردىن چىقىپ
كۈتۈپ ئالغان ۋە بىرنەچچە قېتىم تازىم قىلىپ
ھۆرمەت بىلدۈرگەن. سولغا ئەندى خوجا بۇرھان-
ئەد-دىننى دۆلەت ئىشلىك دەختىنى ئىشلەتكەن،
ئىنتايىن چوڭ چەدىر تىكىپ بەرگەن قىلغان. ئەندى
ئۆتتۈرىدىغان ئالتۇن سۈيى يۈرگەن تەختتە
شەھكەلدىكى ئوردىغۇق چەدىرىنىڭ ئۆتتۈرىسىغا
قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە يەنە
ھەلقە شەكلىدە ئوردىلار قويۇلغان. چەدىرگە

-553-

كىرگەندىن كېيىن جەندى، مەزكۇر خوجىنى ئۆزىنىڭ
يېنىغا ئۆتكۈزۈپ، قالغانلارنى ھەم جاي-جايلىر-
ىدا ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدۇ. جەندى ئەتراپىدا
ئولتۇرغانلار جەمي ۋ كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە
خاموساننا ھەم بار ئىدى. ئامما جەندى ئۇنى
ئاغزىغى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان.
چەندىرگە جارلىق ئەرمىيە قوماندانلىرى ۋە مە-
نسلھەتچى چىن ئەمەلدارلىرى ھەم تەكلىپ
قىلىپ، ئۇلار ئولتۇرغانلار ئەتراپىدا، بىر قانچە
ئۆيوات جەڭلىرى بىلەن بىرگە تىك تۇرۇشقان.
چەندىرگە كىرگەندىن كېيىن جەندى، خاتاي ئەن-
ئەنە سىگە بىناەن خوجىغا قانا بىر قېتىم سالام
ۋە ھۆرمەت بىلدۈردى. خوجا ھەم جاۋاب بە-
سالام بېرىپ، ئۇنىڭغا سىخەت-سالامەتلىك
تىلەيدۇ. سوڭ جەندى خوجا بورھان ئەد-دىن
بىلەن سوھبەت باشلايدۇ [126, 68-69-بەتلەر].

«خەسەرئەلپۇتوخ» نىڭ مۇئەللىپى

جەندى بىلەن خوجا بورھان ئەد-دىن ئوتتۇرا-
سىدىكى ۋاقتىنى ئەنىڭ كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن
ئۇ ئەينى ئىش ئۆچۈرۈشنىڭ ۋاقتىدا، جەندى خوجىغا
داۋاچىنى تۇتۇشتا چاردەم بېرىشنى سورىغانلىقىنى
ۋە ئىش زاھات خوجا خىزمەتكارى سوغا مەھەت
غەرىپ يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا چىن ئەمەلدارى

ئالدىدا، ئۇنىڭغا دەرھال ئۈچ تورپانغا ئات چېپىپ بېرىشنى ۋە شەرەپ ئەددىن خوجا يۈسۈپ ئالدىغا ئېلىپ، داۋاچىنى قولغا ئېلىش ھەققىدە ئەۋەر قىلىشنى بۇيرۇغان [126 ، 69-بەت]. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ختاي مەنبەلىرىدە، داۋاچىنىڭ ئاقسو ۋىلايىتى چېگراسىغا 1755-يىل 8-ئىيۇل كۈنى يېتىپ كەلگەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. "ئەسەر ئەلپۇتۇختا" خوجا-بۇرھان ئەددىن ئۆزىنىڭ مۇھەممەت غەرىپ ئۈچ تورپانغا داۋاچىدىن 3 كۈن ئالدىن يېتىپ كەلگەن-لىكىنى خەۋەر قىلىدۇ [96 ، 123-ۋاراق، 1-، 2-جەدۋەل]. دېمەك، مۇھەممەت غەرىپ ئۈچ تورپانغا 4-5-ئىيۇل كۈنلىرى يېتىپ كەلگەن. ئەگەرچە ئەرمىيەسى داۋاچىنىڭ تەنتەسىنى ھەربى لاگېرىنى 27-ئىيۇن كۈنى ئەتتىگەندە قولغا ئالغانلىقىنى [64 ، 13-دەپتەر، 14-15-ۋاراقلار] ۋە ئىلىدىن ئۈچ تورپانغا كېلىدىغان يولنى ئات بىلەن بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۈچ تۆرت كۈن كېرەكلىكىنى ھېساپقا ئالسا، جەندى بىلەن خوجا بۇرھان ئەددىن ئۆلتۈرۈسىدىكى ئۇچرىشىش ئۆ-چىرىشى، ئىيۇننىڭ ئاخىرقى ياكى ئىيۇلنىڭ بىرىنچى كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

خوجا بۇرھان ئەددىننىڭ جەندى بىلەن ئۇچرىشىشىدا، قانداق سۆھبەتلەر بولغانلىقى ھە-ققىدە ختاي مەنبەلىرىدە ھەم، يەرلىك مەنبەلەردە

ھەم، توغرىدۇر. توغرا خەۋەر بېرىدىغان مەلۇمات
يوق، ھەرھالدا ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئەمما بۇ
مەنبەلەرنىڭ ھەممىسى 1758-1759-يىللىرى،
ئۇشبۇ خوجىنىڭ ئۇكىسى بىلەن بىرگە يەركەنت خا-
نلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە
چىنلارغا قارشى كۈرەشتە قاتناشقانلىقى ھەققىدە
كۆپ مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە تۆۋەندە
توختاپ ئۆتىمىز. مانا شۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن
ئېنىق ئېيتىش مۇمكىنكى، مەزكۇر خوجىلار ۋەزىيە-
تتىن پايدىلىنىپ، يەركەنت خانلىقى تەختىنى قا-
يتىدىن ئاق تاغلىق خوجىلار سۇلالىسى قولىغا
كەلتۈرۈشنى ئويلىغان.

خىتاي مەنبەلىرىدە، خوجا بۇرھان ئەددىن
نىڭ ئىلىدىن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋە-
تىلگەن ۋاقتى كۆرسىتىلمەيدۇ. مەھەللىي مەنبەلەردە
ھەم بۇ ھەقتە ئېنىقلىق يوق. ئەمما بۇ مەسىلىنى
ئېنىقلاش ئىنتايىن زۆرۈر، ئەكس ھالدا كۆپلىگەن
تارىخىي ۋاقىئەلەرنىڭ قايسى ئالدىن، قايسى كېيىن
بولغانلىقىنى بىلىپ ئېلىش قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن:
«ئەسەرگە لىپوتوخ»، تا جوڭغار خانى داۋاچى
چىنلارغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلىدا زىياپەت ئۇ-
يۇشتۇرۇلغان. ئۇشبۇ زىياپەتكە خوجا بۇرھان ئەد-
دىن ھەم تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇنىڭغا جەندى تەرىپىدىن

-556-

چوڭ ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ بىلدۈرۈلگەن [67. 123-
ۋاراق 1-2-جەدۋەل].

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، خىتاي مەنبە- لىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، داۋاچى ئاقسۇ ۋىلايىتى جىگداسىغا 1755-يىلى 8-ئىيۇلدا يېتىپ كەلگەن [67. 16-دېلو، 34- ۋاراق]. ئۇشبۇ ضاف چىلارغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ يىلى 1-ئاۋغۇست كۈنى ئىلىدىن بېجىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەتكەن [67. 11-دېلو، 1-پەتەر، 25-27-ۋاراقلار؛ 15-دېلو، 3-پەتەر، 30-31-ۋاراقلار]. داۋاچى چىلارغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تا بېجىڭغا يولغا سالغىچە ئارىدىن بىر ئانچە كۈن ئۆتكەن. بەندىنىڭ ئۇشبۇ خوجىنى قە- شقەرگە ئەۋەتىش لەققىدىكى مەكتۇبى بېجىڭگە شۇ يىلى 3-ئاۋغۇست كۈنى يېتىپ بارغان [67. 16- دېلو، 37-38-ۋاراقلار]. ئەينى زاماندا چىلارنىڭ چاپارلىرى، ئىلىدىن بېجىڭگە مەكتۇبنى 24-25 كۈندە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. مانا شۇ مەلۇماتلارنى مۇ- لاھىزە قىلىپ خۇلاسىلىغاندا، خوجا بورھانىدىن- دىننىڭ ئىلىدىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ۋاقتى 1755-يىل ئىيۇل ئاينىڭ ئاخىرى ياكى ئاۋغۇست ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

خىتاي مەنبەلىرىدە، خوجا بورھانىدىننىڭ ئىلىدىن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندىن كېيىنكى پائالىيىتى ھەققىدە دېيەرلىك مەلۇمات كەلتۈرۈلمەيدۇ.

-557-

چوڭلى، بۇلەنتنە بىجىنگە ئۆز ۋاقتىدا تولۇق خەۋەر
كەلمىگەن. ئۇلشبۇ كەمچىلىكنى يەرلىك مەنبەلەر
تولتۇرۇپ بىردۇ. مەسىلەن: خەلىشقەر خار يىغىچىسى
مولامەھەت ئىمىن سەدرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە خوجا-
بورھانىدىن ئالدى بىلەن ئاقسۇغا سوڭ ئۇچ-
تۇرپانغا باردى. بۇ يەردە يەرلىك جەڭلەر تەرىپىدىن
ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەتلەر بىلەن كۈتۈپ
ئالىندى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي خوجا بورھانىدىن-
دىن يەرلىك جەڭلەرنى ۋە ئاقساقاللارنى يىغىپ،
يەركەنت شەھرىگە يۈرۈش قىلىش ۋە يەركەنت خا-
نلىقنى تەختىن ئىلەلەش مەقسىتى بارلىقىنى ئېيتتى.
ئۇلشبۇ خوجا ئالدىدا يىغىلغانلارنىڭ بىرقىسمى ئېيتى-
چە يىتتە ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قارا خا-
غلىق خوجىلار قىرغىزلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە
ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، يەركەنت ۋە كەشقەر
قاقارلىق شەھەرلەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلىش ماقۇل
بولماسلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئاقسۇ ۋەلايىتى ھاكىمى
ئابدۇللا بەگ بىلەن خوتەننىڭ ئۆكسى ئۆچ تورپان
بەگى شەرىف ئەدىدىن خوجا يۇسۇپ مەزكۇر شەھەر-
لەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلىش لازىملىقىنى ۋە بۇ ئىشتا
چىن ئەشكەرلەردىن ياردەم ئالماق مەقسەتكە مۇ-
ۋاپىق بولۇشىنى سۆزلەپ، زورۇر بولسا، ئۆزلىرى ھەم
ئەسكەرت تۈزۈشكە، ھەمدە يۈرۈشكە قاتنىشىشقا

تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى [126-72- بەت].
ئەلۋەتتە بۇ ھەقتىكى مەلۇمات سىرساق-
لىپ خالقىنى يوق. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىمام قاراغلىق
خوجىلار ئۆزلىرى ئوخشاش رەقىب ھېساپلانغان ئاق
ئۇتتۇرۇشتا يەركەنت تەختىدىن قاغدۇرۇلغان ئاق
تاغلىق خوجىلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ خوجا بۇر-
ھان ئەد-دىننىڭ قاقسۇ ۋىلايىتىگە كىلىشى ئىنتايىن
خەۋپلىك ۋاقىيە بولدى دەپ بىلىشكەن. شۇنىڭغا
قارىغاندا، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندا ئاقتاغلىق
خوجىلارنىڭ پازىتسىيەسى دېيەرلىك كۈچلۈك
بولغان دەپ قاراش مۇمكىن. جەنۇبنىڭ ئاھالىسى
ئىچىدە مەخسۇس، يەركەنت خانى جاھان خوجا
(خوجا بۇرھان ئەد-دىننىڭ ئۆگىسى بىلەن ئىسمى بىرخىل)
مەزكۇر خوجا ئالە ئىسكەرلىرىگە قارشى 6 مىڭ كىشىنى
ئىمارەت قوشۇن ئۇيۇشتۇردى [67، 132/ - قۇاراق، 2- بەت].
يەركەنتلىكلەر قاقسۇغا يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ
قوماندانلىرى خوجا بۇرھان ئەد-دىننى ئادەم ئەۋە-
تىپ، بىرلىشىپ تۇرۇپ، چىنلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنى
تەكلىپ قىلدى. ئەمما خوجا بۇرھان ئەد-دىن بۇ
تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ. نەتىجىدە ئۇرۇشلىكى تە-
رەپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. بىرىنچى توقۇنۇش، قاقسۇدا
يۈز بەرگەن بولۇپ، 5 سىلەنچىكى مەزگىلدە يەركەنت-
لىكلەر ئۈستۈن كەلدى. لېكىن كىيىنراق خان جاھان خوجىنىڭ

قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى قىرغىزلار خوجا بۇرھان
ئەد-دىن تەرىپىگە ئۆتۈپ كىتىشى توپچىلى چەركەن-
لىكلەرنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى [67. 133-135-
ۋاراقلار]. سوڭ ئۇلار قەشقەرگە چېكىندى. خان
جاھان خوجا بىلەن خوجا بۇرھان ئەد-دىن لەشكەر-
لىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى توقۇنۇش 1755-يىلى
ئۆكتەبىر ۋە نويابىر ئايلىرىدا قەشقەردە يۈز بەردى.
بۇ توقۇنۇشتا، خارا قاغىلىق خوجا قوشۇنىغا قەشقەر-
لىكلەرنىڭ ئىلىنماسىغا بىنائەن خەرغاندى كە-
لگەن تۆۋەن-بىي قوشچى جاسچىلىقىدىكى قىرغىز
لەشكەرلىرى ياردەم بەردى. ئەمما، بۇ قىرغىزلار ئەم-
كەمچەك قارشى چىقىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن،
دەرھال خوجا بۇرھان ئەد-دىن تەرىپىگە ئۆتۈپ
كەتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئابدۇللا خوجا باشچىلىقىدىكى
قارا قاغىلىق خوجىلار قوشۇنى، قەشقەرنىڭ يېزا بە-
گەن جەڭلەرنە نەتىجىسى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.
ئابدۇللا خوجا جالا-چاقىلىرى ئاساسەن، قالغانلار قو-
تقان لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە چەركەنلىككە قې-
شقا مەجبۇر بولۇندى [95. 146-بەت].
قەشقەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، خوجا
بۇرھان ئەد-دىن ئۆز لەشكەرلىرى چەركەنلىككە قا-
راپ ئىلىپ ماڭدى. ئەمما، بۇ يەردە ئۇ زىيەت
قەشقەردىكىدەك تول كەلمىگەن. مەلى خەلق

-560-

قارا تاغلىق خوجىلارنى ھىمايە قىلىپ، قەشقەرنى
كەلگەنلەرگە قايتىش قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇ-
نىڭدىن كېيىن خوجا بۇرھان ئەددىنى ئالتە شەھەرنى
قورشاپ ئېلىپ، يەركەنلىكلەرنى ئاچ قالدۇرۇش
يولى بىلەن تەسلىم بولۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.
قورشاۋ ئۈچ ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۇلىشىپ
خوجىنىڭ قوشۇنى ھەم ئاچلىققا دۇچ كېلىدۇ. يەمەك-
ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە خوجا بۇرھان-
ئەددىنى ئادەملىرىگە يەركەنت شەھىرى ئەترا-
پىدىكى يېزىلاردا چاپايى دىھقانلارنى ئاشلىق ئېلىشقا،
ئەگەر بىرلىشىنى باش تارتسا، تارتىپ ئېلىشقا بۇي-
رۇق بىرىشكە مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە، خوجا
بىر تەرەپتىن، ئاشلىق مەسىلىسى ھەل قىلىشقا مۇ-
يەسسەر بولغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، دېھقا-
نلارنىڭ، بولۇپمۇ كەمبەغەللەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ غەزىپىنى
ئۇيغۇتىدۇ. يەركەنلىكلەر ئۇشبۇ ۋاقىيەنىڭ
ئالدىنى ئالالمىغان خان جاھان خوجا باشلىق قارا
تاغلىق خوجىلارغا ھەم خارلىق بىلەن قوغلىدۇ.
يەركەنتتە ھوجۇمقا كەلگەن ۋەزىيەتتە،
يەركەنلىكلەر ھەر خىل چارە-تەدبىرلەرنى كۆرۈشكە
باشلايدۇ. بەزىلەر خوجا بۇرھان ئەددىنى بىلەن كېلىشىشنى
تەكلىپ قىلسا، باشقىلار قورشاۋنى بۇزۇپ بىر جايدىن يېرىپ
چىقىپ كېتىشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. ئىككىنچى پىكىر تەرەپدار-

لىرى غازىيەگ جاشچىلىقىدا يېرىم كېچىسى ئىشەھەرنى
قورشاپ تۇرغان خوجا بۇرھانىدىن. دىن قوشۇنىغا
ھوجۇم قوزغۇلۇشتۇرۇۋدۇ. ئامما كۆپ تالاپەتلەرنى
كۆپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇدۇ. بۇلارنىڭ
كەينىدىنى قالغان چەركەنتلىكلەر ھەم ئىشەھەرنى
چىقىشقا ۋە خوجىدىن ئىلتىپات كۆرسۈتۈشنى سوراشقا
مەجبۇر بولۇدۇ. لېكىن كۆپ ئادەم خوجا بۇرھانىدىن-
دىننىڭ مىسىر ئىشەپقىتىگە سازاۋار بولالماي ھالاك
بولۇدۇ. خەلقلەرنى خېچىپ كەلگەن ئابدۇللاخو-
جا ھەم ئىشۇ قاتاردا ئەتىل قىلىندۇ [76.126-بەت]. ئىشۇ-
نىڭدىن كېيىن خوجا بۇرھانىدىن. دىن چەركەنت خا-
نلىقىنىڭ خاقىي قىلىپ ئالىندۇ.

ختاي مەنبەلىرىنىڭ كۆرسۈتۈشىگە قارىغاندا،
جەنۇبىي ئىشەرقىي تۈركىستاندا خوجا بۇرھانىدىن-
دىن بىلەن بىرگە بىچىن ئىشەھىرى قارا ئۇلۇسلىرى
ئەترىتىنىڭ باشلىقى (نىشۋىي) ئۇنۇۋانى بولغان تو-
لۇنتاي ھەم بىرگە ئىۋەتىلگەن. ئۇ قەشقەرگە
1756-يىلى كۈزدە يېتىپ كەلىدۇ. سوڭ ئۇ بىرىيل ھاۋا-
مىدا قەشقەردە بولغان ۋاقىيەلەرنى، بولۇپمۇ
خوجا بۇرھانىدىن. دىننىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە
جاۋخوىغا سۆزلەپ بېرىدۇ [64. 31-. 3-بەت، 9-11-
ۋاراقلار]. مانا ئىشۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چەر-
كەنتنىڭ خولغا ئېلىنىش ۋاقتىدا، ئوشبۇ خوجا ئامورسانانىڭ

ئادەملىرىنى ئۇچرىتىپتۇ، ئامما ئۇلارنى دەرھال ئۆلتۈرمەي ئۆز يېنىدا ساقلاپتۇ. 1756-يىلى 6-ئايدا (29-مايدىن 26-ئىيۇنغىچە) خىلىسنى خوجا بۇرھانىدىن-دىنىڭ ئۆكىسى خوجا بۇرھان ئادەملىرى بىلەن چېركەنتكە يېتىپ كەلدى [64، 32-دەپتەر، 3-ۋاراق]. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، خوجا جاھان ئالدىنى ئامۇرسانانى بىلەن بىرگە چىنلارغا قارشى كۆرەشتە قاتناشقان. كېيىنلىك ئۇلار ئار-ىسىدا قارىمۇ-قارشىلىق پەيدا بولۇپ، بىر-بىرىگە قارشى بولۇپ قالغان. مەزكۇر ۋاقىيەدىن خەۋەر-دار بولغاندىن كېيىن، خوجا بۇرھانىدىن-دىن ئامۇر-ساناننىڭ ئادەملىرىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇشبۇ مەلۇمات ئاساسىدا ئېيتىش مۇمكىنكى، خوجا بۇرھانىدىن-دىن، جاھانشا ئامۇرسانانىغا نىسبەتەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغان. لېكىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۆكىسى ئوتتۇرىسىدا نىزا كېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ ئۆز-ىنىڭ چىنلارغا قارشى كۆرەشكە يېتەكچىلىك قىلغا-نلىقىنى بىلگەندىن كېيىن چىن خاندانلىقىنىڭ ئارا-زىلىقىنى ئويغاتماسلىق مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئادە-ملىرىنى قەتل قىلدۇرغان.

تولۇنتاي جاۋخۇيغا جەنۇبىي شەرقىي تۈر-كىستاندىكى ۋاقىيەلەرنى سۆزلەپ بېرەر ئىكەن ئۇ « ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە قوزغىلىڭچىلىق ۋاقىيە

يۇز جەرگىنى يوق، ئۇ يەرگە كۆپ سانلىق قوشۇن
ئەۋەتمىسىمۇ بولىدۇ. يەرلىك خەلق بىزگە قارشى
بىرەر ھەرىكەت قوزغىمىسا، ئاساسى خەتەرلەر ئۇ-
لارنى تىنچلاندۇرۇشقا قارىتىش كېرەك. ئويراتلار-
نىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا ۋە
زەۋرىچە تاكوزۇشكە يول قويۇلمىسا، ئۇيغۇرلارنىڭ
زېمىنىغا پۈككەن نەغان سېلىقلارنىڭ ھەممىسى چە-
كلىنىدۇ، شۇ يىلى 12-ئاي داۋامىدا (1756-يىل
20-يانۋاردىن 17-فېۋرالغىچە) دىڭغانىيىلىك تۈپچۈن
ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىش تاپشۇرۇلسا، بۇ ئىش
تۈپچۈن خانت-ئولاق ۋە دىڭغانىيىلىك قوراللىرى ئا-
جرتنى مەجبۇرىيىتى بىرلىسا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى
سولىبەت تۈپچۈن ئىلىغا تەكلىپ قىلىنسا كېرەك
بولىدۇ » دەپ زىكىر قىلىنغان [66.32.3-4-ۋاراقلار].
تولۇنتاينىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ خوجابورھان خەد-
دىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ
خوجىغا نىسبەتەن قانداق چارە-تەدبىر قوللىنىدىغان-
لىقى ھەققىدىكى پىكرىنى بىلدۈرىدۇ.
1756-يىل باھاردا تولۇنتاي ھەلى ئىلىغا قايتىپ
كەلمىگەن چاغدا، چىن خاندانلىقى ئۇنىڭ تەقدىرى
ھەققىدە ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا يەنە
بىنىگە خوجاجاھاننىڭ ئىلىدىن قاچقانلىقى توغرىسىدا
مەلۇمات ئالغان ئىدى. شۇڭلاشقا چەنلوڭ خاقان،

ئەينى پەيتتە ئەرمىيە قوماندانى قىلىپ خايىنلارنىڭ
سىلىنىغا ۋە جاۋخويىغا ئۆچ تورپان جەڭلىرى بىلەن
ئالاقە باغلاپ، تولۇقتايىنلىق قەيەرنى ئىكەنلىكىنى،
خوجا بۇرخان ئەد. دىنلىق ئۆكسى بىلەن ئۇچرا-
شقاندىن كېيىن قانداق ئىش تۇتۇشنى بىلشنى بۇ-
يرۇدۇ [64.1/3-دەپتەر، 10-ۋاراق، 2-بەت]. ئۇنىڭغا بۇ
بۇيرۇقتا بىنا ئەخمەت جىن ئەرمىيەسى قوماندانى سىياس،
بۇرخان ئەد. دى ئالدىغا ئىچىتو، گودۇكى، تاكچىن،
ئەيشىنەي ۋە سىياۋخوتولاردىن ئىبارەت بىرگو-
رۇھ ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا بۇندىن كېيىن
ئۇلشبو خوجىلىق نىمە ئىشلار قىلىشى لازىملىقى ھەققىدە
تۈزۈلگەن بوغداخاننىڭ پەرمانىنى ئۆز قولىغا
تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە پەرمان مەزمۇنىنى تولۇشۇ-
ندۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان [64.33-
دەپتەر، 2-ۋاراق]. بۇيرۇقتا بىنائەن سىياسىنىڭ
ئادەملىرى بۇرخان ئەد. دى خوجا بىلەن ئۇچرىشىپ
ئۇنىڭ قولىغا ئالى پەرمانىنى تاپشۇرۇپ، سولىق مەز-
كور پەرماننىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بىردى.
چەخلوك خاقان خامدى بۇرخان ئەد-
دىنگە ئەۋەتكەن پەرماندا، ئۇلشبو خوجىلىق
ئۆكسى خوجا جاھانگىر بىلەن بىرگە سىياسى ئالدىغا
بېرىپ، ئۇلارنىڭ جىن ھۆكۈمىتىگە تولەيدىغان سىلىقىنىڭ
(ئولپاننىڭ) ھەجمى، ۋاقتىنى، ئىشلىرىنى ئىبارەت

بولۇشى ۋە باشقا شەرتلىرى كۆرسىتىلىشى لازىملىقى،
ئىلى ۋىلايىتىگە دەخلىچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئادەم
ئەۋەتىش كېرەكلىكى ۋە ئامۇرسانانىڭ ئۇلار
ئالدىغا ئەۋەتكەن ئادىمى دانشى مۇڭكىنى قولغا
ئېلىپ، ئاقسۇدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان
شەرتلىكى ئېيتىلغان [67.33-دەپتەر، 5-6-ۋاراقلار].

سېلىنىڭ ئادەملىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، خوجا گەرچە سېلىق مەسىلىسىدە قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامۇرسانانىڭ ئادىمىنى قولغا ئېلىش مەسىلىسىدە، ئۇ ئۆزى بىلگەن بويىچە تۇتۇپ ئۆزى قويۇۋەتكەن [67.33-دەپتەر، 6-ۋاراق]. بۇ ۋاقىئەنى سېلىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، خوجا بۇرھان ئەد-دىننىڭ بوغدىخاننىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقىدىن ئەيىبلەيدۇ.

خوجا بۇرھان ئەد-دىننىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى بو-
لۇيمۇجاۋخۇي قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇ 1756-يىلى 8-ئۆكتەبىر كۈنى («چىڭ شى گاۋ» چىن
سۇلالىسى تارىخىنىڭ خام نۇسخىسى - خاملىق خىتاي
مەنبەلىرى ئاساسىدا كۆچۈرگەن 1756-يىلى 3-دېكابىردا
ئەۋەتىلگەن دەپ يېزىلىدۇ [58. 1-توم، 76-بەت].)
جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت
بولغان ئەترەت ۋە 3 مىڭ نەپەر ئويرات لەشكەر-
لىرى بىلەن كۆك جايىراقلىق مانجۇر قوشۇنى جايلاشقان

-566-

ئامىدائونى (ئەمىندەر، ئامستو) ئىۋەتىدۇ [42، 1-
توم، 316-بەت]. ئامىدائوغا يول باشلىغۇچى خەلپ،
جوڭغار خانلىقى ۋەزىرى (جارغۇچى) بولغان شۇقشىبۇرغا-
نى ۋە ئۈچ تۇرپانلىق ئاداي مۇھەممەت بەگنى ھەم
سەبەرگە ئاتلاندۇرىدۇ. جاۋغۇي ئامىداۋغا ئۇي-
غۇرلارنى تىنچلاندۇرۇش يەنى ئىتائەتكە چاقىرىش،
قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى جازالاش، يەرلىك مە-
مۇرىيەت زېمىستكە ھەرخىل ئولپان تۆلەپ تۇرۇشنى
پۈككەش، ھەل ئايتىپ جارىمغان تولۇنتەيى تېپىش،
ئافسۇ ۋە كۈچار ھاكىملىرى زېمىستغا تولۇنۇدىغان
ئولپاننى تۇرپانغا ياكى ئىلىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى
ئارتىش، خوجاجاھاننى ئىلىغا بېرىشقا مەجبۇر قىلىش ۋە
ئىلى ۋىلايىتىگە دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش
ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرغان [67، 31-دەپتەر، 15-12-ۋاراقلار،
33-دەپتەر، 7-ۋاراق].

يەنىلىك جاۋغۇيلىك بۇلەردىكى ھەقىقەت
ئاڭلاپ مەمنۇنلۇق بىلەن «جاۋغۇي ئۇيغۇرلار يۇر-
تىغا قەدەم ئۆرنىتىش ئۈچۈن ئامىداۋنى ئىۋەت-
كەنلىكى ھەققىدە مەختۇپ يېزىپتۇ. ئۇ توغرا
ئىش قىپتۇ... جاۋغۇي ئىنتىياتچانلىق بىلەن
ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئىنتايىن جاھىل قارشىلىقلارنى
جازالاش ئۈچۈن ھەرگىز ئىەۋەتىش لازىم، كۆڭۈلسىز
ۋاقىيەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەممە مەسىلىنى توغرا ھەل

قىلماق كېرەك» دەپ جاكالىغان [32.67 - دەپتەر،
6 - ۋاراق].

ئەينى پەيتتە بېجىنگە خوجا بۇرھانىددىن
نىڭ ئەلچىسى شانىياز بېگ كەلدى. ئۇ بوغداخاننىڭ
بەرگەن تەختنى ئىگەللەشتە ياردەم قىلغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇششۇ خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئۆكسى ئاھمەدنى
مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەكتۇبىنى تاپ-
شۇردى. ئەپسۇسكى خاتاي مەنبەلىرىدە شانىياز بىلەن
بوغداخان ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەپچىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە
خوجىنىڭ مەكتۇبى كەلتۈرۈلمەيدۇ. ئېھتىمال ئۇششۇ
مەكتۇب خاتاي ئارخىپلىرىدا ياتقاندۇر. ئامما شۇ-
نىسى ئەنىقكى، چىن خاندانلىقى چاۋخوينىڭ كە-
لگەن مەخپى مەلۇماتلار بىلەن شانىيازنىڭ
سۆزلىرىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن مەكتۇب مەزمۇ-
نىنى سېلىشتۇرغان ھالدا، خوجا بۇرھانىددىن
بىلەن ئۇنىڭ ئۆكسى خوجاجاھان بىزدىن قورقىدىكەن،
بۇنىڭدىن پايدىلانماسلىقىمىز لازىم دېگەن خۇلاسىگە
كەلدى ۋە كېيىن خوجىنى خەۋپلىك ئادەم دەپ بە-
لىپ، ئۇنى خاندانلىق قىلىپ بولسا ھەم بېجىنگە كېلىشكە
ۋە جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكىلەرنى ئۆلپان تۆ-
لەشكە مەجبۇرلاشنى لازىملىقنى بىلدۈرىدۇ [66.
33- دەپتەر، 2- ۋاراق].
چىن خاندانلىقىنىڭ خوجاجاھاننى بېجىنگە

مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىشكە ئىنتىلىشىنىڭ ئاساسەن ئىككى سەۋەبى بولغان:

1) يەركەنتتىن بېجىڭگە ئەلچى كېلىشىدىن ئاۋۋال، چەخلۇڭ خاقان خوجا بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان ئوتتۇرىسىدا، چىن ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە يەركەنت خانلىقى قانداق ھوقۇققا ئىگە دۆلەت بولىشى لازىملىقى مەسىلىسى بىرخىل كۆز قاراش يوقلىقى، ھەمدە چوڭ خوجا چىن ئەرمىيەسىنىڭ ياردىمى ھېساپىغا ئالغان ھالدا، بوغدا خاننىڭ ئەمرىگە قارشى چىقماي ئىشى تۇتۇش پىكرىدە ئىكەنلىكى، كىچىك خوجا بولسا، يەركەنت خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلىش ۋە چىن سۇلالىسىغا تابىئە قىلىپ قويۇشقا يول قويماسلىق غايىسى ئالغا سۈرۈۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالغان [«33.67-دەپتەر، 6-ۋاراق، 2-بەت؛ 1.42-توم، 313-بەت]؛

2) يۇقۇرىدا ئەيتىپ ئۆتۈلگەندەك، خوجا بۇرھانىددىن ئېلىدىن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا كەتكەندىن كېيىن، خوجا جاھان ئامۇرسانانى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، چىڭلارغا قارشى كۆرەشكە قاتناشقان. بۇ ھەقتە بېجىڭگە قاتار مەلۇماتلار يېتىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن چىن خانداندىقى خوجا جاھاننىڭ ئاكىسى يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنى خەۋپلىك شەخس دەپ

بىلىپ، دەرھال بېجىڭگە ئەلچى كېتىشنى لازىم دەپ تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بوغداخان ھەربىي كېڭەشتە كىچىك خوجىنى بوغداخان ھوزۇرىغا چاقىرىش ۋە چوڭ خوجىدىن ئۆلپان ئېلىپ قېلىشنى ئاساسىي مەسىلە دەپ بىلىش لازىملىقىنى، ئىلىغا دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشنى ۋاقىتىنچە قالدۇرۇپ تۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە پەرمان بەردى [67، 33-دەپتەر، 8-ۋاراق].

خىتاي مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، خوجا بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھان چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ھېساپقا ئالغان ھالدا ئىش تۇتقان. ئەمما، كىچىك خوجا ئاكىسىنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن تىل تېپىشقا ۋە زۆرۈر بولسا، ئۇنىڭغا تابىئە بولۇش نىيىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك دېگەن پىكرىگە قەتئىي قارشى چىققان ۋە ئۇ ئۆز پىكرىنى، ئەگەر بىز بۇنداق يول تۇتساق ئىككىمىزنىڭ بىرىمىز بېجىڭگە بېرىپ گەرۋە تەرزىدە تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئۇ ھالدا بىز جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇپ ئالىمىز دەپ، چىڭلار قولىغا چۈشۈپ قالىمىز، بىزنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتمەيدۇ دەپ ئىسپاتلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ بىلەن بىرگە خوجا جاھان ئاكىسىغا ھازىر جۇڭغار بۇرۇنقى قۇۋۋىتىنى يوقاتتى، چىڭ ئىمپېرىيەسى ئۇزاقتىن. ئۇزاقتا كۆپ سانلىق

ئەرمىيە ئۆتەلمەيدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە يەركەنت
خانلىقى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قې-
لىش قىيىن ئەمەس دەپ قەتئىي ئېيتالەيدۇ. نەتىجىدە ئۇ
ئاكىسى چىن تۆمۈرنىيەسىگە قايتا بولماسلىققا
ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا كۆندۈرىدۇ
[203، 178-بەت].
جاۋخۇيېنىڭ بېرىلگەن ئۆتكەن مەلۇماتلىرىغا
قارىغاندا، 1956-يىلى 25-ئۆكتەبىر كۈنى ئۇ ئۆتكەن
ئامىداۋ ئۆزگەرتىش بىلەن كوچارغا يېقىنلىشىپ كەلدى.
بۇ يەردە ئۇ مۇزارت دەرياسى (مۇزئۇ ئەرخى) يېنىدا
ئابدۇ ساتتار باشچىلىقىدا بىر مىڭ كىشىدىن ئىبارەت
ئەترەت جانلىقى ۋە ئۆچ تورپاندا خوجاجاھان قو-
ماندانلىقىدا 3-4 مىڭ كىشىدىن تەشكىل تاپقان قوشۇننى
جايلاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالدى. سولتان
ئامىداۋ كوچار ئۇيرات قوشۇننىڭ يېرىمىنى كوچارغا
ئۆزە ئىدى [33، 64-دەپتەر، 10-11-ۋاراقلار]. بۇ-
قۇرىدا ئامىداۋ ئىختىيارىغا بېرىلگەن ئۇيرات قو-
شۇننىڭ سانى 3 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى
ئەيتىپ ئۆتكەن ئىدى. دېمەك كوچارغا ئۆتكەنلىكىنى
ئۇيرات لەشكەرلىرىنىڭ سانى بىر يېرىم مىڭ كىشىدىن
ئىبارەت بولغان. ئامىداۋ بولاردىن قاشقەرى 30
ئەپەرمانجۇر، چاقار ۋە سولون لەشكەرلىرى ھەم
كوچارغا ئۆزە تىدۇ. كوچار شەھرىنىڭ ئەتراپىدا ئامىداۋ-

نىڭ ئويرات لەشكەرلىرى يەرلىك خەلقنىڭ مال-مۈ-
لۈكىنى تالان-تاراج قىلىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەر
بۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. جاسان باسقۇنچىلىقتىكى
ئويراتلار قارشىلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلار بىلەن
ئۇرۇش قىلىپ 40 تا يېقىن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.
سونىڭ ئامىداۋنىڭ ئادەملىرى كۇچار شەھىرىنى قورشاپ
ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېقىن كۇچارلىقلار
ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت كۆرىدۇ. ئامما چاپقۇنى قوزغال-
لانغان ئاتلىق چوڭ لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي
شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىپ، قېلىپ ھىمايىگە ئۆ-
تۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئامىداۋ كۇ-
چارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئەتراپتىن ياردەم كېلىپ
قالىشىدىن قورقۇپ، كۇچارلىقلار بىلەن كېلىشىپ ئورۇ-
نۇپ كۆرىدۇ. بىز بويىچە ئورۇشۇش ئۈچۈن تە-
مەس بەلكى تېنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىز
دەپ كۇچارلىقلارنى ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئامما
كۇچار شەھىرى يېقىندا بولغان قانلىق ۋاقىيەنى
كېيىن، ئامىداۋنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ھېچ قانداق
نەتىجە بەرمەيدۇ،

كۇچارنىڭ قازان بېگى خوداجەردى ئا-
مىداۋنىڭ ئۆتۈنگەن ئەلچىسىگە، بىز ئويراتلار
بىلەن كۆپتىن بېرى رەقابەتلىشىپ كېلىۋاتىمىز،
ئۇلارنىڭ كۇچارغا كېلىشى بىزنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بىز قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدۇق. خامىداۋ قالدە بىلەن سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كوچاردىنى ئادەملىرى ئىلىپ كەلتۈرۈن ۋە ئۆيىرات لەشكەرلىرى بولاپ-تالاپ قالغان نەرسىلەرنى، ئات ۋە تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ بەرسۇن دەپ تەلەپ قىلدى [64. 33-دەپتەر، 11-12-ۋاراقلار].

كوچار بېگىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن خامىداۋ شەھەرنى قورشاپ تۇرغان قوشۇننى ئاقسۇغا قايتۇرۇپ، بارلىق ئۆيىرات لەشكەرلىرىنى ئىلىغا يولغا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كوچارلىقلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، خامىداۋنى 100 نەپەر لەشكەرلىرى بىلەن ئىچكىرىگە كىرگۈزۈشكەن [64. 33-دەپتەر، 17-ۋاراق؛ 57. 6-توم، 40002-بەت].

جاۋخۇي ئۈشبۇ ۋاقىتىيەدىن خەۋەر تاپقاچ دەرھال بۇ ھەقتە بېجىڭغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ خامىداۋنىڭ ھەرىكىتىدىن تەشۋىشتە ئىكەنلىكىنى ۋە يۈز كىشىدىن ئىبارەت كىچىك بىر ئەترەتنىڭ مەھەللى خەلقنى ئىتائەتكە مەجبۇر قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كوچارغا كۆپ سانلىق ئەرمىيە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. خامماچەنلۇڭ خوجا بۇرھانىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، جاۋخۇيغا ھازىرچە جەنۇبىي شەرقىي

-573-

تۈركىستاندا ئۆزە تمەلستى، پەقەت يەرلىك بەگلەرنى
بوغدا خانغا ئىشلەتكەت قىلشى تەلەپ قىلىش كوچايە
بولۇدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن [ 33.67-دەپتەر، 10-14-
ۋاراقلار]. ئەسلىدە چىن خاندانلىقى بۇ يەيتدە،
شىمالى تۈركىستاندا سەلى قازاقلىق ھەرىكەت داۋام
قىلۋاتقانلىقىن خەۋەردە تۇتۇپ، ئەگەر كوچار خەرىكە
ئەرسىيە ئۆزە تلسە، ئۇيغۇرلار لەم قارشىلىق كور-
سوتۇپ، ئۇيراتلار بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشىدۇ
دە بۇ ھەرىكەت دائىرسى كەڭىرىپ كېتىشىدىن قورققان.
1759-يىلى 2-ئىيول كۈنى يەنى قامىدا ۋە كو-
چار شەھرىگە كىرگەندىن كېيىن، 8-ئاي ئۆتكەندىن كېيىن
بىچىگە ئۆننىڭ ھالاك بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، چىن خاندانلىقى كوچاردا يۇز بەرگەن
ۋاقىتيەنى ۋە ئۇلشۇ چىن سەردارىنىڭ قانداق ئۆلگەن-
لىگىنى بىلىپ كىلىش ئۈچۈن بوگورگە بىرنەچچە كىشى
ئەۋەتدى. بۇلار بوگورگە جارغاندىن كېيىن ساتقۇالدى
قامساقال ئىسلەك بىركىشى تۇتۇپ كىلىپ، قىيناق
بىلەن سوراق قىلدى. سوراق جەرياندا مەزكۇر خە-
ەيرىس «ئىككى خوجا قامىدىكى ئۆلنى 100 نەچچە
لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە كوچاردا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكەن
ئىدى. 3-ئايدا (18-ئاپرېلدىن 17-مايغىچە) كوچار
بىگى خوجا بەردى ۋە نىيازبەگ قامىداۋغا مەخپى
رەۋىشتە خوجىلارنىڭ، چىن لەشكەرلىرى يوق قىلىپ

-574-

تاشلاش نىيىق جارلىقنى ئېيتقان. بۇنى ئاڭلاپ
ئامىياۋ ئادەملىرى بىلەن شەھەردىن قېچىپ چىقىپ
30 نەچچە ئۈيغۇرنى ئۆلتۈرۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خو-
جىلار ئامىياۋنىڭ كەينىدىن 300 كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى
ۋە ھەممە ئادەملىرىنى يوق قىلىپ تاشلاشتى. ھازىر
خوجىلار 2 ماڭ لەشكەر يىغىپ، بويۇك ئەرمىيەگە
قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئا-
مىياۋغا ئوخشاش يازغان خۇدا بەردى ئەتىل قىلىندى»
دەپ سۆزلەپ بەرگەن [67. 39-دېبەر، 47-ۋاراق،
2-بەت-28-ۋاراق 1-بەت].

بۇگۈرلىك ساتۇۋالدى ئېيتىپ بەرگەن ۋاقىئەگە
ئېتىبار بېرىدىكەنمىز، ئىككى مەسىلىگە ئالاھىدە
نەزەر سېلىپ كۆرۈش لازىم:

1) خۇدا بەردى بەگ بىلەن نىياز بەگنىڭ،
خوجىلار ئامىياۋنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بولغانلىقى
ھەققىدە، ئۇلىشىپ چىن سەردارىغا يەتكۈزگەن مە-
لۇماتى ھەققەتەن ياكى مەلۇم بىر مەقسەتتە
ئويلاپ چىقىلغان توقۇلما گەپمۇ، خوجىلار بېجىڭگە
ئەلچى ئەۋەتكەن ۋە بۇ ئەلچى ھېلى قايتىپ كەلمىگەن
بىر مەزگىلدە، ئۇلار ئامىياۋنى ئۆلتۈرۈشنى مۇمكىنمىدى،
ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەستى.

2) ئامىياۋ مەزكور چارلىق بەگلەرنىڭ مە-
لۇماتىنى ئەكسىچە كۆرمەستىن، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ،

-575-

ئۇزى شەھەردىن قېچىش بىلەن بىرگە بىرىنچى بولۇپ
30 كىشىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ قىلمىشى بىلەن ئۇ ئۆز تە-
غدىرىنى ھەل قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئىدى كېيىن خوجىلار
ئۇنىڭ كەينىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنى جازالىغان.
ئامىدا ئۇنىڭ كوچارغا يېقىنلاشقاندا، قول ئاستىدىكى
ئويرات لەشكەرلىرىگە يەرلىك خەلقنىڭ مۈلكىنى
تالاشقا ۋە 40 قا يېقىن ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە
يول قويغانلىقى، ئەلبەتتە ئۇنىڭ جىنايىتىنى تېخىمۇ
ئېغىرلاشتۇرغان.

ئامىدا ۋە ئۇنىڭ كوچار ۋىلايىتىدىكى ھەرىكەتلىرى
ئاساسىدا، خۇلاسە قىلىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، رەسمىي
خاني ھەنبەلىرىدە ۋە كۆپلىگەن خاني تارىخى
ئەسەرلىرىدە، ئامىدا ۋە كوچارغا خوجىلاردىن ئۆلپان
تۆلەشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى.
ئاكا-ئۇكا خوجىلار ئۆلپان تۆلەشتىن باش تارتىپ،
چىن ئەلچىسى ئامىدا بىلەن ئۆلتۈرگەن دەپ
كۆرسىتىلىدۇ، ھەقىقەتتە بۇ توغرىلىق توغرا كەلمەيدۇ.
ئۇنىڭ بېشىغا چازغان ھەكتۇبىدە، شىمالىي
شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەرمىيەسى قوماندانى
چىڭگۇنجاب، ئامىدا ۋە ئۇنىڭ كوچاردا ھالاك بولغان-
لىقىنى خوجىلار تەرىپىدىن قىلىنغان ئېغىر جىنايەت
دەپ قارا كۆرسىتىپ، بۇغداخاندىن ئۇلارنى جازالاش
ئۈچۈن ئەرمىيەنىڭ بىر قىسمىنى كوچارغا ئەۋەتىشكە

ئىجازەت سورايدۇ ۋە يەركەنتكە بىر گورۇھ ئايغاق-
چىلار ئەۋەتىپ كېلىشنى ئېيتىدۇ. گەرچە چىن
خاندانلىقى چىڭگۇ ئەجابىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان
بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى ھازىر ئەمەلگە ئاشۇرۇش
مۇمكىن ئەمەس، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا چە-
قەت جۇڭغارلارنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلار-
نىڭ زېمىنىنى تولۇق ئىگەللەپ ئىشلىغاندىن كېيىن،
ئەرمىيە ئەۋەتىش لازىم دەپ، ئوشبۇ چىن ئەرمىيەسى
قوماندانىغا ۋاقتىچە بۇ ئىشنى توختىتىپ تۇرۇش
ھەققىدە پەرمان بىردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەنۇبىي
شەرقىي تۈركىستانغا ئەرمىيە ئەۋەتىشنى ۋاقتىچە
مەخپىي ساقلاش لازىم. ئەگەر ھالغا چەرلىك خەلق
ۋاقىپ ئالدىنى ئېلىش مەخسىتىدە، ئويراتلار بىلەن
بىرلىشىپ، بىرگە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن، ئۇ ھالدا ئىشىمىز
مۇرەككەپلىشىپ قالىدۇ دەپ، ئەگەر يەنە بىجەندىن
قايتىپ كېتىپ بولغان، يەركەنت ئەلچىسى شانىيازنى
يولدا تۇتۇپ قېلىشنى ۋە مەخسۇس بۇيرۇق بولغىچە
ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى [39.64-بەت،
28-30-ۋاراقلار].
چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ يەركەنت خانلىقىغا
نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتى ھەققىدە سۆز يۈرگەندە،
ئۇنىڭ خوجا جۇرغان ئەدەبى بىلەن خوجاجاھان
ئوتتۇرىسىغا نىزا تۇغدۇرۇپ، بۇلارنى بىر-بىرىگە قارشى

ئىشلىتىشكە ھەرىكەت قىلغانلىقى ھەققىدە ماۋجۇت
مەلۇماتلارغا توختاپ ئۆتۈش لازىم. يېڭى تېپىلغان
رەسمىي ھۆججەتلەردە، جۈملىدىن، بوغداخاننىڭ پەي-
گوڭجاڭغا ئەۋەتكەن پەرمانلىرىدا كەلتۈرۈلگەن
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1759-يىلى 19-فېۋرال كۈنى
چەنلوڭ ئۇششۇ ئەمەلدارغا جوڭغارلارنىڭ مىللىي
ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش ۋە زېمىنىنى
تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە چەركەنت خانلىقىغا، جۈ-
ملىدىن، يەكەندىكى ھاكىمىيەتكە كەلگەن ئاكا-ئۇكا
خوجىلارغا نىسبەتەن قانداق سىياسەت تۇتۇش ھەق-
قىدە، ئەينى پەيتتە چىن خاندانلىقىغا خىزمەت قىلىۋا-
تقان تۇرپان ھاكىمى ئىمىن خوجا بىلەن مەسلە-
ھەتلىشىپ كۆرۈشنى بۇيرۇدۇ. شۇ بىلەن بىرگە خوجا
بورھانىدىن ۋە خوجا جاھان ئالدىغا جاسۇسقا-
جاسۇسقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چىن خاندانلىقى
نىيەتلىرى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرى-
نى بىلىپ كۆرۈش لازىملىقىنى ۋە ئىلاجى بولسا، ئۇ-
لارنى ئۆزلىرىنىڭ چىن ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن
قانداق ئىش تۇتۇش كېرەكلىكى ھەققىدە ھەر-خىل
پىكىر بارلىقىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا، ئاكا-ئۇكا
خوجىلار ئۆزلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇشقا ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئەيتىدۇ [64،
33-دەپتەر، 32-ۋاراق، 2-بەت]. مەزكۇر پەرمانغا

بىنائەن چىڭگۇنجاب ئىسىن خوجىغا ئاكا-ئۇكا
خوجىلارغا خەت يېزىپ ئىشەنچلىك ئادەملەر ئارقىلىق
ئەۋەتىشنى تاپشۇرىدۇ. بۇ پەيتتە چەركەنتتىكى خا-
يىتىپ كەلگەن تۇلۇنتاي بىلەن ئۇ ئىشلىيۇنى لۇ-
بىۇردىكى خوتەن ئارقىلىق يەركەنتكە بارىدىغان
جەنۇبىي يول ئارقىلىق خوجا بۇرھانىددىنغا ئۇنىڭ
ئۇكىسى ئاللىدىغا بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى
ئىسىن خوجىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بېجىدىن قايتىپ كەلگەن
ئەلىبى شانىيازنى ھەم بۇلار بىلەن ئەۋەتىپ، چەنلۇڭ-
نىڭ پەرمانىنى خوجىغا تاپشۇرۇشنى ئەيتىدۇ [67. 37-
بەت، 1-9-ئابزاق]. ئامما چىڭگۇنجابنىڭ ئادەملىرى
يەركەنتكە كەلىپكە ئۆتكۈزۈلمەستىنلىكى تۈپەيلىك
شانىيازنى ئېلىپ يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىدۇ.
بۇ ھەقتە يېڭىچە خەۋەر يارغاندىن كېيىن چەنلۇڭ
چىڭگۇنجابقا مەخسۇس بۇيرۇق يارغاندىن كېيىن
شانىيازنىڭ ئۆزىنى ئەۋەتىشنى بۇيرۇيدۇ [67. 38-
بەت، 30-ئابزاق].

ئەينى چاغدا چەنلۇڭ ھەربىي كەڭەشكە
مۇراجىئەت قىلىپ، «بولۇپمۇ (خوجا بۇرھانىددىن)
ۋە خوجىجان (خوجا جاھان) ئاكا-ئۇكىلار خاھايتى
خوپ ئەتكەن. ئامما خوپلۇقتا خوجىجان ئاكىسىدىن
ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ئۇلار ئەمما ئاشكارلىق بىلەن كېلىشنى
ماقۇل تاپمايدۇ، دېمەك، ئۇلارنىڭ جاسۇسلىق نىيەتلىرى

-579-

بار. شۇڭا ئەۋەتىپ ئۇلارنى قولغا ئېلىش لازىم
ئىدى. لېكىن ئۇيراتلارنى بويسۇندۇرۇش ئىشى ھەل
بولغانىدى، ئۇلار ئۇيراتلارغا ھەم ئىتتىپاقداشتەك قىلىۋا-
تقانلىقى يوق. ئەگەر ھازىر قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلار-
دىن ئۇيراتلارغا ئىتتىپاقداش قىلىشنى تەلەپ قىلسا،
ئېھتىمال ئۇلار يەنە ئۇيراتلارغا قارشى كۆرۈشىدۇ، ياكى
ئۇلارغا ئىتتىپاقداش قىلىشنى ماقۇل كۆرىدۇ. نەتىجىدە
بىز ماقۇل بولمايدىغان بىرەر ۋەزىيەت يۈزەگە كېلىپ
قېلىشى مۇمكىن. ياخشىسى كۈتۈپ تۇرۇش ماقۇل. ئۇي-
راتلارنى ئىتتىپاقداش قىلىۋېلىش ئىشىمىز چەكلەن-
گەندىن كېيىن، شانىيازنى ئالىي پەرمان بىلەن بولۇ-
نىدۇق ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئۇ قارىقىلىق ئۇلارنى بېقىنىپ كېلىشنى
ئەكېلىپ قىلىش كېرەك، سوراڭ ئۇلارنى يولدا قولغا
ئېلىپ، سارايغا ئېلىپ كەلگەن ماقۇل. ئەگەر ئۇ-
بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسا، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇ-
لارنى يوق قىلدۇرىمىز» دەپ جاكارلىدى [38.64-
دەپتەر، 30-ۋاراق، 1-2-بەتلەر].
چەنلۇڭنىڭ ئۇشبۇ كۆرسەتمىسى ئەينى كۈر-
سىتىپ تۇرۇپتىكى، 1759-يىلى يازنىڭ بېشىدا چىن
خانىدانلىقى جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىلىۋېلىش
قولغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەن خۇلاسىغا
كەلدى. ئەمما، ئۇشبۇ ئۈلكىنى ئىگىلىش بىلەن قولغا كە-
لتۈرۈش ئىشى پەقەت جۇڭغارىيەدىكى مىللىي ئازاتلىق

ھەرىكىتىنى جاسۇرلۇپ بولغانلىقى باشلاش مۇمكىن دەپ ھېساپلايدۇ، ئەكس ھالدا ۋەزىيەت قول كەلمەسلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئا- ساسىدا، تۆۋەندىكى خۇلاسىلەرنى ئېيتىش مۇمكىن:

1) جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى ئۇرۇش- سىز بويسۇندۇرۇش غايىسى، چىن ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىدىكى چىن خوشۇنلىرى ئىلى ۋىلايىتىگە بىرىنچى قېتىم قەدەم قويغاندا پەيدا بولغان. ئۇشبۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈچۈن ۋەسىلىپتا، چىنلار بارات خوجىنى ئىشلەتمەكچى بولغان ئىدى. ئىلى ۋىلايىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتى ھا- كىملىقى تەكلىپكە كۆرە مەزكۇر مەنسەپ ئۈچۈن، چىن ھۆكۈمىتى خوجا بۇرھان ئەد-دىننى ئىشلىتىشكە قارار قىلدى.

2) يەركەنت خانلىقىنى ئىتائەتكە چاقىرىش مەسىلىسى. ھەمكارلىق قىلىش مەسىلىسى بويىچە چىنلارغا خوجا بۇرھان ئەد-دىن بىلەن خوجا جاھان ئەمەس، بەلكى، ئەشقەرلىق بارات خوجا بىلەن ئۇ- نىڭ ئۇكىسى يەركەن خوجاغا مۇراجەت قىلىشقان.

3) خوجا بۇرھان ئەد-دىن يەركەنت تە- ختىگە ئولتۇرغاندىن، چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىختىلاپنى ئۆچۈرۈپ بىرىنچى ئەلچى ئەۋەتتىدۇ.

لېكىن چىن خاندانلىقى خوجىدىن ئولپان مەسىلىسى
دە تەقىلاشنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى بىلەن بىرگە ئالدىن
چىن ئەرمىيەسى قوماندانى ھوزۇرىغا كېلىشنى،
ئۇلارنى بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدۇ، چۈنكى
خوجاجاھان ئىلىدا چىڭلارغا قارشى كۆرەشتە قا-
تناشقانلىقىنى ھېساپقا ئېلىپ ئۇنى خەۋپلىك
ئادەم دەپ بىلگەن،

4) خوجاجاھان بېيجىڭغا بېرىشتىن باش تارتتى،
چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىدىكى پاجىئەلىكتىن كېلىپ چىقىپ،
بوغداخان ھوزۇرىغا بېرىشنى خەۋپلىك دەپ
ھېساپلايدۇ،

5) خوجابۇرھان ئەدەن ئىنىسىنىڭ ئەلچىسى
بېيجىڭغا بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ ھاكىمىيتى بىلەن چىن
ئەمپىرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ھەل بولمايدۇ، ئۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئەيتىش مۇمكىنكى، ئۇشبۇ خوجىلارنىڭ تەكلىپ-
لىرى چىن خاندانلىقىنىڭ قويغان تەلەپلىرىگە
توغرا جاۋاپ بەرمىگەن،

6) كوچار چىن سەردارى ئامىدا ئۇنىڭ ھالاك
بولۇشىغا ئۇنىڭ ئۆزى سەۋەپچى بولغان، لېكىن چىڭلار-
نىڭ رەسمى خاراكتېردىكى ئەسەرلىرىدە بو ھەققىدە
ئەيتىلمەستىن، خوجىلارنى ئەيىپلەپ جاۋاپ قىلىشقان،
بو ئەھۋال كېيىنكى دەۋىردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ياز-
غان ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكىس ئېتىلگەن.

## 2.4. 1758-1759-يىللاردىكى چىن ئەرمىيەسىنىڭ يەركەنت خانلىقىغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى.

چىن ئەمپېرىيەسىنىڭ 1758-1759-يىللىرى ئەمەلگە ئاشۇرغان يەركەنت خانلىقىغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇشبۇ خانلىقنىڭ يوق قىلىپ تاشلىنىشى، مەركىزى ئاسىيا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخىدا نىسبەتەن كۆپىراق ئۆگىنىلگەن مەسىلە ھېساپلىنىدۇ. ئۇشبۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتا رۇس ئالىملىرى ل. ي. دۇمان، ب. پ. گورېۋىچ، ۋ. س. كۇزنېتسوۋ، ئۆزبېكىستان ئالىمى م. قۇتلۇقوۋ قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئامما جۇڭلارنىڭ تەت-قىقاتلىرىدا مەسىلە تولۇق ۋە ئەتراپلىق يورىتىلمەي قالغان. بولۇپمۇ، مەسىلىگە ئائىت چىن خاندان-لىقىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرى، چىنلارنىڭ ئۆز مەقسەت-لىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ئاپپازىيىشتۇرغان كۈچلەرنى پايدىلىنىش ھەمدە چىنلارغا قارشى ھەرىكەتنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا تار-تىلغان چارە-تەدبىرلىرى، ھۆججەتلەر ۋە دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىلمەي قالغان. خوجا بۇرھانىددىن بىلەن

-583-

خوجاجاھان بۇ ئاقسۇ ۋىلايىتى ھاكىمى ئابدۇللاخان
بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى ئۆمەر تۇرپان بېگى شەرەف خوجە-
دىن خوجا يۇسۇپنىڭ ئولتۇرۇشىدا كېلىپ چىققان ئىززا-
نىڭ سەۋەبى بۇ ئىشتا چىن خانلىقىنىڭ قولى
بارلىقى، قاتار ۋەقەلەرنىڭ ئەينى ۋاقتى تاتارلىق
مەسىلىلەر ھەم كۆرسىتىلگەن ئاساسلار بۇ تەتقىقاتتا
يېشىلمەي قالغان ئارخىپ ۋەقەلىرى تارىخقا كىرىدۇ.

مەزكۇر ئاپاق خوجىلىق ھەرىكەتلەر تەتقىقات-
ىمىزنىڭ كىرىش قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان خىتاي ئار-
خىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم ئېتىبارسىز چەتتە
قالغان. ئەمما خىتاي ئالىملىرى ئوششۇ مەسىلىنى
يورۇتۇشتا، شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى مە-
نپەئىتىدىن ئەمەس، بەلكى خىتاي دۆلىتى مەنپە-
ئەتىدىن تۇرۇپ قاراشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇ-
لارنىڭ ئوششۇ مەسىلىگە بەرگەن باھاسى بۇ ئۆز
پىكىرلىرى دەلىللىنى ئۈچۈن كەلتۈرگەن پاكىتلىرى
بىزنى تولۇق قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان
ئاپاق خوجىلىق سىياسىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ بەرگەن
بۇ ھەرىكەت خانلىقىنى يوقاتقانلىقى ئېنىق. ئوششۇ مە-
سىلىگە ئائىت مىللىي دۆلەت ئارخىپىدىن تېگىشلىك مەسىلىنى
تەھلىل قىلغان چاغدا. ئەدىبلەرنى ئېچىپ بەرگەن
مەلۇماتلار ئۇلارنىڭ ئېتىبارسىز چەتتە قالغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز تەتقىقاتىمىزدا،
يىغدى تىپىلغان مەلۇماتلارنى ھېساپقا ئالغان
ھالدا، 1758-1759 - يىللىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان
چىن سۇلالىسى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ
كەم ئۆگىنىلگەن تەرەپلىرىگە كۆپراق ئېتىبار
بۆلۈشنى مەقۇل تاپتۇق.

1757 - يىلنىڭ ئاخىرىدا جۇڭغارىيەدىكى چىڭلار-
غا قارشى مىللى ئازادلىق ھەرىكەت باستۇرۇلغان ئىدى.
پەقەت ئايرىم كۈرەشچىلەر ئىلى ۋادىسى ئەتراپىدا
ئۆز ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. جاۋخۇي قو-
ماندانلىقىدىكى چىن قوشۇنلىرى ئۇلارغا قارشى
ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان ئىدى. ئەينى چاغدا چىن
ھۆكۈمىتى غەلبىنى تولۇق قولغا كىرگۈزۈلگەنلىكىگە
ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، يەركەنت خانلىقىنى زور-
لۇق بىلەن بويسۇندۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە
كىرىشتى. ئىشلەپ چىقىلغان پىلانغا بىنائەن،
جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا ئەرمىيە ئەۋەتىشتە،
تۇرپاننى ئاساسى بازىغا ئايلاندۇرۇش ۋە شۇ
يەردىن تۇرۇپ يۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى باشلاش
قارار قىلىندى. شۇڭلاشقا چيەنلۇڭ خاقان باركول-
دىكى ئىش باشقۇرغۇچى (يەنىشى داجىڭ) ئەمەلدار
ئالتۇنغا ۋە تۇرپان بەگى ئەمىن خوجىغا بۇ ھەقتە
ئۇقتۇرۇش قىلىش ۋە تۇرپاندا يېتەرلىك ھەجىمدە ئاشلىق

جەملەش ھەققىدە پەرمان بەرگەن [64. ۋەھ. دەپتەر،
19-ۋاراق، 2-بەت].

ئەينى پەيتتە لوپنۇردا يۈز بەرگەن چىنلارغا قارشى ھەرىكەت ھەم باستۇرۇلۇپ، بۇ يەردىكى پادىشاھنىڭ باشچىلىقىدىكى چىن قوشۇنلىرى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. بوغداخاننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، ئۇ ئالدى ئۆز قوشۇنلىرىنى تۇرپانغا ئېلىپ كەلدى. سولتان ئالىگۇن ھەم ئۆز قوشۇنلىرىنى ياركەن-دىن تۇرپانغا يۆتكىدى. ئۇلار ئىمىن خوجا بىلەن بىرگە قاراشەھەرگە قاراپ يول ئالدى. قاراشەھەرلىكلەر سارلغۇس (شالاغۇس) مۇغۇس (ماغۇس) ئىسىملىك ئىككى كىشى رەھبەرلىكىدە چىنلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئامما چىن قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەلمەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قاراشەھەر-لىكلەر كۇچارغا چېكىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىگۇن باشچىلىقىدىكى چىن قوشۇنلىرى ئىمىن خوجا بىلەن بىرگە شەھەرنى قولغا ئېلىپ، كۇچارغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بۇ يەرگە 1758-يىلى 2-ئىيۇل كۈنى يېتىپ كەلدى [64. 47-دەپتەر، 29-ۋاراق].

كۇچارغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالىگۇننىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىمىن خوجا كۇچار بەگلىرىگە خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىتائەت قىلىشقا چاقىردى. ئامما كۇچارلىقلار ئىمىن خوجىنىڭ مەكتۇبىغا جاۋاب بەرمىدى [64. 47-

دەپتەر، 29-ۋاراق]. ئامما، ئالگون بىلەن ئىيمىن خوجا
كوچار قەلئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ۋە بۇ يەردە خو-
جا بۇرھانىددىن-دىننىڭ قوشۇنلىرى جارلىقىنى بىلىپ،
ياردەم كۈتمەستىن تۇرۇپ، كوچارغا ھۇجۇم باشلاشقا
جۈرئەت قىلمايدۇ.

ئىسلامىيەت رىۋايىتىگە بىنائەن چىن خاندانلىقى
جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندا بىر نەچچە مىڭ كىشىدىن
ئىبارەت ئەسكىرىيە ئىشىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. چۈنكى
ئۇ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى جوڭغارلاردەك بوغداخان
قوشۇنلىرىغا قارشى چىقمايدۇ دېگەن پىكىردە ئىدى.
ئامما 1758-يىلى 20-يانۋاردا قاراشەھەرنى ئالگون
قوشۇنلىرى ئىگەللىگەندىن كېين. ساداغۇس بىلەن مۇ-
غوس قاراشەھەردىن يەركەنتكە قېچىپ جارغانلىقى
ھەققىدە خەۋەر تاپىلدى. شۇنىڭدىن كېين چىن خاندانلىقى
قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقىمىز خوجا بۇرھانىددىن-
دىنگە مەلۇم بولدى. ئۇ خەلپەتتە تەييارگەرلىك
كۆرۈپ تۇرغان بولۇشى كېرەك. كەم كۈچ بىلەن كوچار
تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش خەۋپلىك بولۇپمۇ دېگەن
خۇلاسىگە كەلدى [47-64-دەپتەر، 29-ۋاراق]. نەتىجىدە
چىن ھۆكۈمىتى قاراشەھەر ۋە كورلىدا قوشۇمچە كۈچ تاشلا-
شقا قارار قىلدى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت باشلايدۇ.

رەسمىي ھۇجۇم قىلىش كەلتۈرۈلگەن مەلۇمات-
لارغا قارىغاندا، 1758-يىلى 20-يانۋار كۈنى، يەنى قارا-

شەھەرلەردىن ھەيدەپ كەلگەن كۆپ چەللۇك ھەربىي
ئەسكەرلەر كەلسە ئۇلار ئۆلكىسىدىن شەرقىي تۈركىستانغا
كۆچۈرۈلگەن 8 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت، خىتايلاردىن تە-
شكىل تاپقان يېشىل بايراقلىق ئەرمىيە قاتلاشتى ۋە
ھۆججەت ئىشلىرى جازىنىڭ بىشىدىن كىچىك ئەستىن جاشلاشتى
ھەققىدە پەرمان بەرگەن [67. 47-بەت، 15-ۋاراق].
بۇنىڭدىن باشقا خالدىن بوغدىخان ئىچىن خوجىغا
ئۆزىنىڭ 100 نەپەر لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە ھۆجۈمغا
ئاتلىنىش ۋە ئۇرۇش باشلىنىشىدىن كېيىن ئۆز ئادەم-
لىرىنى قالدۇرغىنى سەپتە ئەلپ مەكتىش ئورغىسدا بۇ-
يرۇق بەرگەن [67. 42-بەت، 26-ۋاراق، 2-بەت].
خىتاي تارىخچىسى ۋېيۋۈەن، پادىشاھنىڭ قولىدا 10
مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئەرمىيەسى بولغانلىقى ۋە بۇ ئەر-
مىيە جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇرۇش قىلىشقا لاياقەت
مەلۇماتلار كەلتۈرۈلدۇ [42. 1-توم، 315-بەت].

1758-يىلىنىڭ بېشىدا چىن خاندانلىقى جاۋخۇيغا
ئىلىدىكى ئىشلارنى تېزدە تۈگىتىپ، ئۆز قوشۇنلىرى
ئەلگە يېقىن يول بىلەن پادىشاھنىڭ ياردەم بېرىش
ئۈچۈن جەنۇبقا ئەلپ مەكتىش بۇيرۇغان [67. 49-
بەت، 26-ۋاراق، 2-بەت؛ 27-ۋاراق، 2-بەت؛ 50-
بەت، 29-32-ۋاراقلار؛ 51-بەت، 9-10-ۋاراقلار].
شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چەللۇك جاۋخۇي ئىختىيارىغا
3600 چەۋەندازدىن ئىبارەت ئاتلىق قوشۇن ۋە

7200 ئات جەرگەن [64، 51، 5 ـ بەت، 10 ـ 15 ـ ۋاراقلار]. ئۇرۇش باشلانغاندا ئۇ شۇ چىن ئەمەلدارى ئۇتۇز قوشۇننى 500 چەۋەندازنى ئۈچ قىسىمغا ۋە 5٪ مىڭدىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ھەرىكەت قىلغان. دېمەك، ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ھەممىسى بولۇپ 5٫6 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن بولغان. جاۋخۇي قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىمغا فۇدې ۋە ئاساسى قىسىمغا سىيېدىڭجاب بىلەن جاڭ نىڭگا قوماندانلىق قىلغان.

مانا شۇ كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1958 ـ يىلى باھاردا چىن ئىمپېرىيەسى يەركەنت خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھەممەسى بولۇپ 22.600 كىشىدىن ئىبارەت ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرنى سەپەربەر قىلغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى، كەلسۇدىن تۇرپان ئارقىلىق يولغا سېلىنغان، يانا بىر قىسمى، ئىلى ۋادىسىدىن سەپەرگە ئاتلانغان. ئۇ شۇ ئەسكىرىيەنىڭ بىر قىسمى مانجۇرلاردىن تەشكىل تاپقان نۇغلۇق قوشۇنلاردى، يەنە بىر قىسمى خىتايلاردىن تەشكىل تاپقان يىشىل بايراقلىق قوشۇنلاردىن ئىبارەت بولغان.

خىتاي تارىخچىسى ۋېي يۈەننىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، چىن ئەسكىرىيەسىنىڭ قوماندانلىرى جوجا بورخان ئەۋدىن قوشۇنلىرى قوماندانلىرىنى ئۈستۈنلۈك

-589-

قىلغان [42.1.1-توم، 315-بەت].

1758-يىلى 5-ئايدا (6-ئىيۇننىڭ 4-ئىيولغىچە) يا-
ئەرزاشەن جاڭجۈنلەرنىڭ مانجۇر ئەسكىرى قوشۇن-
لىرى تۇرپاندىن كۇچارغا قاراپ يول ئالدى. خوجا
بۇرھانىدىن بۇنى ئاڭلاپ، كېلىۋاتقان چىن قو-
شۇنلىرىغا قارشى 10 مىڭ لەشكەر سەپەربەر قىلغان.
ئۇشبۇ لەشكەرلەرگە ئۆزى خوجا جاھان قوماندانلىق
قىلغان. ئىيول ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۇچار يېنىدا ئەيلوكتا
جاڭجۈننىڭ چىن قوشۇنى بىلەن خوجا لەشكەرلىرى
توقۇنۇشىدۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
يەنى 20-ئىيول كۈنى كۇچار شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىدا ھەل
قىلغۇچى جەڭ بولۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدا نەتىجىسىز خوجا
جاھاننىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ سېپىل
ئىچىگە كىرىپ ئالدى. سول شۇ كۈنى كېچىسى خوجا
جاھان ئاكىسى بىلەن بىرگە، ئابدۇللا جەڭ ھەمراھلىقىدا
400 چە پەرلەشكەرلەر بىلەن شەھەر سېپىلىنىڭ غەربى
دەرۋازىسىدىن چىقىپ، جەنۇپ غەربكە قاراپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن چىن غەزىپى سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ
ئۇنى ئىشغال قىلماقچى بولغان، لېكىن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالمايدۇ. بۇ ھەقتە ۋېيسۇۋەن «سېپىل بىلەن
ئورالغان شەھەر تاغ جاغىرىغا تۇتۇشۇپ كەتكەن،
سېپىلنىڭ ئۆزى قوپال لاي بىلەن ئارىسىغا سۆڭەك
ئالمىزى قويغان ھالدا قىلىنغان ئىكەن. ئىنتايىن زەبەرۈك

ئوقلىرى ئىسپىلنى تېشەلمەيدۇ دەپ يازغان [42، 1-توم، 315-بەت].

شۇنىڭدىن كېيىن چىڭلار چەرىكلىرى ئۇرا كولاپ، شەھەر ئىچىگە كىرىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن ئۇلار قېلىن ئىسپىل تېگىدىنى ئۆتۈپ شەھەرگە كىرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 600 نەچچە لەشكەرلىرىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ. سۇلۇك ئۇلار كۇچار شەھرىنى قورشاقتا قىلىپ، ئاھالىسىنى ئاچ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلماقچى بولغان. 1958-يىلى 8-ئايدا (2-ئىستە بىردىنى 1-ئۆكتەبىرگىچە) تېپى ۋەزىيەت ئاستىدا كۇچارلىق ئابدۇكەرىم (ئابدۇ، ئابدۇ دولۇكاسىمو) ئۇز نەۋەپدارلىرى بىلەن بىرگە يېرىم كېچىدە شەھەرنى قورشاپ تۇرغان چىن قوشۇنىغا ھوجۇم قىلىپ، شەھەر ئاشقىرىسىغا چىقىشقا ۋە نەشتەر تەرەپكە چېكىنىشكە مۇيەسسەر بولۇپتۇ. ئاچ قىلىپ ھالىدىنى تايغان ۋە قولىغا قورال ئېلىشقا قادىر بولمىغانلار، شەھەردا زۇۋازىسى ئىچىپ، چىڭلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان [42، 1-توم، 315-بەت؛ 229، 85-86-بەتلەر].

خوجا بۇرھان ئەد-دىنى بىلەن ئۇكىسى خوجاجاھان كۇچارنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتى ھاكىمى ۋە ئۇچ تۇرپان بەگلىرى چارىسىز، بۇيەرنىڭ تەبئى شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، چىڭلارغا

-591-

قارشى توسالغۇ يارىتىش ۋە قەشقەر يەركەنت
بويلىرىنى توسۇش ئۈچۈن كىچىك چارىلار كۆرۈش
مەقسىتىدە، ئاقسۇ دەرياسى بويلىرىغا كەلدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇچ تۇرپان بېگى شەرەف ئەد-دىن خوجا يۇسۇپ-
نىڭ ئالدىغا يول ئالدى. لېكىن مەزكۇر بەگ شەھەر
دەرۋازىسىنى بېكىتىۋېلىپ، خوجىلارنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى.
شۇڭا ئۇلار ئاقسۇ حاكىمى ئابدۇللا بەگ ئالدىغا
بارماقچى بولغان، ئەمما مەزكۇر بەگ ھەم ئۇكىسى قىلغان
ئىشنى قىلىپ، خوجا بۇرھان ئەد-دىن بىلەن خوجا جا-
ھاننى ئاقسۇ شەھرىگە كىرگۈزمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن
چوڭ خوجا قەشقەرگە، كىچىك خوجا يەركەنتكە كېتىپ،
مەھەللى خەلقنى چېرىكلارغا قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەر
قىلماقچى بولىدۇ [42.1-توم، 316-بەت]. ئاقسۇ
حاكىمى بىلەن ئۇچ تۇرپان بېگىنىڭ ئاكا-ئۇكا
خوجىلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىكى تاسا-
دىپىي ۋاقىئە ئەمەس، بەلكى بۇ چىڭ خاندا-
نلىقىنىڭ پۇختا ئويلاپ ئەمەلگە ئاشۇرغان
سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى بولغان ئىدى. بۇ ھەقتە
تۆۋەندىكى مەلۇماتلار ئىسپات بولالايدۇ.
1758-يىلى 3-شەۋۋال كۈنى چيەنلوڭ خاقان
پادىشاھقا خوجا بۇرھان ئەد-دىننى ۋە
خوجا جاھاننى بوغدىخاننىڭ ئەلچىسى ئامىنداۋنى
ئۆلتۈرگەنلىكتە ۋە ئۇلارنى چوقۇم زۇلمىدىن

قۇتۇلدۇرغانلىقى ۋە ۋەتەنگە قايتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن
چىن خاندانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي، ئەكسىچە
ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلغانلىقىدا، بوغراخان مۇسۇلمان-
لارغا غەمخورلۇق قىلماقچى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن
ئۆز ۋەتىنىگە ئەۋەتىپ، ئۇلار جارلىق ئىسلام ئەھلىنى
ئىتائەتكە چاقىرىدۇ دېگەن ئىشەنچتە ئالقىشلىغان-
لىقتا ئەيىبلەپ ۋە ئۇلارنى بوغۇلمىسى ئۈچۈن جازا-
لاشقا خائىندى كۆپ سانلىق ئەرمىيە كېلىۋاتقانلىقى
ھەققىدە پۈتۈن جەنۇبىي ۋە شەرقىي تۈركىستان خە-
لقىگە ئۇقتۇرۇش قىلىشنى بۇيرۇغان. شۇ بىلەن بىرگە
چىن خاقانى ھەربىي كۈچلەشكە خوجا جورخانغا ئەدىنى
بىلەن خوجاجاھان ئۆلتۈرۈشتە ئىزا تۈگىدۇرۇشنى
ۋە بىرنى - بىرىگە قارشى قويۇش ھەققىدە كۆرسەتمە
بەرگەن. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
چوڭ خوجىلىك ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا
مەخسۇس پەرمان ئاپىشۇرۇشنى ۋە چىن خاندانلىقى
ئۈچۈن خوجاجاھاننىڭ دۈشمەن ھېساپلىنىشى، شۇ-
نىڭلاشقا بوغداخان ئۇنى جازالاش ئۈچۈن ئەرمىيە
ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە ئەيتىشنى جاكارلىغان.
«بىرلەشكەن، بۇنداق مەزمۇندا خاتى پەرمان ئەۋە-
تىسەك - دەپ ئەيتىدۇ چەملۇك ھەربىي كەلگۈسى
ئەزالىرىغا ئىشكىنى تەرەپتىن، خوجىدىن جاۋاپ
كۈتمەستىن تۇرۇپ، ئۇرۇش ھەرىكىتى باشلىساق

-593-

مەخسەتكە موۋاپىق بولۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا-
ئۇكا خوجىلار ئارىسىدا ئۆز-ئارا ئىشەنچسىزلىك
پەيدا بولۇپ قالسا، بىز ئۈچۈن خاھىش پايدىلىق
ئىش بولۇر ئىدى» [67.66- دەپتەر، 30- ۋاراق،
2- بەت].

چەتئەللىكنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ھەربىي
كەڭئەش، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى ئار-
ىسىدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن پەرمان مەتنىنى تۈزۈپ
چىقتى ۋە ئۇنى دەرھال شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتتى.
ئۇشبۇ مەتندە، چىن خاندانلىقىنىڭ خىتاي خاقانلىرى
ئۈچۈن ئەسىرلەر داۋامىدا ئەنئەنىۋى بولغان تاشقى
سىياسەت پىرىنسىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرى ئاسا-
سلىرى بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ئۇنىڭدا بوغدا-
خان ئەجدادلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئاسمان ئاستىدىكى
جاھاننىڭ زېمىنى ۋە ھەممە مەملىكەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە
ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە بىرخىل،
كىمكى ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ئىش تۇتسا، ئالىي لۇت-
پىگە مەنسۇپ بولىدۇ، كىمكى ئۇنىڭغا قارشى چىق-
سا، جازاغا مەھكۇم ئېتىلىدۇ. جوڭغارلار بوغداخانغا
قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن قاتتىق جازالاندى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىم ئۆزىلاپ ئىش تۇتۇشنى
لازىم دەپ ئەسكەرتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەز-
كۇر پەرمان مەتنىدە «غالدان چەرەن ئوتتارغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا ئاكا-ئۇكا بولۇشىدۇ (خوجا بۇرھان ئەد-دىن
بىلەن خوجىچەن (خوجا جاھان) ئابغاس ۋە خادەن
(ئابغاس ۋە خادەن ئوتاقلىرى جۇڭغار خانلىقىغا
تەڭگىسلىك 24 ئوتاقلارنىڭ ئىككىسى بولۇپ، ئۇلار
ئىلى ۋادىسىدا جايلاشقان. ھەر بىر ئوتاقتا 5 مىڭ
ئائىلە ياشىغان. بىرىنىڭ باشلىقى زەيسەن ئابغاس،
ئىككىنچىسىنىڭ باشلىقى زەيسەن خادەن بولغان) ئو-
تاقلىرىدا ئاماققا تاشلانغان ئىدى. ئەرمىيەمىز
بىرىنچى قېتىم ئىلىنى ئىگىلەپ تۇرغاندا، بىز ئۇلارنى
ئازات قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا باشلىق قىلىپ قويدۇق،
ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ماكانلىق ئورۇنلار ۋە يەر
زېمىن بەردۇق. ئەمما ئۇيراتلار توپىلاڭ قىلىشقاندا،
كىچىك خوجا ئاتلىق ئۇيغۇرلارنى ئەگەشتۈرۈپ،
يەركەنت، قەشقەر تەرەپلەرگە قېچىپ كەتتى. بىز ئۇنى
ئۇيراتلاردىن قورقۇپ، ئۇلاردىن ئۇزاق تۇرۇش ۋە بىر-
ئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك
دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەرمىيە ئەۋەتمەسلىكنى
بىر ۋەكىلىمىزنى يوللىدۇق ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۇنى ئىتا-
ئەتكە چاقىردۇق. لېكىن ئۇ ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ،
ئۆزىنى باتۇرخان دەپ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن كەچۈرۈپ بولمايدىغان جىنايەت
قىلدى. ئەگەر ئۇنى تۇتۇپ يوق قىلمىسا، ئۇيغۇر خەلقىگە
تىنچلىق بولمايدۇ» دەپ يازغان [49.67] دېيىلگەن،

-595-

1-2-بەتلەر).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئالىي چەرىمان مەتنىدە يېزىلغان بۇ گەپلەر چەتئەل چىن سۇلالىسىنىڭ سىياسىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى بىلمىگەن ئاددىي ئادەملەر ئۈچۈن مۇئەممالىق بولۇپ، ئۇ بۇرۇنقى ئەدەب-دىنى خوجىنىڭ ھاكىمىيىتىگە كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىسى بىلەن بىرگە يەركەنت خانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىگە بەرگەن چىن خاندانلىقىنىڭ جاۋابىنى يەنە بىر قېتىم ئەكىرلاشتىن ئىبارەت بولغان. ئەلۋەتتە، چىن خاندانلىقىنىڭ مەزكۇر ۋاقىتتىكى بەرگەن بۇ جاۋابى ھەقىقەتەن توغرا كەلمەيتى. شۇنداق بولۇ-شىغا قارىماستىن، ئالىي چەرىماندا كەلتۈرۈلگەن سۆز-لەر چىن خاندانلىقىنىڭ خوجاجامائەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا يامان كۆرسەتكەن، يەرلىك خەلقىنى خوجىلارغا قارشى يەركەنت خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەشمە-سىلىكە دەۋەت قىلىشقا، شۇ ئۇسلۇب بىلەن چەت باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى چارچىلاشقا، ھەمدە ئۆزىنىڭ قاپاقۇزچىلىق نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئا-شۇرۇش ئۈچۈن قاسالىق تۇغدۇرۇشقا ئىنتىلگەنلىكى-نىڭ يارقىن مىسالى بولالايدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەنلىك، قاھالىسالار قارىساڭىز كەلگەن قارقىلىغان مەزكۇر ئالىي چەرىماندا بۇ قېتىم چەتئەل خوجاجامائەتنى يازالاش ئۈچۈن ئەرمىيە

-596-

ئۆزئەنلەشمەكتە. ئەگەر سىزلەر (ئۇيغۇرلار) خوجا جا-
ھانى تۇتۇپ بىزگە قاپشۇرساڭلار، بۇرۇنقىدەك
تىنچ-ئامان ياشاپ يۈرۈشۈڭلار ۋە ئالىي ھەممەدىكە
سازاۋار بولۇشۇڭلار مۇمكىن. لېكىن سىزلەر خاتالىشىپ،
ئۇنىڭغا ئەگەشسەڭلار ۋە ئۇنىڭ كەينىگە كىرسەڭلار،
بۈيۈك ئەرمىيەمىز يېتىپ كەلگەندە، ھەممەڭلارنى ئە-
پىسىڭلار بار يوقلۇقۇڭلارغا قارىماي چاقالايدۇ»
دېگەن سۆزلەرنى ھەم ئۇچرىتىمىز [٦٧.٦٩-دەپتەر،
١٦-ۋاراق، 2-بەت]. بۇ خۇداخاننىڭ پەرمانىدىكى بۇ
سۆزلەردىن كىلىپ چىقىپ، ئەينى مۇمكىنكى، چىن
خاندانلىقى يەركەنت خانلىقى بەگلىرى ۋە ئاھالىسىنى
خوجىلاردىن ئاجرىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قورقۇتۇش
چارىسى ھەم قوللانغان.

چىن ھۆكۈمىتى خوجا بۇرھان ئەددىن بىلەن
خوجا جاھان ئاكىسى، ئۆز تۇرپان بەگلىرى ئۆتتۈر-
سىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھەم بۇزۇپ، ئۇلارنى
بىرنى-بىرىگە دۈشمەن قىلىشقا ۋە بۇ بەگلەرنى
ئۆز پايدىسىغا ئىشلىتىشكە ھەرىكەت قىلغان. بۇنىڭ
سىپاقى چەرقىتىش. تۆۋەندىكى مەلۇماتتا مۇراجەت
قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن: چەقلونىڭ ھەربىي كەڭەشكە
مۇراجەت قىلىپ، «ئۆتكەندە داۋاچىنى بىرگە تۇتۇپ
بەرگەن خوجىسى بەگ (شەرەف ئەددىن خوجا
يۇسۇپ بەگ) ھازىر ھەم ئۆز تورپان بېگى لاۋۇزا،

-597-

تۇرۇپتۇ. خوجاجاھان ئۇنىڭ پوقاللىرى كەچكە كىر-
گۈزەللىكەن بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئەرمىيەمىز
يېتىپ بارغاندا خوجىسى بەگ ئىستائەتلارلىق بىلەن
ئىشنى تۈگىتىشى لازىم. بۇنىڭغا ئاللاھە كۆڭۈل جۇلىشى
كېرەك ... ئەگەر يەرلىك ئۇيغۇرلار بىزگە ئىستائەت
قىلىشنى ماقۇل كۆرسە، ئۇلارنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەش
ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئورۇنى ھەرىكەتلىرىگە
قاتناشتۇرۇش، قالغانلىرى ئوزچايلىرىدا قىلىشقا
رۇخسەت قىلىش لازىم. ئەرمىيەمىزنىڭ ۋەھشەتلىك
كۈچكە ئىگىلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ
قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئايىماستىن يوق قىلىپ
تاشلاش ماقۇل بولىدۇ» دەپ يېزىلغان [49.64-
دەپتەر، 13-ۋاراق، 1-2-جەدۋەللەر].

ياقۇپ رەشىدىن ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ھىسا-
بات مەكتۇبىدە «ئېيىن خوجا ئابرويلۇق ئادەم ئىكەن.
ئاكىلىشىپ ئۈچ تۇرپاننىڭ خەلق چوڭ بىلىكى خو-
جىسى بەگ، ئۆزىنىڭ ئۆزلىكى ۋە ئوغلى بىلەن جىمىيەنى
بولۇپ، تۆرت ئۇيغۇر شەھەرلىرى سوۋدا يىلدىكەن.
بۇ بەگنىڭ ئابرويى ئاكا- ئۇكا خوجىلارنىڭ ئابرو-
يىدىن كەم ئەمەس، ئۇ ئۇنىڭغا (ئېيىن خوجىغا)
ئىشىنىدىكەن. ئەگەر ئېيىن خوجا ئۆزىنىڭ ئىشەنگەن
ئادەملىرى خوجىسى بەگنىڭ قالدىدا ئۆزەلسە ئۇنى
خوجىلارنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىمەستىن ئەكسىچە ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خانلارنىڭ يېتەكچىلىرى سوپىزمنى تۇتۇپ بىرىنچى
ئەيتسا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر جامالاش ئۈچۈن دە.
رەسمىيە قارىتىپ جارساق ئىش ئىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ
ھەقتە ئېمىن خوجا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆردۈم،
بۇ پىكرىم ماقۇل تاپتى. ھازىر تورپاندا 5-6 مىڭ ئائىلە
پادىشاھدۇر. ئۇلار بۇرۇن خوجىسى بەگكە تابە بولغان.
كوچارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن مانا شۇلاردىن ھەم بىر
نەچچە كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزە تىش مەخسەتكە
مۇۋاپىق بولاتتى» دەپ يازغان [67، 57-دەپتەر،
19-ۋاراق، 1-، 2-بەت]. ياقۇبرەزىنىڭ مەزكۇر
مەكتۇپى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئەربى كەككەشلە
«خوجىسى بەگنى بىزنىڭ تەرىپىمىزگە ئۆتكۈزۈۋ-
ۋېلىش ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتلىك ۋاقىتىيە
بولىدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇرغان [67، 57-دەپتەر، 20-
ۋاراق، 1-بەت].

چىن خاندانلىقىنىڭ ئاقسۇ ۋە ئۈچ تورپان
بەگلىرى خوجا بۇرھان ئەد-دىن بىلەن خوجا جاھان-
غا قارشى كۆرۈش ۋە بۇ بەگلەرنى ئۇلارنىڭ قاچاۋ-
ۋۇچىلىق سىياسىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىشلىتىش
سىياسىتى ياخشى نەتىجە بەردى. بۇ ھەقتە چەر-
لىك مەنبەلەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ھەم
ئىسپات بولالايدۇ. مەسىلەن: «تارىخى رەشىدى»
نىڭ ئىلاۋىسى زىكرى قىلىنىشقا قارىغاندا، خوجا-

بۇرھانىددىن ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن
خوتەندىكى بىر ئىككى كىشى شەمسىددىن خوجا-
يۇسۇپ بەگ (خوپسى بەگ) نى خان كۆتۈرۈشنى
تەلەپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەينى
چاغدا ئۇششۇ بەگ خوتەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن
ئىدى. ئۈچتۇرپان بېگى لاۋازىمىغا بولسا، ئۇنىڭ
ئوغلى موزە پىر بەگ بەلگىلەنگەن. بۇ ئەھۋالنى
ئاڭلاپ شەمسىددىن خوجا يۇسۇپ بەگنى
بۇ لاۋازىمدىن بوشىتىۋەتتى. سۇلتان ئۇششۇ بەگ ئۈچ-
تۇرپانغا قېچىپ بېرىپ، ھادى بەگ، گادايى مۇھەممەت
بەگ، ئاق بەگ ۋە ساتۇۋالدى بەگلەر بىلەن بىرگە ئىسيان
خوجىغا، خوجا بۇرھانىددىن دېگەن قارشى كۆرەش قىلىش
توغرىسىدا يازما مۇراجەت قىلغان [ 813. 401 –
ۋاراق، 2-بەت ـ 402-ۋاراق، 1-بەت ].
خىتاي ھەمبەلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئىسىم
خوجىغا خوددى شۇنداق مەخسەت بىلەن خوداۋەردى
(ئەددۇۋى)، ساتۇۋالدى ۋە باشقىلار ھەم مۇراجەت
قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇرھانىددىن خوجىغا قارشى
كۆرەشكە قاتنىشىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مۇكاپات لاۋازىملار بېرىلگەن
[ 64. 49-دەپتەر، 13-ۋاراق، 2-بەت ]. مەزكۇر مەلۇ-
ماتنى بوغداخاننىڭ ھەربىي كېڭەشكە 1758-يىلى 28-
مارت كۈنى بەرگەن جاۋابىدا ھەم ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئۇشبۇ ھۆججەتتە كۆرسۇتۇلۇشىچە، ئۇچ تۇرپان جەڭ-
لىرىنىڭ ئىچى خوجىغا مۇراجەت قىلغان ۋاقتى شۇ
يىلى مارت ئېيىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇندىن
باشقىرى، ئەينى پەيتتە چىن خاندانلىقى قەشقەر
ۋە يەركەنتكە ھۇجۇم باشلاشتا، ئۇچ تۇرپان بىلەن
ئاقسۇغا ئاساسلانغان ھالدا، شۇ تونۇش ھەققىدە
قارار قابۇل قىلىدۇ [64. 49-دەپتەر، 31-ۋاراق، 2-بەت].
شۇ يىلى يازدا بېيجىڭغا ئۇشبۇ شەھەر جەڭلىرىدىكى
خوجا بۇرھان ئەد-دىن بىلەن خوجا جاھانغا يۈز ئۆ-
رۈپ، چىڭلارغا قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىشىنى پاش
قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىدۇ [42. 1-توم،
315-بەت]. چىن ئەرمىيەسى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار
ئۇچ تۇرپان بىلەن ئاقسۇ شەھەر دارۋازىسىنى ئېچىپ
بېرىشىدۇ. شەرەف ئەد-دىن خوجا يوسۇپ جەڭ بولسا،
چىڭلارنىڭ قەشقەرگە ۋە يەركەنتكە قىلغان ھەربىي
يۈرۈشىدە قاتنىشىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە توختىلىپ ئۆتىمىز.

جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم با-
شلاش بىلەن بىرگە چىن سۇلالىسى خوجا بۇرھان
ئەد-دىن بىلەن خوجا جاھان يېتەكچىلىكىدە چىڭلارغا
قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان ئۇيغۇرلارنى، قىرغىز-
لاردىن ئاجرىتىپ تاشلاش، ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن
مەھرۇم قىلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇشبۇ كۆرەشنى
ئەۋج پەللىلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل

-601-

بولغان. مەسىلەن: چەتئەللىك ساياھەتچى مەزكۇر مەنسە-
پكە كىرىشى ئۈچۈن قەشقەر ئەتراپىدىكى خانلىق
رايونلاردا پاشايى دېگەن قىرغىز بەگلىرىگە ئۇشبۇ
خوجىلارنى تۇتۇللاپ. خوشۇ قىلمىشى ساللىك، ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە مەخسۇس
پەرمان ئۇقتۇردى. جۈملىدىن ئۇشبۇ پەرمانلاردا ئە-
گەر سىزلەر (قىرغىزلار) ئىنتايىن ئېلىشنى ماقۇل
كۆرمىسەڭلار ئالغانچە ئىش كۆرۈشكەنلەر مۇمكىن.
لېكىن سىزلەر ئۆز زېمىنىڭلاردىن ئاتاشقىرىغا چىقماس-
لىقىڭلار كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە
ئالاقىدار جايلارغا كېلىپ، بولار تىجارەت قىلساڭلار
بىزنىڭ ئەۋەتىمىز سىزلەرنى قاتتىق جازالايدۇ»
دەپ يېزىلغان [64. 69- دەپتەر، 26- ۋاراق، 1-2-
بەتلەر].
مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، چىن
خاندانلىقى قىرغىزلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ تاشلاش
مەسىلىسى مەلۇم يوللارغا كىرىشكەن. چىنلارنىڭ
1757- يىلى داۋاملىق ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئەمەلگە ئا-
شۇرغان قانۇنلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ گۇۋاھى بولغان
قىرغىز بەگلىرى ئۆز ئۇلۇسىنىڭ ھۆرلىكىنى كۆزلەپ
ئىشنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇلار خاننىڭ پەرمانىدىن
تەگىشلىك خولاسە قىلىشقان. بەزى- بىر قىرغىز بەگلىرى
ئاكا- ئۇكا خوجىلار ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەشنى

-602-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بوياقتا تۇرسۇن. چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن ياخشى مۇ-
ناسىۋەتتە بولۇشنى ئىستەپ، بېجىڭگە ئەلچىلەر ئەۋە-
تىشكەن، بۇرۇن خوجىلار بىلەن دۈشمەن ئاستى-
قالغان جەزىر قىرغىز بەگلىرى، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا
ھەم ھەرىكەت قىلىشقان [121، 40-44- بەتلەر].

1758-يىلى يازدا ئاقسۇ ۋە ئۈچ تۇرپان بەگلىرى
چارەسىز، چىن ئەرمىيەسىنىڭ ئاساسى قىسمى قارشىلىق-
سىز ئۆتۈشىگە ھەرىكەتكە يېقىلىپ، شۇ يىلى ئۆكتەبىردە
جاۋخۇي قوماندانلىقىدا ئۈچ تۇرپاندىن يەركەنتكە
قاراپ يولغا چىقتى. چىڭلار يەركەنتكە 6-نويابىر
كۈنى يېتىپ كېلىپ، بىرھەپتە تەييارلىقتىن كېيىن 13-
نويابىر كۈنى شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ
ھەرىكەتلىرى نەتىجە بەرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن
جاۋخۇي ئۆز ئەرمىيەسىنى شەھەردىن نېرىراققا ئېلىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولدى. يەركەنت قوشۇنلىرى خوجا
جاھان باشچىلىقىدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى.
يەركەنت شەھىرى يېنىدىن ئۆتىدىغان قاراسۇ دەرياسى
بويىدا (ختاي مەنبەلىرىدە خېي شۈي) قاتتىق جەڭلەر
يۈز بەردى. بۇنىڭ جەريانىدا ھەر ئىككى تەرەپ چوڭ
تالاپەت كۆردى. بىرقانچە چىن سەردارلىرى ھالاك بولۇپ،
جاۋخۇي بېلىگە ئۆزى يارىدار بولدى. بىرنەچچە كۈنلۈك ئۇرۇش-
تىن كېيىن. خوجا جاھان قوشۇنلىرى جاۋخۇي ئەرمىيەسىنى
قورشاپ ئالدى. 1758-يىلى 17-نويابىر كۈنى كېچىسى ۋەزىيەتنى

خەۋەر قىلىش ۋە ياردەم سوراش ئۈچۈن، ئاقسۇغا چوڭ قىيىنچىلىق بىلەن ئادەم ئەۋەتىشكە مۇيەسسەر بولغان. جاۋخۇي ئەمرىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە قورشاقتا تو-شۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، چىن خانلىقى دەرھال يارقول ۋە ئۈرۈمچىدىكى فۇدې بىلەن ئىلگىرىكى جاڭ-چىلغەدىكى قوشۇنلارنى ياردەم ئۈچۈن ئەۋەتتى. 1759-يىلى يانۋار ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇشبۇ قوشۇنلار يېتىپ كېلىپ، جاۋخۇينى قالغان ئادەملىرى بىلەن بىرگە قۇتقۇزۇ-ۋېلىپ ئالدى [42. 1-توم، 318-319- بەتلەر؛ 265. 401-402- بەتلەر].

1758-1759- يىللىرى يەركەنتتە يۈز بەرگەن مەغلۇبىيەت، چىن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي شەرقىي تۈر-كىستان ھەققىدىكى تەساۋۋۇرىنى ئۆزگەرتتى. بۇنىڭدىن ئالدىن چىن سارايدىكى ئەمەلدارلار قەشقەر بىلەن يەركەننى ئاسانلا قولغا ئالىمىز دەپ ئويلىغان بولسا، ئۇشبۇ ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ ئىككى شەھەرنى ئېلىش قىيىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ كۈچ سەپەربەر-لىك بىلەن بىرگە، ئىچكى زەمىنلەردىن ۋە ئاپياز-يىتشۇن كۈچلەرنى تولۇقلاپ ھايدىلىش كېرەك دېگەن پىكىرگە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەھەرلەرگە يېڭىچە ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمچە مەبلەغ، ئات، ئاشلىق ۋە قوشۇن ئاجراتتى. قولغا ئېلىنغان جايلارنى قوغداش ئۈچۈن ھەم يېڭى كېرەكلىك چارە-تەدبىرلەر

قوللىنىلدى. 1959-يىلى يازغا قەدەر، چىن ئىمپېرىيەسى
ئاقسۇ ئەترابىغا قوشۇمچە 20 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت
ئەسكىرىي، 30 مىڭ ئات، 10 مىڭ تۆگە تاشلايدۇ. شۇ
بىلەن بىرگە ئۇرۇش رېجىلىرى ئىشلەپ چىقىدۇ. مانا
شۇ رېجىگە بىنائەن 15 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بىر ئەسكىرىي
نى جاۋخۇيى باشچىلىقىدا، ئۈچ تۇرپان ئارقىلىق قەشقەرگە،
شۇنىڭدەك ساندىكى يانا بىر ئەسكىرىينى فۇدې باشچىلىقىدا،
ئالدىنى خوتەنگە، سىرلىق يەركەنگە ئىۋەتىش كۆزدە
تۇتۇلغان [42، 1-توم، 312-بەت]. ئۇرۇش يەركەنلىكلەرنى
كۆزگى ھوسۇل يىغىش دەۋرىگىچە توختىتىش، ھوسۇل يىغىشى
چىن ئەسكىرىيلىرى ئازارلىقى ئاستىدا ئۆتكۈزۈش. شۇ بىلەن
بىرگە كېيىنكى دەۋردىكى ئەسكىرىي تەمىناتىنى ھەل قىلىش
ھەم نەزەردە تۇتۇلغان [265، 403-بەت].
چىن خانداتلىقى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن جەمئىي 30
مىڭ كىشىدىن ئىبارەت بولغان ئەسكىرىيسىنىڭ يېرىمىنى
ئالدىراش قەشقەرگە ئىۋەتكەچكە بولغانلىقىنىڭ
سەۋەبى بىرىنچىدىن، ئىزدەپ قەشقەرنى ئىگەللەپ، بۇ
يەرنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتىدىغان يوللارنى قولغا
ئېلىپ، قەشقەرنى سىرتتىن كېلىدىغان ياردەمدىن
مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن يەرلىك خەلقنىڭ زۆرۈر بولغاندا
چەتكە چېكىنىپ كىتىش ئىمكانىيەتلىرىنى يوق قىلىش،
خوجىجاھان بىلەن ئەھيى چويىتتە قەشقەردە تۇرغان
خان خوجا بۇرھانىدىننى قاچۇرماستىن قولغا

-605-

توقۇنۇشنى پىلانلاشتۇرغان ئىدى. بۇ ھەقتە چە-
خۇلۇڭ ھەربىي كەڭەش ئەزالىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ،
«ئەگەر خوجاجاھان چەركەنلەرنى چىقىپ كىتە-
لىسە، ئۇلۇغ ئەرمىيەمىز ئەلبەتتە ئۇنى قولغا
ئالىدۇ. مەن جاۋخۇيغا ئالدىن قەشقەرنى قولغا
ئېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنمەن، خوجاجاھاننىڭ
چەتكە قېچىپ كىتىدىغان يوللىرىنى توسۇشنى نە-
زەردە تۇتقان ئىدىم» دەپ ئەيتقان [67. 47-
دەپتەر، 9-ۋاراق، 1-بەت].

1759-يىلى 18-ئاۋغۇست كۈنى، چەنلۇڭ ھەز-
كورگەنگەشكە، خوجا بۇرھان ئەددىننى، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ ئۆكىسى خوجاجاھاننى قولغا تىرىك تۇتۇش
مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئەگەر بىز ئۇنى ئەمەلگە
ئاشۇرالمىساق، پەرغانە خانلىقىنى يوق قىلىۋۇق
ۋە ئۇنىڭ يېرىنى ئىگەللەپ ئالدۇق دەپ ئەيتالمايمىز
دەپ جاكارلىغان. «قىسقىچە قىلىپ ئەيتقاندا- دىگەن
چەنلۇڭ ھەربىي كەڭەش ئەزالىرىغا، بىز ئاكا-ئۇكا
ئۇغۇرلارنى قولغا تۇشۇرمىگىچە، غەلبىمىزنى
نىشانلىغىنىمىز مۇمكىن ئەمەس» [67. 95-دەپتەر،
2-ۋاراق، 1-بەت]. شۇ بىلەن بىرگە بوغداخان ئۇشبۇ
كەڭەشكە، ئاكا-ئۇكا خوجىلار قولغا تۇشكىچە، چىن-
لارغا خىزمەت كۆرسەتكەن مەھەللى جەڭگەلەرنى ھەججى
كىمنى بىجىگە ئۇۋەتمەي تۇرۇشنى ھەققىدە، جاۋخۇيغا

بۇيرۇق ئۇزىتىشنى تاپىلىغان [64. 57- دەپتەر، 2- ۋاراق، 1- بەت].

كەلتۈرۈلگەن بوغدا خاننىڭ پەرمانى ئە-
نىق كورسوتوپ تۇرۇپتىكى، 1959- يىلى چىڭ خاندانى-
لىقى ئۆز ئەرمىيەسى ئالدىغا، پەقەتلا قەشقەر،
يەركەنت ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئىگەللەپ ئېلىشنى
ئەمەس، بەلكى يەركەنت خانلىقىنىڭ خانى خوجا
بۇرھان ئەد-دىنى ۋە چىنلارغا قارشى كۈرەشتە پائال
خىزمەت كۆرسەتكەن خوجاجاھاننى قولغا ئېلىش
ۋەزىپىسى تاپشۇرغان.

1759- يىلى 6- ئاۋغۇست كۈنى جاۋخۇينىڭ ئەرمىيە-
سى قەشقەرنى ئىگەللەپ ئالدى. شەھەرگە بىرىنچى
بولۇپ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى (سەنزەن داچىڭ)
مىڭجوي ئۆز قوشۇنى بىلەن كىرىپ كەلدى. پىلان
بويىچە 4-5- ئاۋغۇست كۈنلىرى جاۋخۇينىڭ ئەرمىيەسى
شەھەرنى ئىشغال قىلىشى كېرەك ئىدى [64. 45- دەپتەر،
22- ۋاراق]. لېكىن قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ خوجا
بۇرھان ئەد-دىن ئۆزىنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنى ۋە
ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، بولۇپمۇ يېشى ئۇلغىيىپ قالغانلارنى،
غەرب تەرەپكە يولغا سالغانلىقى، ئۇ كىشى خوجاجاھان
بىلەن سېرىق كۆل (سېلىگولى) ئەتراپىدا ئۇچرىشىشنى،
كۈتۈلمىگەن ۋاقىئە يۈز بەرگۈدەك بولسا، زېلغاپ سۇ
(جىلى گوباسۇ) ئەتراپىدا بىر-بىرىنى كۈتۈشنى كېلىشىپ

-607-

ئالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىشقا ئالدى، ئوتتۇرا ئاسىيا
تەرەپكە كېتىدىغان يوللارنى توسۇپ قىلىشقا ھەر-
ىكەت قىلدى. ئەمما شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن
كېيىن، جاۋخۇي خوجا بۇرھانىدىننىڭ ئاللاقاچان
بىرمىڭ نەپەر ئەللىك ئويغۇرلار ۋە بىر گۇرۇھ ئويرات-
لار بىلەن ئەگىشىپ يول بىلەن سارىق كۆل تەرەپكە
كەتكەنلىكىنى بىلدى [95.64-بەت، 16-27-ۋاراقلار].
1959-يىلى 7-ئاۋغۇست كۈنى ۋەزىيەتنى ئىنقىلاب
ئالغاچ، جاۋخۇي بۇرھانىدىن خوجىنى توتۇش ئۈ-
چۈن ئۇنىڭ كەينىدىن بىرمىڭ چەۋەندازدىن ئىبارەت
ئەترەت ئەۋەتتى. يولدا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ھەربىر لەشكەر-
گە 3-4 دىن ئات بېرىدۇ. ئوشبو ئەترەتكە ئەچىلىكتا ۋە
ۋاڭ گىبو يېتەكچىلىك قىلدى [95.64-بەت، 23-27-ۋاراق].
جاۋخۇي ئۆزى قەشقەردە قېلىپ، خوجا بۇرھانىدىن ئەد-
دىنگە ئالاقىدار ئادەملەرنى سوراق قىلىش ۋە خەلق ئار-
سىدا سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسى 21-شەۋۋال كۈنى، 6-ئاينىڭ
27-كۈنى شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە شۇ
سەۋەبتىن، ئەتراپتىكى يوللارنى توسۇپ، ھەرقاياققا
قوشۇن ئەۋەتىپ، خوجىنى ئىزلەش ھەرىكەتلىرى نەتىجە
بەرمىگەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە
بېيجىڭگە مەكتۇپ يوللايدۇ. ئوشبو مەكتۇپ بىلەن تونۇ-
شقاندىن كېيىن، چيەنلوڭ خاقان جاۋخۇيغا خوجىنى ئىزلەشنى

ۋاقىتچە توختىتىپ تۇرۇش ۋە 1760-يىلى ئۇنى ئەمەل-
لەپ چەكلەشتىن خىراجكە ئەسكىرىيە ئۆزگەرتىشكە خە-
يارگەرلىك كۆرۈش ھەققىدە پەرمان ئۆزگەرتتى [67.
95-بەت، 28-ۋاراق؛ 96-بەت، 10-، 11-ۋاراقلار].
لېكىن مەسىلە بۇ پەرماننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىچە
ھەل بولغانىدى.

خودىنىڭ يەركەنتنى ئالغانلىقى ھەققىدە بىرىنچىگە
يازغان ھېساباتى مەكتۇبىدە، كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسكىرى يولغا 1759-يىلى 27-ئىيۇل
كۈنى چىققان. 10 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا
ئىبراھىم (ئىبولايىم) ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر كىشى ئۈچ خە-
چەن ھەمراھلىرى بىلەن قېچىپ كەلگەن. مەزكۇر خەلىرىنىڭ
سۆزلەپ بېرىشىچە، خوجاجاھان يەركەنتتىن 25-ئىيۇل
كۈنى يېكىسار تەرەپكە قاراپ كەتكەن. ئەمما بۇ مەلۇ-
ماتقا خودە ئىشەنمىگەن. ئىشىكلەشتىن 7-ئاۋغۇست كۈنى
ئېلىپ ئىسىملىك بىر يارىدىمچىسىگە 500 چەۋەنداز بېرىپ،
يەركەنتنىڭ ھاكىمبېگى كامال خوجىنى تۇتۇپ كېلىشكە
بۇيرۇدى. ئۇ ئاساسىي ئەسكەرنى باشلاپ، يەركەنتكە
ھۇجۇم باشلاپ، 6-ئاۋغۇست كۈنى شەھەرنى ئىشغال
قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خودىنىڭ يېنىغا كامال خوجا ئېلىپ
كېلىندى. مەزكۇر ھاكىمبەگ ھەم خوجاجاھاننىڭ بىرنەچچە
كۈن ئالدى يەركەنتتىن كەتكەنلىكىنى ئېيتتى [64. 95-
بەت، 23-، 24-ۋاراقلار]. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خودە خوجى-

-609-

تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كۆرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى نەتىجە بەرمەيدۇ. 7- ئاۋغۇست كۈنى مىڭجوي جاڭشىپىلىغىدا يەنە بىر قېتىم ئاكا- ئۇكا خوجىلارنى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلايدۇ.

ئاردىن كۆپ ئۆتمەي مىڭجوي، خوجا جاھان نىڭ دۆلەت يوللىرى ئارقىلىق بەدەخشانغا قاراپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تېپىپ، ئادەملىرىنى باشلاپ تۆۋەن تولاق تاغلىرى (قاس كۆلۈك) تەرەپكە قاراپ يول ئالىدۇ. يولدا مىڭجوي، خوجا جاھاننىڭ ئالدىنى جاتى جاللارنى، خوتۇن- قىزلار ۋە يېشى ئۇلغىيىپ قالغان كىشىلەر- نى بورۇنراق يولغا سېلىپ، 6 مىڭ نەپەر لەشكەرلىرى بىلەن يولدا چىڭلارغا زەربە بەرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئالىدۇ. ئۇشبۇ مەلۇماتقا قارىغاندا خوجا جاھان بورۇنراق يولغا چىققان، خوتۇن- قىزلارنىڭ ۋە قىز- لارنىڭ مەنزىلگە يېتىپ بېرىشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن چىڭلارنى توسۇپ قېلىشنى كۆزلىگەنلىكى مەلۇم. مىڭجوينىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنى تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەلگەندە، خوجىنىڭ لەشكەرلىرى تاغ چوققىلىرى ئۈستىدە ئاتار قورال بىلەن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا ئۇلار چىڭلارغا زەربە بېرىپ، كۆزدىن غايىب بولۇشىدۇ. مىڭجوي قالغان ئادەملىرىنى يىغىپ ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، دەرھال ۋاقىتىيە جاۋخۇي بىلەن خۇدەگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن چاپار ئەۋەتىدۇ، يانا بىر تەرەپتىن،

خوجىنىڭ كەينىدىن قوغلاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ [64.
46-دەپتەر، 7-11-ۋاراقلار].

ئاۋغۇست ئېينىڭ ئاخىرىدا، خۇدە ئۆز قوشۇنى
بىلەن سانجۇغىچە يارىم بېرىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىرگە ھەرىكەت قىلدى. خۇدە نىڭ
كۆرسىتىشىچە، بۇلار قوشۇنىنىڭ سانى 40 مىڭ كىشىدىن
ئىبارەت ئىدى. يولدا خوجاجاھاننىڭ لەشكەرلىرى بىرنە-
چچە قېتىم چىنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارغا خېلى كۆپ
خالاپەتلەر كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ خۇدە قوشۇنى بىلەن
بولغان ئەڭ چوڭ توقۇنۇشى ئالىچۇر (ئاقەرچۈمەن)
كۆلى بويىدا يۈز بەرگەن [64. 46-دەپتەر، 21-43-ۋا-
راقلار]. يەشىل كۆل بويىغا بارغاندا، خۇدە قوشۇنىنى
ئارقىغا قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى خوجا
جاھان تاغلار ئارىسىدا گاھ ئۇ يەردىن، گاھ بۇ يەردىن
چىنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى
داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلنىڭ ئەتراپىدا
10 چاقىرىمچە چىقىدىغان يول قالايمىقان بولۇپ، ئۇ-
نىڭدىن پەقەت بىردىن ئاتلىق كىشى ئۆتۈشى مۇمكىنلىگى
ئېنىقلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن خۇدە بوغۇت قوشۇنىنى
ئاپىراپ قىلىشىدىن قورقۇپ، خوجىنى قوغلاشتىن ۋاز
كەچكەن [121. 61-بەت].

خۇدە نىڭ بېشىنگە چارغان مەلۇماتقا قارىغاندا،
ئۇ قوشۇنى بىلەن يەشىل كۆل بويىغا 2-ئاستە بىركۈنى يېتىپ

كەلگەن. كۆلنىڭ ئەتراپى ئېگىز قاغىلارنىڭ ئىمارەت
بولۇپ، ئۇ يەردە خوجا بۇرھانىددىن ئۆز قاۋمىلىرى
بىلەن ئۆكسۈز كۈتۈپ تۇرغان. خوجا جاھان كەلگەندىن
كېيىن ئۇلار بىرلىشىپ، قالغان ئارىسىدىن ئۆتۈدىغان ھەممە
يوللارنى ئېگىلەپ ئالغان. خودەنىڭ قوشۇنى كەلگەندە
ئۇلار ھۇجۇم باشلىغان. خودە قاتتىق جايدا خوجىلار
لەشكەرلىرىدىن ئۈستۈن چىقالماي، ئۇلارنى ئىچىدىن
پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولۇپ، خوجىلار بىلەن
بىرگە كېتىۋاتقان بەگلەرگە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ
قېلىشنى ۋەدە بەرگەن ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىشنى تەشۋىق
قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى قاغىدىن
تۇتۇشۇشقا باشلايدۇ. كۆپچىلىك بۇ جەنشۇنقاتقا قولاق
سالماي كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. خودە قوشۇنى ئىلىپ،
ئارقىغا كەتكەندىن كېيىن خوجا بۇرھانىددىن بىلەن
خوجا جاھان 3-6 يۈز ئەجەر ھەمراھلىرى بىلەن بەدەخشان-
غا قاراپ يول ئالىدۇ [كىتەب. 245. 405-406-بەتلەر]. شۇنىڭدىن
كېيىن خودە بەدەخشانغا ئادەم ئەۋەتىپ، يەرلىك
ھۆكۈمەتتىن بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھاننى
تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ [121. 61-بەت]. لېكىن ئۇ
خوجىلارنى تىرىك قولغا تۇتۇپ بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار قا-
مالۇم ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ.

# 3.4. خوجا بۇرھان ئەد-دىن ۋە خوجا جاھاننىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ۋە چىنلارنىڭ ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى.

خوجا بۇرھان ئەد-دىن بىلەن خوجا جاھاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن چىن خاندانلىقىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرغان چارە-تەدبىرلىرى كەم ئۆگىنىلگەن مەسىلىلەردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئالىملار ئارىسىدا، جۈملىدىن، خىتاي تارىخچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل پىكىرلەر شەكىللىنىپ قالغان. بەزى-بىر تەتقىقاتچىلار، بەدەخشان سۇلتانى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، چىنلارغا بەخەت خوجا جاھاننىڭ بېشىنى بەرگەن [207. 1-توم، 87-بەت؛ 192. 174-بەت؛ 205. 53-بەت؛ 265. 406-بەت؛ 83. 109-بەت] دەپ يازسا، باشقا بىرلىرى، ئاكا-ئۇكا خوجىلارنى چىنلار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئادەملەر قولغا چۈشۈرۈپ، چىن ئىمپېرىيە-سىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. سوڭ چىنلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشۈپ، بېشىنى تەنىسىدىن ئۈزۈپ تاشلاشقان دەپ كۆرسىتىدۇ [78. 346-ۋاراق، 1-بەت]. ئۈچىنچى بىر گۇرۇھ ئالىملارنىڭ يېزىشىچە، تارىختا، بەدەخشان خانى سۇلتان شاھ ئاكا-ئۇكا خوجىلارنى تۇتۇشتا، چىنلارغا ياردەم بەرگەن [81. 402-ۋاراق، 1-بەت]. روس ئالىمى ئا.ق. خوتمان

«بەدەخشان سۇلتانى قاچاقلارنى قولغا قورال
ئېلىپ كۈتۈۋالدى. نەتىجىدە خوجىلار ھالاك بولدى»
دەپ يازغان [98. 100-بەت].
چىن ئىمپېرىيەسى بىلەن بەدەخشان مۇنا-
سىۋەتلىرىنى خىتاي مەنبەلىرى ئاساسىدا تەتقىق قىل-
غان رۇس ئالىمى ۋ.س. كۇزنېتسوپ، خوجا بۇرھان-
ئەد-دىن بىلەن خوجا جاھانلارنىڭ بەدەخشانغا
قاچقانلىقى ۋە ئۆلۈمى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار كەلتۈ-
رىدۇ. ئەمما ئۇشبۇ مەسىلىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشنى
ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويمىغانلىقى تۈپەيلى، مەزكۇر
ماقالىدە ئاشۇ مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرغان ھالدا
مەسىلىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرغان. بولۇپمۇ، خوجىلارنىڭ
ئۆلگەن ۋاقتى، جايى، ئىشلىرى ۋە ئۇلارغا ئوخشىغان
ئالاقىدار مەسىلىلەر تەتقىق بولمىغان. ئۇلارنى ھېسابقا
ئېلىپ، مەزكۇر تەتقىقاتىمىزدا، ئاخىرقى چەركەنت خانى-
لىقى خانىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە تولۇقراق توختىلىپ ئۆ-
تۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.
1759-يىلى 19-نويابىر كۈنى (9-ئاينىڭ 30-كۈنى)
بېجىڭگە خوتەننىڭ ھېساباتى مەكتۇپ كەلدى [64. 49-
دەپتەر، 17-ۋاراق، 2-بەت - 21-ۋاراق، 1-بەت]. ئۇشبۇ
ھۆججەتتە كۆرسىتىلىشىچە، شۇ يىلى سىنتەبىر ئايىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا، بەدەخشان خانى ئالدىغا خوجا بۇرھان-
ئەد-دىننىڭ ۋەكىلى ئوسمان ۋە يۈسۈپ قول (ياسىۋخولى)

-614-

يېتىپ كەلگەن. قەشقەر، يەركەنتنى بولغان ۋاقىيە-
لەرنى سۆزلەپ، خوجىلارنىڭ مەدەت ئىزلەپ بەدە-
خشانغا كەلگىنى ماقۇل تاپقانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭدىن
كېيىن بەدەخشان خانى سۇلتان شاھ، ئۇسمان بىلەن
يۇسۇپ قولنى خوجىلار يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆز
ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلغان. 19-سىنتەبىر كۈنى تەكلىپكە
بىنائەن خوجا بۇرھان ئەد-دىنى سۇلتان شاھ ئالدىغا
كەلدى. خوجا جاھان ئادەملىرى بىلەن شەھەر تاشقىرىسىدا
قالدى. ئېھتىمال ئېھتىياتچانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلار
شۇنداق ئىش تۇتۇشنى ماقۇل كۆرگەن بولسا كېرەك.
خوجا بۇرھان ئەد-دىنى شەھەرگە كىرىپ كە-
لگەندە، خۇدانىڭ سۇلتان شاھ ئالدىغا كۆتەت-
كەن ئۈيرات سامۇدىن. ئۇيغۇر سۇلتان خوجا تاتار-
لىق ئۆكىللىرى ھەم بۇ يەردە بولغان. جۇلار 1759-يىلى
9-سىنتەبىر كۈنى، يەشىل كۆل يېنىدا چىلار بىلەن خوجىلار
قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشتىن
بىر كۈن ئالدى خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەدەخشانغا
يولغا چىققان [67.99-دەپتەر، 17-ۋاراق، 2-بەت].
سامۇدىن بىلەن سۇلتان خوجىنىڭ كۆرۈشكە
قارىغاندا، خوجا جاھان، سۇلتان شاھقا ئەگەر خۇدا-
نىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى بولارغا بىرنى سوراپ ئۆز-
لىرىنىڭ بەدەخشان ھۆكۈمرانىغا بويۇن بولۇشقا تەييار
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئەمما سۇلتان شاھ خوجىنىڭ تۈشىو

ئىلتىماسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رازىلىق بەرمىگەن.
شۇنىڭدىن كېيىن خوجاجاھان شەھەر ئىچىدىكى بىرىنچى
